بسم الله الرحمن الرحيم

دوكتور مۇئاز سەئىد ھەۋۋا

رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بويىچە پاكلىنىش

# ئەخلاقنى پاكلاش

كاشغەري ئىلىم - تەتقىقات مەركىزى

دوكتور مۇئاز سەئىد ھەۋۋا

# ئەخلاقنى پاكلاش

پىلانلىغۇچى:
ئابدۇراھمان جامال كاشغەري

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئىلمىيار ياشلار گۇرۇپپىسى

كورريكتورى:  ئالىمجان مەتقاسىم

لايىھە: ئابدۇرېھىم خەلىلزادە

Dr. Muaz Said Havva

AHLAK TEZKİYESİ

PROJE YÖNETİCİSİ: ABDURRAHMAN KAŞGARLI

TERCÜME: İLİMYAR GENÇLİK BİRLİĞİ

د. معاذ سعيد حوى

التزكية على منهاج النبوة

تزكية الأخلاق والآداب

صاحب المشروع: عبد الرحمن جمال الكاشغري

ترجمة: اتحاد شباب عِلميار

2023 ـ ئۆكتەبىر، بىرىنچى نەشرى

كاشغەري ئىلىم ـ تەتقىقات مەركىزى

تۈركىيە ـ ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** ........ 8

**بابىنىڭ مۇقەددىمىسى** ........ 9

1. تېما: ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى ........ 11

2. تېما: ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ روھنى پاكلاشتىكى تەسىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەھمىيىتى ........ 15

3. تېما: گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىش قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟ ........ 23

## بىرىنچى بۆلۈم

## گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق توغرىسىدا

**1. تېما: راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق** ........ 37

1. راستچىللىق دېگەن نېمە؟ ........ 39

2. راستچىللىقنىڭ ئەھمىيىتى ۋە يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى ........ 40

3. راستچىللىقنىڭ پەزىلىتى ........ 40

4. يالغانچىلىقنىڭ ھاراملىقى ........ 41

5. راستچىللىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدىغان ئاساس ........ 43

6. راستچىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى ........ 47

**2. تېما: ئامانەتدارلىق ۋە خىيانەت** ........ 71

1. ئامانەتدارلىق دېگەن نېمە؟ ........ 73

2. ئامانەتدارلىقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ........ 75

3. ئامانەتدارلىق ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟ ..... 76
4. ئامانەتدارلىقنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە خىيانەتنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ..... 77
5. ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرى ..... 80
6. كۈنىمىزدە خىزمەت قىلغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ..... 97
**3. تېما: ئادالەت ۋە زۇلۇم** ..... 111
1. ئادىل بولۇش دېگىنىمىز ..... 113
2. ئادىل بولۇش ھەقلەرنى جايىدا ئادا قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ..... 114
3. ئادىل بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۇلۇمنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى ..... 118
4. ئادىللىق سۈپىتىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟ ..... 122
5. ئادىللىقنىڭ پەرزلىكى ۋە زۇلۇمنىڭ ھاراملىقى ..... 125
6. ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپلىرى ..... 130
7. زۇلۇمنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ..... 145
**4. تېما: كەمتەرلىك ۋە كىبىرلىك** ..... 159
1. كەمتەرلىك دېگەن نېمە؟ ..... 161
2. كەمتەرلىكنىڭ ئەھمىيىتى ..... 163
3. كەمتەرلىككە بۇيرۇش ..... 164
4. كىبىردىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا ..... 166
5. قانداق قىلغاندا تەكەببۇرلۇقتىن قۇتۇلالايمىز؟ ..... 167
6. كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقلىرىدىن ..... 169
**5. تېما: سەۋر قىلىش، غەزەپلىنىش ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يولسىز ئىنتىقام ھەققىدە** ..... 185
1. سەۋر قىلىش دېگەن نېمە؟ ..... 187
2. سەۋرنىڭ ئەھمىيىتى ..... 188
3. كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش ..... 190
4. غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشتىن توسۇش ..... 192
5. سەۋرنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا ..... 192

6. سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن ... 200

7. غەزەپلىنىشنىڭ سەۋەپلىرى ... 233

8. ئاچچىقنى قانداق تىزگىنلەيمىز؟ ... 234

9. ھاياتىمىزدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان سەۋرچانلىق نەمۇنىلىرىدىن ... 240

10. ھارام قىلىنغان سەۋر توغرىسىدا ... 243

**6.تېما: سېخىيلىق ۋە بېخىللىق** ... 251

1.سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ... 253

2. سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ پەرقى ... 254

3. سېخىيلىقنىڭ ئەھمىيىتى ... 257

4. سېخىيلىققا بۇيرۇش، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا ... 262

5. خەير-ئېھسان قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە بايلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ... 267

6. بېخىللىقنىڭ ھاراملىقى ... 268

7. سېخىيلىق ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرۈمىز؟ ... 276

7. سېخىي كىشىلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى ... 288

8. پۇل-مالدىن باشقا ئۇسۇلدا قىلىنغان سەدىقىنىڭ شەكىللىرى ... 290

**7.تېما: ئىپپەتلىك بولۇش** ... 325

1. ئىپپەت دېگەن نېمە؟ ... 328

2. ئىپپەتنىڭ تۈرلىرى ... 329

3. ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقى ... 330

4. ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ پەزىلىتى ... 332

5. ئىپپەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ھارام شەھۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇنىڭ گۇناھى، شەخس ۋە جەمىيەتكە بولغان خەتەرلىرى ... 336

6. شەھۋەتنىڭ خەتەرلىك تەسىرلىرى ... 342

7. ئىپپەت ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟ ... 349

8. ئىپپەتلىك كىشىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى ... 359

9. ئىپپەتلەرنىڭ باشقا تۈرلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە قارىتا ئىپپەتللىك بولۇشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرى ............ 418
10. كىشىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە قارىتا ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرى ............ 420
11. كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەككۈزۈشتىن ساقلىنىش ............ 425
12. كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەككۈزمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى ............ 426
13. ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ............ 427

**8.تېما: هايالىق بولۇش ۋە هاياسىزلىق** ............ 429
1. هايا دېگەن نېمە؟ ............ 431
2. هايانىڭ ئەهمىيىتى ............ 433
3. هايانىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىقىش ............ 436
4. هاياسىزلىق شاللاقلىق، بۇزۇقچىلىق، ناچار ئەخلاق، ئەدەپسىزلىك ۋە ئۇياتسىزلىقنىڭ هاراملىقى ............ 438
5. هايانى قانداق ئۆزلەشتۈرىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؟ ............ 442
6. هايالىق كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى ............ 451

**9.تېما: مېهرىبانلىق، ياخشىلىق، قوپاللىق ۋە يامانلىق** ............ 461
1. مېهرىبانلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەهمىيىتى ............ 464
2. مېهرىبانلىقنى قانداق ئۆزلەشتۈرىمىز ............ 469
3. مېهرىبان ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرى ............ 473

**10.تېما: جەسۇر بولۇش ۋە قورقۇنچاقلىق** ............ 507
1. جاسارەتنىڭ مۇهىملىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلىنىشنىڭ ۋاجىپلىقى ............ 513
2. قورقۇنچاقلىقنىڭ هارام ئىكەنلىكى ............ 515
3. جاسارەتنى ئەخلاقنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟ ............ 517
4. جاسارەتلىك كىشىنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ئىشلىرى ............ 536

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان جانابى ئاللاھقا ھەمدۇسەنا بولسۇن، پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا-سالاملار بولسۇن.**

**﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا، وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾**

**«روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى بۇلغىغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ».**

[سۈرە شەمس 9، 10- ئايەت]

**(اللّٰهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أنتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا، أنتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا)**

**«ئى ئاللاھ! نەپسىمگە تەقۋالىقىنى ئاتا قىلغىن. ئۇنى پاكلىغىن. سەن ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن. نەپسىمنىڭ ۋەلىسى ۋە ئىگىسى سەن»**

[مۇسلىم بايانى]

# بڕینچی باسقوُچ: ئێزدەنگۆچپلەر باسقوُچی
# تۆتینچی باب: ئەخلاقنی پاکلاش

# مۇقەددىمە

ئىنسان باشقىلار تەرىپىدىن مەدھىيەلەنگەن گۈزەل - ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەر زامان ھېرىسمەن بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە ھەتتا پۈتۈن ھايات پائالىيەتلىرىدە نامايان قىلمىغۇچە سالىھ، ئېسىل ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىق ھېسابلانمايدۇ .

بۇ بۆلۈمدە ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇنلار، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئەدەپ قائىدىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز، ئىككىنچى بۆلۈمدە بولسا؛ ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، گۈزەل ئەخلاقلارنى قانداق ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە توختىلىمىز.

# بابنىڭ مۇقەددىمىسى

*- ئەدەپ -ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە دىندىكى ئورنى.*

*- ئۇنىڭ هايات ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئورنى ۋە قانداق ئۆزلەشتۈرۈش.*

*بۇ بۆلۈم تۆۋەندىكى ئۈچ تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:*

*بىرىنچى: ئەدەپ -ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى.*

*ئىككىنچى: ئەدەپ -ئەخلاقنىڭ ئورنى، روهنى پاكلاشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەهمىيتى.*

*ئۈچىنچى: ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش قانداق يېتىلىدۇ؟*

# 1. تېما: ئەدەپ -ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى

**ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى:**

ئەخلاق لۇغەتتە: مىجەز، خۇلق ۋە خاراكتېر دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىچكى مەنىسىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەخلاقنىڭ ئاتالغۇدىكى مەنىسى:** پاكلاش مەنىسىدە بولۇپ، ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، پەقەت كۆپىنچە گۈزەل ئەخلاق مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەخلاق: ئىنساننىڭ نەپسىگە ئورۇنلاشقان سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە مەقسەتسىز ۋە ئويلانماستىن سادىر بولىدۇ.

نەپس: ئىنساننىڭ قەلبى ياكى ئىچكى تۇيغۇلىرى دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

ئىنساندا ئەقىل ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن گۈزەل بىر ئىش-ھەرىكەت سادىر بولسا، بۇ «گۈزەل ئەخلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن يامان ئىش-ھەرىكەت سادىر بولسا، ئەخلاقسىزلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەخلاق ئىنسان قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتماي تۇرۇپ ئەخلاق دەپ ئاتالمايدۇ ۋە ئۇ كىشى ئەخلاق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. قەلبىدە سېخىيلىق سۈپىتى ئورۇن ئالمىغان، خەيرلىك ئىشقا ئاز پۇل خەجلىگەن كىشى سېخى، مەرد دەپ ئاتالمايدۇ. شۇنداقلا قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە سۈكۈت قىلىش ئۈچۈن زورلانغان كىشىلەر سەۋرچان دېيىلمەيدۇ. شۇنداقلا ئەخلاق پەقەت ئىش-ھەرىكەتتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئىسراپچىلىق قىلمايدىغان ۋە مال دۇنياسى كۆپ بولمىسىمۇ، تېجەشچانلىق بىلەن سەرپ قىلىدىغان ئىنسانلارمۇ سېخىي ئىنسانلاردىن سانىلىدۇ، ئەمما بەزى رىيا ئۈچۈن بىھۇدە پۇل-مال سەرپ قىلغان ياكى بۇزۇپ-چاچقان كىشىلەر گەرچە كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلسىمۇ بېخىل دەپ قارىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ قولىدىن كەلسىلا گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. ئەلۋەتتە سالىھ ئەمەللەرنىڭ ئارقىسىغا گۈزەل

ئەخلاق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

بۇ گۈزەل ۋە سالىھ ئەمەللەر كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە نامايان بولىدۇ، ئەلۋەتتە گۈزەل سۆزمۇ ئەخلاقتىن ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆزسىز بولمايدۇ.

ئىنسان كىشىلىك مۇناسىۋەتكە يۈگۈرۈلۈپ كەتكەن ئەدەپ-قائىدىلەر بىلەن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىلا گۈزەل ئەخلاقلىق ئىنسان بولىدۇ ۋە شۇنداق بولغاندا بۇ ئەخلاق ئۇنىڭ پەقەت كۆرۈنۈشىدىلا ئەمەس، قەلبى ۋە روھىيىتىدە، شۇنداقلا بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە نامايان بولۇشقا باشلايدۇ.

**ئەدەپ:**

ئەدەپ پەقەت ياخشىلىق قىلىشقا خاس بولماستىن، بەلكى ئىنسان ئۆزلەشتۈرگەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەپنىڭ دائىرىسى بىرئاز كەڭرى بولۇپ، بىر گۈزەل ئىش-ھەرىكەت گەرچە ئىنسان خاراكتېرىدە ئەخلاق سانالمىسىمۇ ئەدەپ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ياخشى ئىش-ھەرىكەت ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشقا قىزىقىدىغان، ناچار ۋە يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرغان كىشى «ئەدەپلىك كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئەدەپ لۇغەتتە:** كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىپ، يامانلىقتىن توسۇش دېگەن مەنىدە بولغاچقا تەربىيەلەش ۋە چېنىقتۇرۇش مەنىسىدىكى ئەدەپ سۆزى بىلەن ئاتالغان.

**ئەدەپنىڭ ئاتالغۇ مەنىسى:** ھەرقانداق خاتالىقتىن پەخەس بولۇش ياكى ساقلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئەدەپ دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ مېھمانلىرىغا قىلغان سېخىيلىقى، ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقى، موھتاج كىشىلەرگە قىلغان سەدىقىسى ھەم ئەدەپ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

سىپخىيلىق ياكى مەردلىك ئەخلاقنى شەكىللەندۈرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە سىپخىيلىق «ئەدەپ» دەپ ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ۋە قىزىقىش بولسىلا «ئەدەپ» ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدە ئەخلاق بولمىغان تەقدىردىمۇ تاشقى قىياپەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە گۈزەل ئەخلاقنى ئۈلگە قىلسا ئۇنى «ئەدەپلىك» دەپ ئاتىيالايمىز، سەۋر ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئورۇنلاردا سەۋر قىلالىسا، گەرچە مۇلايىملىق ئەخلاقى بىلەن سۈپەتلىنىشكە لايىق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى مۇلايىم كىشى دېيەلەيمىز.

ئىنسان ئۆزىنى ھەرقانداق بىر ئەدەپ - قائىدە ئۈچۈن ھازىرلاپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تەلەپ قىلىنغان بويىچە ئەمەل قىلسا، شۇ ئەخلاقنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە قاراپ ماڭغان بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ گۈزەل ئەخلاق ئۇنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالىدۇ ۋە كۈندىن-كۈنگە كۈچلىنىدۇ. بۇ تەرەپتىن قارىغىنىمىزدا ئەدەپ - قائىدە ئەخلاقنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

# 2. تېما: ئەدەپ -ئەخلاقنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ روھنى پاكلاشتىكى تەسىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەھمىيىتى

## گۈزەل ئەخلاقنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى

ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياخشىلىق، ئېھساندىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھېچبىر كىشىگە مەخپىي بولمىسا كېرەك، چۈنكى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان ۋە ياخشىلىق ھەققىدە ئىزدىنىدىغان ھەرقانداق ئەقلى بار ئىنسان گۈزەل ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ ئېسىل، پاك، گۈزەل، ئاللاھقا يېقىن ۋە ئۇ رازى بولىدىغان بەندىلەردىن بولۇشنى خالىغان كىشى شەكسىز گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنى تاللايدۇ. ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە، گۈزەل ئەخلاققىمۇ شۇنچىلىك ھېرىسمەن بولىدۇ، بۇ يەردە ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئالاقە بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر»[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن.

روھىنى پاكلاپ ئەڭ ياخشى ئادەم بولۇشنى نىيەت قىلغان كىشى تولىمۇ ئەخلاقلىق بولۇشى، ياخشىلىق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەر بىلەن بىللە گۈزەل ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر كىشىلەر سىزدە بىرلا ناچار ئەخلاقنى بايقاپ قالسا، سىز ھەرقانچە ئەخلاقلىق بولۇپ كەتسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىڭىز يوقالغان بولىدۇ، شۇنداقلا شۇ ئەخلاقسىزلىق تۈپەيلى

[1] ئىمام بۇخارى بايانى، 3366 - ھەدىس، ئىمام مۇسلىم بايانى، 2321 - ھەدىس

گۇناھكار بولۇپ ئەجىردىن مەھرۇم قالىسىز. شۇڭا مۇكەممەللىك ۋە ياخشىلىقتا ئىنتىلىدىغان ھەربىر ئادەم پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشى، شۇنداقلا ئەمەلىي ھاياتىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ھېچقانداق گۈزەل ئەخلاقنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك.

ئىنساننى رەببىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ناماز، زاكات، روزا، زىكىر ۋە قۇرئان تىلاۋىتى قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى ئىنسانغا قايتقىنىغا ئوخشاش، ئەخلاقىڭىزنىڭمۇ ئەجىر ساۋابى بېرىلىدۇ، ئەمما ئەخلاقنىڭ ئىبادەتلەردىن پەرقى شۇكى؛ كىشىلەر سىزدىن ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا سىزمۇ ئۇلاردىن ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىسىز، دېمەك گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى گۈزەللەشتۈرىسىز.

ئىبادەت ئاللاھنىڭ ھەققى ۋە سىز ئۈچۈن بىر نېمەت بولغىنىدەك، ئەخلاقمۇ سىز ئۈچۈن بىر نېمەت. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققى. كىشىلەر سىزنى ئىبادەتلىرىڭىزدىن بەكرەك ئەخلاقىڭىز بىلەن ماختايدۇ، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىسىڭىز سىزنىڭ ئىبادەتلىرىڭىزنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ، شۇڭا ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھاياتى ۋە ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان؛ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن.»[2] دېگەن.

كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاق بولمىسا ھايات ئىسلاھ بولمايدۇ، ھايات ئىسلاھ بولمىسا ياشاش مۇمكىن بولمايدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەخلاقسىزلىق بىلەن تۈزەلمەيدۇ؛ بالىسى ئەدەپ - ئەخلاق، ئېھسان ۋە ھۆرمەتنى بىلمەيدىغان قايسى ئاتا- ئانا، ئاتا- ئانىسى كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى بىلمەيدىغان قايسى پەرزەنت، سەۋر ۋە كەڭ قورساقلىقنى بىلمەيدىغان قايسى ئەر- خوتۇن خۇشال

[2] ئىمام ئەھمەد بايانى، 21392 – ھەدىس.

بولالىسۇن؟ ئىشەنچ ۋە گۈزەل ئەخلاق بولمىغان قايسى قېرىنداشلىق ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلسۇن؟ ئىشچىلىرى يالغان سۆزلەيدىغان قايسى شىركەت ياكى قايسى ۋەزىپە ئۇتۇق قازانسۇن؟ ھاكىملىرى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈستىدە تۇرمايدىغان قايسى خەلق بەخت ھېس قىلالىسۇن؟

پۈتۈن ھاياتلىق مۇئامىلە چەمبىرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ چەمبەر ئىچىدە ئاتا- ئانا، ئەر- ئايال، بالا- چاقا، قوۋم - قېرىنداش، مۇسۇلمان- كاپىر، دوست- دۈشمەن، يۇرتداش، ۋەتەنداش, ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار، جانلىق ۋە جانسىز بارچە نەرسىلەر ئۆز- ئارا مۇئامىلە قىلىپ ياشايدۇ. ئىنسان ھەر بىر مۇئامىلە ۋە ھاياتتىكى ھەر قانداق شارائىتتا، شۇ ئەھۋالغا مۇناسىپ ئەدەپ - قائىدىگە موھتاج. بىر ئىنسان ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇپ، ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق قائىدە- يوسۇنلارغا ھەر ۋاقىت ئاڭلىق رىئايە قىلسا كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتى ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇ بەزى ئورۇنلاردا بىر قىسىم ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلغان بولسا، سادىر قىلغان ئەخلاقسىزلىقى مىقدارىدا ئەدەپسىزلىك قىلغان بولىدۇ.

دىن ۋە شەرىئەت بىزنى ئىنسان ھاياتىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان قانچىلىك ئەدەپ - قائىدە، رىئايە قىلىشقا كېرەك بولغان قانچىلىك گۈزەل ئەخلاق بولسا شۇنىڭغا يېتەكلەيدۇ، ھەتتا ئەقىل ئۇلارنىڭ ئىنسان روھىغا ماس كېلىدىغان گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا سەل قاراش ياكى پەرۋاسىزلىق قىلىش ئۆزرىسى بولمايدۇ.

ئەقىل ھەر ۋاقىت گۈزەل ئەخلاققا مايىل بولىدىغان ۋە قىزىقىدىغان بولغاچقا، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ساغلام فىترىتىدە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئەخلاق مۇقىم بولغان بىر قىممەت- قاراش بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، بىر كۈن ماختىلىپ

گۈزەل سانىلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يامان كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالمايدۇ، شۇڭا ئەقىللىق ئىنسان گۈزەل ئەخلاقنى تاشلاش ياكى ۋاز كېچىشنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ.

بىر مۇسۇلمان باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى ئەخلاققا بەكرەك ھېرىسمەن بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ گۈزەل- ئەخلاقنى ۋە گۈزەل-ئەخلاقلىق ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا بۇيرۇغان ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاق بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان.

مۇسۇلمان گۈزەل ئەخلاققا پەقەت ھاياتنىكى ماددىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈنلا قىزىقىپ، ئۆزگە پايدىسى يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇنى تاشلىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا داۋاملىق ھېرىسمەن بولىدۇ، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىش ۋە ساۋابقا ئېرىشىشتە سەۋەپ بولالايدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمان كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاققا ھېرىسمەن بولۇشى ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىق ۋە ئىتائەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلەرنى تاللىشى، راستچىل بولۇشى ، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ۋە ياخشىلىق قىلىشى، ساغلام ئەقىل، پاك نەپس، گۈزەل قەلب خۇشتار بولىدىغان بارلىق ئەخلاقلارغا قىزىقىش، ناچار ۋە ئەخلاقسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى رەببىگە بولغان قۇلچىلىقنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

گۈزەل ئەخلاققا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىنتىلىشنىڭ ئۆزى ئەخلاققا نىسبەتەن يېتەرلىك نىيەت ھېسابلىنىدۇ ، قەلبىدە گۈزەل ئەخلاققا تەلپۈنىدىغان كىشى سەممىي بولىدۇ. ھەر قېتىم بىرەر گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغاندا ئايرىم نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي شەكىلدە ياخشىلىققا قىزىقىش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش يېتەرلىكتۇر.

ياخشى خاراكتېر ئىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىمان كۈچەيگەنچە گۈزەل ئەخلاقمۇ كۆپىيىدۇ، ئىماننىڭ كۈچەيگىنىنى دەۋا قىلغان كىشى ئەخلاقىدا ھېچبىر ياخشىلىنىشنى ھېس قىلالمىغان بولسا، ئۇ كىشى دەۋاسىدا خاتالاشقان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ كامىل مۆمىنلەر ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلاردۇر»[3] دېگەن.

ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتا چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇشى ۋە ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى بولۇشى تەبىئىيدۇر؛ شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ماختىغان: «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن»دېگەن.

ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق بىزنى ئىككى ئىشقا قىزىقتۇرىدۇ :

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى تونۇش.
2. ئۈلگىمىز بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ناھايىتى ياخشى تونۇغان بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ھەققىدە: «رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى ئىدى»[4] دەيدۇ.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاللاھقا دەۋەت قىلىشتىكى ئەڭ كاتتا قورال ھېسابلىنىشى ، ئەخلاقنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ؛ رەسۇلۇللاھقا شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەگىشىشى ۋە ئىمان

[3] ئىمام ئەھمەد بايانى، 10110 - ھەدىس، تىرمىزى بايانى، 1162- ھەدىس

[4] ئىمام بۇخارى بايانى، 5850 - ھەدىس، ئىمام مۇسلىم بايانى، 659 - ھەدىس

ئېيتىشى ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ياكى ئىلمىي، لوگىكىلىق ھەق سۆزلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، مېھرىبان ، رەھىمدىل، ئاقكۆڭۈل ۋە گۈزەل سۆزلۈك بولۇشى بىلەن بولغان. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ پەزىلىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾ «ئەگەر قوپال ۋە باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى.» [سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەت].

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە پەيغەمبەردىكى ھەق ۋە ئىلىمنىڭ ئەگەر ئۇ مۇلايىم ۋە ئاقكۆڭۈل بولمىغان بولسا، كىشىلەرنى يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا يەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئىلىمگە، مۆجىزىگە، ئىلاھى دەلىل ۋە ناتىقلىققا ئىگە بولمىغان تۇرۇپ مۇلايىم ۋە ئەخلاقلىق بولمىغان كىشىگە باشقىلارنىڭ ئەگىشىشىدىن سۆز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

ئەگەر دەۋەتچى ئەخلاقسىز، گۈزەل سۆز قىلمايدىغان ياكى تەكەببۇر ۋە ئاچچىقى يامان بىرى بولسا، كىشىلەر گەرچە ئۇ ھەق ئۈستىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئادەتتىكى چەكلىك ئىلىمگە ئىگە بىر مۇسۇلمان ئەگەر گۈزەل ئەخلاقلىق بولسا كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئاللاھنىڭ دىنىغا جەلپ قىلالايدۇ، تارىختا قارايدىغان بولساقمۇ كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز . بىزدىكى ناچار ئەخلاق سەۋەبىدىن كىشىلەر «ئېتىقاد قىلغۇچىلىرى بۇ قەدەر ناچار ياكى ئەخلاقسىز دىنىنىڭ ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەخلاقسىزلىقىمىز سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدىن قېچىشىغا ۋە ئۇنى ئۆچ كۆرۈشىگە سەۋەب بولۇپ قالىمىز. ئاللاھ بىزنى كەچۈرسۇن ۋە ئىسلاھ قىلسۇن.

ئەخلاق ئەڭ مۇھىم نەپلە ئىبادەت، روھنى پاكلاشتىكى

تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك قورال، ئەجرى ئەڭ كاتتا ئەمەل، ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ كاتتا سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

كۆپىنچە گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ۋاجىپ- پەرزلەر قاتارىدا يەر ئالىدۇ؛ مەسىلەن: راستچىللىق ۋە ئادالەت دائىم ۋاجىپ. خەير -ساخاۋەت، ئاتا-ئېھسان، پۇل-مال سەرپ قىلىش بەزى چاغلاردا ۋاجىپ، يەنە بەزى چاغلاردا مۇستەھەپ. كەمتەرلىك، كىبىر قىلماسلىق، مۇلايىملىق، ئاچچىقلانماسلىق، باتۇرلۇق، ھەقكە ياردەم بېرىش، قورقۇنچاق قىلماسلىقلارمۇ دائىم ۋاجىپتۇر.

كۆپىنچە گۈزەل ئەخلاق پەرز بولغاچقا، نەپلە ئەمەللەردىن يۇقىرى ۋە مۇھىم ھېسابلىنىدۇ، ئىنسان گۈزەل ئەخلاق بىلەن يۈكسىلىدۇ ۋە پاكلىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، شۇنداقلا نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشتىمۇ ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىق قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن: «بەندە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزلىرى روزا تۇتقۇچى، كېچىلىرى قىيامدا تۇرغۇچى مۆمىنىنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدۇ.»[5]

كۆپىنچە كىشىلەر كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، سەدىقە بېرىش، زىكىر -تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان نەپلە ئەمەللەرنى ئەڭ كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغان ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئەمەل دەپ قارايدۇ، ئەمما ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «قىيامەت كۈنى مۆمىنىنىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر بىر ئەمەل يوق، ھەقىقەتەن ئاللاھ سەت گەپ قىلىدىغان، ئەخلاقسىز كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ»[6] دېگەن ھەدىسى ئارقىلىق بايان قىلىنغان ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ھەيران قالىدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشتا سۇسلۇق قىلىپ

[5] ئىمام ئەبۇ داۋۇد بايانى، 4798 - ھەدىس

[6] ئىمام تىرمىزى بايانى، 2002 - ھەدىس

قالىدۇ، بىراق ئىنساننىڭ ئىسلاھ بولۇشى ، پاكلىنىشى ۋە جەننەتكە كىرىشى نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشقىلا قاراشلىق ئەمەس، ئەگەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى بولسىلا بۇ تۇيغۇ ئۇلارنىڭ پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، ھاراملارنى تەرك ئېتىشكە تۈرتكە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى جەننەتكە كىرىش ۋە نىجات تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئەڭ كۆپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەر ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن. جەھەننەمگە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان ئەمەللەر ھەققىدە سورالغىنىدا بولسا: «ئېغىزى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىماسلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن.[7]

گۈزەل ئەخلاق پاكلىنىش سۈپەتلىرىدىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ سۈپەت بولغىنىدەك، جەننەتكە كىرىش سەۋەبلىرىنىڭمۇ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بىزنى ياخشى كۆرۈش ۋە قىيامەتتە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشىمىزدىكى ئەڭ كاتتا ۋاستىلىرىمىزدىن بىرى؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھقا يېقىن بولغان كىشىلەرگە يېقىن بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشتىكى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلاردۇر. شۇنداقلا قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغانلىرىڭلار قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىدىغان، قالايمىقان گەپ قىلىدىغان ۋە چوڭچىلىق بىلەن گەپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر، دېدى. بىز: ئەي رەسۇلۇللاھ! «الثرثارون والمتشدقون» نى بىلدۇق، «المتفيهقون» دېگەن كىملەر؟ دېگەندە: ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلار.» دېگەن.[8]

---

[7] ئىمام تىرمىزى بايانى، 2004 - ھەدىس

[8] تىرمىزى، 2018 – ھەدىس.

# 3. تېما: گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىش قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟

ئىنسان ئىسلام شەرىئىتى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەرقانداق ھۆكۈمنى چىن قەلبىدىن رازى بولغان ھالدا قىزغىنلىق ۋە تەسلىمىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ چۈنكى شەرىئەت بىزنى پەقەت ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكىلا بۇيرۇيدۇ، ئىنساندا شەرىئەت بۇيرۇغان ھۆكۈملەرگە نىسبەتەن رازىلىق ۋە قىزغىنلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ دىنغا ۋە بۇ دىندىكى پۈتۈن ھۆكۈملەرنىڭ ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىجرا قىلغۇچىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن قانائەت قىلىشى كېرەك.

ئەگەر ئىنسان ئەخلاقتىكى ياخشىلىق ۋە پايدىنى ھېس قىلالىسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىشقا چاقىرىدىغان بىر كۈچ پەيدا بولىدۇ؛ بۇ كۈچ ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى، جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە بولىدىغان ئىجابىي تەسىرلىرى ۋە ياخشى نەتىجىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشكە قىزىقتۇرۇش بىلەن بىرگە ئەخلاقنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسنىڭ ھاياتىغا بولغان تەسىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

قەلبى ساغلام بىر مۇئمىننىڭ ئەخلاققا ئىنتىلىشى يېتەرلىك بولىسىمۇ، ئەمما قەلبى ساغلام بولمىغان، ھەقنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەر پەزىلەتلىك ئەمەل ۋە گۈزەل ئەخلاققا نەپسىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسىتىش، سەۋر قىلىش ۋە ئۆزىنى زورلاشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ھاياتنىڭ ھەر بىر ساھەسىگە ماس بولغان ئەدەپ - قائىدە ۋە ھەر بىر مۇئامىلىدە تەلەپ قىلىنغان ئەخلاققا ئۆزىمىزنى زورلاش ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقنى كۆندىلىك ئادىتىمىزگە ئايلاندۇرالايمىز، شۇنداقلا ھاياتىمىزدا يولۇقىدىغان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە ئەخلاق ئاساسىدا قانداق مۇئامىلە قىلىشقا روھىي جەھەتتىن تەييارلىنىش ئارقىلىق بۇ گۈزەل ئەخلاققا ساھىب بولىمىز.

مەسىلەن: ئىنسان دادىسىغا لايىق ھۆرمەت ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنداقلا بىر ئىنسان ئوغلىغىمۇ لايىق ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلىسە ياكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە بولسا، كەمتەرلىك ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، ھەددىدىن ئاشمايدۇ ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەن ۋاقىتتا كۈچىنىڭ يېتىشىچە لايىق شەكىلدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ . پېقىر- مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىدۇ. غەزىپى كەلگەندە سەۋر قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ . ئاچچىقلانمايدۇ. ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ. قارىملىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشمايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىشلاردا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. يولۇققان ھەر بىر مەسىلىدە ئادىللىق قىلىشقا، ھەقتىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك ۋە ئۇنى زايە قىلماسلىققا ھېرىسمەن بولىدۇ.

ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى، شۇنداقلا ئەخلاق چاقىرىۋاتقان ھەقىقەت ۋە مەنپەئەتلەرنى تونۇش ئۈچۈن ئالىملار ۋە سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئۇلارنىڭ ھەر ماقامدىكى ئىش- ھەرىكەت ۋە گەپ- سۆزلىرىدە نامايان بولىدىغان ئەدەپ - ئەخلاقلارنى كۆرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاققا قىزىقتۇرۇپ، ناچار ئەخلاقتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋەز- نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇلارغا كۆپ ھەمراھ بولۇش تولىمۇ مۇھىم. تەربىيە

كۆرگەن ئاتىلار ۋە ئىخلاسمەن ھەمراھلار ئەخلاقلىق بولۇش ۋە ئۈلگە ئېلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھاياتىمىزدا رېئال بىر گۈزەل ئەخلاقنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئىختىيارسىز قەلبىمىزدە تەقلىد قىلىش، ئۆرنەك قىلىش ۋە ئەگىشىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ؛ بىر گۈزەل ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئەخلاق كۆڭۈلگە ئورۇنلىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ بىزنى پىكىرلىرىمىز، ئەمەللىرىمىز، ئىبادەتلىرىمىز، ئەخلاقىمىز، شۇنداقلا پۈتۈن ئىش- ھەرىكەتلىرىمىزدە ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرۇغان پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى تونۇپ يېتىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا**﴾ «سىلەرگە، ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن. [سۈرە ئەھزاب 21- ئايەت]

شۇنداقلا تەڭداشسىز گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىسى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئاللاھقا قايتقان، ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغان، پەيغەمبىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە تەقلىد قىلغان كىشى، سۆز، ئەمەل، ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتا ئۆرنەك قىلىشقا لايىقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ**﴾ «ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن». [سۈرە لوقمان 15- ئايەت]

ياخشى ھەمراھنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشتە مۇھىم رولى بولغاندەك، يامان ھەمراھنىڭمۇ ناچار ئەخلاقلارنى يۇقتۇرۇش ۋە يامان تەسىرگە ئۇچراش، شۇنداقلا ئەخلاقسىزلىقنىڭ قەلبگە سىڭىپ كىرىشىدە بەلگىلىك تەسىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە: «ئىنسان تەبىئىتى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئوغرىسى، ھەمراھ ماگنىتقا

ئوخشايدۇ» دېيىلىدۇ. ئەخلاقنىڭ گۈزەل بولۇشىنى خالىغان كىشى گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەپ - قائىدىلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ھېرىسمەن بولغىنىدەكلا، ناچار ئەخلاق ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن توسۇش بىلەن بىللە، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ؛ ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسىز، ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. تۆمۈرچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئۇ باسقان كۆرەك كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەتبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز».[9]

ئىنسان بۇ ھاياتتا ئۆزى يالغۇز ياشىمايدۇ، بەلكى ئائىلىسى، جەمەتى بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدۇ، مەسچىتلەردە، مەكتەپلەردە، تەلىم- تەربىيە ساھەلىرىدە ۋە ئىش ھاياتىدا، ھەتتا كوچىلاردا باشقا ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ مۇناسىۋەت قۇرىدۇ. مۇسۇلمان ئارىلاشقان كىشىلىرىدىن كىشىلەرگە ئۈلگە قىلالايدىغان كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىرى ئۈلگە ۋە تەقلىد قىلىنماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە سالىھلارمۇ، فاجىرلارمۇ بار. پەقەتلا ياخشىلىق، ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن تونۇلغان كىشىلەر ئۈلگە قىلىنىشى لازىم.

ئەگەر ئاللاھ بىرئىنسانغا ئەخلاق ۋە دىننى ئوخشاش مۇھىم بىلگەن ئاتا- ئانا ۋە جەمەتنى، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ھەمراھلارنى

[9] ئىمام بۇخارى بايانى، 5214 - ھەدىس، ئىمام مۇسلىم بايانى، 2628 - ھەدىس

ئىنئام قىلغان قىلغان بولسا، بۇ شۇ ئىنسانىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ساغلام قەلب بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ ئاتا- ئانا بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە ھېرىسمەن بولسا، جەمەت بولسا ھەر بىر ئەزاسىدىن قارىغۇلارچە تەقلىد قىلماستىن، سالىھ ئەمەل ۋە ئەدەپ - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما ئىنسان ياخشى بولمىغان ئاتا- ئانا، ئائىلە، ۋە ياكى يامان ھەمراھ بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان بولسا، بۇ ناچار ئەخلاقلارنىڭ ئۆزىگە تەسىر قىلىپ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشىدىن، شۇنداقلا ئۆزى سەزمەستىن تەقلىد قىلىپ سېلىشتىن قاتتىق ئاگاھ بولۇشى كېرەك.

كۈنىمىزدىكى ئەخلاقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئامىللارنىڭ بىرى زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدۇر. سىز تېلېۋىزوردا ئىش- ھەرىكەتلىرى ۋە رول ئېلىشلىرىنى كۆرۈپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش ئارىلاشقان بولىسىز ؛ چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر تېلېۋىزور ئالدىدا ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى مەنىلىك ۋە مەنىسىز، پايدىلىق ۋە پايدىسىز قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، بەزى پىروگىراممىا ، فىلىم ۋە كۆپ قىسىملىق كىنولارنى كۆرۈش ئۈچۈن سائەتلەرچە ۋاقىت ئېكران ئالدىدا ئولتۇرۇش ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانغا ئوخشايدۇ، سۆھبەتلەشكەنگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن بەك تەسىر قىلىدۇ. كۆپىنچە كىنو- فىلىم ۋە پىروگىراممىلار كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى، پىكرى، ئەخلاقى، ئەمەللىرى ۋە تىلىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەزى فىلىملەر باتىلنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ھەقكە ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ، بەزىلىرى شەھۋەتكە ۋە پاھىشىگە قىزىقتۇرىدۇ، بەزىلىرى دۇنيا مۇھەببىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئاللاھتىن غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا مەسخىرە ۋە ئەخلاقسىز سۆزلەرنى ئۆگىتىدۇ، بەزىلىرىدە كىشىلەرنى يالغانغا ئىشەندۈرگەنگە قەدەر

تەكرار- تەكرار يالغان ئېيتىدۇ. بەزى فىلىملەردىكى پېرسوناژلار مۇناپىقلىق، زۇلۇم، جىنايەتلەرنى ئاقلاش تەرەپدارى بولۇپ رول ئالىدۇ، يەنە بەزى پىروگراممىلار بولسا، قۇرۇق سەپسەتىلىرى بىلەن، بەزى كۆڭۈل ئېچىش پىروگراممىلىرى قۇرۇق سۆھبەتلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم پىروگراممىلار ساغلام بولمىغان ئادەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ قانۇنسىز ئىش- ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىشىغا ۋاستە بولىدۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ- كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىگە سەزدۈرمەستىن تەسىر قىلىدۇ.

ساغلام بولمىغان پىروگراممىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاز ياكى كۆپ ۋاقتىنى تېلېۋىزور ئالدىدا ئۆتكۈزۈش شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئىش- ھەرىكىتىگە، شۇنداقلا تەپەككۇر، ئەقىل، قەلب ۋە ئەمەللىرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپى ۋە ئادەتلىرى شەخسنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر ۋە بېسىم پەيدا قىلالايدۇ، ئەگەر جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ئومۇمىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولسا، شەخسلەر تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئەخلاق تەرەپكە ئىنتىلىدۇ، ئەگەر جەمئىيەت ئەخلاقسىز بولسا، بۇنداق جەمئىيەتتە شەخس ساغلام ئەخلاقنى ساقلاپ قېلىشتا چارچاپ كېتىدۇ.

ئەخلاقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېخىمۇ مۇھىم بولغىنى دۆلەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەرەپلىرىدۇر. دۆلەت كىشىلەرنى ئەخلاقى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشتا ئەڭ كۈچلۈك قورال ھېسابلىنىدۇ ؛ چۈنكى بىر دۆلەت كىشىلەرنى ئەخلاققا يۈزلەندۈرۈش، ئالىم- ئۆلىما ۋە سالىھ تەربىيەچىلەرنى ئەدەپ - قائىدە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئەسلىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئەگىشىشى ئۈچۈن ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك

مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ. شۇنداقلا ئاخبارات ئۇرۇشى قوزغاش، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىدىغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىتى بىلەن كىرەك بولغان ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قائىدە- تۈزۈملەرنى ئورنىتالايدۇ. ئەخلاقسىزلىق قىلغان ياكى ۋاجىباتلارغا سەل قارىغان كىشىلەرنى جازالىيالايدۇ. بۇزغۇنچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسۇپ، مەلۇم چەك- چېگرا بېكىتەلەيدۇ . بىر دۆلەت تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى، رەسمىي قاناللار ۋە كۆپ مىقداردىكى مالىي قۇدرىتىگە تايىنىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشقا قادىر بولالايدۇ.

ئەمما ئەگەر دۆلەت ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە سەل قارىسا، بۇ جەمئىيەتتە ئەخلاق يېقىلىدۇ ۋە ئەخلاقنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىرلىشىدۇ. دۆلەت قىممەت- قاراش ۋە پىرىنسىپلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئەخلاقنىڭ زايە بولۇشى ، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ ئەيىبلىنىشىگە ياردەم بېرىۋاتقان، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىشىكىنى كەڭرى ئېچىپ، ئۇممەتنىڭ ئەخلاقى ۋە قىممەت- قاراشلىرىنىڭ ھاقارەت قىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي قانال ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىۋاتقان، ئۇلارنى قوغدايدىغان قانۇنلارنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ھوقۇق ۋە مەرتىۋە بېرىۋاتقان ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانلارنى جازالاۋاتقان تۇرسا قانداقمۇ يېقىلمىسۇن؟ ئۇلۇغ ئاللاھتىن جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچىلارغا ياردەم بېرىشى ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

بەزى گۈزەل ئەخلاقلار كىشىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىگە ياكى ئاللاھ ياراتقان تۇغما تەبىئىتى ياكى ئاتا- بوۋىسىدىن قالغان ئىرسىيەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ، تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلاپ بېرىدۇ: «ئەشەج ئابدۇل قەيس

رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى سۆيىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەندە ھەقىقەتەن مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار» دېگەندە، ئۇ: بۇ مېنىڭ تۇغما تەبىئىتىممۇ ياكى كېيىن يېتىلگەن خاراكتېرىممۇ؟ دەپ سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ : سېنىڭ تۇغما تەبىئىتىڭ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇ: مېنى ئۆزى ۋە ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان تەبىئەتتە ياراتقان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن»[10] دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: «يا رەسۇلۇللاھ ! مەن ئۇلار بىلەن ئەخلاقلاندىممۇ ياكى ئاللاھ مېنى شۇنداق ياراتتىمۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ سېنىڭ تەبىئىتىڭنى شۇنداق ياراتتى. دەيدۇ ، ئۇ: «مېنى ئۆزى ۋە ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان تەبىئەتتە ياراتقان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن»[11] دەپ ئۆزىنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان تەبىئەتتە يارىتىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىدۇ. چۈنكى بۇ ئەخلاق ئىنسان ئۆزى جاپا تارتىپ پەيدا قىلغاندىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەمدۇر.

بەزى كىشىلەر بىر قىسىم ئەخلاققا ساھىب بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەنە باشقا ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج.

گۈزەل ئەخلاق ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغاندا، ئىنساننىڭ قەلبىگە تېخىمۇ مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان بولىدۇ-دە، ئىنسان ئۇنى پەيدا قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىنىشتا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ھاجىتى چۈشمەيدۇ.

تۇغما تەبىئىتىدە ئەخلاققا ئىگە بولمىغان كىشى ئەخلاققا ھېرىسمەن بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلىنىشكە قىزىقسا ، ئەخلاق ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىدۇ ۋە تۇغما ئەخلاقلىق كىشىلەرگە

[10] ئىمام بۇخارى بايانى، 587 – ھەدىس.

[11] ئىمام بۇخارى بايانى، 5225 – ھەدىس.

ئوخشاش بولالايدۇ. شۇنداقلا يارىتىلىش تەبىئىتىدە ئەخلاقلىق بولغان كىشى بۇ تەبىئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە كىشىلىك ھايات مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلمىسا، ئۇ ئەخلاق ئاستا-ئاستا ئازلايدۇ ۋە ئاخىرىدا يوقاپ كېتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەخلاقتا ئىگە بولمىغان ئادەمگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق ۋە قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر نۇرغۇن مەدھىيەلىنىدىغان ئەخلاقلار بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ، ئەمما ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىدە، شۇنداقلا توغرا تەربىيە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئەخلاقى ۋە تەبىئىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزى باللار يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئەخلاقسىز چوڭ بولۇپ قالىدۇ.

مۇئمىن بەندە بۇ سەۋەبلەر بىلەن بىللە ئاللاھقا دۇئا بىلەن يۈزلىنىپ، ئۇنىڭدىن گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيدۇ، چۈنكى ياخشىلىققا پەقەت ئاللاھنىڭ تەۋپىق-ھىدايىتى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي رەببىم! ماڭا گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلغىن، ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنى پەقەت سەنلا ئاتا قىلالايسەن، مېنى يامانلىقتىن يىراق قىلغىن، يامانلىقنى قايتۇرغۇچى پەقەت سەندۇرسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.[12]

[12] ئىمام مۇسلىم بايانى، 771 – ھەدىس.

# بىرىنچى بۆلۈم

## گۈزەل ئەخلاق، ئۇنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلار ۋە ناچار ئەخلاق توغرىسىدا

*بۇ بۆلۈمدە ئون تېما بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:*

بىرىنچى تېما: راستچىللىق ۋە يالغانچىلىقنى تاشلاش.

ئىككىنچى تېما: ئامانەت ۋە خىيانەتنى تاشلاش.

ئۈچىنچى تېما: ئادالەت ۋە زۇلۇمنى تاشلاش.

تۆتىنچى تېما: كەمتەرلىك ۋە كىبىرنى تاشلاش.

بەشىنچى تېما: سەۋر قىلىش ۋە غەزەپلىنىش، ئالدىراقسانلىق ۋە ناھەق ئىنتىقام ئېلىشنى تاشلاش.

ئالتىنچى تېما: سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنى تاشلاش.

يەتتىنچى تېما: ئىپپەتلىك بولۇش ۋە ھارام شەھۋەتلەرنى تاشلاش.

سەككىزىنچى تېما: ھايالىق بولۇش ۋە ھاياسىزلىقنى تاشلاش.

توققۇزىنچى تېما: رەھىمدىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە قوپاللىق، رەھىمسىزلىك ۋە يامانلىقنى تاشلاش

ئونىنچى تېما: جاسارەتلىك بولۇش ۋە قورقۇنچاقلىقنى تاشلاش.

# كىرىش سۆز

ھەر قانداق ياخشى ئەخلاقنىڭ قوش بېسى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە، گۈزەل ۋە ياخشى ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن سەلبىيلىككە قاراپ ماڭسا، ناچار ئەخلاققا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ مەسىلەن:

- سېخىيلىق- ئىسراپخورلۇق بىلەن بېخىللىق ئارىسىدىدۇر.
- ھايا-ھاياسىزلىق، ئۇياتسىزلىق بىلەن خىجىللىق ئارىسىدىدۇر.
- ئىپپەت- قوپاللىق، توڭلۇق بىلەن شەھۋەت ۋە ھېرىسمەنلىك ئارىسىدىدۇر.
- كەڭ قورساقلىق- ئەدەپلەشتە قاتتىق قوللۇق قىلىش بىلەن تەربىيەگە سەل قاراش ئارىسىدىدۇر.
- نەسىھەت- يۈزىنى تۆكۈش بىلەن پەرۋاسىزلىق ئارىسىدىدۇر.
- سەۋر- باغرى تاشلىق بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق ئارىسىدىدۇر.
- جاسارەت- قاراملىق بىلەن قورقۇنچاقلىق ئارىسىدىدۇر.
- ئىنساپ- يامان گۇمان قىلىش بىلەن ئەمەلىي يامانلىققا سۈكۈت قىلىش ئارىسىدىدۇر.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش راستچىللىقنىڭ سەلبىي تەرىپى يالغانچىلىقتۇر ۋە ئۇنىڭ ئاشۇرۇلغان تەرىپى ھەقتە ئەزۋەيلەشتۇر. ھەتتا ئۇنىڭدا بولمىغان، ئۆز ھەقىقىتىدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىنىڭ سۈپىتىدە، غەيۋەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سىرىغا ئوخشاش راست بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئاشكارىلاشتا ھە دەپ چىڭ تۇرىۋېلىشتۇر.

ھەر قانداق گۈزەل ئەخلاق ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتسە، ناچار ئەخلاققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ مەنىسى، ھەقىقىتى ۋە گۈزەللىكىگە قاراڭ. ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قىزىقتۇرغانلىقىغا قاراڭ. ئۇنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلىۋېلىڭ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا، نەپسىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىشقا، شۇنداقلا ئۆزىڭىزدە ئۆزلەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش بىلەن بىللە، ناچار ئەخلاققا ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىشلارنى تاشلاڭ!

# بىرىنچى تېما
# راستچىللىق ۋە يالغانچىلىقنى تاشلاش

## راستچىللىق دېگەن نېمە؟

راستچىللىق ئەخلاقى- كىشىنىڭ ھەقىقەتكە مۇۋاپىق، رېئاللىققا ئۇيغۇن سۆز قىلىشىدۇر.

راستچىللىق ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مۇھىم ئەخلاقتۇر. ئۇ ئەڭ چوڭ پەرزلەرنىڭ بىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا سەل قارىشى توغرا ئەمەس. بىز جەمئىيەتتە راستچىللىقنى تارقىتىشىمىز، ئۇنىڭغا ئىنتىلىشىمىز، باللىرىمىزغا ئۆگىتىشىمىز، يالغان ۋە يالغانچىلارغا قارشى تۇرىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىشىمىز لازىم.

ۋاجىپ قىلىنغان سەممىيەت پەقەت تىلنىڭ راستچىللىقى بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى ئېتىقاد، ئىش-ھەرىكەت ۋە بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ؛

ئاللاھ تائالا بىلەن سەممىي بولۇش ئاللاھنىڭ مەۋجۇدىيتى ۋە سۈپەتلىرىنى، يالغۇز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا راستچىل بولۇش- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى، ئورنى ۋە ھەققىنى ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىشتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا راستچىللىق قەلب ئەمەللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پىكىر، ئىش- ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇ ئارقىلىق راستچىللىققا ئەمەل قىلغان، ئۇنى ئىزدىگەن ۋە ئىزدەنگەن كىشى راستچىل كىشىگە ئايلىنىدۇ، لېكىن راستچىللىق ئەخلاقى ئۆز-ئارا مۇئامىلە قىلىشتا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان راست سۆزلەشتە ئېپادىسىنى تاپىدۇ، باشقا ئەخلاقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. قەلبىنىڭ راستچىللىقىغا ھېرىس بولغان كىشى تىلىنىڭ راستچىللىقىغىمۇ ھېرىس بولىدۇ.

## راستچىللىقنىڭ ئەھمىيتى ۋە يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى

راستچىل كىشىگە كىشىلەر ئىشىنىدۇ، ئىشلىرى ۋە ماللىرىدىن خاتىرجەم بولىدۇ، راستچىل كىشى ئۆزىنىڭ راستچىللىقىدىن خاتىرجەم، ۋىجدانى راھەت بولغىنىدەك، كىشىلەرنىمۇ ئەمىن تاپقۇزىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئىچىڭنى قۇتراتقان نەرسىنى تاشلاپ، سېنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىشنى قىلغىن، ھەقىقەتەن راستچىللىق خاتىرجەملىكتۇر، يالغانچىلىق تەشۋىشتۇر».[13]

راستچىللىق ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرجەملىك، تىنچلىق ۋە راھەتتۇر؛ راستچىل كىشى قورقمايدۇ ۋە تەشۋىشلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يالغانچىلىق قىلمايدۇ. راستچىللىق جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرىدۇر؛ چۈنكى راستچىل كىشى باشقىلارنى ئەمىن تاپقۇزىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەزىيەت، بۇزغۇنچىلىق، كۆز بويامچىلىق ۋە يالغانچىلىق سادىر بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدۇ ۋە راھەت ئالىدۇ.

## راستچىللىقنىڭ پەزىلىكى

ئاللاھ تائالا بىزگە راستچىللىقنى ۋە ھەقكە ئەگىشىشنى پەرز قىلدى، پەيغەمبىرىمىز بىزنى راستچىللىققا بۇيرىدى ۋە بىزگە راستچىللىقنىڭ جەننەتكە بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا يالغانچىلىقنى ھارام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يالغاندىن توستى ۋە ئۇنىڭ دوزاخقا بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

[13] ئىمام تىرمىزى بايانى، 5218 – ھەدىس.

دېگەن: «راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا، ياخشىلىق بولسا جەننەتكە باشلايدۇ، بىر كىشى ھەمىشە راستچىل بولىدۇ ۋە راستچىللىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ، يالغانچىلىقتىن يىراق تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق بۇزۇقچىلىققا، بۇزۇقچىلىق بولسا دوزاخقا باشلايدۇ، بىر كىشى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلىدۇ ۋە يالغانچىلىققا باغلىنىپ قالىدۇ، ھەتتاكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ».[14]

ھەدىستە راستچىللىققا ھېرىسمەن بولغان كىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ۋە ئەڭ يۈكسەك ماقام بولغان راستچىللىق ماقامىغا ئېرىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

## يالغانچىلىقنىڭ ھاراملىقى

ھەقنى بۇرمىلاش ۋە باتىلغا ئۆزگەرتىش، ياكى باتىلنى ھەقىقەتكە ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى چەكلەنگەن ئىشتۇر، چۈنكى ھەقىقەتلەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش ۋە ئىشلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى، نەتىجە ۋە يامان تەسىرلىرى ھارام قىلىنغاندەك ناچار ۋە ھارام ئىشتۇر. يالغانچىلىق ۋە ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ھاياتلىق ئىسلاھ قىلىنمايدۇ، يالغانچىلىق ئارقىلىق خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك ۋە ئىشەنچكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەگەر كىشىلەر ھەر قانداق ئىشتا رېئاللىق ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەرنى سۆزلىسە، ئىنسانىيەت ئۆز - ئارا قانداق چۈشىنىشىدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا ھەر قانداق ئىش يالغان ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ۋە ئىشەنچلىك بولمايدۇ. يالغان بىلەن بولغان ھايات ناچار ۋە بىھۇدە ئۆتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا يالغاننى ھارام قىلدى ۋە ئۇنى

[14] ئىمام بۇخارى بايانى، 5743 - ھەدىس، ئىمام مۇسلىم بايانى، 2607 – ھەدىس.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دەپ ئاتىدى، چۈنكى يالغان ھەقىقەتلەرنى ئالماشتۇرۇش، بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشتۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ﴾ «يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار» [سۈرە ھەج 30- ئايەت]، يەنى يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار، ۋە يەنە مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ﴾ «يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدىغان كىشىلەر»[سۈرە فۇرقان 72- ئايەت].

مۇسۇلمانىنىڭ خاتىرجەملىك، نىجاتلىق ۋە توغرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان ھەقنى تەلەپ قىلىشى ئۇنى ھاياتلىق مەيدانىنىڭ ھەر قانداق بىرىدە ۋە ھەر بىر سۆزىدە راستچىللىققا ئۈندەيدۇ ۋە كىشىنى ئىش-ھەرىكەت، مۇئامىلىسىدە، ھەتتاكى ئۆزى بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ، چوڭ-كىچىك يالغاندىن يىراق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى يالغانچىلارنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چۈشى ئارقىلىق بايان قىلدى؛ ئۇ چۈشىدە بەزى گۇناھكارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابىنى كۆردى، ئازابىنىڭ قاتتىقلىقى ئۇ ئىشنىڭ قاتتىق چەكلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « يەنە بىرەيلەن تۆمۈر ئىلمەككە ئېسىپ قويۇلغان ئىدى، ئۇ كېلىپ ئۇنىڭ بىر يۈزىنى ئېغىزىنىڭ بىر تەرىپىدىن مۇرىسىگىچە، بۇرنىدىن مۇرىسىگىچە ۋە كۆزىدىن مۇرىسىگىچە چىشلەيتتى، رىۋايەت قىلغۇچى دەيدۇ: ئاندىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈپ، بىرىنچى تەرىپىنى قىلغاندەك قىلاتتى، ئۇ تەرىپىنىمۇ قىلىشتىن بىكار بولۇشىغا، ئۇ تەرەپ ئەسلىگە كەپ قالاتتى، ئاندىن بېرىپ، بىرىنچى قېتىم قىلغاندەك قىلاتتى، راۋىي دەيدۇ: مەن: ئاللاھ پاكتۇر! بۇ ئىككىسى كىملەر؟ دېۋىدىم، ئىككىسى ماڭا: ماڭغىن دېدى. ئاغزىدىن مۇرىسىگىچە ، بۇرنىدىن مۇرىسىگىچە ، كۆزىدىن مۇرىسىگىچە چىشلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىققان، ئاندىن ئۇپۇققا يەتكۇدەك يالغان سۆزلىگەن كىشىدۇر».[15]

[15] بۇخارى بايانى، 6640 - ھەدىس.

## راستچىللىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدىغان ئاساس

ئىنسان راست سۆزلۈك بولۇش ئۈچۈن چوقۇم قەلبى بىلەن ھەقىقەتنى تونۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى ، ئەقلى بىلەن ھەقىقەتنى ئىزدىشى ۋە ئۇنى ئۆز پېتى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە مايىل بولۇشى لازىم. ھەر قانداق ئىنسان راستچىللىقتا ۋە يالغانچىلىقنى تەرك ئېتىشكە ھېرىس بولۇشى لازىم، چۈنكى راست سۆز ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ سۆزلەۋاتقان گەپ رېئاللىقتا ماس كېلىدۇ، ئەقىللىق كىشى ۋە ئەقىللىق مۇسۇلمان ھەمىشە ھەقىقەتنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نىجاتلىقىنىڭ ئۇ ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، دېمەك ئىنساننىڭ راستچىللىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتكە بولغان مايىللىقىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان-كەرىمدە ھەقنى تەلەپ قىلىش ۋە ھەق سۆزلەشكە بۇيرۇش راستچىللىقتا بۇيرۇشتىن كۆپرەك كەلگەن، چۈنكى راستچىللىق ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەققە ئىمان ئېيتىش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرىدى ۋە پەيغەمبىرىنى بىزگە ھەق ۋە راستچىللىق بىلەن ئەۋەتتى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ﴾ «بىز سېنى ھەقىقەتەن ھەق[دىن] بىلەن ئەۋەتتۇق». (سۈرە بەقەر 119) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمُ الرَّسُولُ بِالْحَقِّ مِن رَّبِّكُمْ فَآمِنُوا خَيْرًا لَّكُمْ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۚ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «ئەي ئىنسانلار، پەيغەمبەر [يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام] سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق [دىن] ئېلىپ كەلدى. ئىمان ئېيتىڭلاركى، [بۇ] سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار [يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار] [ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەت]. چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر [يەنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر]. ئاللاھ [بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى] بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». (سۈرە

نىسا 170) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمُ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ اهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِي لِنَفْسِهِ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَا أَنَا عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ﴾ «[ئى مۇھەممەد] ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن». [سۈرە يۇنۇس 108- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ مِن شُرَكَائِكُم مَّن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ ۚ قُلِ اللَّهُ يَهْدِي لِلْحَقِّ ۗ أَفَمَن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّي إِلَّا أَن يُهْدَىٰ ۖ فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ئېيتقىنكى ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلەيدۇ ، ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان [نەرسىلەرگە] بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنداق [باتىل] ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟» [سۈرە يۇنۇس 35- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِم مِّيثَاقُ الْكِتَابِ أَن لَّا يَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ﴾ «كىتابتا[يەنى تەۋراتتا] ئاللاھقا [يالغان چاپلىماي] پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق، ئۇلاردىن چىن ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟» [سۈرە ئەئراف 169- ئايەت].

ئاللاھ تائالا بىزنى ھەقنى يوشۇرۇش، پەردازلاش، خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ۋە تەرك ئېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ھەقنى باتىلغا [يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە] ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار» [سۈرە بەقەر 42- ئايەت]، ﴿وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا

جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ﴾ «[ئى مۇھەممەد] ماڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»، [سۈرە مائىدە 48-ئايەت]، ﴿يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ ۚ إِنَّمَا الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللَّهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَىٰ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُ ۖ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ ۖ وَلَا تَقُولُوا ثَلَاثَةٌ ۚ انتَهُوا خَيْرًا لَّكُمْ ۚ إِنَّمَا اللَّهُ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ ۖ سُبْحَانَهُ أَن يَكُونَ لَهُ وَلَدٌ ۘ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ ۗ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ وَكِيلًا﴾ «ئى ئەھلى كىتاب! [يەنى ناسارالار جامائەسى] دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق [سۆز] دىن باشقىنى ئېيتماڭلار [يەنى ئاللاھقا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار]. مەسىھ ئىيسا مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر [سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر]. مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر [يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ ۋۇجۇتقا كەل دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر] ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ [ئاللاھ، ئىيسا، مەريەمدىن ئىبارەت] ئۈچتۇر دېمەڭلار، [خۇدا ئۈچ دېيىشتىن ئىبارەت ئېتىقاتتىن] قايتىڭلار، [بۇ] سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر [يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر]، ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر». [سۈرە نىسا 171- ئايەت]

ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىسى راست ۋە ھەقىقەتتۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشى راست سۆزلىگەن ۋە ھەقنى تەستىقلىغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىسلامنى ھەقىقەت دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنى تەستىقلىمىغان كىشىنىڭ يالغانچى ۋە ھەققە قارشى تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۖ وَلَا تُسْأَلُ عَنْ أَصْحَابِ الْجَحِيمِ﴾

«بىز سىنى ھەقىقەتەن [مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن] خۇشخەۋەر بەرگۈچى، [كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن] ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق [دىن] بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ [يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار] توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن». (سۈرە بەقەرە 119) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَىٰ وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾ «ئاللاھ ھەق دىن[ئىسلام] نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى [يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى] مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى». [سۈرە تەۋبە 33- ئايەت]

– ئىنسان راستچىل كىشىگە ئايلىنىش ئۈچۈن چوقۇم راستچىللىق ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى، ئۇنىڭغا مايىل بولۇشىنى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئىنتىلدۈرۈشى لازىم، ئەگەر ئۆزىنى ھەر قانداق شارائىت ۋە ۋاقىتتا راستچىللىققا مەجبۇرلىسا، راستچىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى لازىم تۇتسا، راستچىللىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ ۋە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەبىئىي خاراكتېرىگە ئايلىنىدۇ ۋە كۆڭلىدە ئويلاپ ئولتۇرماي راست گەپ قىلىدىغان بولىدۇ.

## راستچىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى

**بىرىنچى: ئاللاھنىڭ مەۋجۇدىيىتى، سۈپەتلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، غەيبىلىقى ، دىنى ياكى ھۆكۈملىرى ھەققىدە گەپ قىلغاندا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىماسلىق- راستچىل كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەدەپىدۇر ، ئەكسى بولسا ئەڭ خەتەرلىك يالغانلاردۇر.**

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَىٰ عَلَى اللَّهِ كَذِبًا ۚ أُولَٰئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَىٰ رَبِّهِمْ وَيَقُولُ الْأَشْهَادُ هَٰؤُلَاءِ الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ أَلَا لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ﴾ «ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغاندىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئەنە شۇلار [قىيامەت كۈنى] پەرۋەردىگارىغا توغرىلىنىدۇ ۋە گۇۋاھچىلار: بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر. دەيدۇ. ھەققەتەن ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ [يەنى ئاللاھ زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ]». (سۈرە ھۇد 18)، ﴿وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ تَرَى الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَى اللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ ۚ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْمُتَكَبِّرِينَ﴾ «قىيامەت كۈنى ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟». [سۈرە زۇمەر 60- ئايەت]

مۇسۇلمان راستچىللىققا مايىل بولغان ھالدا ئاللاھقا سۈپەت، ئىش-ھەرىكەت، تەقدىر ياكى ھۆكۈملەرنى نىسبەت بېرىشتە خاتالاشماسلىققا تىرىشىشى لازىم.

راستچىل كىشى ئاللاھ ھەققىدە دەلىل-ئىسپاتسىز گەپ قىلمايدۇ، ئاللاھ ھەققىدە گۇمان ۋە شەك بىلەن سۆز قىلىش توغرا ئەمەس، ئاللاھ تائالا- ئاللاھ ھەققىدە دەلىل-ئىسپاتسىز سۆز

قىلىدىغانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا ۚ إِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا ۚ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر». [سۈرە يۇنۇس 36- ئايەت]

ئاللاھ تائالا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارلىقىنى داۋا قىلىدىغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ هِيَ إِلَّا أَسْمَاءٌ سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَاؤُكُم مَّا أَنزَلَ اللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَمَا تَهْوَى الْأَنفُسُ ۖ وَلَقَدْ جَاءَهُم مِّن رَّبِّهِمُ الْهُدَىٰ﴾ «بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا-بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، ئاللاھ بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل-پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك-شۈبھىسىز ھىدايەت [يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان] كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ». [سۈرە نەجم 23- ئايەت]

ئاللاھتىن باشقىسىغا دۇئا قىلىدىغان، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئاتا-ئىبھسانلىرىنى بېرەلەيدۇ دەپ گۇمان قىلىدىغان كىشىلەر ھەققىدە (ۋەھالەنكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى ئاللاھ تەرەپتىن باشقا ئاتا-ئىبھسان يوقتۇر) مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا إِنَّ لِلَّهِ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ ۗ وَمَا يَتَّبِعُ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ شُرَكَاءَ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ﴾ «راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر [يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر] ئاللاھتىن باشقىغا، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ». [سۈرە يۇنۇس 66- ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە غەيبىنىڭ سۆزلەيدىغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ

لَيُسَمُّونَ الْمَلَائِكَةَ تَسْمِيَةَ الْأُنثَىٰ ، وَمَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ ۖ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ ۖ وَإِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا﴾ «شۈبھىسىزكى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلار پەرىشتىلەرنى[ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ] چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ». (سۈرە نەجم 27، 28- ئايەتلەر).

راستچىل كىشى ئەگەر ئاللاھ، تەقدىر ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھەقىقىتى دېگەندەك مەسىلىلەردە گەپ قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدىغان كەسكىن دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا، گۇمان بىلەن سۆزلىمەسلىكى، ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتەك كېسىپ ئېيتماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّن بَعْدِ الْغَمِّ أَمَنَةً نُّعَاسًا يَغْشَىٰ طَائِفَةً مِّنكُمْ ۖ وَطَائِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ أَنفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِاللَّهِ غَيْرَ الْحَقِّ ظَنَّ الْجَاهِلِيَّةِ ۖ يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ الْأَمْرِ مِن شَيْءٍ ۗ قُلْ إِنَّ الْأَمْرَ كُلَّهُ لِلَّهِ ۗ يُخْفُونَ فِي أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبْدُونَ لَكَ ۖ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ مَّا قُتِلْنَا هَاهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ الَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ وَلِيَبْتَلِيَ اللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمْ ۗ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ «غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى [يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ] مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار [يەنى مۇناپىقلار] ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى[يەنى كۆپپارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى]. بۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش ، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار ئاللاھ بىزگە ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟ دەيدۇ. ئېيتقىنكى ، ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە

يوشۇرۇشىدۇ ؛ ئۇلار: ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق دەيدۇ. [ئى مۇھەممەد] ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ [ئاراڭلاردىكى] ئۆلتۈرۈلىشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ [يەنى ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ]. [ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى] كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر، ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى [ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن] بىلگۈچىدۇر». [سۈرە ئال ئىمران 154- نومۇر] .

ئاللاھ تائالا ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى تونۇماي، ئۇنىڭغا قارىتا يامان گۇماندا بولغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَاءُوكُم مِّن فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە [بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك] قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى». [سۈرە ئەھزاب 10- ئايەت].

ئاللاھنىڭ ئىشلىرى ۋە ھېكمەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا ھاۋايى-ھەۋىسىمىزگە ئەگىشىشىمىز توغرا بولمايدۇ؛ ئەگەر بىز ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى ئاغرىپ قالسا ياكى ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتسە، بۇ بىر سىناق، ئىمتىھان ياكى گۇناھلارنىڭ كاپارىتى دەيمىز، ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىگە بىر ئىش بولسا، ئازاب ۋە ئىنتىقام دەيمىز، ئۇ ئىشلارنىڭ ئىلمى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە جەزم قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەگەر راستچىل كىشى ئۆزى ئېنىق بىلمەيدىغان شەرئى ھۆكۈم

ھەققىدە سورالسا، ئۇنى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا ئۆز بۇيرۇقىغا قارشى يەتتۋا بېرىدىغان كىشىلەرنى تۆھمەتخورلار دەپ سۈپەتلىدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللَّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلَالًا قُلْ آللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ ۖ أَمْ عَلَى اللَّهِ تَفْتَرُونَ، وَمَا ظَنُّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى ئاللاھقا يالغاننى چاپلامسىلەر؟ ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار قىيامەت كۈنى قانداق ئويلايدۇ؟[يەنى جازاغا تارتىلمايمىز دەپ ئويلامدۇ؟] شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر [چۈنكى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كېچىكتۈردى]، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى [ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ] شۈكۈر قىلمايدۇ.» [سۈرە يۇنۇس 59، 60- ئايەتلەر]

ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ئاللاھقا يالغاننى چاپلاش ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشتۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَفْتَرِي الْكَذِبَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ ۖ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾ «پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا [ئاللاھقا] يالغاننى چاپلايدۇ، [مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغانچى ئەمەس] دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يالغانچىدۇر». [سۈرە نەھل 105- ئايەت]. بۇ ئايەتتە ئۇلاردىنمۇ بەك يالغانچىنىڭ يوقلىقى شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ چوڭ يالغانچى ئىكەنلىكى، گۇناھ، ئازغۇنلۇق ۋە ئازاب جەھەتتە ئەڭ كۆپلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**ئىككىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتمىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يالغاننى چاپلىماسلىق- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ماڭا

يالغاننى چاپلاش- مەندىن باشقا بىرسىگە يالغاننى چاپلاشقا ئوخشىمايدۇ، كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى چاپلايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن».[16]

راستچىل كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىگە ئىشەنچ قىلالىشى لازىم، بولۇپمۇ ئۆلىمالار كىشىلەرگە توقۇلما ھەدىسلەرنى ئۆگەتمەسلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن بولۇشىمۇ ، دېمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن بولغان ئاجىز ھەدىسلەرنى سۆزلىمەسلىكى، ئەگەر سۆزلەپ قالسا كىشىلەرگە ئۇ ھەدىسنىڭ ئاجىزلىقى، تېخى ئىسپاتلانمىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى دېمىگەن بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلىپ قويۇشى كېرەك.

**ئۈچىنچى: ئىشلارنى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك - راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپى ھېسابلىنىدۇ .**

بولۇپمۇ دىنىي ئىشلاردا، ئىشلارنى ئاشۇرۇۋەتمەي ئۆز پېتى ئىجرا قىلىش لازىم، بىر نەرسىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۇنى راستچىللىق ۋە ھەقىقەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، ھەتتا باتىللىق، يالغانچىلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ؛ خۇددى بەزى پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنى ئاللاھنىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەش ياكى ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان ئىشلارنى نىسبەت بېرىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا ئوخشاش كۇفرىلىق ۋە شېرىككە ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ﴾ «ئەي ئەھلى كىتاب [يەنى ناسارالار جامائەسى]، دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق [سۆز] دىن باشقىنى ئېيتماڭلار». [سۈرە نىسا 171- ئايەت].

[16] بۇخارى، 1229 – ھەدىس. مۇسلىم، 4 – ھەدىس.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوا أَهْوَاءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا مِن قَبْلُ وَأَضَلُّوا كَثِيرًا وَضَلُّوا عَن سَوَاءِ السَّبِيلِ﴾ «ئەي مۇھەممەد! ئەي ئەھلى كىتاب [يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار] دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قوۋمنىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار دېگىن». [مائىدە 77- ئايەت].

**تۆتىنچى: خەتەرلىك ۋە كىشىلەرگە كىشىلەرگە زىيان سالىدىغان ئىشلاردا- ئىلىم، ھەقىقەت ۋە شەرىئەتنىڭ رۇخسىتىسىز سۆزلىمەسلىك: راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى ھەققىدە سۆزلەش، جەزم قىلماي تۇرۇپ ۋە يېنىدا ئۈچ گۇۋاھچى بولماي تۇرۇپ، كىشىلەرگە زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّوْلَا جَاءُوا عَلَيْهِ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ ۚ فَإِذْ لَمْ يَأْتُوا بِالشُّهَدَاءِ فَأُولَٰئِكَ عِندَ اللَّهِ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾ «ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ». [سۈرە نۇر 13- ئايەت]

بىر گۇناھنى قىلىپ، ئۇنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش توغرا بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَكْسِبْ خَطِيئَةً أَوْ إِثْمًا ثُمَّ يَرْمِ بِهِ بَرِيئًا فَقَدِ احْتَمَلَ بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ «كىمكى كىچىك بىر گۇناھ ياكى چوڭ بىر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈدۈۋالغان بولىدۇ». [سۈرە نىسا 112- ئايەت]

شۇنداقلا تۆھمەت قىلىش ئەڭ ناچار يالغانچىلىقتۇر، چۈنكى بىر كىشىگە قىلمىغان ئىش بىلەن ئۇنىڭغا يالغاننى چاپلايدۇ ۋە

تۆھمەت قىلىدۇ، ئۇ تۆھمەت باتىل گۇۋاھلىق بېرىش ۋە دوزاخقا چۈشۈشكە سەۋەب بولىدىغان يالغان قەسەم قىلىش بىلەن بولغان بولسا تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى قىلمىغان كىشىگە نىسبەت بېرىدۇ.

**بەشىنچى: سۆزىدە تۇرۇش، ئۇنى ئەستە ساقلاش، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىق، ۋەدىلەشكەن يەرگە ئەگەر مۇھىم بىر زۆرۈرىيەت بولمىسا كېچىكمەسلىك بىلەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

ئەگەر زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالسا، قولىدىن كەلسە تېلېفون ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۆزرە سورىشى، بۇنى راستچىللىققا ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا قىلىشى لازىم.

بۇنىڭ قاتارىدىن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ، مەسئۇللار، شەيخلەر، ئۆلىمالار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇچرىشىش ئورۇنلىرى، خىزمەت ئورنى، دەرس ۋاقتىغا، ھۆكۈم ۋە باشقا ئىشلار بېجىرىلىدىغان ئورۇنلارغا ۋاقتىدا بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قىلسا خىيانەت قىلىدۇ».[17]

**ئالتىنچى: گەرچە دۇنيالىقىغا ئاشكارا زىيىنى بولسىمۇ راستچىل بولۇش، راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ راست گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰ أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ ۚ إِن يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَاللَّهُ أَوْلَىٰ بِهِمَا ۖ فَلَا تَتَّبِعُوا الْهَوَىٰ أَن تَعْدِلُوا ۚ وَإِن تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا**﴾ «ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق

[17] بۇخارى، 33 - ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 59 – ھەدىس.

بېرىشتە، ئۆزلىرىڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا [گۇۋاھلىق بېرىشكە] توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار» [سۈرە نىسا 135- ئايەت]

گەرچە بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئىش ھەققى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ باھاسىنى كېمەيتىۋەتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىش قىلىش قابىلىيىتىنى سۈپەتلەش ۋە سېتىۋاتقان مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىدە راستچىل بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغانچىلىققا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ۋە ئۇنىڭدىن بىزگە ھارام پۇل كىرمەسلىكى ئۈچۈن بىزنى قەسەم قىلماسلىققا بۇيرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قەسەم قىلىش مەھسۇلاتنى سېتىلدۇرىدۇ، بەرىكەتنى ئۆچۈرىدۇ».[18]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىنىدۇ دېدى، راۋى دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۈچ قېتىم دېۋىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ھالاك بولغان، زىيان تارتقانلار كىم ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ دېۋىدى، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىشتىنىنى ئۇزۇن كىيگۈچىلەر ، مىننەتخورلار، مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ساتقۇچىلار دېدى».[19] ۋە يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «سودا-سېتىققا قەسەم ۋە يالغان ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئۇنى سەدىقە بىلەن ئۆچۈرۈڭلار».[20]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودىدىكى راستچىللىقنىڭ بەزى كىشىلەر ئويلاپ قالغاندەك مالنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولماستىن، بەرىكەت، ياخشىلىق ۋە مولچىلىقنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىق بىلەن سودىلاشقان ئىككى كىشى راستچىل ۋە ئوچۇق-يورۇق بولسا، ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئەگەر يوشۇرسا ۋە يالغان سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ

[18] بۇخارى، 1981 – ھەدىس. مۇسلىم، 1606 – ھەدىس.

[19] مۇسلىم، 106 – ھەدىس.

[20] تىرمىزى، 1208- ھەدىس. نەسەئىي، 3326 – ھەدىس.

بەرىكىتى ئۆچۈرۈلىدۇ ».[21]

دۇنيالىق پايدىغا قارشى راستچىل بولۇش ۋاجىپتۇر، چۈنكى ئۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان، ھەققە تەسىر كۆرسىتىدىغان راستچىللىقتۇر: ئادۋوكاتنىڭ سەمىمىيتى شۇكى؛ بىر دېلونى قوبۇل قىلغاندا، ئەگەر جىنايەتچى ياكى زالىم سىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ۋە جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغداش ۋە جىنايەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن بۇ دەۋادا ئاقلىشىنى تەلەپ قىلسا، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ، ناھەقچىلىقنى قوللىشى ۋە جىنايەتچىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىپ مەلۇم دەرىجىدە پۇل بېرىشكە ۋەدە بەرسىمۇ، ئادۋوكاتنىڭ يالغانچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ دېلونى قوبۇل قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ھارام مالنى ئېلىشى ھارامدۇر، ئادۋوكات ئۇنىڭغا قارشى گۇۋاھچى بولۇشى كېرەك، مانا بۇ ۋاجىپتۇر.

بۇ ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ: ﴿وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُوا بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار». [سۈرە بەقەرە 188- ئايەت]

**يەتتىنچى: مۇسۇلماننىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سەمىمىيتى شۇكى؛ ساختىلىق، ئالدامچىلىق، كۆز-بويامچىلىق ۋە يالغانچىلىق قىلماسلىقتۇر. بەلكى ئۇنىڭدىن نەرسە سېتىۋالغان كىشىگە نەسىھەت قىلىشتۇر.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىزنى ئالدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس».[22]

[21] بۇخارى، 1973 – ھەدىس. مۇسلىم، 1532- ھەدىس.

[22] مۇسلىم، 101 – ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر قانداق مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.[23] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئەيىبى بار مالنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، ئەگەر سېتىپ قالسا ساتقۇچى ئەيىبىنى دەپ بېرىشى ۋە ھېچ بولمىغاندا ئەيىبىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەكلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

**سەككىزىنچى: ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىشتا- ۋەدىسى ۋە توختامىغا سەمىمىي بولۇش، ئەگەر بىر توختام تۈزمىگەن بولسا، كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان قائىدە بويىچە سەمىمىي بولۇش-راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر**. بۇنداق ئىش كىشىلەر خالايدىغان، خۇشال بولىدىغان پۇختىلىقتا ئېلىپ بارىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَوْفُوا بِالْعُقُودِ ۚ أُحِلَّتْ لَكُم بَهِيمَةُ الْأَنْعَامِ إِلَّا مَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي الصَّيْدِ وَأَنتُمْ حُرُمٌ ۗ إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ مَا يُرِيدُ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە [يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە] ۋاپا قىلىڭلار». (سۈرە مائىدە 1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىش قىلغاندا ئۇنى پۇختا قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ».[24] يەنى ئىشنى ياخشى، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ۋە كېلىشكەن بويىچە پۇختا قىلىش لازىم، ئاغزاكى كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىش، ئۇنىڭدىن قاچماسلىق، رەسمىي ئىمزا قويۇلمىغانلىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەسلىك لازىم، كېلىشىم مەيلى يېزىلسۇن ياكى يېزىلمىسۇن، گۇۋاھچى بولسۇن ياكى بولمىسۇن قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش ۋاجىپتۇر.

---

[23] بۇخارى، 2566 – ھەدىس. مۇسلىم، 65 – ھەدىس.

[24] **ئىمام** بەيھەقىي، 5312 – ھەدىس.

**توققۇزىنچى: ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بىلەن ياكى مەخلۇقاتلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامە ۋە ھۆججەتلەرگە ۋاپا قىلىش-راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلَا تَنقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللَّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلًا ۚ إِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ**﴾ «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا ، ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى [ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ] پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ». [سۈرە نەھل 91- ئايەت]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ ۖ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولًا**﴾ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، [قىيامەت كۈنى] ئەھدى ئۈستىدە [يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان- قىلمىغانلىق ئۈستىدە] ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر». [سۈرە ئىسرا 34- ئايەت]

بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھ بىلەن بولغان ئىسلام ئەھدىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە بەرگەن بەيئەت ئەھدىسى ۋە سالىھ ئۇستازلارغا ياخشى ئەمەللەر ياكى ئېھسان يولىدا مېڭىشقا قىلغان ئەھدىسى، مۇسۇلماننىڭ توغرا يولدىكى جامائەت بىلەن بولغان دىنىنى بەرپا قىلىش ئەھدىسى، نىكاھنىڭ چىقىشىپ، ياخشى ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئەھدىلىرى ۋە باشقا ئەھدىلەر بار.

ئىنسان ئەھدىسىگە ۋاپادار بولۇش، ئەھدىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پەقەت ھەق، ياخشىلىق ۋە ئىتائەتتە ئەھدە قىلىشى لازىم، چۈنكى باتىل، يامانلىق ۋە گۇناھ ئۈستىدە تۈزۈلگەن ئەھدىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش توغرا بولمايدۇ.

نەزىر ۋە قەسەم قىلىش ئىككىسى ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنى بىلدۈرىدۇ، مۇسۇلمان بۇ ئىككىسىدە راستچىل بولۇشى ، ئۇنىڭغا

ۋاپا قىلىشى لازىم، مۇسۇلماننىڭ راستچىللىقى شۇكى؛ ئەگەر ئۇلارغا ۋاپا قىلىش قابىلىيىتىدىن گۇمانلانسا قەتئىي نەزىر قىلماسلىقى، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە ئۇنىڭغا يالغاننى چاپلاشقا دۇچار قىلماسلىق ئۈچۈن ھەرگىز بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەزىر قىلماڭلار» دېگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاحْفَظُوا أَيْمَانَكُمْ﴾ «قەسەمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار [يەنى كەلسە-كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار]» [سۈرە مائىدە 89- ئايەت]

**ئونىنچى: چاقچاق-تاماشا، لەتىپە-يۇمۇردىمۇ يالغان سۆزلىمەسلىك- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

چۈنكى ئۇلگىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق ئەھۋالدا پەقەت ھەقىقەتنى، راستنى سۆزلەيتتى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساھابىلەر: ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىزگە چاقچاق قىلىۋاتىسەن؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن پەقەت راستنى سۆزلەيمەن دېگەن».[25]

ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆز قىلغان كىشىگە ۋاي، ۋاي ئۇنىڭغا، ۋاي ئۇنىڭغا!».[26]

**ئون بىرىنچى: بىر سۆزنى پەقەت ئېنىق جەزم قىلغاندىن كېيىن سۆزلەش، سۆز ياكى خەۋەرنى پەقەت ئۇنىڭ توغرىلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەگەر جەزم قىلالمىسا ئاڭلىغۇچىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا گۇمانلىنىدىغانلىقى ياكى توغرا- خاتا ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ

[25] تىرمىزى، 1990 – ھەدىس.

[26] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى، 3990 – ھەدىس.

**فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾** «ئەي مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، [ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى] بىلمەستىن بىرەر قوۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، [ئۇ خەۋەرنى] ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار». [سۈرە ھۇجۇرات 6- ئايەت]

مۇسۇلمان قىلغان گېپىگە ئىشەنچ قىلالايدۇ، ئەگەر گۇمانلىق سۆزلەر يەتسە، ئۇنىڭغا ئېنىق جەزم قىلىش، گۇمانى بولغان، بەلكىم يالغان ۋە باتىل بولۇشى مۇمكىن بولغان سۆزنى يېيىپ، تارقاتماسلىق-راستچىللىقنىڭ قاتارىدىندۇر.

بەزىدە ئىنسان گۇمان ۋە شەك بىلەن سۆزلەپ گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانى بەزىدە رېئاللىققا ئۇيغۇن بولسا، بەزىدە باتىل ۋە يالغان بولىدۇ؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۚ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ**﴾ «ئەي مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار [يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار]، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر.» [سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەت]

بەزى كىشىلەر گۇمانغا سەل قارايدۇ ۋە ئۇنى خۇددى ھەقىقەتتەك سۆزلەيدۇ ۋە گۇمان بىلەن ئىش قىلىدۇ، گۇمان پەقەتلا بىر ئېھتىماللىقتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇمان بىلەن سۆزلەشنىڭ يالغانچىلىقتىن يېنىك ئەمەسلىكى، ھەتتا ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«گۇماندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمان سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر».[27]

---

[27] بۇخارى، 5719– ھەدىس. مۇسلىم، 2563 – ھەدىس.

بىر كىشىنىڭ باشقىلار ھەققىدە بىر ئىشنى ئويلىشى ياكى پەقەت گۇمانغا ئاساسلىنىپ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارغا ياخشى گۇمان قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَٰذَا إِفْكٌ مُّبِينٌ﴾ «بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۆمىنلەر بىر-بىرىگە ياخشى گۇماندا بولۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟». [سۈرە نۇر 12- ئايەت]

بىزنىڭ بىرىمىز گۇناھتىن قورقۇپ يالغاننى تەرك ئېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاساسلانمايدۇ، لېكىن ئۇ گۇمان بىلەن سۆزلەشنى تاشلىمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغان گۇماننى سۆزلەش خاتا ئەمەس دەپ ئويلايدۇ، ئۇنى ئۆزىگە توغرا قىلىۋالىدۇ ۋە گۇمان بىلەن سۆزلەشكە سەل قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يالغانچىلىققا چۈشۈپ قالىدۇ؛ چۈنكى بەزى پەرەزلەر ھەقىقەت ئەمەس، شۇنداقلا پەرەز بىلەن جەزملەشتۈرگەندە بەزىدە يالغان بولۇپ چىقىدۇ. گۇمان ۋە گۇمان بىلەن سۆزلەش يالغانچىلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر، چۈنكى يالغان سۆزلىمەيدىغان كۆپلىگەن كىشىلەر گۇمانغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەرك ئېتىش توغرىسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى.

يالغانچى ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، رىئاللىقتا ئۈيغۇن بولمىغان گۇمان بىلەن سۆزلەيدىغان كىشى يالغان سۆزلەيدۇ ۋە ئۆزىنى خۇددى ھېچ ئىش قىلمىغاندەك راستچىل دەپ قارايدۇ.

**ئون ئىككىنچى: ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىمەسلىك راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.** ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزىدىغان كىشىنىڭ ئاڭلاپ يەتكۈزگەنلىرىدە بەزىدە يالغان، خاتا ياكى دىققەتسىزلىك بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىلىپ-بىلمەي يالغانغا چۈشۈپ قالىدۇ، بەزىدە خاتا يەتكۈزۈپ قىلىپ، خالىماي تۇرۇپ يالغانغا چۈشۈپ

قالىدۇ، بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىسىنى سۆزلەپ يۈرىشى- ئۇنىڭ يالغانچىلىقىغا يېتەرلىكتۇر».[28]

**ئون ئۈچىنچى: يالغاننى تارقىتىشتىن ئاگاھ بولۇش، جەزم قىلىنمىغان خەۋەرنى تارقىتىشتىن ئاگاھ بولۇش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

راستچىل كىشى ئەگەر بىرەر ئىشنى ياكى خەۋەرنى ئاڭلىسا، جەزم قىلمىغۇچە ئۇنى سۆزلەپ يۈرمەيدۇ، تارقاتمايدۇ ۋە ئۇ ئىشنى بىلىدىغان ياكى راستلىقىنى تەكشۈرۈشكە قادىر بولغان بىرىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەت بۇ زۆرۈر ئەدەپكە رىئايە قىلسا، جەمئىيەت ياخشى ساپا ۋە توغرا مەلۇماتقا تولغان بولاتتى، پىتنە-ئىغۋا تارقىلىپ يۈرىدىغان جەمئىيەتلەر ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى پايدىسىز ھەتتا زىيانلىق شەك ۋە ئەندىشە پەيدا قىلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئىنسابلىق بولۇش- مۇسۇلماننىڭ راستچىللىقىنىڭ قاتارىدىندۇر، مۇسۇلماننىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ھەققىدىكى دەلىل-ئىسپاتسىز پىتنە-ئىغۋانى قوبۇل قىلىشىمۇ توغرا ئەمەس، ئەگەر ئەتراپىدا تارقىلىپ يۈرگەن بولسا دەلىل تەلەپ قىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىشىلەرگە ئۆلارنىڭ داۋالىرى بېرىلسە ئىدى، كىشىلەر باشقىلارنىڭ قېنى ۋە مېلىنى داۋا قىلغان بولاتتى، ئەمما قەسەم جاۋابكار ئۈچۈندۇر».[29]

شۇنداقلا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان گۇمان بىلەن سۆزلەش، كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىسىنى سۆزلىشىدىن چەكلەش ۋە پاسىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاشقا بۇيرۇش ھەققىدىكى دەلىللەر

[28] مۇسلىم، 5 – ھەدىس.

[29] بۇخارى، 1711– ھەدىس. مۇسلىم، 4277 – ھەدىس.

پىتنە تارقىتىشىنىڭ ھارامىلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

**ئون ئۈچىنچى: باشقىلارنى سۆيەتلەش ۋە ماختاشتا، بولۇپمۇ يېنىمىزدا بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە راستچىل بولۇش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَىٰ﴾ «ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ». [سۈرە نەجم 32- ئايەت] بىرەر كىشىنى سۆيەتلەشتە جەزم قىلمايمىز، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەندەك: «شۇنداق دەپ ئويلايمەن» دەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىڭلار دوستىنى شەكسىز ماختىماقچى بولسا: مەن پالانچىنى مۇنداق دەپ قارايمەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا گۇۋاھتۇر، ئاللاھقا بىرنى پاكلىمايمەن دېسۇن، ئەگەر ئۇنى بىلسىمۇ، شۇنداق دەپ قارايمەن دېسۇن».[30]

**ئون بەشىنچى: ئىككى يۈزلىمچى بولماسلىق- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدىندۇر.**

مۇسۇلمان ئوچۇق-يورۇق بولۇپ، جەمئىيەتتە تەخسكەشلىك، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىق قىلمايدۇ. كىشىلەرگە ئەكسىنى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئۆچ-ئاداۋەت، مىكرىنى يوشۇرۇپ، دوست-يارەنلىك ۋە نەسىھەتنى ئاشكارىلىمايدۇ، كىشىلەرگە باشقىچە كۆرۈنۈپ، ئاندىن باشقىلارغا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرمەيدۇ. كىشىلەرگە ئەسلىسى باشقا ئىش بىلەن ئاشكارا بولمايدۇ. ئويلىغان نەرسىنىڭ ئەكسىنى دېيىش ياكى كۆڭلىدە يالغان دەپ قارىغان نەرسىنى سۆزلەش يالغانچىلىقتۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللَّهَ عَلَىٰ مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ، وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ، وَإِذَا قِيلَ لَهُ اتَّقِ

[30] بۇخارى، 2519 – ھەدىس. مۇسلىم، 3000 – ھەدىس.

اللهَ أَخَذَتْهُ الْعِزَّةُ بِالْإِثْمِ ۚ فَحَسْبُهُ جَهَنَّمُ ۚ وَلَبِئْسَ الْمِهَادُ ﴾ «[ئەي مۇھەممەد] كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ [لېكىن ئۇ يالغانچى، مۇناپىقتۇر] ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە [دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە] ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ [ساڭا ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە] ئەشەددىي دۈشمەندۇر [كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزلۈك ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ] ئۇ [ھوزۇرۇڭدىن] قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ [ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس]. ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا [ۋەز-نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز-ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ] ئاللاھتىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۈكلەيدۇ [يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە-پاساتنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ]، ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر». [سۈرە بەقەر 204، 205، 206- ئايەتلەر]

يالغانچىلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ كان ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئەڭ ياخشىسى، ھەقنى چۈشەنگەندە ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشىسىدۇر، بۇ ئىشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ھەممىدىن يامان كۆرگۈچى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرىنىڭ ئاۋۇلارغا بىر يۈز بىلەن، ماۋۇلارغا بىر يۈز بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن».[31]

[31] بۇخارى، 3304 – ھەدىس.

**ئون ئالتىنچى: چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەمگە راستچىل بولۇش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.** چۈنكى ئۇنىڭ راستچىللىقى ئاللاھ ئۈچۈن بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ، ھۆكۈمدارغا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئايالىغا يالغان سۆزلىمەيدۇ، بالىلىرىغا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئۇلارغا ۋەدە بېرىپ قويۇپ خىلاپلىق قىلمايدۇ، بالىلىرىغا مېھمانغا ياكى تېلېفون قىلغان كىشىگە ئۆزىنى يوق دەڭلار دېمەيدۇ، گەرچە تېلېفون قىلغان كىشى ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزگە ئەگەر ۋەدىلەشكەن ۋاقىت بولماي تۇرۇپ ياكى كۈتۈلمىگەندە مېھمان كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەي ئۆزرە سوراش ۋە ئۇنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇشنى يولغا قويدى، ئاللاھ تائالا- يوقلاپ كەلگەن كىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾ «ئەگەر سىلەرگە قايتىپ كېتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە نۇر 28- ئايەت]

مېھماننىڭ سەۋەبىنى سوراش ھەققى يوق، بەلكىم كىشىنىڭ شەخسىي ئىشى، سىرلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىشىنى خالىمايدىغان زۆرۈرىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەدەپكە ئەمەل قىلىش كىشىنى يالغانچىلىقتىن بىھاجەت قىلىدۇ ۋە بالىلىرىغا يالغاننى ئۆگىتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

**ئون يەتتىنچى: كىچىك بالىغا ئۇنى يېنىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر نەرسىنى ئۆزىتىپ، ۋەدە بېرىپ ئاندىن بەرمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىق- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

ئابدۇللا ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن كىچىك ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزگە كەلدى، مەن ئوينىغىلى چىقتىم، شۇنىڭ بىلەن ئاپام: ھەي ئابدۇللا، بۇ يەرگە كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرەي دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچى ئىدىڭىز؟ دېدى، ئاپام: ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچى دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر بەرمىگەن بولسىڭىز، سىزگە بىر يالغان يېزىلغان بولاتتى دېدى».[32]

**ئون سەككىزىنچى: گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بىر ئىشارەت ياكى ئىش-ھەرىكەت ئىشلەتكەندىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭدا ۋە ئىشارەت قىلغان ئىشىدا راستچىل بولۇش-راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

چۈنكى ئۇ سۆزنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، سۆزنىڭ ھۆكمىنى تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا راستچىل بولۇش ۋاجىپتۇر.

**ئون توققۇزىنچى: ھايۋانلارنىمۇ ئالدىماسلىق راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

ئۇنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېمەكلىك سۇنۇپ، ئاندىن بەرمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىق ياكى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق ۋە يېقىنلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ ئاندىن ئۇنى قورقۇتماسلىق لازىم.

**يىگىرمىنچى: يالغانچىلىقتا ئۇندەيدىغان گۇناھ ۋە ھارام شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىشكە مايىل بولۇش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .** قىلغان ھارام ئىشلىرىنى يېپىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان كىشى ھەرگىزمۇ راستچىل بولالمايدۇ.

نامازنى تەرك ئېتىدىغان بالا؛ ھەمىشە ئۆزىنىڭ نامازنى تاشلىغانلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ ۋە بۇ سەۋەبلىك يالغاننى ئۆزگە راۋا كۆرىدۇ.

---

[32] ئەبۇ داۋۇد بايانى، 4991 – ھەدىس.

ناچار، بۇزۇق فىلىملەرنى ياكى ھاياسىز لېنتىلارنى ياكى ئاشىق كىتابلىرىنى كۆرىدىغان بىر ياش؛ ھارام شەھۋىتى ئۇنىڭغا لايىق كۆرگەن نەرسىلەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى دادىسىغا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر دەپ قارايدۇ.

مال-دۇنيا شەھۋىتى غالىب كەلگەن، ھەتتا ھارام پۇل تېپىش دەرىجىسىگە يەتكەن بىر خىزمەتچى ياكى تىجارەتچى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە خىزمىتىدە كۆز بويامچىلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ توغرۇلۇق سورالسا، تېخىمۇ كۆپ ناھەق ئىش ھەققى ئېلىش ياكى تېخىمۇ كۆپ ناھەق پايدا ئېلىش ئۈچۈن، مۇئامىلە قىلغان كىشىسىگە يالغان سۆزلەيدۇ.

ئايال-لار شەھۋىتى ياكى قىمار شەھۋىتىگە باغلانغان ئەر- كېچىنى ھارام شەھۋەت بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېچىنى خىزمەت ئورنىدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئايالىنى ئالدايدۇ.

كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىشقا مايىل بولغان مەدداھ، يالغان قىسسىلەر، باتۇرلۇقلار، كۈلدۈرگىلەر ۋە قاراملىقلارنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى يالغاندىن ئۆزىگە نىسبەت بېرىدۇ.

ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ياكى مىللىتىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان مۇناپىق پادىشاھ، ھۆكۈمدار ۋە باشلىق؛ ئۆزىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن يۈز-ئابرۇي، مەنسەپ ياكى خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مىللىتى ۋە پۇقرالىرىنى ئالدايدۇ.

ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئەگەر راستچىللىقنى قىزىقسا، ئاللاھ ۋە مەخلۇقاتلار بىلەن بولغان سەممىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ شەھۋەت ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرىنى تاشلاشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولۇش يالغانچىلىقنىڭ تۈرتكىلىرىدۇر، يالغاندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گۇناھنى تەرك ئەتمەك لازىم.

**يىگىرمە بىرىنچى: يالغانچىلىق توغرا بولىدىغان ۋە رۇخسەت قىلىنغان ئورۇنلاردىمۇ راستچىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

ئۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەدىر كۈنى قىلغىنىدەك يالغاننىڭ ئورنىغا ئەگىتمە سۆز ئىشلىتىدۇ؛ بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: سىلەر قەيەردىن؟ دەپ سورىۋىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ دۈشمەن بولۇپ قېلىشى ياكى دۈشمەنگە خەۋەر يەتكۈزىدىغان بىرى بولۇپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتقان هالدا: سۇدىن دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىنسان يارىتىلغان سۇنى كۆزدە تۇتقان ئىدى، سورىغۇچى بولسا سۇ بار رايوندىن كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى.

ئىمران ئىبنى هۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: «هەقىقەتەن يالغاننىڭ ئورنىغا ئەگىتمە گەپ قىلىش رۇخسەت قىلىنغان».[33]

ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ئۈچ ئىشتا يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ ئۇرۇشتا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالىنىڭ يولدىشىغا قىلغان يالغان سۆزى».[34]

بۇ هەدىسنىڭ مەنىسى ئىنسان بۇ ئىشلاردا يالغانغا سەل قارىسا، ئادەت قىلىۋالسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى هەدىستە يالغانچىلىق پۈتۈنلەي توغرا دېيىلمىدى، پەقەت بۇ ئىشلاردا رۇخسەت بارلىقى تىلغا ئېلىندى، شۇڭا ئۇنى زۆرۈر ئېهتىياج بولسا ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قىلىدىغان باشقا گەپ تاپالمىغاندا ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇ ئورۇنلاردا يالغانچىلىققا رۇخسەت قىلىندى، چۈنكى راستچىللىقنىڭ مەقسىتى هەقنى ئىسپاتلاش ۋە هەققە ياردەم بېرىشتۇر، ئەگەر

[33] بۇخارى، 857 – هەدىس.

[34] مۇسلىم، 2605 – هەدىس.

راستچىللىق ھەققە ۋە ھەق ئەھلىگە زىيان سالىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىخمۇ چوڭ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرۇش ۋاجىپتۇر.

**يىگىرمە ئىككىنچى: يېنىدا بولمىغان نەرسىدىن يېنىدا بارلىقىدەك پەخىرلىنىپ، نامايان قىلماسلىق راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

مەسىلەن: بىر كىشى ئىجاد قىلمىغان نەرسىنى ئىجاد قىلغاندەك كۆرسىتىدۇ، ياكى ئۆزى سۈپەتلەنمىگەن زاھىدلىق ۋە تەمكىنلىككە ئوخشاش بىر سۈپەتنى ئۆزىدە نامايان قىلىدۇ، ياكى ئۆزى ئىگە بولمىغان بىر نەرسىنى خۇددى ئۇنىڭغا ئىگىدىكىدەك نامايان قىلىدۇ، ياكى بىر ئايال كۈندىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنى غەزەپلەندۈرۈش ئۈچۈن يولدىشى ئۇنىڭغا بەرمىگەن نەرسىنى بەرگەندەك كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن كۆز- كۆز قىلغۇچى- يالغاندىن ئىككى كىيىم كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ».[35]

گۈزەل خۇلق، ئىلىم، ئىبادەت، مال، كىيىم-كېچەك، مەنسەپ، ئۇتۇق ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىگە بولمىغان نەرسىنى خۇددى ئىگە بولغاندەك كۆرسەتكەن چاغدا، ئەمەلىي يالغان سۆزلىگەن ۋە ھەقىقەتنى يۆگىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، تەكەببۇرلۇق قىلغان چاغدا، يالغانچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق قىلغان بولىدۇ.

قىلمىغان ياكى شېرىك بولغان ئىشلارنى «مەن ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەپ سۆزلەيدىغان، كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۇ ئىشنىڭ ئىگىسى ياكى سەۋەبچىسىدەك ياكى ئۇ بولمىسا بولمايدىغان يالغۇز ئىگىسىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان كىشىلەرگە بۇ سۈپەت ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

[35] بۇخارى، 4921– ھەدىس.

**يىگىرمە ئۈچىنچى: ئۆزىنى خۇددى كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىدەك كۆرسەتمەسلىك- راستچىل كىشىنىڭ ئەدەپدۇر.**

ئۇ قىممەتسىز ياكى ھاجىتى بولمىغان بىر ئوبراز بولۇپ، ئارتىسقا ئوخشاش كىشىلەرنى ئوخشىمىغان مۇراسىم ۋە چاي ئىچۈرۈشكە قاتنىشىپ بېرىشكە چاقىرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى خۇددى ئوغلىغا قىز سوراۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار توي ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى، ھەتتا تويلۇققىچە پۈتۈشۈپ بولغان، بەلكىم نىكاھ ئوقۇپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ پەقەت كىشىلەرنى چارچىتىدىغان، مەشغۇل قىلىدىغان پايدىسىز ۋە پەسكەش شەكىللىنىۋاتقان باشقا نەرسە ئەمەس. مانا بۇ يالغاندۇر. ئۇ چاغدا كىشىلەرنى قىز سوراش نامىدا ئەمەس، بەلكى نىكاھ ئېلان قىلىش نامىدا يىغىشى ۋاجىپتۇر. كەلگەن ۋە كۈتۈۋالغان ئۇ كىشىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە يالغانچىلىق تاكامۇللىشىدۇ؛ ئۇلار پالانى كىشىنىڭ، پالانچى خېنىمنىڭ مۇراسىمى دەپ ئاتىشىدۇ. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، مۇراسىمغا قاتناشقانلاردىن ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا ئالدىرايدىغان ھېچكىمنى تاپالمايمىز. كېلىپ كۆيئوغۇلنى ماختىغانلار ئۇنىڭ زۇلۇمىنى توختىتىشى ۋە ئۇنى چېگراسىغا قايتۇرۇشقا ئارىلاشمايدۇ. قىزنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ، ئۇنىڭ خىيانىتى ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرىنى توسۇشقا ئارىلاشمايدۇ. راستچىللىقنىڭ ئەمەلىي تەرەپلىرى ئامانەت ۋە خىيانەتنى تەرك ئېتىشتۇر، ئادىللىق قىلىش ۋە زۇلۇمنى تەرك ئېتىشتۇر، تۆۋەندە ئۇلارنى بايان قىلىمىز.

# ئىككىنچى تېما

# ئامانەتدارلىق ۋە خىيانەتتىن يىراق تۇرۇش

## ئامانەتدارلىق دېگەن نېمە؟

ئامانەتدارلىق ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتتىكى راستچىللىقىدۇر. سەممىيلىكنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەقنى ئۈستۈن كۆرىدىغان كىشى ئامانەتدار بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

ئۇ باشقىلارنىڭ شەخسىيىتى، ماددىي نەرسە-كېرەكلىرى ۋە مەنىۋى ھەق-ھوقۇقلىرىغا دەخلى-تەرۇز قىلمايدىغان، باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان بولغاچقا «سەممىي»، «ئامانەتدار» دەپ ئاتالغان. بۇنداق كىشىگە مال-مۈلۈك، ياكى باشقا نەرسىلەر ئامانەت قويۇلسا ئاسراپ ساقلايدۇ ۋە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭكىگە كۆڭۈل بۆلگەندىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. تاپشۇرۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنغىنىدا كېچىكتۈرمەستىن ياكى كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئامانەتدار كىشىگە خالايىقنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولماستىن، ئۇنچە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش پۇرسىتى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ، يوشۇرىۋالمايدۇ ياكى ئوغرىلىۋالمايدۇ.

ئامانەتدار كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئامانەتكە خىيانەت قىلىش تەمەلىرى تۇغۇلمايدۇ، ناۋادا ئۇنى نەپسى شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتسە، ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ يامانلىقتىن توسىدۇ، ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىش ياكى ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان نەرسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلىمەيدۇ.

كىشى ئامانەتكە خىيانەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، راستچىللىقى، ئامانەتدارلىقى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى بىلەن رەزىللىكلەردىن يىرى بولغان خىيانەتتىن غالىپ كەلگەن چاغدا ھەقىقىي ئامانەتدار ھېسابلىنىدۇ.

قەرز ئالغان بولسا ياكى ئامانەت قويۇلغان بولسا، قەرز ئىگىسى ۋە ئامانەت ئىگىسىدە ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھۆججەتى بولمىسىمۇ، ھەقسىزلىق بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ يىراق تۇرىدۇ. ئەگەر باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن، شۇنداقلا بۇ رەزىل قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ قالماستىن كىشىلەرنىڭ پۇل – مېلىنى ئېلىۋالىدىغان بىر «ياخشى پۇرسەت» ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق رەزىللىكتىن ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ، مانا بۇ دەل ئامانەتدار كىشىنىڭ سۈپىتىدۇر.

تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئېيتساق ئامانەتدارلىق دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىچىگە خەت-چەكلەرنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ۋە پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش... قاتارلىقلارمۇ كىرىپ كېتىدۇ. ئادىل بولۇشمۇ ئامانەتدارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

خىيانەت قىلىش ئامانەتدارلىقنىڭ قارشى مەنىسىدۇر، خىيانەت دېگىنىمىز ئىش – ھەرىكەتتە يالغانچىلىق قىلىشتۇر.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ئىچىگە باشقىلارنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىنى تۆكۈش، ئىلمىي ۋە مەنىۋى ھەق – ھوقۇقلارغا دەخلى-تەرۇز قىلىش، قويمىچىلىق، تارازىدا كەم بېرىش ۋە ئومۇمنىڭ مېلىدىن ئوغۇرلاش... قاتارلىقلارمۇ كىرىپ كېتىدۇ، زۇلۇم قىلىشمۇ خىيانەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ئاسىيلىق خىيانەتنىڭ ئەڭ ناچار كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ ، چۈنكى ئاسىيلىق قىلىنغۇچى خاتىرجەملىك ۋە

غەپلەت ئىچىدە تۇرغىنىدا، خائىن ھىيلە-مىكىر بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئىشەنچ ۋە ئەھدىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈش خىيانەتتۇر، چۈنكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بەندىگە بەدەن ئەزالىرى ۋە ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلىرىنى ئامانەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان دائىرىدىن چىقىپ كېتىشكە ھەققى يوق.

## ئامانەتدارلىقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

ئامانەتدار كىشى باشقىلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن ئامانەت قىلالايدۇ. ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى بىر ياردەمچى ھېسابلىنىدۇ . جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس ئامانەتدار بولغىنىدا بۇ جەمئىيەتتە ھەمكارلىق، ئەمىنلىك، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئورۇن ئالغان، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بىر مۇھىت شەكىللىنىدۇ. بۇ مۇھىتتا ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى خاتىرجەم ياشايدۇ، بەلكى بۇ ئەمىنلىك پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تارقايدۇ، ھېچكىم باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ، ھەممەيلەن راستچىللىق بىلەن ياشاپ، بەرگەن ۋەدىسىگە، قىلغان ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىدۇ. كىشىلەر باشقىلاردىن ئۆزىگە يامانلىق يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەستىن خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايدۇ.

ئەمما خائىن تاجاۋۇزچى، زالىم ۋە باشقىلارغا ئازار بەرگۈچىدۇر. ھەددىدىن ئېشىپ جەمئىيەت قانۇنلىرىغا بويسۇنماستىن باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ، خىيانەت بىلەن تولغان جەمئىيەت بۇزۇلغان ۋە خەتەرلىك جەمئىيەتتۇر؛ ئۇنىڭدا ئازراقمۇ خاتىرجەملىك ياكى تىنچلىق بولمايدۇ ھەر بىر كىشى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن، باشقىلاردىن ھەزەر ئەيلەپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلبلەرنى قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك قاپلايدۇ.

## ئامانەتدارلىق ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

ئەگەر ئىنسان راستچىل ۋە ئامانەتدار بولۇشقا ھېرىسمەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھېرىسمەنلىكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەت ۋە مەقسەتلىرى ئۈچۈن بولىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىمانى، ئېتىقادى ۋە رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان پىرىنسىپلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ مەنپەئەت ۋە مەقسەتلىرى ئۈچۈنلا ئامانەتدارلىق بىلەن ئەخلاقلانغان كىشىنىڭ مەنپەئەتى يالغانچىلىق ۋە خىيانەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ۋاقىت كېلىپ قالسا، ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئامانەتدارلىق ۋە راستچىللىقنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئامانەتدار ۋە راستچىل بولۇشقا بۇيرۇغىنىنى، ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ۋە يەنە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى، ئاخىرقى قايتىش ئورنىنىڭ ياكى جەننەت ياكى دوزاخ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشى راستچىللىققا ۋە ئامانەتدارلىققا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدۇ، ھەتتاكى بۇ ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن زىيانلارنى تارتسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ راستچىللىق ۋە ئامانەتدارلىق بىلەن ئاخىرەتتە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېرىشىدىغان ساۋاب ئەجرىنىڭ بۇ دۇنيادا خىيانەت ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئېرىشىدىغان مەنپەئەتتىن نەچچە مىڭ ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن: « ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەن، مۇناپىق بولسا قەلبىدە ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ ئۆزىنى مۆمىندەك كۆرسىتىدىغان بىرىدۇر. ياكى بولمىسا ئۇ ئاللاھتىن غەپلەتتە قالغانلىقىدىن، كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىدىغان كىشى

بولغاچقا ئىش – ھەرىكەتلىرىدە خۇددى كاپىردەك بولۇپ قالغان.

يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ خۇتبىلىرىدە: «ئامانەتدارلىقى يوق كىشىنىڭ ئىمانى بولمايدۇ، ئەھدىسىدە تۇرمىغان كىشىنىڭ دىنى بولمايدۇ»[36] دەيتتى، بۇ ئىخچام ۋە قىممەتلىك سۆزلىرى بىلەن روشەن قىلىپ ھەقىقەتەن ئىماننىڭ ئامانەتدارلىقتىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، كىمكى ئامانەتدارلىق سۈپىتىنى يوقاتقان بولسا بۇ ئۇنىڭ ئىمانىنى يوقاتقانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېمەك ئەگەردە بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىمان تېپىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامانەتدارلىقمۇ تېپىلىدۇ.

خىيانەت بولسا كىشىنى ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ سۈپىتى بولالمايدۇ.

## ئامانەتدارلىقنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە خىيانەتنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزگە ئامانەتدار بولۇشنى پەرز قىلغان ۋە خىيانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ھارام قىلغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ ۚ إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِ ۗ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا﴾**
«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نېمە دېگەن ياخشى ئۈگۈتلەرنى بېرىدۇ! شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە نىسا 58- ئايەت]

---

[36] ئىمام ئەھمەد بايانى 12406- نومۇر

يەنە شۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار». [سۈرە ئەنفال 27-ئايەت]

ئاللاھ تائالا ئامانەتدارلىقنىڭ قاتارىدىن بولغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى تەقۋادارلىق، راستچىللىق ۋە ياخشىلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت قاتارىدا زىكىر قىلىپ شۇنداق دېدى: ﴿وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا﴾ «ئەھدە قىلغىنىدا ئەھدىگە ۋاپا قىلغۇچىلار». [سۈرە بەقەر 177- ئايەت]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خىيانەتنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ: «مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرى ئۈچتۇر: ئۇ سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ (مۇناپىقتۇر)» دېگەن.[37]

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھەر قانداق خىيانەت قىلغۇچى ۋە ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ دەۋالاشقۇچىسىدۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن ئۆزۈم دەۋالىشىۋالىمەن، بىرىنچىسى: ماڭا ۋەدە بېرىپ ۋاپاسىزلىق قىلغان، ئىككىنچىسى: بىر ھۆر ئادەمنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى يەۋالغان، ئۈچىنچىسى: بىر ئىشچىنى ياللاپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەجرىنى بەرمىگەن ئادەم».[38]

[37] مۇسلىم، 59 – ھەدىس.

[38] بۇخارى، 2114 – ھەدىس.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىر ئىنساننىڭ خىيانەتتىن خالىي بولماي تۇرۇپ، بەلكى ئامانەتدارلىق بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇلۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن قورۇقمايدىغان ھالەتكە كەلمەي تۇرۇپ ھەقىقىي ئىمان سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولالمايدۇ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولالمايدۇ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولالمايدۇ» دېگىنىدە، كىم ئى رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سورالدى، پەيغەمبىرىمىز: «خىيانەتلىرىدىن ۋە يامانلىقلىرىدىن قوشنىلىرى خاتىرجەم بولالمىغان كىشى» دەپ جاۋاپ بەردى.[39] دېمەك مۆمىن كىشى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە قوشنىلىرى ئۇنىڭ خىيانىتى ۋە ئاسىيلىقىدىن، ئۇلارغا ئازار بەرمەيدىغان ۋە ئۇلارنى ئالدىمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولالايدىغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئامانەتدارلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن، پەيغەمبەرلەر بولسا بىزنىڭ ئۈلگىمىزدۇر. مەسىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿**أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي وَأَنَا لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ**﴾ «سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمىر – پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن». [سۈرە ئەئراف 68-ئايەت]

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا ھۇد، نۇھ، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارنى ئامانەتدارلىق بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋملىرىگە قىلغان مۇنۇ سۆزىنى زىكىر قىلغان: ﴿**إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ**﴾ «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك بىر

[39] بۇخارى، 5670 – ھەدىس.

ئەلچىمەن». [سۈرە شۇئەرا 107، 125، 143، 162، 178- ئايەتلەر] شۇنداقلا يەنە پەرىشتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئامانەتدارلىق بىلەن سۈپەتلىگەن: ﴿وَإِنَّهُ لَتَنزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ، نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ، عَلَىٰ قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنذِرِينَ﴾ «شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر، (ئى پەيغەمبەر!) ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىل سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى». [سۈرە شۇئەرا 192، 193، 194- ئايەتلەر]

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنلا ئامانەتدارلىق بىلەن تونۇلغان ئىدى، ئامانەتدارلىق بولمىغان بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھتىن بىزگە يەتكۈزگەن شەرىئەتلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى... ئەي مۇسۇلمان، سەنمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆزۈڭگە ئۈلگە قىلىپ ئامانەتدار ۋە راستچىل بولغىن.

## ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرى

مۇسۇلمان كىشى ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە تۆۋەندىكى ئەمەللەرنى قىلالىسا ئامانەتدارلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن بولىدۇ. بۇ ئەمەل ۋە ئەدەپلەرنى ھەر دائىم ئۆز ئورنىدا ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولغان ۋە تىرىشقان كىشىنىڭ قەلبىدە ئامانەتدارلىق ئەخلاقى ھەقىقىي ئورنايدۇ ۋە ئامانەتدارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

### *ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمەللىرى ۋە ئەدەپلىرى*

1 – ئامانەتدارلىقنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تۈرى بولسا: ئاللاھ تەئالا بۇيرۇغان ئەمىر – پەرمانلارنى ئادا قىلىشتا ئامانەتدار بولۇشتۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز (دىنى مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭ (مەسئۇلىيىتى) دىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۇنى ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ۋە بەكمۇ نادانىدۇر». [سۈرە ئەھزاب 72-ئايەت]

بىر قىسىم ساھابىلەر ۋە تەپسىرشۇناسلار ئايەتتىكى «ئامانەت» كەلىمىسىنى تائەت – ئىبادەت ياكى پەرز قىلىنغان ئەمەللەر ياكى تەكلىپلەر دەپ تەپسىرلىگەن، دېمەك بۇ ئامانەتنىڭ ئىچىگە ئاللا تائالانىڭ ھەقلىرى، ئۇنىڭغا تائەت – ئىبادەت قىلىش ۋە سىزنىڭ قەلبىڭىز، ئەقلىڭىز، بەدەن ئەزالىرىڭىز، ئىرادىڭىزنى يۈزلەندۈرۈش، نەپسى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە قارشى جىھاد قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا خالىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش.... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ، كىمكى بۇلارغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، خىيانەت قىلغان بولىدۇ، ھەر قانداق بىر گۇناھ خىيانەتكە ئارىلاشقان بولىدۇ؛ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا قاراشقا بولمايدىغان نەرسىگە قارىغان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ﴾ «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى بىلىپ تۇرىدۇ». [سۈرە غافىر 19-ئايەت]

ئەگەردە ئىنسان ئۆز ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىدا ئەدەپسىز ۋە ناچار بولسا، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارغا ۋە كىشىلەرگە ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا يۈكلىگەن ئامانەتنى زايە قىلىۋەتكەن كىشى كىشىلەرنىڭ ئامانىتىنى ھەرقانچە

ياخشى ئادا قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ «گۈزەل ئەخلاقلىرى» نىڭ ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ ئامانەتدارلىق ئەمەس بەلكى ئىككى يۈزلىمچىلىك ياكى بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىق ھېسابلىنىدۇ .

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئامانەتنىڭ قۇرئان چۈشۈشتىن بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا يىلتىز تارتقانلىقىنى، قۇرئان چۈشكەندىن كېيىن ئامانەتنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تەلىماتى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى توغرىسىدا سۆزلەپ: «كىشى ئۇخلايدۇ ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، پەقەت ئازراق ئىزى قالىدۇ. ئاندىن يەنە ئۇخلايدۇ ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن پەقەت پۇتىنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشكەن چوغ پەيدا قىلغان قاپارتمىنىڭ ئىزىغا ئوخشاش ئىز قالىدۇ، سەن ئۇنىڭ تومپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئەمەلىيەتتە بولا ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تال كىچىك تاشنى ئېلىپ پۇتىنىڭ ئۈچىدا دومىلىتىپ كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى: «كىشىلەر سودا – سېتىق قىلىشىدىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئامانەتنى ئادا قىلىدىغان بىرەر ئادەمنى تاپماق خېلى تەسكە توختايدىغان، ھەتتا پالانى كىشىنىڭ جەمەتىدە بىر ئىشەنچلىك ئادەم بار ئىكەن دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا: نېمىدېگەن ئەزىمەتلىك! نېمىدېگەن ئېسىل! نېمىدېگەن دانا! دەپ ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاشۇ ماختىلىۋاتقان كىشىنىڭ قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان يوق».[40]

[40] بۇخارى، 7086 – ھەدىس. مۇسلىم، 143 – ھەدىس.

كۆرگىنىمىزدەك بۇ ھەدىس ئىمان بىلەن ئامانەتنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئەگەردە قەلبلەردىكى ئىمان يوقاپ كەتسە پۈتكۈل ئەخلاقلارنىڭ غايىب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېمەك بۇ ۋاقىتتا ئىنسان قانچىلىك سەۋرچان، ھېكمەتلىك، ئەقىللىق، دانا ۋە ئېسىل بولۇپ كەتسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ھەرگىزمۇ ئامانەتنىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى زۇلۇم (ناھەقچىلىك) دەپ چۈشىنىپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ھېچ ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ، بەلكى ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرى ۋە گۇناھ – مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك بولىدۇ.

2 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە راستچىل ۋە سەممىمي بولۇش، ھېچ زايە قىلىۋەتمەستىن ۋاقتىدا ئۆز پېتى ئادا قىلىشتۇر، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَا﴾ «شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ». [سۈرە نىسا 58- ئايەت]

بۇ ئامانەتدارلىقنىڭ ئىچىگە بارلىق ئامانەتلەر كىرىپ كېتىدۇ: ھەق ئىگىلىرىگە ھەققىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىش، مەنسەپ – ئەمەللەرنى شۇ ئىشقا قادىر بولالايدىغان ئۆز ئەھلىگە بېرىش، كىشىلەرنىڭ ماللىرى، جانلىرى، روھلىرى ۋە ئەقىللىرىنى زىيانلىق نەرسىلەردىن قوغداش، ئىنسانىيەتنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رازى بولغان دىن ئۈستىدە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىش ۋە دۆلەتنىڭ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان سىرلىرىنى ساقلاپ، دۈشمەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويماسلىق ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىدىكى ئامانەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

خىيانەتنىڭ تۈرلىرىدىن ئىشچىنىڭ ئىش ئىگىسىگە خىيانەت قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بىر ئىشنى تاپشۇرسا، چالا –پۇلا قىلىپ خىيانەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئىش ئىگىسىنىڭ ئىشچىغا خىيانەت قىلىشى بولسا، ئىش ھەققىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغاندىن كېيىن خىيانەت قىلىپ ئىش ھەققىنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ ياكى كەم بېرىدۇ.

ئەگەر قىلىنغان خىزمەت ئۇممەتنىڭ خىزمىتى بولسا، ئۇنىڭدىكى ئامانەت تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ، ئۇنىڭغا قىلىنغان خىيانەت تېخىمۇ چوڭ ۋە خەتەرلىك بولىدۇ، بۇ ئىشنىڭ ئۇممەتكە بولغا تەسىرى قانچە چوڭ بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خەتىرىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمام مەسئۇل (جاۋابكار)، مۇئەززىن كېپىلدۇر. ئى ئاللاھ ئىماملارنى توغرا يولغا باشلىسىلا ، مۇئەززىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسىلا!» دېگەن.[41]

كىشىلەر ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ توغرا بولۇشىنى ئەزان توۋلايدىغان كىشىگە تاپشۇرغانىكەن، ناماز ۋاقىتلىرىنى تېپىشتا سۇسلۇق قىلىپ ياكى ئەزاننى ئۆز ۋاقتىدىن ئالدى – كەينى قىلىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ ناماز ۋە روزا تۇتۇش ۋاقىتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتسە بولمايدۇ.

3 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن : مال ئىگىلىرىنىڭ ماللىرىغا كۆز قىرىنى سالماستىن ساقلاپ، ۋاقتى كەلگەندە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىشتۇر؛ ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن كُنتُمْ عَلَىٰ سَفَرٍ وَلَمْ تَجِدُوا كَاتِبًا فَرِهَانٌ مَّقْبُوضَةٌ ۖ فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُم بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ الَّذِي اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ وَلْيَتَّقِ اللَّهَ رَبَّهُ ۗ وَلَا تَكْتُمُوا الشَّهَادَةَ ۚ وَمَن يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُ

[41] ئىمام ئەھمەد بايانى، 7169 – ھەدىس.

**آثِمٌ قَلْبُهُۥۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾** «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز بەرگۈچىگە) بىرەر نەرسىنى رەنىگە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىر – بىرىڭلارغا ئىشىنىپ (ھۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي) قەرز بەرگەن بولساڭلار، ئۇ چاغدا قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرسۇن». [سۈرە بەقەرە 283- ئايەت] بۇنىڭ ئىچىگە مىراس، سودا – سېتىق، قەرز، رەنە قويۇش، ئارىيەت ئېلىنغان ۋە ۋەسىيەت قىلىنغان دېگەندەك تۈرلۈك ھەقلەر كىرىپ كېتىدۇ.

4 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: ئۆزگە قارشى پىكىردىكى كىشىلەر، دۈشمەنلەر ۋە كاپىرلارنىڭ ھەقلىرىگە دەخلى – تەرۇز يەتكۈزمەسلىكتۇر؛ ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ پۇل ـ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرمىغۇچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: **﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾** «ساۋاتسىزلارنىڭ بىزگە قارشى يولى يوق (يەنى دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋالساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ)» دەيدۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ». [سۈرە ئال ئىمران 75- ئايەت]

بۇ ئايەت كەرىمىدە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزنىڭ دىنداش بولغان ۋە دىنىمىزدا بىزگە قارشى بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئامانەتدار بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇلارغا خىيانەت قىلىشقا ۋە ئاسىيلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ھەتتاكى بىز بىلەن تىنچلىق ئەھدىسى تۈزگەن كاپىرلارنىڭ بىزگە خائىنلىق قىلىشىدىن خەۋپ ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، بىزنى ئۇلارغا خائىنلىق قىلىشىمىزدىن

توسقان، ئەگەردە ئۇلارنىڭ خائىنلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، پەقەت ھېس-تۇيغۇلىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھەقىقىي بىلىنگەن ئاساسلىق بولغان بولسا، ئۇلارغا ئارىمىزدىكى ئەھدىنى ئاخىرلاشتۇرغۇمىز بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇلارنىڭ تەييارلىق ھالىتىگە ئۆتۈۋېلىشىنى ساقلىشىمىز كېرەك. بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھ تائالا بىزلەرنى دەل مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: ﴿وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوْمٍ خِيَانَةً فَانبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَىٰ سَوَاءٍ ۚ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْخَائِنِينَ﴾ «ئەگەر سەن (ئاراڭلاردا كېلىشىم تۈزۈشكەن) بىرەر قوۋمنىڭ كېلىشىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، (بۇ كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇلارغا) ئوچۇقچە (بىلدۈرۈپ)، ئۇلارنىڭ بۇ كېلىشىمنى ئۆزىگە تاشلاپ بەرگىن. ئاللاھ ۋاپاسىزلارنى قەتئىي دوست تۇتمايدۇ». [سۈرە ئەنفال 58- ئايەت]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا گۇناھكار مۇسۇلمان قىلغان ئىشنى باشقا بىر كاپىرنى قىلدى دەپ بوھتان چاپلاشتىن ئاگاھلاندۇرغان، چۈنكى بۇ دەل خىيانەتنىڭ ئۆزىدۇر، شۇنىڭدەك يەنە كاپىرنى قىلمىغان بىر ئىشى بىلەن قارىلىغان كىشىگە ياردەم قىلىشتىنمۇ ئاگاھلاندۇرغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا : ﴿إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللَّهُ ۚ وَلَا تَكُن لِّلْخَائِنِينَ خَصِيمًا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خىيانەتكارلارغا بولۇشمىغىن». [سۈرە نىسا 105- ئايەت] دەپ كېلىپ، ئاخىرىدا: ﴿وَمَن يَكْسِبْ خَطِيئَةً أَوْ إِثْمًا ثُمَّ يَرْمِ بِهِ بَرِيئًا فَقَدِ احْتَمَلَ بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ «كىمكى سەۋەنلىكتىن ياكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ». [سۈرە نىسا 112- ئايەت] دەپ بۇ خاتالىقتىن قاتتىق چەكلىگەن.

ئاسىيلىق قىلىشتەك يامان ئىللەت مۇسۇلمان كىشىدىن سادىر بولمايدۇ، بەلكى ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمدە تۆت سۈپەت تېپىلسا ئۇ ھەقىقىي مۇناپىقتۇر، كىمدە شۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرى تېپىلسا، شۇ سۈپەتنى تاشلىغانغا قەدەر ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بار بولغان بولىدۇ: ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ (ئەگەر ئىشەنچىلىك دەپ قارالسا خىيانەت قىلىدۇ)، سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، ئەھدە قىلسا ئەھدىسىنى بۇزىدۇ، بىرى بىلەن دەۋالىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ».[42]

ئەگەر يالغانچىلىق بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ئالدامچىلىقى بىلەن دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە قادىر بولالايمەن دەپ ئويلاپ بۇ ئىشقا قەدەم تاشلىغان بولسا، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ ئايەت كەرىمىدە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئاسىيلىق قىلىش (ئەھدىنى بۇزۇش)نىڭ ئاجىزلىششقا، قالايمىقانچىلىق ۋە تەپرىقىچىلىككە، شۇنداقلا پاساتچىلىققا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِن بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَاثًا تَتَّخِذُونَ أَيْمَانَكُمْ دَخَلًا بَيْنَكُمْ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرْبَىٰ مِنْ أُمَّةٍ ۚ إِنَّمَا يَبْلُوكُمُ اللَّهُ بِهِ ۚ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «سىلەر بىر جامائەنىڭ (سان ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، قەسەملىرىڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى بۇنىڭ بىلەن سىنايدۇ، سىلەر تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ». [سۈرە نەھل 92- ئايەت]

[42] بۇخارى، 34– ھەدىس. مۇسلىم، 58 – ھەدىس.

5 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: كىشىلەرنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىگە (يۈز – ئابرۇيىغا ) نىسبەتەن ئامانەتدار بولۇشتۇر. ناھەق ھالەتتە باشقىلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنىڭ يۈز – ئابرۇيىنى تۆكىدىغان گەپ – سۆزلەرنى قىلماسلىق، بوھتان چاپلاش ۋە غەيۋەت قىلىشتەك ناچار ئەمەللەر بىلەن ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك كېرەك.

پەتىۋا بەرگۈچى شەيخ ، قازى، دوختۇر ۋە مەسلىھەت بەرگۈچى ... قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ سىرلىرى ۋە يۈز –ئابرۇيىنى ساقلاشتا ئامانەتدار بولۇشى كېرەك، ئۆزگە كىشى كەل كۆرسەتكەن، پەتىۋا سورىغان ياكى مەسلىھەت سورىغان كىشىنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىۋەتمەسلىكى، يېيىۋەتمەسلىكى كېرەك.

6 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: كىشىلەرنىڭ جانلىرىغا نىسبەتەن ئامانەتدار بولۇشتۇر. باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، بەدەنلىرىنى جاراھەتلەندۈرمەسلىك، ناھەق ئازار بەرمەسلىك ۋە ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك... قاتارلىقلار بار، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ جانلىرى ۋە ھاياتى قوغدىشىمىز كېرەك بولغان ئامانەتتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى ۋە رۇخسىتىسىز ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىشقا بولمايدۇ، سېنىڭ ھاياتىڭ، جىسمىڭ ۋە روھىڭ قوغدىشىڭ لازىم بولغان ئامانەتتۇر.

7 – ئامەنەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: بىلىملەر، خەۋەرلەر ۋە ئۇچۇرلارنى ئۆز پېتى يەتكۈزۈش، بۇلار ئىبغىزچە ياكى يېزىقچە ۋە ياكى ئىشارەت بىلەن بولسۇن، ئەسلى بويىچە يەتكۈزۈش كېرەك، شۇنىڭدەك ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ۋە سۆزلىرىنى بۇرمىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ياكى قالايمىقان ئۆزگەرتىۋېتىپ، بىپەرۋالىق بىلەن نەقىل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى كۆچۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە بىرسىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى باشقا بىرىگە نىسبەت بېرىپ قويۇشقا ياكى ئۆزگە نىسبەت بېرىۋېلىشقا قەتئىي

بولمايدۇ. ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرگە باشقا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇش ياكى كېمەيتىۋېتىش بىلەن بۇرمىلىۋېتىشكە ھەم بولمايدۇ.

راستچىل ۋە ئامانەتدار بولمىغان كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ، جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن قوبۇل قىلىش ئامانەتدارلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا شۇنداق بۇيرۇيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ**﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار». [سۈرە ھۇجۇرات 6- ئايەت]

ئامانەتنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئېغىرى بولسا، كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىغا (قۇرئان كەرىمگە) ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئامانەتدار بولۇشىدۇر، بۇ ئامانەتنى ياخشى ساقلىغان كىشى ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەن ئايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپسىر– مەنىلىرىنى بۇرمىلىۋەتمەيدۇ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ ۋە سۈننەتكە پەيغەمبىرىمىزدىن سابىت بولمىغان نەرسىنى نىسبەت بېرىپ قويمايدۇ. پەيغەمبىرىمىزدىن كەلگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغىنىدا رىۋايەتنىڭ توغرا بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن رىۋايەت قىلىدۇ.

8 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن : ئورۇن، مەنسەپ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇش، ئەگەر ئۆزى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىسا ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالماسلىقتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىلمىشنىڭ خىيانەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قادالغان بىر بايرىقى بولۇپ، ئۇنىڭ خىيانەتكارلىقى قانچىلىك بولسا ئۇ بايراق شۇنچىلىك ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى؛ ئومۇمنىڭ باشلىقىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىنمۇ

چوڭراق ۋاپاسىزلىق بولمايدۇ».[43]

ئۆزى تونۇش بولغان ياكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان بىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۇ ئىشنىڭ ئەھلى ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، رازىلىقىنى بىلدۈرۈشكە ياكى ماختاپ ئىشقا تونۇشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلەرنى سالىھ، تەقۋادار ۋە ئىلىملىك بولۇشىغا قارىماي، ئىش بېشىغا چىقىشتىن ۋە ئەمەل تۇتۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان. دېمەك كىشى سالىھ ۋە ئىلىملىك بولسىمۇ، باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىشلىرىغا يارىمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، نەتىجىدە بۇنداق كىشى ئىش بېشىغا چىقىپ قالسا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋېتىشى، ئىشلارنى ياخشى ئىدارە قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئەمەل بەرمەملا؟ دېگىنىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ : «ئەي ئەبۇ زەر! سەن ئاجىز ئادەمسەن، ئەمەلنىڭ ئۆزى بىر ئامانەت، ئۇنى ئۆز يولىدا ئېلىپ ئۆز يولىدا ئىشلەتكەن ئادەمدىن باشقا ئادەمگە قىيامەت كۈنى پۇشايمان ۋە نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن.[44]

شۇ سەۋەبتىن، ئىنسان ئەمەلدار بولۇشقا لايىق ئەمەس تۇرۇپ، ئەمەل تۇتۇشنى تەلەپ قىلسا ئامانەتدار بولغان بولمايدۇ، بەلكى تەجرىبىلىك، بىلىملىك ۋە شۇ ئىشنىڭ ئىچى – تېشىنى بىلىدىغان، ئىنسانلار شۇ كىشىدە بۇ ئەمەلگە نىسبەتەن سالاھىيەت ۋە لاياقەتنى بايقىسا ۋە كۆرسە، ئۇنى ئىش بېشىغا چىقىشقا تاللايدۇ ۋە تەكلىپ قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ھوقۇقدار بولۇشنى تەلەپ قىلما،

[43] مۇسلىم، 1738 – ھەدىس.

[44] مۇسلىم، 1825 – ھەدىس.

ئەگەر سەن ھوقۇقنى تەلەپ قىلىپ ھوقۇقدار قىلىنساڭ ئۇ ھالدا بارلىق ئىشىڭ ئۆزۈڭگە قالىدۇ، ئەگەر تەلەپ قىلماستىن ھوقۇقدار قىلىنساڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىسەن».[45]بۇ ھەدىس شۇنى بايان قىلىپ بېرىدۇكى، قانداق بىر كىشىگە ھوقۇق بېرىلسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىپ، ئەمەلنى ياخشى قىلالماسلىقتىن قورققان كىشى ئاللاھقا تايىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھتىن كۈچ – قۇۋۋەت تىلەيدۇ، ئەمما ئۆزىدە شۇ ئەمەلگە سالاھىيەت بار دەپ قاراپ قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان كىشى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولغاچقا، بەكرەك ئۆزىگە تايىنىپ ماڭىدۇ، نەتىجىدە ئاللاھتىن ھېچقانداق ياردەم كەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەل ۋە ھوقۇق تۇتۇشىنى، كىشىلەرنىڭ دىنىدىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان ئاخىرقى زاماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى دەپ سانىغان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەۋاتقىنىدا بىر ئەئرابى كېلىپ: قىيامەت قاچان؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: «ئەگەر ئامانەتلەر زايە قىلىنسا قىيامەتنىڭ كېلىشىنى كۈتكىن» دېدى، ئۇ ئەئرابى: ئامانەتنىڭ زايە قىلىنىشى قانداق بولىدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز: «ئەگەر ئىشلار ئۆز ئەھلىدىن باشقىلارغا تاپشۇرۇلسا قىيامەتنىڭ قائىم بولۇشىنى كۈتكىن» دېدى.[46]

بەزى ئەھۋاللاردا سېنىڭ ئەمەل تەلەپ قىلىپ ئۇستۇڭگە ئېلىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئامانەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ سېنىڭ شۇ ئىشقا نىسبەتەن لاياقىتىڭ بولسا، ئۇنى ئۇستۇڭگە ئالمىساڭ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ياكى ئۇنى ياخشى ئىدارە

[45] بۇخارى، 6248 – ھەدىس. مۇسلىم، 1652 – ھەدىس.

[46] بۇخارى، 59– ھەدىس.

قىلالمايدىغان، بۇ ئەمەل ئورنىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنلىنىڭ ياكى كاپىرلارنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىدىغان باشقا بىرى ئۈستىگە ئېلىشى مۇمكىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، سېنىڭ بۇ ھوقۇقنى ئۇنداق كىشىلەرگە تاشلاپ بېرىشىڭ ھەرگىزمۇ توغرا بولمايدۇ، بەلكى سەن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدەك بولغىن: ﴿قَالَ اجْعَلْنِي عَلَىٰ خَزَائِنِ الْأَرْضِ ۖ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ﴾ «يۈسۈف: مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن. چۈنكى مەن ئۇنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە (بۇ ئىشنى) بىلىدىغان ئادەممەن دېدى». [سۈرە يۈسۈف 55- ئايەت]

نامازدىكى ئىمامەتچىلىكمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ئىمام بولۇشقا لايىق كىشى ئىماملىقنى تەرك ئەتسە، ئىماملىققا سالاھىيىتى توشمايدىغان، ھەتتا قۇرئاننىمۇ ئوڭشاپ ئوقۇيالمايدىغان ياكى پاسىق بولغان بىر كىشى ئىمام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

9 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن : مەخپىيەتلىك، سىرلارنى ساقلاش ۋە ئۇنى يېيىۋەتمەسلىك، بولۇپمۇ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى بىلەن پۈتكۈل ئۇممەت زىيانغا ئۇچرايدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى يېيىۋېتىشكە ياكى دۈشمەن تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقنى «ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ» دەپ سۈپەتلىدى، مەخپىيەتلىك بولسا خىيانەت قىلىش ھارام بولغان ئامانەتتۇر، بەزىدە بۇ سىرنى ئاشكارىلىۋېتىش غەيۋەت قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ يۈز – ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىنغان قىلمىشلاردۇر.

سۆزلەپ بەرگۈچى سېنىڭ بۇ گەپلەرنى تارقىتىشىڭنى خالىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولساڭ، دېمەك بۇ سۆزلەر

ساڭا ئامانەتتۇر، ئۇنى ياخشى ساقلىشىڭ، ئاشكارلىۋەتمەسلىكىڭ كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىشى بىر سۆزنى قىلىپ بولۇپ تۆت ئەتراپقا قارىغان بولسا، ئاڭلىغان كىشىلەرگە (ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرى) ئامانەتتۇر».[47]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق بىزگە، ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىۋەتسە بولمايدىغانلىقى، ئاشكارىلاش ئۆزىگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى يوشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزلىرىنى قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿قَالَ يَا بُنَيَّ لَا تَقْصُصْ رُؤْيَاكَ عَلَىٰ إِخْوَتِكَ فَيَكِيدُوا لَكَ كَيْدًا ۖ إِنَّ الشَّيْطَانَ لِلْإِنسَانِ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾ «(ئاتىسى): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوچۇق دۈشمەندۇر»». [سۈرە يۇسۇف 5- ئايەت]

سىر ساقلاش سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى سىرلارنى ئاشكارىلىۋېتىش، كىشىلەرگە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى ئىچىدە ساقلاپ قېلىشى كېرەك. مەلۇم بىرىگە بىلدۈرۈپ قويسىلا بۇ سىر پۇتكۈل كىشىگە يېيىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بەلكى ئۇ مەلۇم بىرسىگە: «بۇ مەخپىيەتلىك، ھېچكىمگە دېمىگىن» دەپ سىرنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن، بۇ كىشىمۇ ئوخشاشلا يەنە بىرسىگە شۇنداق دەپ تۇرۇپ بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن سىر ئاتالغان بۇ ئىشنى ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەگەر دە بىرى سېنىڭ مەخپىيەتلىكىڭ بارلىقىنى بىلىپ

[47] ئىمام ئەھمەد، 15104 – ھەدىس. ئىمام تىرمىزى، 1959 – ھەدىس.

قىلىپ ئۇنى بىلىشكە قىزىقسا، ئۇنىڭغا بۇ سىرنى ھەرگىز بىلدۈرمىگىن، چۈنكى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سىر ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرلا مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىۋېلىشقا قىزىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بەزى بىر ھاجەتلەرنىڭ پەقەت يوشۇرۇش بىلەنلا راۋا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «ھاجەتلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا، ئۇنىڭ نەتىجە بېرىشىگە يوشۇرۇش بىلەن ياردەملىشىڭلار (يەنى مەخپىي تۇتۇڭلار). ھەقىقەتەن ھەر قانداق نېئمەت ئىگىسى ھەسەت قىلىنىدۇ، ھەسەتكە ئۇچرايدۇ. (يەنى نېئمەت بېرىلسە، ئىشىڭلار ئوڭۇشلۇق بولسا، ئۇنى داۋراڭ سېلىپ ئاشكارا قىلماڭلار، ھەسەتكە ئۇچرايسىلەر)».[48]

ئامانەتنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چوڭ - كىچىك دەرىجىلىرى بولىدۇ، ناۋادا مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئامانىتىنى ساقلاش بەدىلىگە ئۇمۇمنىڭ ئامانىتى ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر ئامانەتنى ۋە ياكى ئاللاھنىڭ ھەققىدىكى ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىدىغان بولساڭ، بۇ ۋاقىتتا ئالدىڭدىكى كىچىك ئامانەتنى ساقلايمەن دەپ ئۇنىڭدىن چوڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسەن؛ مەسىلەن: مەلۇم بىرى دوستىغا ئۆزىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ سىرنى يوشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇنداق سىرنى يوشۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ساقلاش تېخىمۇ چوڭ ئامانەتنىڭ زايە بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە خىيانەت، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىققا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئامانەتلەرنى دەپ ئاللاھنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئەڭ چوڭ ئامانەتتۇر. شۇنىڭدەك شەخسىي ئامانەتنى دەپ ئۇمۇمنىڭ ئامانىتىنى خىيانەت قىلىشقا ۋە زايە قىلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

---

[48] ئىبنى ھىببان، 187 – ھەدىس.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئومۇمىي ئىسلام ئۈممىتىگە قارشى پىلانلىغان ئىشلىرىنى يوشۇرۇشى ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېچىلغان يىغىن، ھىيلە – مىكىرلەرنى يوشۇرىشى ھەرگىز دۇرۇس بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» [سۈرە ئەنفال 27- ئايەت]

سىيرەت ئالىملىرى ۋە تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى زىكىر قىلغان: خەندەك ئۇرۇشى كۈنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغدا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قوشۇننىڭ قوماندانى ئەبۇ لۇبابە ئىبنى مۇنزىر ئىسىملىك ساھابىنى مۇھاسىرە ئىشىدا قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ساھابە ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى، ئەۋس قەبىلىسى بولسا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئۇزۇن يىللىق ئىتتىپاقدىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئەۋەتىدۇ، يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ لۇبابە، سېنىڭچە بىز مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا رازى بولساق بولامدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئەبۇ لۇبابە: «بولىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولساڭلار، مانا مۇنداق بولىدۇ» - دەپ ئۆزىنىڭ بوغۇزىغا ئىشارەت قىلىپ سالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ دېگىنى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ، خىجالەتتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا قايتماي ئۇدۇل پەيغەمبەر مەسچىتىگە كىرىپ، ئۆزىنى بىر تۈۋرۈككە مەھكەم باغلاپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۆز قولى بىلەن يەشمىگۈچە يەشمەسلىك ۋە بەنى قۇرەيزە زېمىنىغا ئەبەدىي قەدەم باسماسلىقتا قەسەم قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار دەپ چاقىرىق قىلغان بۇ ئايەت مۇشۇ ساھابە ھەققىدە نازىل بولىدۇ، كېيىنكى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئۇنى مەغپىرەت قىلغانلىقى ھەققىدە خۇش بېشارەت بېرىدۇ.

10 – زايە قىلىۋېتىشكە بولمايدىغان ئامانەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسىي سىرلارنى ساقلاش ۋە ئۇنى يېيىۋەتمەسلىكتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئامانەتنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، بىر ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرىنى يېيىۋېتىشىدۇر».[49]

11 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ ھەققىدىكى ئامانەت دەپ بىلىشتۇر. ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تۇتۇشقا ئوخشاش بارلىق ئەزالىرىمىزنى يامانلىق يولىغا ئىشلەتسەك بولمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھ –مەئسىيەتتىن ساقلىشىمىز ئامانەتنى ساقلىغانلىقىمىز بولىدۇ، ئوغرىلىقچە باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاش، قاراش ھارام بولغان نەرسىلەرگە قاراش، تۇتۇش ھارام بولغان نەرسىلەرنى تۇتۇش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا بىزگە ئامانەت قىلغان ئەزالىرىمىزغا قىلىنغان خىيانەتتۇر. بۇنىڭ ئىچىگە بارلىق تائەت –ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە بارلىق گۇناھ – مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشمۇ كىرىپ كېتىدۇ.

12 – ئامانەتدار كىشىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: خىزمەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا ئامانەتدار بولۇشتۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ خىزمىتى مەيلى بىر شىركەتتە ياكى خەلق ئورگانلىرىدا

[49] مۇسلىم، 1437 – ھەدىس.

بولسۇن، مەيلى ئۆز ئالدىغا شەخسىي قىلغان تىجارىتى بولسۇن، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا، قول ئاستىدىكى ئىشچىلارغا (خىزمەتچىلەرگە)، خىزمەت كېلىشىملىرىگە، خىزمەت ۋاقتىغا ۋە شۇنىڭدەك پۇل – ماللارغا، ئومۇمەنلىك مۈلكىگە نىسبەتەن ئامانەتدار بولۇشى كېرەك.

***كۈنىمىزدە خىزمەت قىلغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار:***

**بىرىنچى: خىزمەتنى ياخشى ئادا قىلىش ئامانەتتۇر.**

بىر كىشى مەلۇم بىر خىزمەتكە قويۇلسا ياكى كۆڭلۈك ئىشلەيدىغان بولسا، بۇ خىزمەتنى دېيىشكەن بويىچە مۇكەممەل ئادا قىلىش ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتتۇر؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىرىڭلار خىزمەت قىلسا پۇختا ۋە مۇستەھكەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ»[50].

دېمەك ئەمەلىمىزنى ساختىلىق ئارىلاشتۇرماستىن ئىخلاس بىلەن، بىپەرۋالىق قىلماستىن پۇختا قىلىشىمىز كېرەك. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەڭ ياخشى ھالەتتە قىلىشقا، ئىش ئىگىسى بىلەن كېلىشكىنى بويىچە ئۆزىمۇ ۋە بۇ خىزمەتتىن پايدىلىنىدىغان كىشىلەرمۇ رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ياخشى قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن قېچىپ بىپەرۋالىق قىلماسلىقى، خىزمەتنىڭ ئامانىتىنى زايە قىلىۋەتمەسلىكى، ئىش ئىگىسى بېشىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلماسلىقى، خىزمەتنى كېلىشكەن بويىچە قىلىشى كېرەك. كېلىشىمدە بىرلىككە كەلگەن شەرتلەرگە قەستەن ياكى بىپەرۋالىق بىلەن خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك.

ئەگەر بۇ خىزمەت خېرىدارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان

[50] ئىمام بەيھەقى، 5312 – ھەدىس.

بولۇپ قالسا، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە، ئەدەپ – ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خىزمەتلەرنى ئەڭ تېز پۈتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، شۇنداقلا ئىش ئىگىسى ياكى پۇل ئىگىسىنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. كىشىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ساقلاش ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كېچىكتۈرۈپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۆزرىسىز ھالدا ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇش ئەسلا دۇرۇس بولمايدۇ.

شەخسىي بولسۇن ياكى ئومۇمىي بولسۇن، ھەر قانداق ئىش ئىگىسى ئىستېمالچىلار ۋە خېرىدارلارنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپ بىلەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇلارنى ساقلىتىپ قويماستىن ئىشلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، كېچىكتۈرىۋەتمەستىن بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

ئىش بېجىرگۈچىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتى بەدىلىگە پارا ئېلىشى، پارا ئالمىغان تەقدىردە ئىش بېجىرىپ بەرمەسلىكى قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ، بۇ دەل خىزمەتتىكى خىيانەتتۇر. شۇنداقلا بۇ خىزمەتتىن ئەسلى مەنپەئەت ئالىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن خىيانەت ھېسابلىنىدۇ ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا مائاش ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلاردىن پارا ئالسا، بۇ خىيانەتنىڭ ئۈستىگە خىيانەت بولىدۇ؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پارا ئالغۇچى ۋە پارا بەرگۈچى ھەر ئىككى كىشىگە لەنەت قىلدى» .[51]

شۇنىڭدەك قىلىۋاتقان خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك سىرلارنى ساقلىشى، ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان شىركەت ياكى ئورگاننىڭ يۈز – ئابرۇيىنى ساقلىشى ۋە ئۇنىڭغا چاپلانغان بوھتانلارغا قارشى رەددىيە بېرىشى كېرەك.

ئوقۇ – ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە ئوقۇتقۇچى- ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلارغا ئىخلاس بىلەن ئىلىم بېرىشى، بارلىق كۈچىنى چىقىرىپ دەرسنى ئەڭ ياخشى ھالدا ئۆتۈشكە تىرىشىشى لازىم. دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن ئالدىن

[51] ئەبۇ داۋۇد، 3580 – ھەدىس. تىرمىزى، 1337 – ھەدىس.

تەييارلىق قىلىپ، ئەڭ ياخشى مەزمۇنلارنى تاللىشى، بالىلارنىڭ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاسان ئۇسۇلنى ئىشلىتىشى، دەرستىكى ھەر بىر مىنۇتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن مەنپەئەتلىك ئۆتكۈزۈشكە ھېرىسمەن بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقان بولسا توغرا ئۇسلۇبتا نەسىھەت قىلىشى، كېچىكىپ قالغان ياكى دەرس تاشلىغان ساۋاقداشلارغا سەل قارىماستىن سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بۇ ئىشلارنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۇرۇنلۇقى ، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشى، دەرسلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولىدىغان ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كەسكىن پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ۋاقتىدا تېلېفون سۆزلىشىشى، ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئوقۇشى ياكى قۇرئان ئوقۇش ۋە سىنىپتىكى بۇزۇلغان نەرسىلەرنى ئوڭشاش... دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ناۋادا بۇ ئىشلار دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسا ئىمكان بار ئەڭ تېز ۋاقىتتا تۈگىتىپ دەرس مەزمۇنىغا قايتىش كېرەك.

## ئىككىنچى: خىزمەت ۋاقتى ئامانەتتۇر.

قىلىنىدىغان خىزمەت بەلكىم تۈگىتىشكە تېگىشلىك بولغان بىر ئىش بولۇشى ياكى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە تەلەپ قىلىنغان خىزمەت بولۇشى مۇمكىن، ھەر ئىككىلى ھالەتتە بۇ ئىشقا بىپەرۋالىق قىلىش ياكى ۋاقتىنى خىزمەتتىن باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىش دەل خىيانەتنىڭ ئۆزىدۇر، بۇ قىلمىشلار قەتئىي دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلاردۇر.

ئىنسان ئۆزى قىلغان خىزمىتى ياكى سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ بەدىلىگە مائاش ئالغان ئىكەن، ئۇنىڭ خىزمەت ۋاقتىغا سەل قارىشى دۇرۇس بولمايدۇ. خىزمەت باشلاش ۋاقتى ۋە ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىغا رىئايە قىلىشى، خىزمەت ۋاقتىدىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى ۋە كېلىشىم

بويىچە ئىش ئىگىسىنى رازى قىلالىغۇدەك تاماملىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ناماز ۋاقىتلىرىغا ئوخشاش مۇھىم ئىشلاردىن باشقا خىزمەتتىن تاشقىرى شەخسىي ئىشلار ئۈچۈن ئىش ۋاقتىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك، ھەتتا پەرز نامازلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ خىزمەت ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان سەۋەب قىلىۋالماستىن، بەلكى شۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا يەتكۇدەكلا ۋاقىت چىقىرىش كېرەك.

خىزمەت ۋاقتىدا نەپلە ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، قوشۇمچە پاراڭ قىلىش، گېزىت ئوقۇش، ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى يېزىش، تاماق ۋە ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئوخشاش ئىش ئۈنۈمگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، خىزمەت ۋاقتىنى زايە قىلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىق كېرەك.

ناۋادا ئۈستىدە زىكىر قىلىنغان ئىشلار خىزمەت ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان بولسا، يەنى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا تاماملىنىشى مۇمكىن بولۇپ، ۋاقىت ئېشىپ قالىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىش دۇرۇس بولىدۇ، ھەتتا بەزى ئەمەللەرنى بۇنداق ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ قىلىۋېلىش ئەۋزەلدۇر (نەپلە ئىبادەتلەرگە ئوخشاش)، خىزمەت ئۈنۈمگە تەسىر قىلمىغان ئىكەن ئىش ئىگىسىنىڭ خىزمەتچىنى بۇ ئەمەللەردىن چەكلىشى توغرا بولمايدۇ.

خىزمەتچى ئىشقا كېلىش، ئىشتىن چۈشۈش، دەم ئېلىش، شىركەت ياكى ئورگانلارنىڭ كىرىم-چىقىملىرىغا ئوخشاش خاتىرىلىنىشى كېرەك بولغان تۈرلەرنىڭ ھەممىنى سەممىيلىك بىلەن خاتىرىلەپ مېڭىشى كېرەك، بۇ ئىشلاردا بىپەرۋالىق قىلىش ياكى ساختىپەزلىك قىلىش ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ياكى مال-مۈلۈكنىڭ زايە بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا، بۇ خىزمەت ئامانەتكە قىلىنغان خىيانەت بولىدۇ.

خىزمەتچى ئەگەردە خىزمەت تاشلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا ياكى ئۆزىنىڭ خىزمەتكە كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، زۆرۈر بولغاندا باشقا خىزمەتچى تېپىش ئۈچۈن ئىش ئىگىسى ياكى مەسئۇلغا ئېيتىپ قويۇشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مەلۇم بىر كۈن ئىش تاشلىشى خىزمەتكە ۋە ئىش ئىگىسىگە قىلىنغان خىيانەت بولمايدۇ.

**ئۈچىنچى: خىزمەتتە ئىشلىتىدىغان ئومۇمنىڭ مال – مۈلۈكلىرى ئامانەتتۇر.**

ئومۇمنىڭ مال – مۈلۈكىنى بۇزۇۋېتىشكە، بىپەرۋالىق قىلىپ كۆڭۈل بۆلمەي زىيان يەتكۈزۈشكە، خاتا ئۇسۇلدا ئىشلىتىپ بۇزۇپ قويۇشقا ياكى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

خىزمەتچى شىركەتنىڭ ئىشىك، ئۈستەل، ماشىنا، ئاپپارات، كومپيۇتېر ئۇسكۈنىلىرىگە ئوخشاش ئومۇمىي مال–مۈلۈكلىرىنى ئىشلەتكەندە ۋە باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىگەندە ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشى، خۇددى شۇ نەرسە – كېرەكلەر ئۆزىنىڭكىدەك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك . بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ نەرسە – كېرەكلىرى، پۇل – ماللىرىغا نىسبەتەن كەڭ قورساقلىق بىلەن (بەك ئاۋايلاپ كەتمەستىن) مۇئامىلە قىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن باشقىلارنىڭكىگە ياكى ئومۇمنىڭكىگە كەلگەندە ھەسسىلەپ ئېھتىياتچانلىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز ، تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

خىزمەتچى بۇ ئۇسكۈنىلەرنى ئىشلىتەلمەيدىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئامانەتنى ياخشى ساقلىمايدىغان، مەسئۇلىيەتسىز بىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرسە بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىشلىتىشكە، پايدىلىنىشىغا ياكى ئېلىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان كىشىلەرگە بېرىشى تېخىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

خىزمەتچى ئىش ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇسكۈنىلەرنى،

خىزمەت بۇيۇملىرىنى شەخسىي ئىشلىرىغا ئىشلەتسە ياكى ئېلىپ كەتسە قەتئىي بولمايدۇ. ناۋادا بۇ نەرسىلەر ئىش ئىگىسىنىڭ مۈلكى بولسا رۇخسەت بېرىشى توغرا بولىدۇ، ئەمما بۇ ئۈسكۈنىلەر ئومۇمنىڭ مۈلۈكى بولۇپ، ئىش ئىگىسى پەقەت بۇلارغا مەسئۇل كىشى بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ رۇخسەت بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەردە بۇ نەرسىلەر قىلىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسا ئىش بېشىدىكىلەر ئەھۋالغا قاراپ رۇخسەت بەرسە بولىدۇ.

مەسىلەن مىنىستىرنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرگە مىنىستىرلىكنىڭ ماشىنىسى ياكى بېسىش ئۈسكۈنىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىش ھەققى بولمايدۇ.

خىزمەت ئورنىدىكى كومپيۇتېر ۋە بېسىپ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەت بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋاراقلىرىنى بېسىپ چىقىرىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ.

مەسچىتنىڭ ئىمامىنىڭ ياكى مەزىنىنىڭ مەسچىتنىڭ خاس بولغان توك سۇپۈرگىسىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تازىلىۋېلىشى ياكى بىرەر كىشىگە ئۇنى ئېلىپ كېتىپ شەخسىي ئىشلىرىدا ئىشلىتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

خىزمەتچىلەرنىڭ كومپيۇتېر، ئىسسىتقۇچ ۋە ماشىنىغا ئوخشاش خىزمەت ئورنىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بۇ نەرسىلەر پەقەت خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزىدە، ئىش ئىگىسى رۇخسەت قىلغان، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئادەتتە تونۇلغان مىقداردا (بۇ ئۆرپ –ئادەتلەر توغرا بولسا)، ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتمىگەن ھالەتتە ئىشلىتىلىشى كېرەك.

ئىشچى – خىزمەتچىلەر كۆنۈپ كەتكەن، ئەمما توغرا بولمىغان

ئادەتلەر قاتاردىن: ئىش ئىگىسى ياكى مۈلۈك ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز خىزمەتتە ئىشلىتىلىدىغان قەلەم ۋە ۋاراقلارنى شەخسىي ئىشلىرىغا ئىشلىتىۋېلىش، ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ۋە خەيرىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىنىڭ خىزمەتكە پايدىسى بولمىغان ئەھۋالدا بۇنداق ئىشلارغا رۇخسەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئومۇمنىڭ خىزمىتى ئەمەس، شەخسىي ئورگان ياكى شىركەت خىزمەتلىرىدە ئىدارە تەرەپتىن جەزملەشتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىشلىتىلمەيدىغان قايچا ياكى تاشلىنىپ كېتىدىغان پارچە – پۇرات قەغەزلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، تېلېفون نومۇرى ياكى مۇھىم ئىشلارنى خاتىرىلىۋېلىش دېگەندەك كىچىك ئىشلاردا خىزمەت ئورۇندىكى قەلەمدىن پايدىلىنىش دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما بۇ ئەھۋال كۆپ تەكرارلانماسلىقى ۋە رۇخسەت بىلەن بولۇشى كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئامال بار قىلماسلىق ئەۋزەل.

لېكىن ئومۇمنىڭ ياكى خەيرىيەت ئىشلىرىدا بۇنداق رۇخسەت قىلىش جائىز بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمنىڭ ماللىرىدا بىر خورمىغىمۇ سەل قارىمىغان، نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەدىقىدىن (زاكاتتىن) يىغىلغان خورمىلاردىن بىر تال خورمىنى يېيىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتقىنىدا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى توسۇۋالغان ئىكەن[52].

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەتتا خۇش-پۇراقلار ۋە ئەتىرلەرنىڭ پۇرىقىغىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ئۇنىڭ ئالدىغا دۆلەت ماللىرىنىڭ قاتارىدىن بولغان خۇش-پۇراقلار كەلتۈرۈلگەندە، پۇرىقىنى پۇراپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇرۇنىنى ئېتىۋالاتتى، چۈنكى بۇ خۇش-پۇراق ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ مۈلكى ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە قاتتىق

[52] بۇخارى، 1420 – ھەدىس. مۇسلىم، 1069 – ھەدىس.

ئەسكەرتىش بېرىپ بۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ مېلىدا ھەقسىز ۋە ئورۇنسىز تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ رازى بولمىغان جايلارغا ئىشلىتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا پەقەت دوزاخلا باردۇر».[53]

_ مەكتەپنىڭ ياكى خىزمەتنىڭ خاس ماشىنىلىرىنى خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان شەخسىي ئىشلار ئۈچۈن ياكى مۇناسىۋەتسىز شەخسلەرنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ.

ئىش ئورنى، مەسچىت ياكى ئىش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئورۇندۇق-ئۈستەللىرىنى ئۆيدە يىغىلىش قىلىش ئۈچۈن ياكى توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى دەپ ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

خىزمەت ئورنىدىكى مال-مۈلۈكلەرنى شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ، مەسىلەن ئىش ئورنىدىكى سۇنى ئۆيگە ئەكېلىشى ، ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن خەت يازىدىغان بورلارنى ئېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مەركەز ۋە مەسچىتلەردىكى قول ئېيتىدىغان قەغەزلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر ئېھتىياجى بولۇپ قالسا، شۇ خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزىدە ياكى مەسچىتنىڭ ئۆزىدە ئىشلەتسە بولىدۇ، مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان ئېھتىياج مىقداردىن كۆپ ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە خىزمەت ئورنىدىكى ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي يىغىلىشلىرىدا ئىشلەتسە بولمايدۇ.

خىزمەتچى ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئىسراپ قىلىپ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ چىراغلارنى ئوچۇق قويۇپ كەتمەسلىكى،

[53] بۇخارى، 2950 – ھەدىس.

ھېچكىم يوق ئىشخانىلاردا توكلۇق ئىسسىتقۇچنى يېقىپ قويماسلىقى لازىم، شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى بورلارنى پايدىسى يوق نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن ئىسراپ قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئومۇمنىڭ مال- مۈلكىگە سەل قاراپ، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر ۋە ئۈستەل – ئورۇندۇقلارنى كىچىك باللارنىڭ ئوينىشىغا تاشلاپ بېرىپ بۇ نەرسىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالسا، ياكى ئىشىك- دېرىزىلەرنى ياخشى ئېتىشكە سەل قاراپ، شىركەت ياكى ئورگاننىڭ ئوغرىلىققا ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولسا توغرا بولمايدۇ.

_ خىزمەت ئورنىدىكى تېلېفوننى شەخسىي پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن پاراڭلاشقان تېلېفون ھەققىنى خىزمەتچىنىڭ تۆلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئومۇمنىڭ خىزمەتلىرىدە بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئورگانلار ياكى شەخسىي خىزمەت ئورۇنلىرى بولۇپ قالسا، تېلېفوننى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن خىزمەتچى بۇنىڭدىن چىققان چىقىمغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، مەسئۇل بولمىغان تەقدىردە ئۇ ناھەق باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولىدۇ، شەخسىنىڭ مال-مۈلكى بولۇپ قالسا، مال ئىگىسى رۇخسەت قىلغان مىقداردا ياكى خىزمەتچىلەر ئادەتلەنگەن، ئىش ئىگىلىرى نارازى بولۇپ قالمايدىغان مىقداردا ئىشلەتسە بولىدۇ، شەخسىي ئورگانلار ياكى ئومۇمنىڭ خىزمەتلىرىدە جىددىي ئەھۋاللاردا تېلېفوننى ئىشلىتىپ تۇرسا بولىدۇ، ئەمما زۆرۈرىيەتتىن ئېشىپ كېتىدىغان مىقداردا ئىشلەتسە بولمايدۇ ۋە زۆرۈر ۋاقىتلاردا ئىشلەتكەن تېلېفون ھەققىنى تۆلىشى كېرەك.

شۇنىڭدەك يەنە خىزمەت ۋاقتىنى زايە قىلىپ ياكى خىزمەت ئۇنۇمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ شەخسىي تېلېفونىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا بولمايدۇ، پەقەت جىددىي ئەھۋاللار بولۇپ قالسا شۇ

زۆرۇرىيەت ئۈچۈنلا ئىشلەتسە ياكى ئىش ئىگىسى رۇخسەت قىلغان مىقداردا ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئىش ئىگىلىرىگە زىيان سېلىپ، خىزمەتتە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەردە خىزمەتچى خىزمەتكە ئالاقىدار ۋاراقلارنى بېسىپ چىقارماقچى بولسا، شۇنىڭغا لازىم بولغان ۋاراقلارنى ئېنىق ساناپ قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك. خىزمەتچى شوپۇر ئاپتوبۇس ياكى خىزمەت ماشىنىسىنى ھەددىدىن زىيادە تېز ھەيدەپ خەتەرگە ئۇچراتماسلىقى، ئەگەردە باشقا خىزمەتچىلەرنى توشۇۋاتقان بولسا، ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ بىخەتەر يولنى تاللاپ مېڭىشى، ھېچقانداق زۆرۈرىيەت بولمىغان ھالەتتە مەلۇم بىرىنى ئاۋۋال ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يولىنى ئۇزارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

_ كۇتۇپخانىلاردىن رۇخسەتسىز كىتاب ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە، كىتاب ئارىيەت ئالغان بولسا قايتۇرۇشتا كېچىكتۈرۈشكە، كىتابنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ، قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇنى ساقلاشتا سەل قاراپ كىچىك بالىلىرىنىڭ ئوينىشىغا بېرىپ، يىرتىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇشىغا، كىتابنى ئېچىملىك ۋە يېمەكلىكلەرگە يېقىن قويۇپ مەينەت قىلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

**تۆتىنچى: ئۆزىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى، ئاستىدىكى ۋە سىز بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئامانەتتۇر.**

ھېچقانداق بىر خىزمەتچىگە ناچار مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ، پايدىسى يوق خىزمەتلەرگە سېلىپ چارچىتىۋېتىشكە، تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئېغىر خىزمەتلەرنى بۆلۈپ قويماسلىق، ئەگەردە

بۆلۈپ قالسا ئۇنى پۈتتۈرۈشتە ياردەم بېرىش كېرەك.

شۇنىڭدەك يەنە خىزمەت ئۇنۇمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ياكى ئۇنى بۇزۇۋېتىدىغان خاتالىقلارنى كۆرگەندە سۈكۈت قىلىش توغرا بولمايدۇ، خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە گۈزەل سۆزلەرنى ئىشلىتىش، خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئۆز – ئارا ھۆرمەتنى ساقلاپ قېلىش؛ غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، ئەھۋالنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەردە تىجارەتتىن ياكى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن چىقىۋاتقان پايدا كۈندىن – كۈنگە ئېشىپ مېڭىۋاتقان بولسا، ئىش ئىگىسى خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئىمكان قەدەر ئۆستۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھەقلىرى ۋە مائاشلىرىنى بېرىشتە ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىكى، ئىشچىلارنى تۇرمۇش ھەقلىرىگە يەتمەيدىغان ئازغىنە ئىش ھەققى بىلەن ئىشلىتىۋالماسلىقى ۋە بەرگەن ئىش ھەققىنىڭ بەدىلىگە تېگىشلىك بولغىنىدىن كۆپ خىزمەت قىلدۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

ئىش ئىگىسى ياكى ئىش بېشىدىكى مەسئۇللار مەلۇم بىر خىزمەتچى خاتالىق ئۆتكۈزگەندە بارلىق ئىشچى – خىزمەتچىلەرنى قوشۇپ تەنقىدلىمەسلىكى، ھەممەيلەنگە تەڭ جازا بەرمەستىن جازالاشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگىلا چارە قوللىنىشى كېرەك.

**بەشىنچى: خىزمەتتىن چىققان پايدا، پۇل – مال ۋە كىرىم مەنبەلىرى ئامانەتتۇر.**

كىرىم- چىقىملارنى ھېسابلاشقا مەسئۇل بوغالتىر تىجارەتتىن چىققان پايدا-زىياننى ئېنىق خاتىرىلەپ مېڭىشقا مەسئۇل بولۇپ، ھېساباتتىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇشقا ياكى ئىش ئىگىسى ۋە مال ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. بۇ قىلمىشنى پەيغەمبىرىمىز خىيانەت دەپ ئاتىغان، شۇنداقلا بۇ

قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ:
**﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّ ۚ وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾** «ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ھەر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلى (مۇكاپاتى ياكى جازاسى) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 161- ئايەت]

ئىش بېشىدىكىلەر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمنىڭ مال- مۈلكىدىن ناھەق ئېلىۋالغان، شۇنداقلا يەنە شەخسىي مال – مۈلۈكلەردىن ناھەق ئېلىۋالغان نەرسىلىرى خىيانەت بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىشىنى بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، زاكات خادىمى قىلساق، ئاندىن ئۇ بىزدىن بىر تال يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسىنى يوشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى خىيانەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى شۇ خىيانىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ».[54]

پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشىنى بىز خىزمەتكە قويۇپ، مائاش ۋە تۇرمۇش تەمىناتى بەرگەن بولساق، ئاندىن ئۇنىڭدىن سىرت ئېلىۋالغىنى خىيانەتتۇر، قىيامەت كۈنى خىيانىتىنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ».[55]

خىزمەتچى مەسئۇل بولغان پۇل – ماللارنى تېگىشلىك يەرلەرگە ئىشلىتىشى، ھەقلىق كىشىلەرگە بېرىشى، ئۆزىنىڭ تونۇش- بىلىش، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا يان باساسلىقى (يەنى تېگىشلىك بولغىنىدىن كۆپرەك بېرىۋەتمەسلىكى)، پۇل-مالىلارنى باشقىلارغا پارا بېرىشكە ئىشلەتمەسلىكى لازىم.

[54] مۇسلىم، 1833 – ھەدىس.

[55] ئەبۇ داۋۇد، 2943 – ھەدىس.

سەدىقە ۋە خەيرىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل خىزمەتچى خەير-ئېھسان سەدىقىلىرىنى سەدىقە قىلغۇچى كىشى تەلەپ قىلغان يەرلەرگە ئىشلىتىشى، مەسچىت ئۈچۈن يىغىلغان پۇللارنى يوقسۇل كىشىلەرگە ئىشلىتىپ، يوقسۇل كىشىلەر ئۈچۈن يىغىلغان پۇللارنى مەسچىت ئۈچۈن ئىشلىتىپ قالايمىقان قىلماسلىقى، ناۋادا زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن شۇنداق ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ قالغان بولسا، ئىمكان بار ئورنىنى تولۇقلاپ قويۇشى كېرەك.

سەدىقە ياكى ۋەخپە قىلىنغان پۇل-ماللار مەلۇم بىر تۈردىكى كىشىلەر ئۈچۈن يىغىلغان بولسا شۇلارنىڭ ھەققىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، سەدىقە قىلغۇچىلارنىڭ رۇخسىتىسىز تېخىمۇ نامرات كىشىلەر بار دېگەننى سەۋەب قىلىپ، باشقا كىشىلەرگە بېرىۋېتىشكە ياكى باشقا ئورۇنلارغا ئىشلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

نامرات ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئۈچۈن يىغىلغان سەدىقىلەرنى ياخشى سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، ھەقىقي ھاجەت ئىگىسىگە بېرىشى، تېخىمۇ ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىشى لازىم.

كىشى باشقىلارنىڭ سېتىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلغان نەرسىلىرىنى ئۆزى سېتىۋالسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە يان بېسىپ قېلىشى ياكى مالنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىشى مۇمكىن: ﴿وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ، الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ، وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ﴾ «(ئۆلچەم ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بولىدۇ» [سۈرە مۇتەففىفىن 1،2، 3- ئايەتلەر]

كىمكى ئۆزىگە ھاۋالە قىلىنغان نەرسە- كېرەكلەرنى ئۆزى سېتىۋالماقچى بولسا، مال ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك، ئۇنىڭ خەۋىرىسىزلا ئۆزىگە يان بېسىپ، ئەرزان باھادا ئېلىۋالسا توغرا بولمايدۇ.

خىزمەتچى ئۆزىگە خىزمىتى سەۋەبىدىن كەلگەن سوۋغا-سالاملار ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئورۇن-مەنسىپىنىڭ سەۋەبىدىن كەلگەن ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلسا بولمايدۇ. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى لۇتبىييە ئىسىملىك بىر كىشىنى زاكات ۋە سەدىقىلەرنى يىغىشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ كىشى خىزمىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىنىدە: «بۇ سىلەرنىڭ (يەنى زاكاتتىن يىغىلغان دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان نەرسىلەر)، بۇلار بولسا ماڭا قىلىنغان ھەدىيەلەر» دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بىز ئىشلەتكەن خادىم، زاكات يىغقۇچى ئەمەلدارلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار تېخى بىزگە كېلىپ، بۇ سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار، سىلەرنىڭ زاكىتىڭلار، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىندى دەيدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە ھەدىيە كېلەمدۇ، يا كەلمەمدۇ قاراپ باقمايدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلىپ قالسىلا، قىيامەت كۈنى ئۇ نەرسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ تۆگە بولسا، ئۇنىمۇ مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، تۆگە بوزلاپ ھۆركىرەيدۇ . ئەگەر ئۇ كالا بولسا، كالا مۆرىگەن ھالدا مۈرىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ، قويىنى بولسا مەرىگەن ھالدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ»، دەپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئېگىز ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: «ئى رەببىم! مەن يەتكۈزدۈممۇ (شاھىت بولغىن ئى رەببىم)؟» دېدى. [56]

[56] بۇخارى، 6578 – ھەدىس. مۇسلىم، 1832 – ھەدىس.

# ئۈچىنچى تېما
# ئادىل بولۇش ۋە زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇش

راستچىللىق ۋە ھەققانىيەتكە ھېرىسمەن كىشى ئادىل بولۇشقا ھېرىسمەن بولىدۇ، چۈنكى ئادىللىق ھەققانىيەت ۋە راستچىللىقنىڭ ئەمەلىي ۋە يارقىن نامايەندىسىدۇر.

**ئادىل بولۇش دېگىنىمىز:**

ھەق ئىگىلىرىگە ئۆز ھەقلىرىنى كەم-زىيادە قىلماستىن ئادا قىلىپ بېرىش، ئەگەردە ھەققىنى ئادا قىلالمىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ بەدىلىگە شۇ ھەققىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىش دېگەنلىكتۇر.

ئادىل بولۇش بىلەن ئېھسان قىلىش ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بۇلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَىٰ وَيَنْهَىٰ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ ۚ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش _ ئەقرىبالارغا سىيلە _ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز _ھەرىكەتلەر) يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند _ نەسىھەت قىلىدۇ». [سۈرە نەھل 90- ئايەت]

مىراس ئىگىلىرىنىڭ ئادىل بولۇشىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ھەر بىر مىراس ئىگىسىگە مىراستىن بۆلۈنگەن مىقدارىنى بېرىش ۋاجىپتۇر. مەلۇم بىرىنىڭ ئۆلۈشىنى ئارتۇق قىلىۋېتىش ئېھسان قىلغانلىق بولمايدۇ، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەققىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىپ زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەل ئېھسان قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەگەر زىيادە قىلىپ بېرىپ ئېھسان قىلىش باشقىلارنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋېتىشكە سەۋەب بولماستىن، ھەق ئىگىسىنىڭ خالىسانە ئۆتۈنۈپ بېرىشى بولغىنىدا، بۇ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئېھسان قاتارىدىن بولىدۇ. خۇددى بىر ئەرنىڭ ئايالىنىڭ نەپىقىسى ۋە ھاجىتىدىن ئاشۇرۇپ خىراجەت بېرىشى دەل ئەرنىڭ ئايالىغا قىلغان ئېھسانىدۇر.

## ئادىل بولۇش ھەقلەرنى جايىدا ئادا قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان:

ئادىل بولۇشىڭىز ئۈچۈن، چوقۇم ھەق ئىگىلىرىگە ئۆز ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى بىلمىسىڭىز، قانداقمۇ ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىپ ئادىللىق قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل بولغان كىشى چوقۇم ئالدى بىلەن ھەقلەر توغرىسىدا ئىزدىنىشى، ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە كىملەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

ھەقلەر ئىچىدە ئەڭ كاتتا بولغىنى ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى بىلمىسە ۋە ئۇنى زايە قىلىۋەتسە، ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ئادىل بولالمايدۇ ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

ھەقلەرنى بېكىتكۈچى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادۇر، ئۇ پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچى، پۈتكۈل كائىنات ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن ھەقلەردىن سۆز ئېچىلغىنىدا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ بايان قىلىپ بەرگىنى بويىچە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. كىمكى ھەقلەرنى

چۈشىنىش ۋە ھەر بىر ھەقنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى ئۆلچەشتە ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قايتمايدىكەن، بىر ۋاقىتتا ئىككى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ؛ بىرىنچىدىن: ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە مەخلۇقاتلىرىغا ھەقلەرنى بېرىش ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن: ئۆز نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىپ مەخلۇقلارغا تېگىشلىك بولمىغان ھەقلەرنى بېرىپ، باشقىلارنى ئۆز ھەقلىرىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قايتماي تۇرۇپ، ئادىللىق ھەرگىزمۇ تۇرغۇزۇلمايدۇ. ئادىللىقتا ھېرىسمەن بولغان، لېكىن ھەقلەرنى بىلىش يولىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۇممەت ئادىللىقنى كامىل تۇرغۇزالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئادىللىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان ھەقنى يوقىتىپ قويغان.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا شەرىئەت قانۇنىنى ئادىللىق ۋە ھوقۇقلارنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا چۈشۈرگەن، ئۇنىڭدا ھەر بىر شەيئىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە ئېنىق بېكىتىلگەن ھەققى باردۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللَّهُ الَّذِي أَنزَلَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ وَالْمِيزَانَ﴾ «ئاللاھ كىتاب (يەنى قۇرئان) نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى» [سۈرە شۇرا 17- ئايەت]

﴿قُلْ إِنَّنِي هَدَانِي رَبِّي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا مِّلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا ۚ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» [سۈرە ئەنئام 161- ئايەت]

نۇرغۇن كىشىلەر باراۋەرلىك داۋاسى قىلىپ، شۇئار توۋلىشىدۇ، باراۋەرلىك بولسا ئادىللىقنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەگەر

ھوقۇقلار باراۋەر بولسا، بۇ يەردىكى ئادىللىقنى ھەممەيلەنگە ئوخشاش بېرىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھۋالدا بىرىنىڭ ھەققى يەنە بىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ھوقۇقلار ۋە مەسئۇلىيەتلەر پەرقلىق بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ھەرگىزمۇ ئادىللىق بولمايدۇ. چۈنكى ياخشىلىق قىلغۇچى بىلەن يامانلىق قىلغۇچى، زۇلۇم قىلغۇچى بىلەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، مۆمىن ، مۇسۇلمان بىلەن زالىم، كاپىر، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنى باراۋەر دېيىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًا ۚ لَّا يَسْتَوُونَ﴾ «مۆمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس» [سۈرە سەجدە 18- ئايەت]، ﴿أَفَنَجْعَلُ الْمُسْلِمِينَ كَالْمُجْرِمِينَ، مَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾ «بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقسىگە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟» [سۈرە قەلەم 35، 36- ئايەتلەر]

تىرىشچان، ئەقىللىق ئوقۇغۇچى بىلەن ھورۇن ، نادان، بىپەرۋا ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش نومۇر بەرگەن ئوقۇتقۇچى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ھەقىقىي ئادىللىق بولسا، ئىلىم ۋە چۈشىنىشنى ئۆلچەم تارازىسى قىلىپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ھورۇن ئوقۇغۇچىنىڭ تۆۋەن نومۇر ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى ۋە تىرىشچان ئوقۇغۇچىنىڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدۇر.

سىياسەت جەھەتتە، كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك، تۆھپىكار، ئامانەتدار، ئادىل، شۇنداقلا تەپەككۇر قىلىش، پىلانلاش ۋە باشقۇرۇشقا ئەڭ ماھىر بولغانلارنى باش قىلىش ۋاجىپتۇر. جاھىل، ئەخلاقسىز ۋە بەتنىيەتلەر ياكى يالغانچى، زالىم، خائىنلارنى باش قىلىش زۇلۇمنى پەيدا قىلغانلىق ۋە زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىك بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك ھەربىي قوماندانلىق جەھەتتە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە جەڭ تاكتىكىسى، قورال-ياراغ، يەر شەكلى توغرىسىدا ئەڭ مەلۇماتلىق بولغانلىرى باش قىلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بۇمۇ بىر زۇلۇم بولىدۇ. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىقنىڭ بولۇشى لازىمدۇر ۋە ۋاجىپتۇر، باراۋەرلىك كۆپىنچە ئىشلاردا تەلەپ قىلىنىسىمۇ، بەزى ئىشلاردا تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى بەزى ئەھۋاللاردا باراۋەرلىك ئادىللىققا توغرا كەلمەي قالىدۇ.

ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق باراۋەرلىكنىڭ تەلەپ قىلىنىشى بىر زۇلۇمدۇر، چۈنكى ئىككى جىنسىنىڭ ئوخشىماسلىقى بەزى ئىشلاردا باراۋەر بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ھەربىر جىنسىنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققىگە كىرمەستىن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇش ۋاجىپتۇر. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى يارىتىلىش خاراكتېرى، تەپەككۇر قىلىش شەكلى ۋە مىجەز تەبىئىيتى جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىق ياراتقۇچىنىڭ ھەر بىر جىنسقا خاس بولغان ئىشلارنى ئىرادە قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ھوقۇقلىرىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، نۇرغۇن ئىشلاردا ئىككى جىنسىنىڭ ھەمكارلىششى ۋە بىرلىشىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئادىللىق مۇشۇ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان ھوقۇقلاردا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەزىپىلىرى كامالىغا يېتىدۇ. بۇ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەش ھەر ئىككى جىنسقا نىسبەتەن بەلگىلىمىلەر ۋە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بىلگۈچى، ھەق-ھوقۇقلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىنىڭ ھۆكمىگە قايتىش بىلەن بولىدۇ.

نېمىشقا بىر جىنس يەنە بىر جىنسقا ئوخشىمايدىغان ۋەزىپىلەرگە بۇيرۇلدى؟ نېمىشقا ئىككى جىنسىنىڭ يارىتىلىشى

پەرقلىق بولىدۇ؟ دەپ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا ئىتىراز بىلدۈرۈش ھېچقايسىمىزنىڭ ھەددى ئەمەس! پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ ئىلكىدە، پۈتكۈل ھېكمەتلەرمۇ ھەم! ياراتقۇچىمىز بولغان ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا ۋە نېمىشقا ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئەڭ ياخشى بىلگۈچى، ئۇ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، بىز ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى دەپ خام-خىيال قىلغىنىمىزنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەئالانىڭ نىيەت ۋە ئەھكاملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىمدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ، وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر». [سۈرە مۈلك 14- ئايەت].

## ئادىل بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۇلۇمنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

كىشىلەر ئۆز-ئارا كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەڭ موھتاج بولىدىغان مۇھىم ئەخلاقلاردىن بىرى ئادىللىقتۇر. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزىدىغان ئەڭ خەتەرلىك قىلمىش بولسا زۇلۇمدۇر.

ئادىل بولۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭ ھەممە ساھەگە چېتىشلىق بولغانلىقىدا بولۇپ، تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغىنىمىزدەك ئادىل بولۇش ھاياتىمىزدىكى پۈتكۈل ساھەلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئالىيجاناب بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن باشقىلارغا يامانلىق قىلمايسىز.

كەمتەر بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن باشقىلار ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلمايسىز.

باتۇر بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرا تما يسىز.

سىز مۇشۇ ئەخلاقلىرىڭىز بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولىسىز، سىز

ئۈچۈن پەقەت يامانلىق ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن قول ئۈزۈش يېتەرلىك. ئەمەلىيەتتە بىر ئىنسان ئادىل بولماي زالىم بولىدىكەن، باشقىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھەقسىزلىق بىلەن ھەق – ھوقۇقلارنى لاياقەتسىز كىشىلەرگە بېرىۋېتىدۇ ياكى ئۆزى ئۈچۈن تارتىۋالىدۇ. كىمكى ئادىللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، جەمئىيەتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۈچرىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىدىن قىساس ئېلىشلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلار سادىر بولۇشى مۇمكىن، دېمەك زۇلۇمنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىغا بولغان سەلبىي تەسىرى ئىنتايىن زور، شۇ سەۋەبتىن زۇلۇمنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى جازاسىمۇ ئىنتايىن ئېغىردۇر.

ئادىل بولۇشنىڭ مۇھىملىقى، زۇلۇم قىلىشنىڭ خەتىرى ۋە يامان تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى زۇلۇمغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا بۇيرىدى؛ قارشى تۇرۇش ۋە توسۇشقا قادىر تۇرۇپ، زالىمنى زۇلۇمدىن چەكلىمىگەن ئۈممەتكە ئېغىر جازا بېكىتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «كىشىلەر يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ تۈزەتمىسە ياكى ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابى ۋە ھالاك قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇميۈزلۈك قىلىۋېتىشى مۇمكىن».[57]

ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى زالىمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇشتا ئۆز-ئارا ھەمكارلىششقا بۇيرۇدى، ئۇنداق قىلمايدىكەن ئۇلار لەنەت ۋە جازاغا لايىق بولغان بولىدۇ. زالىمغا قارشى تۇرۇشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش (ئۇنى زۇلۇمدىن چەكلىمەسلىك) زالىمنىڭ زۇلۇمغا

[57] ئەھمەد، 29– ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد، 4338 – ھەدىس.

شېرىك بولغانلىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دىنىي قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن» دېگەندە، بىرسى قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغىغۇ ياردەم بېرەرمىز، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ زۇلۇمىنى چەكلىشىڭ كېرەك» دېدى.[58]

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەنى ئىسرائىلغا لەنەت قىلدى؛ چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلار ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن ئىدى، بىر-بىرىنى يامانلىقتىن توسمايتتى. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿**لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُوا يَعْتَدُونَ، كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ**﴾ «ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. (چۈنكى) ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى . ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» [سۈرە مائىدە 78، 79-ئايەتلەر]

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىرقىدەك كۆپ مۇسىبەتلەرگە ئۇچراپ، بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۈممەتلەر ئارىسىدا خار بولۇپ كېتىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۈممەت نۇرغۇن زالىملارنىڭ زۇلۇملىرىغا سۈكۈت قىلدى ۋە مۇشۇ سۈكۈت قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا شېرىك بولدى.

زۇلۇمنىڭ يامان ئاقىۋىتى ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى، شۇنداقلا بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[58] بۇخارى، 2312– ھەدىس. مۇسلىم، 2584 – ھەدىس.

بىزنى زالىمنىڭ زۇلۇمىنى توختىتىشقا قادىر بولالمىساقمۇ، ئۇنىڭ قىلمىۋاتقان يامان ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىشقا چاقىردى، شۇنداقلا يەنە كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە زالىمنى زۇلۇمدىن توسۇشقا بۇيرۇدى، ھەتتاكى ئۇنى زۇلۇمدىن توسۇش بىزنى ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنى (دەرىجىسىنى) ئىنتايىن ئۈستۈن ۋە ئېرىشىدىغان ئەجىر-ساۋابىنى ناھايىتى يۇقىرى قىلدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرغان، ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، ئاندىن ئۇنى شۇ زالىم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى قىيامەت كۈنى شېھىتلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ بىلەن بىللە بولىدۇ».[59]

پەيغەمبىرىمىز يەنە بۇ ھەقتە: «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم سۇلتان، زالىم پادشاھ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان ھەق سۆزدۇر» دېگەن.[60]

[59] ھاكىم، 4884 – ھەدىس.

[60] ئىمام ئەھمەد، 11159 – ھەدىس. تىرمىزى، 2174 – ھەدىس.

## ئادىللىق سۈپىتىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغان كۈنگە تەييارلىق قىلىپ ياشايدىغان ھەقىقىي مۆمىنگە ئايلاندۇرالىغاندىلا، زارلىماسلىقتەك رەزىل سۈپەتتىن قۇتۇلۇپ، ئادىللىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، چۈنكى بۇنداق مۆمىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن، دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

كىشىنىڭ ئىمانى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئاخىرەتنى قانچىلىك كۆپ ياد ئەتسە، زۇلۇمدىن شۇنچە يىراق بولىدۇ ۋە ئادىللىققا شۇنچە يېقىن تۇرىدىغان بولىدۇ. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىغۇچىنى زۇلۇمدىن چەكلەيدىغان ھېچقانداق كۈچ تېپىلمايدۇ، قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىپ ھېساب بېرىشتەك بۇ ھەقىقەتتىن غاپىل قالغان كىشى خالىغانچە زۇلۇم قىلىدۇ، ھەددىدىن ئاشىدۇ ۋە باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى ھېچ بىر يامان ئىش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلمايدۇ. بولۇپمۇ ئىش بېشىدىكى ھاكىملار ياكى مەسئۇللار ئۆزىنىڭ نوپۇزى، ھەربىي ۋە ماددىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھاۋايى-ھەۋىسى ئۈچۈن باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا قارشى تۇرالمايدۇ ياكى نەسىھەت قىلالمايدۇ، مانا بۇلار ئاللاھ تائالا سۈپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ مىسالىدۇر: ﴿وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ﴾ «ئۇلار (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ياقتۇرمايدۇ». [سۈرە بەقەرە 205-ئايەت].

ئاللاھ تائالانى ھەق ئىلاھ دەپ تونۇغان، يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىشى، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى ۋە شەرىئىتى يۈرگۈزۈلۈشى كېرەك دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى، ئىتائەتمەن بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرايدۇ ۋە ئادىل بولۇشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ.

ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىدا ئەدەپلىك بولۇشنى ۋاجىپ دەپ بىلىدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلسا ھەممىگە قادىر، بارلىق نەرسىلەردىن ھېساب ئالغۇچى، قەھر قىلغۇچى، كامىل ئادالەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ ھېساب ئالىدىغانلىقى، قىلغان زۇلۇمى سەۋەبلىك جازالايدىغانلىقى، بۇ دۇنيادا ھەق ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ دۇنيادا، ھېساب بېرىدىغان كۈندە ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئاللاھ تائالانىڭ تولۇق ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەن، قانچىلىك كۈچلۈك بولۇپ كەتسۇن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ھەممە ئىشتا ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، توسقان ئىشلىرىغا قەدەم ئالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَأَمَّا عَادٌ فَاسْتَكْبَرُوا فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَقَالُوا مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً ۖ أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ قُوَّةً ۖ وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يَجْحَدُونَ**﴾ «ئاد (قوۋمى ) بولسا يەر يۈزىدە ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق كىم بار؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى». [سۈرە فۇسسىلەت 15- ئايەت].

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿**أَلَا إِنَّ الظَّالِمِينَ فِي عَذَابٍ مُّقِيمٍ، وَمَا كَانَ لَهُم مِّنْ أَوْلِيَاءَ يَنصُرُونَهُم مِّن دُونِ اللَّهِ ۗ وَمَن يُضْلِلِ**

اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن سَبِيلٍ﴾ «بىلىڭلاركى، (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر. ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان دوستلارمۇ يوقتۇر. ئاللاھ كىمنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر (نىجاتلىق) يولى بولمايدۇ» [سۈرە شۇرا 45، 46- ئايەتلەر]

مۇشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلگەن، زېھنى ۋە قەلبىدە چىڭ ساقلىغان كىشى ھەرگىزمۇ زالىم بولمايدۇ. زۇلۇم پەقەت ھاكاۋۇر، شەپقەتسىز تاش يۈرەك كىشىدىنلا سادىر بولىدۇ، مېھرىبان ۋە كەمتەر كىشى زۇلۇم قىلمايدۇ، بەلكى ھەر بىر كىشىگە ئۆز ھەققىنى تولۇق بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، باشقىلاردىن كۆپرەك نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىم بار دەپ ئويلايدىغان كىشى، دەل قورقماستىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەيدىغان كىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنى «باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا ھەققىم بار، باشقىلارنىڭ بولسا مېنىڭ ھەققىمگە كۆز قىرىنى سېلىشىغىمۇ بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ، ئۆزىنى كىشىلەردىن پەرقلىق دەپ قاراپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ، ئۆز ھەققى بولمىغان نەرسىلەرگە چاڭگال سالىدۇ.

باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغىنىدا ياكى بىرىنىڭ ھەققىنى ناھەق باشقا بىرىگە ئېلىپ بەرگىنىدە ۋىجدانى ئازابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئۆلۈكتۇر، تاشتىنمۇ قېتىپ كەتكەن، رەھىم – شەپقەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، ناھەق باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىپ كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇقنىڭ زۇلۇمنىڭ باش سەۋەبچىسى ئىكەنلىكى، مۇسۇلمان كىشى ئۆزىدىكى تەكەببۇرلۇقتەك يامان ئىللەتنى تۈزەتكىنىدىلا ئاندىن ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ

ماڭا مۇنداق ۋەھيي قىلدى: ئۆز ئارا كەمتەر بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارغا زۇلۇم قىلمىسۇن، تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن». [61]

كىمكى دۇنيانىڭ ھارام شەھۋەتلىرىگە، ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە بېرىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ نەپسى ئۇنى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا، ئۆز ھەققى بولمىغان نەرسىلەرنى يېيىشكە ئېلىپ بارىدۇ، مۆمىن، زاھىد كىشى بولسا پەقەت ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان، ئۆز ئىلكىدە بولغان ۋە ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن بەھرىلىنىپ گۈزەل ياشايدۇ.

## ئادىللىقنىڭ پەرزلىكى ۋە زۇلۇمنىڭ ھاراملىقى

ئاللاھ تائالا پۈتكۈل بەندىلەرنى ئادىللىققا بۇيرىدى ۋە ئادالەتنى پەرز قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَمَرَ رَبِّي بِالْقِسْطِ﴾ «[ئى مۇھەممەد!] ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرىدى». [سۈرە ئەئراف 29- ئايەت]

ۋە ھەر قانداق ھۆكۈمدارنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ﴾ «ئاللاھ سىلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ». [سۈرە نىسا 58- ئايەت].

ۋە پەيغەمبىرىنى ئادىللىققا بۇيرىدى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُ﴾ «ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم». [سۈرە شۇرا 15- ئايەت]

ئاللاھ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ».

[61] مۇسلىم، 2865 – ھەدىس.

سۈرە نىسا 40) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ النَّاسَ شَيْئًا وَلَٰكِنَّ النَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار [كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق] ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ». [سۈرە يۇنۇس 44- ئايەت].

ئاللاھ زۇلۇمنى پۈتكۈل بەندىلەرگە ھارام قىلدى ۋە ئۇنى ئازابقا ۋە دوزاختا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېدى: «مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم ۋە ئۇنى ئاراڭلاردا ھارام قىلدىم، ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار».[62] ۋە يەنە مۇنداق دېدى: «زۇلۇمدىن قېچىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتىدۇر».[63]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا زالىملارنىڭ ھالاكىتىدىن ئاگاھلاندۇردى ۋە زالىملارنىڭ ھالاكىتىنى ئۆزىنىڭ يارىتىش ۋە پادىشاھلىقىنىڭ قانۇنىيىتى قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَمْ قَصَمْنَا مِن قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً وَأَنشَأْنَا بَعْدَهَا قَوْمًا آخَرِينَ﴾ «بىز [ئاھالىسى] كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن كېيىن [ئورنىغا] باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق». [سۈرە ئەنبىيا 11- ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئازاب -ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبىنى كۇفرىلىق ئەمەس، زۇلۇم قىلدى، ئەگەر كاپىرنى ئازابلىغان بولسا ئۇنىڭ زۇلمى سەۋەبىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَخَذَتْهُمُ الصَّاعِقَةُ بِظُلْمِهِمْ﴾ «ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك چاقماق سوقتى [يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى]». (سۈرە نىسا 153) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهْلِكَ الْقُرَىٰ حَتَّىٰ يَبْعَثَ فِي أُمِّهَا رَسُولًا يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِنَا ۚ وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي الْقُرَىٰ إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَالِمُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگۈچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى

[62] مۇسلىم، 2577 – ھەدىس.

[63] مۇسلىم، 2578 – ھەدىس.

بولمىدۇق، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغۇچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق». [سۈرە قەسەس 59- ئايەت].

بۇ يەردىكى زۇلۇم دائىرىسىگە ئومۇمىي مەنىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كۇفرىلىق قىلىش كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، گۇناھ-مەئسىيەت، پاسىقلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقمۇ زۇلۇم دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە يەنە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشمۇ ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى؛ زالىملارغا ئۇلار تەۋبە قىلىپ، توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈن مۆھلەت بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ أَمْلَيْتُ لَهَا وَهِيَ ظَالِمَةٌ ثُمَّ أَخَذْتُهَا وَإِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾ «نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم [ئاندىن ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى]، ئاندىن [يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن] ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر [يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ]». (سۈرە ھەج 48) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَابَّةٍ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۖ فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً ۖ وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى [چاپسان] جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى [جازالاشنى] مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ [ھالاك بولۇش] ۋاقتى كەلگەندە قىلچىمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، قىلچىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ». [سۈرە نەھل 61- ئايەت].

ئەگەر بەزى دۆلەتلەردە زۇلۇم بىلەن ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان، ھاكىملار تەختىدە مۇقىم تۇرۇۋاتقان بولسا، ئەنە شۇ ئۇلارغا بېرىلگەن مۆھلەت بولۇپ، داۋاملاشمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمنى ئۇنى جازالىغانغا قەدەر قويۇپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالسا بوش قويۇۋەتمەيدۇ ».[64] رىۋايەت قىلغۇچى ساھابە دەيدۇكى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿وَكَذَٰلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَىٰ وَهِيَ ظَالِمَةٌ ۚ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار [ئاھالىسى] نى ھالاك قىلسا ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر». [سۈرە ھۇد 102-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَصْحَابُ مَدْيَنَ ۖ وَكُذِّبَ مُوسَىٰ فَأَمْلَيْتُ لِلْكَافِرِينَ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ فَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا وَهِيَ ظَالِمَةٌ فَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَبِئْرٍ مُّعَطَّلَةٍ وَقَصْرٍ مَّشِيدٍ﴾ «كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ [ئۇلارغا بەرگەن] جازايىم قانداق ئىكەن؟ نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرىنى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن [شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ] ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر [ئاھالىسىز] قالغان». [سۈرە ھەج 44، 45- ئايەت].

– مەزلۇمنىڭ ھەققى باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭ زالىمغا قارشى قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن قورقىقىن، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا پەردە يوق».[65]

مەزلۇمنىڭ ھەققى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەگەر ئۆز ھەققىنى دۇنيادا ئالالمىسا، ئاخىرەتتە ئالىدۇ، ھەتتاكى زۇلۇم قىلىنغان ھايۋان ئۈچۈنمۇ ئادالەت ئىجرا قىلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى زالىمدىن ھەققنى قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر

[64] بۇخارى، 4409 – ھەدىس. مۇسلىم، 2583 – ھەدىس.

[65] بۇخارى، 1425 – ھەدىس. مۇسلىم، 19 – ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ھەقلەر ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ ، ھەتتاكى مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ».[66] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر غېرىچچىلىك زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە زېمىننى ئېسىپ قويىدۇ».[67]

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىسىنى قويىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ الْحَقُّ﴾ «بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ [ياخشى ئەمەللىرىنىڭ] ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر». (سۈرە ئەئراف 8) ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ، وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ». (سۈرە زەلزەلە 8-7)

– بىزگە قىيامەت كۈنىگىچە زۇلۇمنىڭ ئازابى ۋە قاراڭغۇلىقى يەتمەسلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادالەتسىزلىكنى رەت قىلىش ۋە مەزلۇملاردىن كەچۈرۈم سوراش ئارقىلىق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى ئۆگەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا ياكى باشقا بىر ئىشتا ھەقسىزلىق قىلغان بولسا، دىنار ۋە دەرھەم بولمايدىغان كۈندىن ئىلگىرى ،[يەنى قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى] بۈگۈن ئۇنىڭدىن ھالاللىق سورىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمىلى بولسا، ئۇنىڭدىن زۇلۇم قىلغان مىقدارىچىلىك ئېلىنىدۇ، ئەگەر ياخشىلىقى بولمىسا مەزلۇمنىڭ گۇناھى ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ».[68]

---

[66] مۇسلىم، 2582 – ھەدىس.

[67] بۇخارى، 1321- نومۇر، مۇسلىم، 1612 – ھەدىس.

[68] بۇخارى، 6169 – ھەدىس.

## ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپلىرى

ئادىل كىشى ھەر قانداق ئىشتا ئادالەتكە رىئايە قىلىدۇ، ھەر بىر مۇئامىلىسىدە ئادالەتكە ئەگىشىدۇ، ئادالەتنى تەقەززا قىلىدىغان ھەر قانداق ئەھۋال ۋە شارائىتتا ۋە ھەر قانداق ساھەدە ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ، ئەگەر پۈتكۈل ئىنسانلارغا ياكى بەزىلىرىگە ھاكىم بولغاندا ياكى ھۆكۈم قىلغاندا ياكى گۇۋاھلىقتا چاقىرىلغاندا ياكى ئائىلىرى ۋە بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندا ياكى سېتىۋالغاندا، تارازىغا تارتقاندا، ئۆلچىگەندە ياكى كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاندا؛ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ھەر قانداق ھالەت ۋە ئورۇندا ئادالەتنى ئىجرا قىلسا، ئادالەت بىلەن سۆيۈلىدۇ ۋە ئادىللىق ئۇنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادالەت ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىدىكى زۆرۈر سۈپەت ۋە مۇستەھكەم ئەخلاق بولۇپ قالىدۇ.

## ئادىل كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەدەپلىرى ۋە خىلمۇخىل ئەھۋاللاردىكى ئەڭ مۇھىم ئىش-ھەرىكەتلىرى

### 1. گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇش

ئادىل كىشى ئادالەتنى يوقىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان گۇۋاھلىقنى بەرمەيدۇ، چۈنكى ئادالەت سەممىيەتسىز ئىجرا قىلىنمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا

قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰ أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ ۚ إِن يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَاللَّهُ أَوْلَىٰ بِهِمَا ۖ فَلَا تَتَّبِعُوا الْهَوَىٰ أَن تَعْدِلُوا ۚ وَإِن تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا﴾ «ئى مۆمىنلەر ! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا [گۇۋاھلىق بېرىشتە] توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار. [گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى] باي بولسا [ئۇنىڭغا بولۇشماستىن]، ياكى پېقىر بولسا [ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن] ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار. ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن يېقىندۇر [يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ]، نەپسى-خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ [ھەقىقەتتىن] بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار [يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار] ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە نىسا 135-ئايەت]

مۆمىندىن ھەقسىزلىققە بۇرۇلۇپ كەتمەستىن، ئادالەتنى ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئاللاھ رازىلىقى كۆزلىنىدۇ، ھاۋايى-ھەۋەس ياكى بىرەر كىشىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمىسە، زۇلۇم قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەيدۇ ياكى ھەقنى ئىگىسى بولمىغان كىشىگە بېرىدۇ، كىمكى گۇۋاھلىق ۋە ھەقنى يوشۇرۇش ياكى گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق ياكى ئادالەتنى بۇرمىلاپ ئىشنى چىگىشلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئادالەتتىن يۈز ئۆرىسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ جىنايىتىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر ۋە ئۇنى زۇلۇمغا قارىتا جازالىغۇچىدۇر.

**2. بارلىق ئىنسانلارغا گۇۋاھلىق بېرىش ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپى ھېسابلىنىدۇ.**

ئۇ خۇددى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، گەرچە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئاتا-ئانىسىغا ياكى تۇغقانلىرىغا ، نامراتلارغا، بايلارغا، ئاجىزلارغا ياكى مەنسەپدارلارغا زىيىنى بولسىمۇ، ئادىللىق بەرپا قىلىدىغان راست سۆزنى ئېيتىدۇ.

ئىنسان ئۆزى ھەقسىزلىق قىلغان ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە گۇۋاھ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان چاغدا؛ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم. ئۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ساقلىشى، جىنايەت ۋە زۇلۇمىنى يوشۇرۇشى توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇ ئورۇندا يوشۇرۇش باشقىلارنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن چەكلىگەن ئاشكارىلاشقا كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنسان ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى يوشۇرسا بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئەمەس، ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشلارنى يوشۇرسا ھەقلەرنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

**3. گۇۋاھلىقتا راستچىل بولۇش- ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپىدىندۇر.**

سىزنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىگە بولغان بىزارلىق ۋە ئۆچمەنلىكىڭىز سىزنى يالغان سۆزلەشكە ياكى ئۇنى ئاقلايدىغان ياكى ئۇنىڭ ھەققىنى قولغا كەلتۈرىدىغان گۇۋاھلىقتىن چېكىنىشىڭىزگە ئېلىپ بارسا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ ۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَىٰ أَلَّا تَعْدِلُوا ۚ اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۚ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾** «ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار [ئۇلارغا] ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، [دۈشمىنىڭلارغىمۇ]

ئادىل بولۇڭلار، بۇ [يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار] تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر». [سۈرە مائىدە 8- ئايەت]

ئەگەر بىز گۇۋاھلىقتا راستچىللىقنى ئۈمىد قىلساق، چوقۇم گۇۋاھلىققا تاللايدىغان كىشىنى سەمىمىيەت، تەقۋالىق، ئادالەت ئەھلىدىن تاللىشىمىز لازىم، يالغانچى ۋە پاسىق كىشى گۇۋاھچى بولالمايدۇ ، چۈنكى ئۇ يالغان گەپ قىلىشى ۋە زۇلۇم قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ گۇۋاھلىققا ئادالەت ئەھلىنى شەرت قىلدى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَشْهِدُوا ذَوَيْ عَدْلٍ مِّنكُمْ﴾ «ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار». [سۈرە تالاق 2- ئايەت]

### 4. ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئادىل كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەدەپىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ ۚ إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِ ۗ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا﴾ «شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن [سۆزۈڭلارنى] ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، [ئىشىڭلارنى] كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە نىسا 58- ئايەت]

ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ھاكىم ئىجرا قىلىدىغان قانۇن- زۇلۇم قىلماسلىقى، بىر تەرەپلىمە بولماسلىقى، ئادالەتتىن ئېغىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى بولماسلىقى لازىم، ئەگەر قانۇن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە شەرىئەتكە

خىلاپ ھالدا تۈزۈلگەن بولسا ئادىل قانۇن بولمايدۇ، بۇ ھەقتە شەرىئەت بەلگىلىمىسى بولمىغان ئىشلارغا كەلسەك، ھاكىم قانۇننىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشى ئۈچۈن شەرىئەت مەقسەتلىرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا ئىجتىھات قىلىدۇ.

2) ھاكىم ئىشلارنى ئادىل، ئىشەنچلىك، دۇرۇس كىشىلەرگە تاپشۇرۇشى لازىم، چۈنكى ئەگەر قانۇن ئادىل بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى ئىشەنچلىك ، ئادىل كىشى بولمىسا، قانۇننى بىكار قىلىۋېتىشى ياكى ئۇنىڭغا ھىيلە ئىشلىتىشى مۇمكىن.

3) ھاكىم قانۇننى مەيلى قانۇن شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن بولسۇن ياكى شەرىئەت ئۇنى ئورنىتىشنى ھاكىمغا ياكى ئۇنىڭ مۇئاۋىنىغا ۋە ياكى مەسلىھەتچىسىگە تاشلاپ قويغان قانۇن بولسۇن، دۇرۇس ۋە ئادىل ھالدا ئىجرا قىلىشى لازىم.

4) ھاكىم ھەر بىر شەخسنى ئۆز ھەقلىرىگە ئېرىشىش پۇرسەتلىرىگە، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ياشاش ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشى لازىم، ئەگەر ھەق كۈچلۈكنىڭ قولىدا بولسا، ئاجىزغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر كۈچلۈك ۋە ئىمتىياز ئىگىسى ئاجىزغا ھۆكۈم قىلماقچى ياكى ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماقچى ۋە ياكى ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىمەكچى بولسا، ھاكىم ئۇنى ئادىللىق بىلەن ھىمايە قىلىدۇ، ئەگەر باي ئاللاھ نامراتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ھەققىنى يەۋالماقچى بولسا، ھاكىم نامراتقا ئۇنىڭ قانۇنىي ھەققىنى ئادالەت بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئەگەر بىرەيلەن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە بېتەرسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئادالەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كىمكى پاساتچىلىق ۋە زۇلۇمدا چىڭ تۇرسا، ئۇ ئادالەتكە قايتقانغا قەدەر ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتنى ئىجرا قىلغانغا قەدەر، ئۇنىڭغا كەسكىن مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە جازالىنىدۇ. كىمكى باشلىق بولسا ئاندىن زۇلۇم قىلسا،

ئۇنىڭ زۇلۇمىنى يوقىتىش ۋاجىپ بولغاندەك، ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشمۇ ۋاجىپ بولىدۇ، زالىم ئىماملىق، باشلىقلىق ياكى مەسئۇلىيەتكە لايىق بولمايدۇ.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھاكىمنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ئۇممەت ۋە جەمئىيەت ۋە شەخسلەردە چوڭ تەسىرى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل ھاكىمنىڭ ئەجرى چوڭدۇر، ئۇنىڭ ئادىللىقى قىيامەت كۈنىدىكى ئىززەت ۋە بۈيۈك نېمەتنىڭ سەۋەبچىسىدۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان كۈندە سايىسىدە سايىدىتىدۇ: ئادىل ئىمام ئۇلارنىڭ بىرىدۇر»[69]. قىيامەت كۈنى ئەڭ چوڭ شەرەپكە نائىل بولىدىغان كىشى ئادىل ھاكىمدۇر.

شۇنىڭدەك زالىم ھاكىمنىڭ گۇناھىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇ بۈيۈك ئازابقا لايىق بولىدىغان ئاسىي ھېسابلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە ئاسىينىڭ قىيامەت كۈنى بايرىقى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىيلىقى مىقدارىدا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، پۇتكۇل باشلىقلاردىنمۇ چوڭ ئاسىيلىق قىلغانلار يوقتۇر»[70].

-ھاكىم ئۆزىنى ھۆكۈم قىلىنغۇچى ھەر بىر شەخسكە ئوخشاش، ئەھكاملار ۋە قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلىنغۇچى، ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆزىدىن سوراققا تارتىلغۇچى دەپ قارىمىغۇچە ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيدۇ .

ھاكىمنىڭ باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشى- ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى ھۆكۈم ۋە قانۇن ئالدىدا خەلق ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق شەخس باراۋەر، كۆپچىلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئورۇنداش، ھەقلەرنى تەلەپ قىلىشتا ئادالەت

[69] بۇخارى، 6421 – ھەدىس. مۇسلىم، 1031 – ھەدىس.

[70] مۇسلىم، 1738 – ھەدىس.

تارازىسىغا بويسۇنىدۇ.

يۇقىرى نەسەبلىك ياكى ھاكىم بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەردىن ئۈستۈن ھەققى يوق، پەقەتلا ئەگەر ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلسا، خەلقمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغاندىن ئىبارەت ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ھەققى بار..

ھاكىم داۋا ھۆكۈملىرىنى ئىنكار قىلسا بولمايدۇ، مەسىلەن قاتىلنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىشكە ھۆكۈم قىلىنىشىغا ئوخشاش مەھكەم، توغرا قانۇننى ئىنكار قىلسا بولمايدۇ.

**5. سودا-سېتىقتا تارازا ۋە ئۆلچەمدە ئادىل بولۇش ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپىدىندۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُ ۖ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ ۖ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۖ وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰ ۖ وَبِعَهْدِ اللَّهِ أَوْفُوا ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾** « يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، اللہ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ [سۈرە ئەنئام 152- ئايەت]

**6. كېلىشىم ۋە قەرز ھۆججىتىنى توغرا يېزىش ئارقىلىق ئادىل بولۇش- ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ ۚ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ ۚ وَلَا يَأْبَ كَاتِبٌ أَن يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ اللَّهُ ۚ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ وَلْيَتَّقِ اللَّهَ رَبَّهُ وَلَا يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئًا ۚ فَإِن كَانَ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيهًا أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لَا يَسْتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ ۚ وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِن رِّجَالِكُمْ ۖ فَإِن لَّمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّن تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَن تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَىٰ ۚ وَلَا يَأْبَ الشُّهَدَاءُ إِذَا مَا دُعُوا ۚ وَلَا تَسْأَمُوا أَن تَكْتُبُوهُ صَغِيرًا أَوْ كَبِيرًا إِلَىٰ أَجَلِهِ ۚ ذَٰلِكُمْ أَقْسَطُ عِندَ اللَّهِ وَأَقْوَمُ لِلشَّهَادَةِ وَأَدْنَىٰ أَلَّا تَرْتَابُوا ۖ﴾ «ئى مۆمىنلەر ! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى [ھۆججەت قىلىپ] يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى [كەم-زىيادە قىلماي] ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى [ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى] رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم [يازىدىغان كىشىگە] ئېيتىپ بەرسۇن، [قەرزدار] پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق [گالۋاڭ، ئەقىلسىز، ئىسراپخور] ياكى ئاجىز [كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى] بولسا، ياكى[گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن] ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن... قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە [ھۆكمىدە]، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر [گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر]، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر» [سۈرە بەقەرە 282- ئايەت]

راستچىللىق بىلەن يېزىش گۇۋاھلىقنىڭ توغرىلىقى ۋە ئادىللىقىنىڭ سەۋەبىدۇر، يېزىش گۇۋاھلىق بېرىدىغان چاغدا يالغانىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سەۋەبتۇر، بۇ ئارقىلىق ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ھەقنى ئېنىقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**7. زىددىيەتلىك، ئۇرۇشۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتە ئادىل بولۇش- ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر .**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا ۖ فَإِن بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَىٰ فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّىٰ تَفِيءَ إِلَىٰ أَمْرِ اللَّهِ ۚ فَإِن فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا ۖ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ، إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر [يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر] ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار [ئاللاھنىڭ ئەمرىگە] قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى [ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن] ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، [ھەممە ئىشتا] ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن [دىندا] قېرىنداشلاردۇر، [ئۇرۇشۇپ قالسا] قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار» [سۈرە ھۇجۇرات 9، 10-ئايەت]

چوقۇم زالىمنىڭ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزىدىن قول ئۈزۈشى ئۈچۈن، زالىمنىڭ زۇلۇمىغا رەددىيە بېرىشى، مەزلۇم بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشى لازىم.

**8. ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش- ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامَىٰ فَانكِحُوا مَا طَابَ لَكُم مِّنَ النِّسَاءِ مَثْنَىٰ وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰ أَلَّا تَعُولُوا ﴾ «ئەگەر يېتىم قىزغا [ئۆيلىنىپ] ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى، تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر [ئۇلارنىڭ ئارىسىدا] ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىڭلار. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [سۈرە نىسا 3- ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئەرنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولمىسا، قىيامەت كۈنى بىر تەرىپى پالەچ ھالدا كېلىدۇ »[71].

ھەتتا ئەر كىشى ئايالىنى ياخشى كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئادىل بولۇشى ، ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىشى، گەرچە ئېھسان بىلەن مۇئامىلە قىلالمىسىمۇ، ئىنساپ، ياخشىلىق ۋە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار». [سۈرە نىسا 19- ئايەت]

ئاللاھ تائالا ئايالىنى قويۇپ بېرىشكە يېتىپ بارغان كىشىنى ئاجرىشىشتا ئۇنىڭغا ناچارلىق قىلماسلىققا بۇيرىدى ۋە ئۇنى ئەگەر ئايالىنى قويۇپ بەرمەي ئېلىپ قالماقچى بولسا، چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك قەدىر-قىممەت ۋە ياخشى سۆز قىلىش بىلەن قانۇنلۇق ھەققىنى بېرىشكە بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَأَشْهِدُوا ذَوَيْ عَدْلٍ مِّنكُمْ وَأَقِيمُوا الشَّهَادَةَ لِلَّهِ ۚ ذَٰلِكُمْ يُوعَظُ بِهِ مَن كَانَ

[71] ترمىزى، 1141 – ھەدىس.

**يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ۚ وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا ﴿٢﴾ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ ۚ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ ۚ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ ۚ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْرًا﴾** «ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلىشىپ كېتىڭلار. [يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا] ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار. خۇدالىق ئۈچۈن [توغرا] گۇۋاھ بولۇڭلار. بۇنىڭ بىلەن [يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن] ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ . ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى» [سۈرە تالاق2، 3- ئايەت]

### 9. باللارغا مۇئامىلە قىلىشتا ۋە ئۇلارغا خىراجەت بېرىشتە ئادىل بولۇش- ئادىل كىشىنىڭ ئەدەپىدۇر.

ئادىل كىشى زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋالدا، قېرىنداشلىرىنىڭ بىرىگە باشقىلىرىدىن ئالاھىدىرەك بىر نەرسە بەرمەيدۇ، ئۇنداق قىلىش باللارنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاتا-ئانىسىغا ياكى ئاتا-ئانىنىڭ بىرىگە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. تولۇق ئادىللىق شۇكى؛ ئەگەر باللىرىنىڭ بىرسىگە ئېھتىياج يوق تۇرۇپ بىر نەرسە بەرمەكچى بولسا، قېرىنداشلىرىغىمۇ ئوخشىشىنى بېرىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېھتىياجى بولسا، قېرىنداشلىرىغا بەرمەستىن، ئېھتىياجىغا يارىشا بەرسە بولىدۇ. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاپام دادامدىن ماڭا ھەدىيەلىك بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن ئۇ ئويلاپ كۆرۈپ، ماڭا بەردى،

شۇنىڭ بىلەن ئاپام: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھلىق بەرگۈزمىگىچە رازى بولمايمەن دېگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ماڭدى، مەن كىچىك ئىدىم، دادام مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ : ھەقىقەتەن بۇ بالىنىڭ ئاپىسى بىنتى راۋاھە بۇنىڭغا ھەدىيەلىك مال بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا باللىرىڭ بارمۇ ؟ دېۋىدى، دادام: ھەئە دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «مېنى زۇلۇمغا گۇۋاھ قىلمىغىن» دېدى دەپ ئويلايمەن»[72].

سوۋغات بېرىشتە باراۋەر كۆرۈش ئادىللىقتۇر، بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار» باللارغا سوۋغات بېرىشتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق ئەخلاقىقا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ قەلبىنى دادىغا ياخشىلىق قىلىشتا كەمچىلىك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن قوغداش ئۈچۈن باراۋەرلىككە بۇيرۇغان . بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلىشتا باراۋەر بولۇشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ دېۋىدى، ئەلۋەتتە شۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداقتا سەنمۇ باراۋەر بولغىن دېدى».[73] دادىنىڭ باللىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئېھتىياجىنى قامدىشى ئادالەتنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئاندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئادالەت بولسا: بالىسىغا ئېھتىياجلىق سۈتىنى ئېمىتىشتۇر، بۇ بولسا ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى ۋە ھەققىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا تولۇق بەرمىسە ۋە ئاچ قويسا، ئۇ زالىم

[72] بۇخارى، 2507 – ھەدىس. مۇسلىم، 1623 – ھەدىس.

[73] مۇسلىم، 1623 – ھەدىس.

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەجبۇر بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنى ئېمىتمەي تاشلىۋەتسە ۋە سۈتكە ئالماشتۇرۇۋەتسە ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. تۇغما تەبىئەت ۋە تولۇق ساغلاملىق ئانىنىڭ بالىنى ئىككى يىل ئەتراپىدا ئېمىتىشىدە ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾ «ئانىلار [بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە] تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى كېرەك» [سۈرە بەقەرە 233- ئايەت]

بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش ماددىي ياكى جىسمانىي ئىشلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا مەنىۋى ئىشلارمۇ كىرىدۇ. ئاتا-ئانىلار گەرچە بالىلىرىنىڭ بەزىسىنى باشقىلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرسىمۇ، تەربىيە، ھۆرمەت، كۆيۈمچانلىق، يېتەكلەش، يېقىنلىق ۋە ئىشلىتىشتە بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىقى ئادىل بولۇشى ۋاجىپ بولغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، يامان كۆرۈش، ئۆچ كۆرۈشۈش، ئۆزئارا ھەسەت ، ئەزىيەت بېرىش ۋە يىراقلىشىشقا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار ھەممە بالىلىرى ئارىسىدا باراۋەر بولۇشى ، بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن كۆرمەسلىكى لازىم.

بەزىدە دادا ئادىل بولۇشى ۋە بالىلار ئۇنى ئادىل ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئاداۋەت ۋە مىكىر قىلىشى مۇمكىن، خۇددى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىغا ئوخشاش. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرى ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمىدى، بەلكى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنى ئۇلاردىن ياخشىراق ھېس قىلدۇرىدىغان گەپنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشىنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلىق تۇيغۇسى ئۇلارنى ھىيلە-مىكىر قىلىشقا ئېلىپ باردى، ئۇنداقتا دادىلىرىدىن زۇلۇم كۆرگەن بالىلارنىڭ ھالى قانداق بولار ھە؟

**10. باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئىنساپلىق بولۇش-ئادىللىقنىڭ قاتارىدىندۇر.**

ئادىل كىشى بىر تەرەپلىمىچىلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى ئۆلچەشتە ۋە ھۆكۈم قىلىشتا ئىككى خىل تارازا قويمۋالمايدۇ، بەلكى نەپسى-خاھىشىدىن خالىي ھالدا ھەر قانداق ئىنسانغا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىلگىنى بويىچە مۇناسىپ بولغان ھۆكۈمنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُ ۖ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ ۖ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۖ وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰ ۖ**﴾ «سۆز قىلغان [ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن] چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، [ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم] تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ» [سۈرە ئەنئام 152- ئايەت]

ئەگەر يېقىنىمىز، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمىز بولسا ئۇنى قوغداپ، ئاقلىشىمىز، يىراق ياكى ناتونۇش بولسا ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتىپ، تۆھمەت قىلىشىمىز ۋە يامان گۇمان قىلىشىمىز ئادىللىق ئەمەستۇر، بەلكى ئىنساپ قىلىشىمىز، ھەممە ئادەمنىڭ ئارىسىدا باراۋەر، ئادىل بولۇشىمىز ، يېقىنىڭىز ياكى باشقىلار، سىزنىڭ مىللىتىڭىز ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، بىراۋ ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغاندا بىر خىل قانۇن ئىشلىتىشىمىز لازىم.

گۇۋاھلىقتا، ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل بولۇش، ئۇلاردىن ھەر بىرىگە خۇتبىدىن تېگىشلىك بولغاننى بېرىش ئۈچۈن، جامائەتكە خۇتبە سۆزلىگەندە ئادىل بولۇش- سۆزدىكى ئادالەتنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆلچەشتە ۋە ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇش- ئادالەتنىڭ قاتارىدىندۇر، بىر تەرەپلىمىچىلىك قىلماسلىقىمىز، زۇلۇم قىلماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى لايىق بولغىنىدىن كېمەيتىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

پەقەت ھەقىقەت ئۈچۈن ۋاستىچىلىك قىلىش ۋە شاپائەت قىلىش- ئادالەتنىڭ قاتارىدىندۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر تىلەمچى كەلسە ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراپ كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شاپائەت قىلىڭلار، ئەجىر تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ تىلىدا خالىغان نەرسىسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ»[74]

شاپائەت پەقەتلا ھەق ۋە ئىلىم بىلەن بولۇشى لازىم، بىز ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان كىشىگە يالغاندىن ۋاستىچىلىك ۋە شاپائەت قىلىشىمىز توغرا ئەمەس، يېقىنلىق ياكى دوستلۇق سەۋەبلىك ھەقسىز رەۋىشتە شاپائەت قىلىش توغرا ئەمەس، پارا ئېلىش بەدىلىگە شاپائەت قىلىشقا بولمايدۇ. بىر ئادەمنى ئۇنىڭ لاياقىتى بولمىغان ياكى بىز ئۇنىڭ بۇ ئىشقا لاياقىتى بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن شاپائەت ۋە ۋاستىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، بىر كىشىنى ئۇنىڭدىنمۇ ھەقلىق كىشى بار تۇرۇپ، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئومۇمىي خىزمەتلەردە ۋە ئۇممەتنىڭ ھالى ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىنىدىغان ئىشلاردا..چۈنكى ئۇ زۇلۇمدۇر، ھەقىقەتەنمۇ لايىق بولمىغان كىشىنى ئومۇمىي ۋەزىپىلەرگە قويۇش، ناھايىتى چوڭ زۇلۇمغا، پاساتچىلىققا ۋە خەتەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

مانا بۇنىڭدەك ناھەق ئىشلاردا ۋاستىچىلىك قىلغۇچى ۋە شاپائەت قىلغۇچى گۇناھكاردۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاستىچىلىك قىلىنغان كىشىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، ئۇ ئۇنىڭ گۇناھى ، كەمچىللىكى ۋە يامانلىقىغا ئورتاق بولىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَّن يَشْفَعْ شَفَاعَةً حَسَنَةً يَكُن لَّهُ نَصِيبٌ مِّنْهَا**﴾ «كىمكى بىر يامان [ئىش ئۈچۈن] شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن [يانى يامان ئىشتىن] ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 85- ئايەت]

[74] بۇخارى، 1365– ھەدىس. مۇسلىم، 2627 – ھەدىس.

-ئىنسان زۇلۇمدىن ۋە زالىملارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن يىراق بولماي تۇرۇپ ئادىل بولالمايدۇ.

## زۇلۇمنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر بولغان زالىملارنىڭ ئەمەللىرى ۋە ناچار قىلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىشى- ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ ۖ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ**﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم، اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر». [سۈرە لوقمان 13- ئايەت]، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ**﴾ «ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا شېرىك ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەر» [سۈرە ئەنئام 82- ئايەت] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ قايسىبىرىمىز ئۆزىگە زۇلۇم قىلمايدۇ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بولسا شېرىكتۇر، سىلەر لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ نەسىھەتنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ: ﴿**يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ ۖ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ**﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم، اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر»[75].

چۈنكى مۇشرىك ئاللاھنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ، پەرۋەردىگارلىق ۋە ئىلاھلىق ھەقلىرىنى تونۇمىغان چاغدا، كائىناتتىكى ئەڭ چوڭ ئىلمىي ھەقىقەتكە دۈشمەنلىك قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى ئاللاھقا ئەمەس، ئۆزىگە قايتىدۇ. ئاللاھ

[75] بۇخارى، 3246– ھەدىس. مۇسلىم، 124 – ھەدىس.

تائالا غالىبتۇر. ھېچكىم ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئەخلاقنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭغا نېمەتلىرىنى تولۇق ئاتا قىلىۋاتقان رىزىق بەرگۈچىسىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاقلىق بولغىنىنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ بىر ئىنساننىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئەخلاقى ياخشى بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسى بىلەن ياخشى ئۆتمەيدىغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ بۇ ئىنساني ئەخلاقمۇ؟ ئۇنداقتا ياراتقۇچىسى بىلەن ئالاقىسى ناچار بولغان، ئۇنىڭ ھەققىدە يالغان گەپ قىلىدىغان ياكى ئۇنى تىللايدىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

2.كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغان سۆزلەش-ئەڭ ئېغىر زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَىٰ عَلَى اللَّهِ كَذِبًا لِّيُضِلَّ النَّاسَ بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ اللّٰه نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، اللّٰه زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» [سۈرە ئەنئام 144- ئايەت] ئۆزى ئويدۇرۇپ، توقۇپ چىققان، ئاندىن باتىلنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالاغا نىسبەت بەرگەن كىشى قانداقمۇ راستچىل ۋە ئادىل بولالىسۇن؟

3. ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىنى ئۆزگەرتىش- زۇلۇمنىڭ قاتارىدىندۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ قَوْلًا غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِجْزًا مِّنَ السَّمَاءِ بِمَا كَانُوا يَظْلِمُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆز [ئاللاھنىڭ ئەمرىنى] باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق» [سۈرە ئەئراف 162- ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش ۋە نۇقسانلىدىن ساقلىدى ۋە قۇرئان-كەرىمنى ئۆزگەرتىشتىن قوغدىدى، لېكىن بەزىدە كىشىلەر قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە شەرىئەت مەقسەتلىرىنى بۇرمىلاش گۇناھىنى سادىر قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمەيدىغان ۋە چۈشىنەلمەيدىغان بارلىق كىشىلەر، بىلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشكە جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا ئالىملار پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىماسلىقى، پەقەت ئىزدەنگەن، ئىسپاتلانغان، تەتقىق قىلغان، مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن چىققان توغرا يەكۈنلەرنى بىلگەندىن كېيىن پەتىۋا بېرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن ئىنسان بىلىپ بىلمەي زۇلۇمغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ.

شەرىئەت ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان كىشى زالىم، گۇناھكار ۋە پاسىقتۇر.

4. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش- ئەڭ ئېغىر زۇلۇملارنىڭ بىرى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِيَ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ ۚ إِنَّا جَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِي آذَانِهِمْ وَقْرًا ۖ وَإِن تَدْعُهُمْ إِلَى الْهُدَىٰ فَلَن يَهْتَدُوا إِذًا أَبَدًا﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ» [سۈرە كەھف 57- ئايەت].

ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغان كىشىگە قۇلاق سېلىش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىدۇر، ئەگەر توغرا

دەلىل-ئىسپات كەلتۈرگەن بولسا، ھەقنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش ۋاجىپتۇر.

5. ھەق گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش، بولۇپمۇ رەببانىي ھەقىقەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش- زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطَ كَانُوا هُودًا أَوْ نَصَارَىٰ ۗ قُلْ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَادَةً عِندَهُ مِنَ اللَّهِ ۗ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾ «ياكى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، [ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى] سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟ قولىدا ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىل-ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» [سۈرە بەقەرە 140- ئايەت]

6.ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، توسىغانلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش- زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ بۇيرۇغان شەرئى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغىن. ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمىگىن، بولمىسا زالىم بولۇپ قالىسەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا ۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر» [سۈرە بەقەرە 229- ئايەت].

7. زالىمنىڭ زۇلۇمىغا ياردەم بېرىش ياكى ئۇنىڭ ئەسكىرى بولۇش-ئەڭ خەتەرلىك زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ « گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2- ئايەت].

ئاللاھ تائالا پىرئەۋنگە ئالدىنىپ ئىتائەت قىلغان، ئەسكەر بولۇپ ياردەم قىلغان، باتىلغا، زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە ھەسسە قوشقان قوۋمىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇلارنى «پاسىقلار» دەپ ئاتىدى؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾ «پىرئەۋن قوۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قوۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قوۋم ئىدى» [سۈرە زۇخرۇف 54- ئايەت] شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانىنىڭ زۇلۇم ۋە باتىل ئەھلىگە ئەسكەر بولۇشى ۋە ياردەملىشىشى، ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە زۇلۇمىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئىش بولسا، توغرا ئىشلاردىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلىش جائىز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ھاراق سىققۇچى ياكى ساتقۇچى ۋە ياكى توشۇغۇچى بولۇشىنى ئوخشاش چەكلىگەن، بۇلارنى قىلغان كىشىگە ھاراق ئىچكەن كىشىگە لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلغان. پارىخورغا ئالغان پارىنى ئاپىرىپ بەرگەن كىشىمۇ پارىخورغا ئوخشايدۇ، ئايالالارنىڭ يۈزىنىڭ تۈكىنى تېرىپ پەردازلىغۇچىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. جازانىنى يازغان ۋە گۇۋاھ بولغان كىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش گۇناھكار بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ كىشىلەرگە جازانىنى يېگەن ۋە ھاۋالە قىلغان كىشىگە ئوخشاشلا لەنەت قىلغان.

بۇ بولسا دىندىكى ۋە ھاياتلىقتىكى مۇھىم قائىدە بولۇپ، مۆمىنلەر ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى لازىم، زالىم دۆلەتتىكى زۇلۇمغا ياردەم بېرىدىغان، زالىمنىڭ ھۆكمىنى چىڭىتىدىغان ھەر قانداق ئىشنى تەرك ئېتىش ۋاجىپتۇر، زالىمنىڭ زۇلۇمغا ياردەم بېرىدىغان ياكى ئۇنىڭ زۇلمى ۋە ھۆكمىنى كۈچەيتىدىغان ھەر قانداق ئىشنى تەرك ئېتىشىمىز، ئۇنىڭغا ياردەمچى بولماسلىقىمىز ۋاجىپتۇر.

ئەگەر ھەممە كىشى زالىمغا خىزمەت قىلىشتىن، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن يانغان بولسا، زالىم ھالاك بولغان، ئۇنىڭ

زۇلمى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولاتتى، لېكىن زالىملارنىڭ مال-دۇنياسىنى تەمە قىلىپ ئۇلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلىش- زۇلۇم ۋە زالىملارنى كۈچەيتىدۇ، مانا بۇلار بۈگۈنكى ۋەيرانچىلىقىمىزغا، باتىل ۋە زۇلۇم ئەھلىنىڭ بىزگە مۇسەللەت بولۇشىغا سەۋەپ بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن ، زالىمغا ياردەم بېرىش بىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئەڭ خەتەرلىك زۇلۇم تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

8.كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىدىن، ئۇنىڭدا ھەقنى ئۆگىنىشتىن ياكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنى زىكىر قىلىشتىن ياكى دەۋەت پائالىيەتلىرىنى قىلىپ، مەسچىت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن توسۇش-زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَاجِدَ اللَّهِ أَن يُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ وَسَعَىٰ فِي خَرَابِهَا ۚ أُولَٰئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَا إِلَّا خَائِفِينَ ۚ لَهُمْ فِي الدُّنْيَا خِزْيٌ وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد ئېلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسچىتلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا [يەنى دوزاخ ئازابىغا] دۇچار بولىدۇ» [سۈرە بەقەرە 114- ئايەت].

9.ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش- زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ ۗ وَمَن قُتِلَ مَظْلُومًا فَقَدْ جَعَلْنَا لِوَلِيِّهِ سُلْطَانًا فَلَا يُسْرِف فِّي الْقَتْلِ ۖ إِنَّهُ كَانَ مَنصُورًا﴾ «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ [ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلدى]، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن ، [قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش] ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن، [قاتىلدىن غەيرىنى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن]، [ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ]

ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر» [سۇرە ئىسرا 33- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ھارام قان تۆكمىگەن بولسا دىنىدىن كەڭچىلىك ئىچىدە بولىدۇ».[76]

زىممىيلار، ھىمايە قىلىنغانلار ۋە كېلىشىم تۈزۈلگەنلەرگە كېلىشىم ئەساسىدا تاجاۋۇز قىلىش، ياكى ئۇلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈش زۇلۇمدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جېنىغا قەست قىلماسلىقتا كېلىشىم تۈزۈلگەن بىر جاننى ئۆلتۈرگەن كىشى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، ۋەھالەنكى جەننەتنىڭ ھىدى 40 يىللىق مۇساپىدىن پۇرايدۇ»[77]

10.ئاللاھنىڭ دوست-يارەنلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش-زۇلۇمدۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەزىيەت بەرگەن، دۈشمەنلىك قىلغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچتى، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مىنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەردىم»[78]

ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولغان، زۇلۇم قىلمىغان كىشى، ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش ئاللاھنىڭ ئازابىنى ۋاجىپ قىلىدىغان زۇلۇمدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بامدات نامىزىنى ئوقۇغان كىشى ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر نەرسىنى تەلەپ قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ئىلىپ دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلايدۇ»[79]

ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە

[76] بۇخارى، 6469 – ھەدىس.

[77] بۇخارى، 6516 – ھەدىس.

[78] بۇخارى، 6137 – ھەدىس.

[79] مۇسلىم، 2657– ھەدىس.

بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ۋە قوغدىشىدا بولىدۇ، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ نامىزىمىزنى ئوقۇغان، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈزلەنگەن، بىزنىڭ قۇربانلىقىمىزنى يېگەن كىشى؛ ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھىمايىسىدىكى مۇسۇلماندۇر، ئاللاھقا ئۇنىڭ ھىمايىسىدىكى نەرسىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار»[80]

11.كەمبەغەل ۋە ئاجىز مۆمىنلەرنى ئاممۇۋي ياكى شەخسىي سورۇنلاردىن قوغلاش ۋە كەمسىتىش- زۇلۇمدۇر. مەيلى بايلارنى، مەنسەپدارلارنى ياكى باشقىلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن بولسۇن زۇلۇمدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ ۖ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِم مِّن شَيْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ الظَّالِمِينَ**﴾ «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلغانلارنى [يېنىڭدىن] قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ[يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن]. سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن» [سۈرە ئەنئام 52- ئايەت]

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككىدىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ چوڭلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز، مىسكىن ۋە قۇللار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئايرىم بىر سورۇن، ئۇلار ئۈچۈن ئايرىم بىر سورۇن قۇرۇشنى، ئۇلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلارغا ئايرىلاشماسلىقنى تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿**وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ ۖ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ**

[80] بۇخارى، 384– ھەدىس.

الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ۖ وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، داۋاملىق ئاشقۇنلۇق قىلىدىغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن» [سۈرە كەھف 28- ئايەت] سورۇنلاردا باي-نامراتنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش بولۇشىمىز ھەق ۋە ئادالەتنىڭ قاتارىدىندۇر، مالغا ئىگە بولۇش ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلمايدۇ.

12.دەۋەتچىنىڭ كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشتا يېتەرسىزلىك قىلىشى، ئالىمنىڭ بىلىمسىزلەرگە ئۆگىتىشتە يېتەرسىزلىك قىلىشى- زۇلۇمنىڭ قاتارىدىندۇر، دەۋەتچى ئۆز قوۋمىنى ۋە كىشىلەردىن مۇمكىن بولغىنىنى دەۋەت قىلىشى لازىم، ئۇلارنى ھىدايەت قىلالايدىغان تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭغا دەلىل تۇرغۇزالايدىغان تۇرۇپ، ئازغۇنلىقىدا تاشلاپ قويۇش توغرا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گەرچە ئۇلار دەۋىتىگە قۇلاق سالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلسىمۇ ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَذَا النُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَاضِبًا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقْدِرَ عَلَيْهِ فَنَادَىٰ فِي الظُّلُمَاتِ أَن لَّا إِلَٰهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ، فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ ۚ وَكَذَٰلِكَ نُنجِي الْمُؤْمِنِينَ﴾ «يۇنۇسنىڭ [قىسسەسىنى بايان قىلغىن]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ [قوۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن] خاپا بولۇپ [شەھىرىدىن] چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى [ئېلىقنىڭ قارنىدا] قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا [يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا]: پەرۋەردىگارىم، سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد[بەرھەق] يوقتۇر، سەن [جىمى كەمچىلىكلەردىن] پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن [ئۆز نەپسىمگە] زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ

دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى [بېلىق يۇتقان چاغدىكى] غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى [ئېغىرچىلىقلاردىن] خالاس تاپقۇزىمىز» [سۈرە ئەنبىيا 87، 88- ئايەت]

يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىغا قىسمايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى، چۈنكى ئۇ شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ، قوبۇل قىلمىغان قەۋمىنى تاشلاش ۋە ئۇلارغا خاپا بولۇشتا خاتا قىلمىدى دەپ ئويلايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشتە ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكىنىدە بولسا، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى ۋە تەۋبە قىلدى، ئۆزىنى بۇ ئىشتا زۇلۇم قىلغۇچى دەپ قارىدى.

شۇنىڭدەك ئالىممۇ بىلىمسىزلەرگە ئۆگىتىشكە قادىر تۇرۇپ ئىلىمنى يوشۇرسا، ئۇ زالىمدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئازاب بىلەن تەھدىت سالغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىمنى يوشۇرغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتنىڭ يۈگىنى بىلەن يۈگەن سېلىنىدۇ»[81]

13. باشقىلارنىڭ مېلىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ناھەق يەۋېلىش- زۇلۇمنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىشنى زۇلۇم دەپ سۈپەتلىگەن: ﴿فَبِظُلْمٍ مِّنَ الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ طَيِّبَاتٍ أُحِلَّتْ لَهُمْ وَبِصَدِّهِمْ عَن سَبِيلِ اللَّهِ كَثِيرًا، وَأَخْذِهِمُ الرِّبَا وَقَدْ نُهُوا عَنْهُ وَأَكْلِهِمْ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ ۚ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾ «يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى [يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى]، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن [يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن] توسقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا [ئىلگىرى] ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق. چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە

[81] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى 95– ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 10492 – ھەدىس.

كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق» [سۈرە نىسا 160، 161- ئايەت]

ئاللاھ تائالا ھاكىملارنى ۋە مەنسەپدارلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن مال بېرىشنىڭ ھاراملىقىنى ئاگاھلاندۇردى، زالىمغا ياردەم بەرگەن كىشى ئۇنىڭغا ئوخشاش زالىمدۇر، ھالال يېيىش ئۈچۈن زالىمدىن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشىمۇ زالىمدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُوا بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار» [سۈرە بەقەرە 188- ئايەت]

باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ئارقىلىق زۇلۇم قىلىشنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىز ئۇنىڭ كۆپىنچىسىنى ۋە شەرىئەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بايان قىلدۇق،[82] ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

يېتىملەرگە ئوخشاش ئاجىزلارنىڭ ماللىرىنى، ئاياللارنىڭ تويلۇق ۋە مىراسىنى يەۋېلىش، قەرز يېيىش ۋە پارا ئېلىش.

زاكات بەرمەسلىك ياكى زاكاتنى نامرات ۋە ھاجەتمەنلەردىن كېچىكتۈرىۋېتىش ياكى ئۇلارنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىسىز زاكاتنى ئىشلىتىۋېلىش.

كۆز بويامچىلىق قىلىش، يەنى ئومۇمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئۇنى ناھەق ۋە پايدىسىز ئورۇنغا ئىشلىتىش، ھۆكۈمرانلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئۆز خاھىشى ياكى ئىسراپچىلىقى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق بولۇپ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ

[82] 3- باب: ئەمەلىي پاكلىنىش، ھارام مال ھەققىدە سۆزلىگەندە سۆزلەپ ئۆتتۇق.

مەجبۇرىيىتى مىللەتكە تېخىمۇ پايدىلىق بولغان، ھۆكۈمەت، ھاكىم ۋە دۆلەتتىن تەلەپ قىلىنىدىغان مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئىزدىنىش، پۇلنى ئالدى بىلەن بۇ ئورۇنلارغا سەرپ قىلىش، ئاندىن ياخشىلىق ۋە قىلسا بولىدىغان رۇخسەت ئىشلارغا يۆتكىلىشتۇر. ئۇلار دۆلەت پۇلىنى ھارام ئىشلارغا ئىشلەتسە بولمايدۇ ۋە پۇلنى زۆرۈر ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، قىلمىسىمۇ بولىدىغان، قىلسا ياخشى بولىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ھۆكۈمدارلارنىڭ دۆلەت پۇلىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى شېرىكلىرىگە ۋە ياكى پەقەت بىر قىسىم پۇقرالىرىغا ناھەق ئىشلىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

شەخسىلەرنىڭ ، خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ شەخسىي ھەدىيە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى خىزمىتى سەۋەبىدىن بېرىلگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

باشقىلارنىڭ ماللىرىنى، زېمىنلىرىنى، دۇكانلىرىنى ياكى يېمەكلىكلىرىنى ئوغۇرلاش؛ زۇلۇمدۇر.

جازانە ئېلىش زۇلۇمدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا جازانىخورنى جازانىنى تاشلاشقا، ئۆز سەرمايىسىگە كۇپايىلىنىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِن تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَالِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ﴾ «ئەگەر [جازانە قىلىشتىن] تەۋبە قىلساڭلار، [قەرز بەرگەن] سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر» [سۈرە بەقەرە 279- ئايەت]

قىمار ئويناش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، مونوپول قىلىۋېلىش زۇلۇمدۇر، ئۇلار ھارام مالغا ئېلىپ بارىدىغان چەكلەنگەن ئىشلاردۇر.

خىزمەتچى ۋە ياللانما خادىملارنى ئىشلىتىپ ھەققىنى بېرەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك ياكى ئۇلارغا ئىشنى ئەرزان باھادا قىلغۇزىۋېلىشلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇمدۇر.

خىزمەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى ۋە ۋەزىپىسىگە يارىشا ئىش ھەققىنى ئېلىش، يېمەك -ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، داۋالىنىش ۋە تۇرالغۇغا ئېرىشىش ھوقۇقى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر بىر ئىشنى تاپشۇرغان كىشىنىڭ ئۆيى بولمىسا ئۆي ئېلىپ بەرسۇن، ئايالى بولمىسا توي قىلىپ قويسۇن، خىزمەتچىسى بولمىسا خىزمەتچى ئالسۇن، مال-چارۋىسى بولمىسا مال-چارۋا ئالسۇن، بۇنىڭدىن باشقىسىنى ئالغان كىشى ئالدامچىدۇر»[83] خىزمەتچى ۋە خادىملارنىڭ مەسئۇل كىشىدىن سورىماستىن بۇنداق ھەدىيەنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر ئىشتا ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئالغىنى ئوغۇرلۇقتۇر.»[84]

پۇل ئىشلىتىشتىكى زۇلۇمنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن سىرت پۇلنى ياخشىلىق ۋە ياردەم ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىش ئورنىغا، ھەشەمەتچىلىككە بۇزۇپ-چېچىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇ پۇلنى بۇزۇقچىلىققا ، گۇناھقا، شەھۋەتلەرگە، ئەدەپسىزلىككە، تەكەببۇرلۇققا، چوڭچىلىققا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئىشلىتىشى ھالاكەت ۋە ئازابنى ۋاجىپ قىلىدۇ؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا أَرَدْنَا أَن نُّهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا**﴾ «بىرەر شەھەر [ئاھالىسى]نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى [بىزگە ئىتائەت قىلىشقا] بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى-پاسات قىلىدۇ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز» (سۈرە ئىسرا، 16-ئايەت)

مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى- ئاللاھ ئۇنى باي قىلغان بولسىمۇ خەجلەشتە ئادىل بولۇش، ئىسراپخورلۇقتىن، قۇرۇق رەسمىيەت، ساختىنا كۆرۈنۈش ۋە ئورۇنسىز ماختىنىشلاردىن يىراق بولۇشتۇر.

[83] ئەھمەد، 4/229 – ھەدىس.

[84] ئەبۇ داۋۇد، 2943 – ھەدىس.

ھۆكۈمدار دۆلەتنىڭ پۇلنى ئىسراپ قىلىشتىن يىراق بولۇشى لازىم، ئىمكانىيەتكە قارىتا چىقىم قىلىشى، جازانە ۋە باشقا سەۋەبتىن ، پۇقرالارنى ۋە دۆلەتنى كاپىرلارغا قەرز قىلىپ قويماسلىقى، تېگىشلىك زۆرۈرىيەت بولمىسا باي پۇقرالاردىن باج ئالماسلىقى لازىم، خەلقنىڭ مېلىنى قەرز ئالماسلىقى، ئۇنى پەقەت ئەڭ مۇھىم ۋە ئازراق مۇھىملىق پرىنسىپىغا رىئايە قىلغان ھالدا، پايدىلىق، ھەقىقىي ۋە قانۇنلۇق ئورۇنلارغا ئىشلىتىشى لازىم.

# تۆتىنچى تېما

# كەمتەرلىك ۋە كىبىرنى تەرك ئېتىش

**كەمتەرلىكنىڭ مەنىسى نېمە؟**

كەمتەرلىك دېگىنىمىز: ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزدىن تۆۋەن، كىچىك كۆرۈشىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل، قەدىر-قىممەتلىك ھېس قىلماسلىقىڭىز، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۈستۈن ۋە ئىززەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنى پەش قىلماسلىقىڭىز، شۇنداقلا قەلبىڭىزدە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئىززەت-كەرەملىك ئويلاپ قالماسلىقىڭىزدىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۆز – ئارا مۇئامىلىلىرىنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ ۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاءُ ۚ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەت بولىدىكەن، اللّٰه (ئۇنىڭ ئورنىغا) اللّٰه ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللّٰه نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللّٰه نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قوۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللّٰه نىڭ پەزلىدۇركى، (اللّٰه ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، اللّٰه (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (اللّٰه ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» [سۈرە مائىدە 54- ئايەت]

كەمتەرلىك ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ۋاجىپ قىلغان رەھمەتنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا، ئاللاھ تائالا كەمتەرلىك ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئۆلچىدى ۋە ﴿**أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ**﴾ «ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز–ئارا كۆيۈمچاندۇر» دېدى. [سۈرە فەتھ 29- ئايەت] مېھرىبانلىقنىڭ قارشىسىدا قوپاللىقنى بايان قىلدى.

كەمتەرلىك مۇسۇلمانلار ئارا تېپىلىشى زۆرۈر بولغان بىر سۈپەت بولسا ئۇنىڭ ئۇرۇق – تۇغقان، ئائىلە – تاۋابىئات ، ئايال-بالا ۋە ئاتا-ئانىلار ئارا تېپىلىشى تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا: «ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەن. [سۈرە ئىسرا 24- ئايەت]

كىمكى رەھىمدىل بولىدىكەن رەھىمدىللىك ئۇنى كەمتەرلىككە يېتەكلەيدۇ، كىمكى رەھىمدىللىكنى يوقىتىدىكەن كەمتەرلىكنى ئەسلا تاپالمايدۇ. ئەكسىچە، قەلبى قاتتىق، مۇتەكەببىر ۋە زالىم بولۇپ قالىدۇ. كەمتەرلىك ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خار كۆرۈڭ دېگەنلىك ئەمەس، شۇنداقلا كىشىلەر سىزگە يولسىزلىق قىلسا ئۈن – تىنسىز قوبۇل قىلىڭ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. مۇتەكەببىر، زالىم ۋە ئەخلاقسىز تاجاۋۇزچىغا كەمتەرلىك قىلىش كەمتەرلىك بابىدىن ھېسابلانمايدۇ . بەلكى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى توسۇپ، چەك – چېگراسىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن ئۆز ھەققىگە ئىگە بولالمىغان، ئاجىز، تەجرىبىسىز، بىچارە، ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان بىرەرىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى نائۇمىدتە قويماسلىق، ھوقۇقدارنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەققىگە قول ئۇزارتىشىنى توسۇش ۋەزىپىمىز بار.

كەمتەرلىك ھەرگىزمۇ ئۆز ھەققىنى قولدىن بېرىش، ئۆزىگە ھەقلىق نەرسىگە ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشىشتە ئىرادىسىزلىك قىلىش ئەمەس، بۇلار ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىق. ھەقىقىي كەمتەرلىك ئېرىشىشكە قادىر تۇرۇپ مەردلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىش، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقا قادىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى ئەپۇ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## كەمتەرلىكنىڭ ئەھمىيتى

كەمتەرلىك ئۆز-ئارا مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، ھەمكارلىقنى ئاشۇرىدۇ؛ چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە چوڭچىلىق قىلغان كىشىنى ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۆزىدىن ئۈستۈن بىرىنى كۆرسە قەلبى راھەت تاپالمايدۇ. كىبىرلىك ۋە كەمتەرلىكنى تەرك ئېتىش مېھىر-مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، مېھىر-مۇھەببەت يوقىسا، قېرىنداشلىق، كۆيۈمچانلىق، ھەمكارلىقنىڭ ئورنىنى، كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت قاپلاپ زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

پەيغەمبەرﷺ كەمتەرلىكنىڭ ھەق-ھوقۇقلارنى جايىدا ئادا قىلىپ، زۇلۇم قىلماسلىققا ئۈندەيدىغانلىقىنى، كۆز – كۆز قىلىش ۋە چوڭچىلىق قىلىشتىن توسىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ:«ئاللاھ تائالا بىر – بىرىڭلارغا ماختانماسلىقىڭلار ۋە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن ماڭا كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ۋەھيي قىلدى»[85] دېگەن.

كەمتەرلىكنى تەرك ئېتىش ۋە چوڭچىلىق قىلىش زۇلۇم ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ چۈنكى كەمتەر بولمىغان كىشى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، ئۆزىنى باشقىلاردىن كۆپكە ھەقلىق دەپ قارايدۇ - دە، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى پەش قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەق – ھوقۇقتا باراۋەردۇر. شۇ ۋەجىدىن كەمتەرلىك ئادىللىق ۋە ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىشقا ئۈندەيدىغان سەۋەب بولغان بولسا، تەكەببۇرلۇق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشقا ئاپىرىدىغان سەۋەبتۇر.

كىبىر ئىنساننى ھەقنى ئىنكار قىلىشقا باشلايدۇ، كىشىلەر

[85] مۇسلىم، 2865 – ھەدىس.

ئۇنى ھەققە دەۋەت قىلسا ئۇلارنى ياراتماي كەمسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ :«تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر»[86] دېگەن.

مۆمىننىڭ ئىمانىنى ھۆرمەتلىشىمىز مۇقەررەر بولۇپ، كىمكى مۆمىننى ئىمانى سەۋەبلىك كەمسىتىپ، مەنسىتمىسە كاپىر بولىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك مۆمىنلەرگە ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشكە باشلايدۇ. كىمكى كاپىرنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق ، كۇفرىلىقتا تۇتقان يولى سەۋەبلىك چوڭ بىلسە ئۇ كۇفرىلىقتۇر ۋە شۇ سەۋەبلىك كاپىرلارغا ياردەمچى ۋە دوست بولۇپ قالىدۇ، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَىٰ أَوْلِيَاءَ ۘ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ ۗ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر – بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ» [سۈرە مائىدە 51- ئايەت]

كىمكى بىر مۆمىنگە كەمتەرلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئىمانىغا ھۆرمەت قىلىدىكەن، دوستلۇق، مۇسۇلمانلار ئارا بىرلىك، ھەمكارلىق، كىچىك خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىش، ئۇلارنىڭ ئىرىشچانلىقلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقنى خالايدىغانلىقلىرى توغرىسىدا ياخشى گۇماندا بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولىدۇ. بەلكىم ئۇلارمۇ بىز خاتالاشقاندەك خاتالىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار توغرىسىدا يامان گۇمان قىلىش ئورنىغا ياخشى گۇمان قىلىشىمىز لازىم.

## كەمتەرلىككە بۇيرۇش

مۇسۇلمانلار ئارا كەمتەرلىك ئەخلاقى مەجبۇرىيەت قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان تەكەببۇرلۇق بولسا چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆزىگە يېقىن بولۇشى، جەننەتكە كىرىشى،

[86] مۇسلىم، 91 – ھەدىس.

باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ھۆرمەتلىشى ئۈچۈن كەمتەرلىككە بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىبىردىن، چوڭچىلىقتىن خالىي، بۇزۇقچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدىغان كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **﴿تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا ۚ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾** «ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.» [سۈرە قەسەس 83-ئايەت]

ئاللاھ تائالا كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى، ئەجرىنىڭ كاتتا، كىشىلەر ئارىسىدىكى قەدىر-قىممىتىنىڭ ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى ۋە كەمتەرلىكتە ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇشنى ئالدىنقى شەرتى قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ «سەدىقە مالنى كېمەيتىپ قويمايدۇ، بەندە ئەپۇ قىلغانسېرى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىززىتىنى ئاشۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ»[87] دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز ۋە يولباشچىمىز مۇھەممەد ﷺ ماقامىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي ئەڭ كەمتەر كىشىلەردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى كەمتەرلىكىدىن ئىدى؛ ئائىشە رضي الله عنها رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا: «ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، ئەزاننى ئاڭلىسا نامازغا چىقاتتى»[88] دېگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاجىز ۋە كىچىكلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن باش تارتماسلىقى كەمتەرلىكىدىن بولۇپ، ئەنەس رضي الله عنه رىۋايەت قىلىپ **«مەدىنە دېدەكلىرىدىن بىرى رەسۇلۇللاھنى نەگە دېسە شۇ:**

[87] مۇسلىم، 2588 – ھەدىس.

[88] بۇخارى، 5048 – ھەدىس.

**يەرگە ماڭاتتى»[89] دېگەن.** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ دېدەكنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى، ئۇنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا يول قويمايتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى مۆمىن ئەسھابلىرىغىمۇ مۇشۇنداق كەمتەر بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ «ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن» [سۈرە شۇئەرا 215- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ**﴾ «بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن قايغۇرمىغىن، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن» [سۈرە ھىجر 88 - ئايەت].

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۆمىنلەرگە كەمتەر بولۇشقا بۇيرۇلغان يەردە، بىز مۇسۇلمانلار ئۆز- ئارا قانچىلىك دەرىجىدە كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك-ھە!

## كىبىردىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇتەكەببىر كىشىنىڭ ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنى ھاقارەتلەشنى ياخشى كۆرگىنىگە ئوخشاش خارلىققا لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَيَوْمَ يُعْرَضُ الَّذِينَ كَفَرُوا عَلَى النَّارِ أَذْهَبْتُمْ طَيِّبَاتِكُمْ فِي حَيَاتِكُمُ الدُّنْيَا وَاسْتَمْتَعْتُم بِهَا فَالْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ الْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَفْسُقُونَ**﴾ «كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ):« سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ،

[89] بۇخارى، 5424– ھەدىس.

ئىماندىن باش تارتقانلىقىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» [سۈرە ئەھقاف 20- ئايەت]

بۇ دۇنيادا تەكەببۇرلۇق قىلغانلار قىيامەت كۈنى بەكرەك خارلىققا مەھكۇمدۇر. بۇ توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ :« تەكەببۇرلار قىيامەت كۈنى زەررىگە ئوخشاش مەھشەرگاھقا كېلىدۇ، ئۇلارنى خارلىق ھەر تەرەپتىن ئوراپ، جەھەننەمدىكى تۇرمىگە سۆرەپ مېڭىلىدۇ»[90] دېگەن.

تەكەببۇر كىشى دوزاخ ئوتىغا لايىقتۇر، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ ؟ دەپ ئۇلار: ئاجىز، باشقىلارنىڭ نەزىرى ئانچە چۈشمەيدىغان كىشىلەردۇر، ئەگەر ئۇلار ئاللاھنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ. مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ دەپ ئۇلار: قوپال، ئىچى تار، تەكەببۇر كىشىلەردۇر .»[91]

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن بىر كىشىنى يەر يۇتقۇزدى، ئۇ قىيامەتكىچە يەر ئاستىغا چۆكۈپ بارىدۇ دېگەن بايانلىرىدىن مۇتەكەببىرنىڭ قانچىلىك جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك.

***قانداق قىلغاندا كەمتەرلىك بىلەن ئەخلاقلىنىپ، تەكەببۇرلۇقتىن قۇتۇلالايمىز؟***

ئىنسان كەمتەرلىك ئارقىلىق تەكەببۇرلۇقنى داۋالىيالايدۇ، تەكەببۇرلۇقنىڭ دورىسى كەمتەرلىك بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ دورا تۆۋەندىكى ئىككى ئىش بىلەن پۈتىدۇ:

**1-قەلبىي ئىش (قەلبىي دورا):** بىزنى كىشىلەردىن تەقۋالىقىمىزدىن باشقا بىر ئىشنىڭ پەرقلىق قىلمايدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز ، ئىنسانلارغا غەيب ھېسابلىنىدىغان بۇ

[90] . ئىمام ئەھمەد، 6677 – ھەدىس. ئىمام تىرمىزى، 2492– ھەدىس. نەسەئىي، 11827– ھەدىس.

[91] . بۇخارى، 4634– ھەدىس. مۇسلىم، 2853– ھەدىس.

تەقۋادارلىق بىلەن ئۆزىمىزنى ئالاھىدە قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك ئەگەر ئۇلاردىن ئەۋزەل بولىدىغىنىمىز دەيلى، دائىم مۇشۇ ئەۋزەللىكىمىزدە تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالامسىز؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىپ سىزدىن ئەۋزەل بولۇپ كەتكەن بولۇشى، ئاللاھ ئۇنىڭ خاتىمىسىنى سىزنىڭكىدىن ياخشى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. سىز يەنە نېمىگە ئاساسەن ئۇلارغا چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىسىز؟ بۇ نۇقتىنى كۆپ ئەسلەپ بەرگەندە قەلب تەكەببۇرلۇقتىن پاكلىنىپ كەمتەرلىك ئورۇن ئالىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن كەمتەرلىك غەيبكە ئىشىنىش بىلەن باغلىنىدۇ. خۇددى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە باشقىلاردىن ياخشىدەك، مەقبۇلدەك، ئۆزىنى باشقىلاردىن ياخشى دەۋالغان كىشى غەيبنى بىلىمەن دەۋالغانغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھېچ كىشى بىلىشكە قادىر بولالمايدىغان غەيبدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ ۖ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَىٰ﴾ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، اللّٰه تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ» [سۈرە نەجم 32-ئايەت].

بۇنى چۈشەنمەسلىك ئىسلامىي جامائەت، مەزھەپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتىنى، كىمنىڭ ئەمىلىنىڭ مەقبۇل، كىمنىڭ مەقبۇل ئەمەسلىكىنى بىلىدىغاندەك بىر-بىرىگە چوڭچىلىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە جەمەت ۋە جامائەتلەر ئارىسىدا ماختىنىش، كۆز-كۆز قىلىش، پەخىرلىنىش غەيب ھەققىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، بىز گويا غەيبنى بىلىدىغاندەك سۆزلەپ كېتىمىز ۋە تەسەررۇپ قىلىمىز.

بەزى كىشىلەر ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، ئۇنى كىشىلەرگە كۆز – كۆز قىلىدۇ. ۋەھالەنكى مۆمىن نېمەتلەرنىڭ زىيادە شۈكۈر ۋە كەمتەرلىك تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە ھەر قانداق بىر نېمەتنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەققى بارلىقىنى ھەم بىلىدۇ. ئۇ ئادا قىلىدىغان ھەق شۇ نېمەتلەر بېرىلمىگەن كىشىگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ھەققىنى ئادا قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىمەي باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلغىنى نېمىسى؟!

**2-ئەمەلىي ئىش (ئەمەلىي دورا) :** بۇ تۈۋەندە بايان قىلماقچى بولغان كەمتەرلىكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ ئادەتلىنىش، ھەتتاكى ئۇ ئەدەپلەرنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىيتىگە ئايلىنىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندىكىلىرى كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلەنگەن كىشى كەمتەر ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا سەل قارىغان كىشى مۇتەكەببىر ھېسابلىنىدۇ .

## كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن

ئاللاھ تائالا بىزنى كەمتەرلىككە ۋە كەمتەرلىكنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق كۆرۈنۈشلەرگە بۇيرۇدى؛ چۈنكى ئەدەپ -ئەخلاقتىن مەقسەت، ئۇنىڭ قەلبتە بولۇشىلا بولماستىن، بەلكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىلەردە تەتبىقلاشتۇر. ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى قارشى ئېلىنمايدىغان (ئەيىبلىنىدىغان) خۇلق ۋە پەسخەشلىق كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ئەمەللىرىدە نامايان بولىدىغان، قەلبىدە كىبىرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھەر قانداق كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ ھارام قىلغان.

كەمتەرلىككە ئۈندەپ كىبىرنى تەرك ئېتىشكە ياردەم بېرىدىغان مۆمىنلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرى:

**1- ئاللاھ تائالا ئالدىدا كەمتەر بولۇش.**

ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇپ، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا**

﴿وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ «(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» دېگەن. [سۈرە نۇر 51، 52- ئايەت]

**2- كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئاتا – ئانىغا كەمتەر بولۇش.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ «ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەن، [سۈرە ئىسرا 24- ئايەت] مۇسۇلماننىڭ ئاتا-ئانىسىغا كەمتەر بولۇشى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق ۋە ۋاپادارلىق يۈزىسىدىن بويسۇنۇشى ۋاجىپ بولۇپ، خۇددى بويسۇنۇش قۇشىنىڭ قانىتىغا ئوخشاش ئاتا – ئانىنى شۇ قاناتنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق قىلىشتۇر.

**3-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: مۆمىنلەرگە كەمتەر بولۇش.**

مۇسۇلمانلارغا چوڭچىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ غادىيىۋالماسلىق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا ۖ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ، وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِن صَوْتِكَ ۚ إِنَّ أَنكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ﴾ «كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى

پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زىرىكەرلىكى ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر» دېگەن [سۈرە لوقمان 18، 19- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا ۖ إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ الْأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ الْجِبَالَ طُولًا ﴾ «سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن،( ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن» دېگەن. [سۈرە ئىسرا 37-ئايەت]

مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كەمسىتمەسلىك، زاڭلىق قىلىش كەمتەرلىك جۈملىسىدىندۇر . مەسخىرە قىلىش باشقىلارغا چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰ أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَىٰ أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ ۖ وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ ۖ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ ۚ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قوۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قوۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن ، بىر- بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيي قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر» دېگەن. [سۈرە ھۇجۇرات 11- ئايەت]

**4-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: ئۆزىنى ما ختىما سلىق .**

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ ۖ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَىٰ ﴾ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ.» [سۈرە نەجم 32- ئايەت] يەنى ئۆزۈڭلارنى ماختىماڭلار، بەلكىم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئويلىغىنىڭلاردەك بولماسلىقىڭلار، يامانلىقنى يوشۇرغان، ياسالمىلىق قىلىۋاتقان بىرىنى ياخشى ئويلىۋېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەلۋەتتە، تاشقى كۆرۈنۈشتە توغرا يولدىكىدەك كۆرۈنگەنلەرگە ياخشى گۇماندا بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. ئۆزىڭىزنى ماختاش بەدىلىگە سىزگە شۇ ئارتۇقچىلىقنى ھەدىيە قىلغان، سىزنىڭ شۇ ئارتۇقچىلىققا نائىل بولۇشىڭىزغا ياردەم بەرگەن رەببىڭىزنى ئەسلەڭ. ئۇ يولغا قويغان شەرىئەتنى ئارقىلىق سىزنى شۇ ئىشتا مۇستەھكەم قىلدى. ئۆزىڭىزگە زوقلىنىشنى سىزگە ئاشۇ ئارتۇقچىلىق ۋە ياخشىلىقنى بەرگەن رەببىڭىزگە زوقلىنىشقا ئۆزگەرتىڭ. ئۆزىڭىزنى كاتتا چاغلاۋاتقان، ئۆزىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتماقچى بولغان ۋاقتىڭىزدا، پەزلەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنى ئەسلەڭ-دە، ئاللاھقا شۈكۈر سەجدىلىرىنى قىلىڭ. ئاللاھ تائالا سۈرە نۇردا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يُزَكِّي مَن يَشَاءُ ۗ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» دېگەن [سۈرە ھۇجۇرات 11- ئايەت].

مۇسۇلمان ئۆزىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ماختاش ئارقىلىق باشقىلارنى كەمسىتىپ چۈشۈرمەسلىكى لازىم. مەسىلەن تۆۋەندىكى گەپلەر: «بۇ ئىشنى مەندىن باشقا بىرى ھەل قىلالمايدۇ. مەندىن باشقىسى بۇنىڭغا لايىق ئەمەس.» بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سىز ئۇنى گوياكى:«ئاللاھ

مەنـدەك ئادەمدىـن باشـقا بىرنـى يارىتىـپ باقمىـدى» دەۋاتقانـدەك ھېـس قىلىـپ قالىسىز. مۇسۇلمان يەنـە ئـۆز ئورنىنـى ئىسـپاتلاش، چوڭچىلىقنـى كـۆز - كـۆز قىلىـش ئۈچـۈن باشـقىلارنى خاتاغـا چىقىرىـش ئۇسـلۇبىنى ئىشلەتمەسـلىكى كېـرەك، بـۇ تۈردىكـى كىشـى ئۆزىنـى ماختىمىغىنـى بىلـەن ئۇنـىڭ باشـقىلارنى ئېتىـراپ قىلماسـلىقى، باشـقىلارنى توغـرا، ياخشـى ئۇسـتىدە كۆرمەسـلىكى ئۇنـىڭ ئۆزىنـى كاتتىـلاپ ئۆزىدىـن بېشـارەت بېرىۋاتقانـدەك تۇيغـۇ بېرىـدۇ.

**5-كەمتـەر كىشـىلەرنىڭ ئـەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن:باشـقىلارنىڭ ماختىشـى ۋە كاتتىلىشـىنى قوبـۇل قىلماسـلىق.**

غادىيىـپ، ئۆزىنـى چـوڭ تۇتـۇپ، مەغرۇرلىنىـپ كەتمەسـلىك ئۈچـۈن رەسـۇلۇللاھ ﷺ كىشـىلەرنىڭ ماختىشـىنى قوبـۇل قىلىشـتىن توسـتى. مىقـداد رضي الله عنه رىۋايـەت قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ﷺ ماختىغۇچىلارنىـڭ يۈزىگـە توپـا چېچىشـىمىزنى بۇيـرۇدى.»[92]، ۋە يەنـە مەغرۇرلىنىـپ كېتىشـىگە سەۋەپ بولماسـلىقى ئۈچـۈن باشـقىلارنى ماختاشـتىنمۇ ئاگاھلانـدۇردى، ئەكسـىچە ئۇلارنـى كەمتەرلىككـە ئۈندەشـىمىز كېرەكلىكىنـى تەكىتلىـدى.

بىكرە رضي الله عنه دىـن، ئۇنـىڭ دادىسـىدىن رىۋايـەت قىلىنغـان ھەدىسـتە مۇنـداق دېيىلگـەن: «بىـر ئـەر يەنـە بىـر ئەرنـى ماختىۋىـدى، رەسـۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقـان ھالـدا: « ۋاي ئىسـىت ! ھەمراھىڭنـى ئۆلتـۈردۈڭ.» دېـدى ۋە يەنـە « ئەگـەر بىرىنـى ماختاشـقا توغـرا كەلسـە (شـۇنداق ئويلايمـەن، ئاللاھ ئالدىـدا بىرەرنـى پاكلىيالمايمـەن) دېسـۇن دېگـەن[93]، بـۇ ھەدىس ئارقىلىـق بىرەرنـى ئالدىـدا بولسـۇن ياكـى كەينىـدە بولسـۇن ماختاشـقا توغـرا كەلگەنـدە ئۇنـىڭ كۆڭلىدىكىنـى، ئىچكـى ئەھۋالىنـى بـەش قولـدەك بىلمىگەنىكەنمىـز، ئۇنـىڭ تاشـقى قىياپىتىگـە قـاراپ ھۆكـۈم قىلغانىكەنمىـز، ئەلۋەتتـە ئاللاھنـىڭ بىلىشـىگە قويـۇپ «شـۇنداقراق

[92] . مۇسلىم، 3002 – ھەدىس. تىرمىزى، 2392 – ھەدىس. ئىبنى ماجە، 3742 – ھەدىس.

[93] . بۇخارى، 2519 – ھەدىس. مۇسلىم، 3000 – ھەدىس.

ئويلايمەن» يەنى شۇ ئويدىمەن دېيىشى كېرەكلىكى ئايان بولىدۇ.

سەلەف سالىھلار ماختالسا ئاللاھقا ئىستىغپار ئېيتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئويلىغۇلىغىنىدەك ئورۇندا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىشاتتى ۋە يەنە بەزىلىرى: « ئى ئاللاھىم! ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى سەۋەبلىك مېنى جازالىمىسىلا، ماڭا ئۇلار بىلمىگەن ئىشلاردا مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇلار ئويلىغاندىن ياخشى قىلسىلا.»[94] دەيتتى.

**6-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئۆزى قىلمىغان ئىشلاردا ماختىلىشقا بولغان مەپتۇنلۇقنى تاشلاش.**

كىبىرنىڭ قەبىھ سۈرەتلىرىدىن: ئۆزى قىلمىغان ئىشتىن پەخىرلىنىش. ئىنساننىڭ ئۆزى قىلغان ئىشقا باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ياخشى كۆرۈشى جائىز بولمىغان يەردە ئۆزى قىلمىغان ئىشلاردا ئەھۋال قانداق بولار – ھە! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَفْرَحُونَ بِمَا أَتَوا وَّيُحِبُّونَ أَن يُحْمَدُوا بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا فَلَا تَحْسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٍ مِّنَ الْعَذَابِ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ « (ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيەلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» دېگەن. [سۈرە ئال ئىمران 188- ئايەت]

شۇنى قوشۇپ قويۇش كېرەككى، بىرەر باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىنى ئۆزىنىڭ نامىدا قىلىۋېلىشى، بىرەر مەسئۇلنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پىكرى، ئىلمىي تىرىشچانلىقلىرىنى تارتىۋېلىشى ئەسلا جائىز بولمايدۇ.

**7-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ئۆلچىيەلىشى كېرەك.**

ئىنسان ئۆزىنى ئىمكانىيىتىدىن ئۈستۈن كۆرۈۋالماسلىقى،

[94] . بۇخارى، 761 – ھەدىس.

ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىۋالماسلىقى كېرەك. ئىنسان ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى يېتەرسىز تۇرۇپ يېتەرلىك ئويلىشىپ كۆرمىگەن، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئىشىغا چات كىرىشىلىشى تەكەببۇرلۇق بابىدىندۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنى باشقىلاردىن بەكرەك لايىق، ھۆكۈم قىلىش، ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا مۇكەممەل دەپ ئويلىشىپ بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىدارە قىلىش، رەئىسلىك ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىشتا سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، جايىدا قاملاشتۇرۇپ قىلالمىغان كىشىنىڭ پۇشايمانغا قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «باشلىق بولۇشقا ھېرىسمەن بولغىنىڭلار بىلەن قىيامەتتە نادامەت چېكىسىلەر. ھاياتتا پايدىلىنىپ ھۇزۇر سۈرگىنىڭلار بىلەن سورىغىدىن چىقماق تەس»[95].

**8-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: كىشىلەردىن ئۆزىنى ئالاھىدە ھېس قىلىۋالماسلىق، كىشىلەرنىڭ كاتتىلىشىغا ئىنتىزار بولماسلىق.**

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى ياخشى كۆرسە ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن»[96].

**9-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: چىرايلىق كىيىم كىيگەندە ياكى ياسانغاندا ئۆزىنى كۆز – كۆز قىلماسلىق ۋە ئۆزىدىن زوقلىنىپ كەتمەسلىك.**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ :« بىر كىشى ئېسىل كىيىنىپ، چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، ئۆز – ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتقاندا ئاللاھ تائالا ئۇنى يەرگە يۇتقۇزدى. ئۇ قىيامەتكىچە يەر ئاستىغا

[95] . بۇخارى، 6729 – ھەدىس.

[96] تىرمىزى، 2755 – ھەدىس.

چۆكۈپ باردۇ»[97]. يەنە بىر رىۋايەتتە «غادىيىپ كېتىۋاتقاندا» دېگەن سۆز قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان. بۇ جازا قانداقتۇر چاچ تارىغانلىقى، يېڭى (ئېسىل) كىيىم كىيگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس. (ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىش جائىز) ئۇ ئادەمنى خارلىق ئازابقا ھەقلىق قىلغىنى ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ پەخىرلىنىپ كېتىشى بولدى.

**10- كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: مىننەتسىز كەلگەن ئېھتىياجلىق نەرسىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتماسلىق.**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا سۆزلىمەيدىغان، گۇناھلىرىنى پاكلىمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە دەھشەتلىك ئازابقا قالىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېرىغىنىنى تونۇمايدىغان پاھىشىۋاز، يەنە بىرى يالغانچى پادشاھ، يەنە بىرى تەكەببۇر نامرات ئادەم»[98]. بۇ ئىشلارنىڭ باشقىلاردا يۈز بېرىشىدىن بەكرەك بۇ كىشىلەردە يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك بولغاچقا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ئازابقا لايىق بولدى. بايىنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشى جائىز بولمىغان يەردە، بالا – چاقىلىرى كۆپ، موھتاج نامراتقا تەكەببۇرلۇق قىلىش قانداقمۇ راۋا بولسۇن! ئادەتتىكى ئىنساننىڭ يالغان سۆزلىشى جايىز بولمىسا، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغان پادشاھنىڭ يالغان سۆزلەشكە نېمە ھاجىتى؟! ياشلارنىڭ زىنا قىلىشى چەكلەنگەن يەردە، ئۆزىنى تارتىش يېشىغا يەتكەن، شەھۋىتى ئاجىزلىغان ياشانغان كىشىنىڭ زىنا قىلىشى چەكلەنمەمدۇ؟

**11-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: زورلىنىپ قالغان ئەھۋالدىن سىرت باشقىلارنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سالماسلىق ۋە باشقىلارنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ھەقلىق ئويلاپ قالماسلىق.**

چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىشى، ھەر قانداق

[97] بۇخارى، 5452 – ھەدىس. مۇسلىم، 2088 – ھەدىس.

[98] مۇسلىم، 107– ھەدىس.

ئىشلىرىدا ئۆز-ئۆزىگە ئىگە بولۇشى ئەۋزەلدۇر. مۇسۇلمان باشقىلارنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆز خىزمىتىگە سالمايدۇ. بىر نەرسىلەرنى ئورۇنسىز تەلەپ قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە جىددىي ياكى زورلىنىپ قالغان ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىدىن كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىق ھەققىدە ۋەدە ئالغان بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، باشقا بىرىنىڭ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماسلىقىنى ئېيتقان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازاد قىلغان قۇلى سەۋبان ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « رەسۇلۇللاھ ﷺ «كىم ماڭا باشقىلاردىن نەرسە سورىماسلىققا كېپىل بولالىسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىل بولىمەن» دېدى. سەۋبان «مەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئۇ باشقىلاردىن نەرسە سورىمايتتى[99].

بۇ ئەخلاق مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا باشقىلارنى ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن ئىجارە ئالالايدىغان بايلارمۇ ئىجارىگە ئېلىشى زۆرۈر بولغان ۋاقىتلاردا ئۇلارغا چىرايلىق، سىلىق – سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئۇلارغا تەكەببۇرلۇق، قاتتىق قوللۇق قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلاپ ئۇلارنى خار-زەبۇن ھېس قىلدۇرماسلىقى كېرەك. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مال - دۇنيانى كىشىلەرنى ئۆزىگە قۇل قىلىپ، خارلاپ، ئاھانەت قىلىش ۋاسىتىسى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان.

**12- كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈشتۇر.**

مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ئۇلارنى راھەتلەندۈرۈشكە

[99] ئەبۇ داۋۇد، 1643– ھەدىس.

تىرىشىش، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن باش تارتماسلىق، بولۇپمۇ موھتاجلار، ئاجىزلار، ئاياللار، ياكى باللار، دەردمەن، غەمكىنلەر، مۇساپىرلار، غېرىبلەر ، مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلار، قەرزدارلار، ئاچلىق ئازابىنى تارتىۋاتقانلار، ئۆي – ماكانسىز، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانلارغا بەكرەك ھەمدەم بولۇشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشىغا، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشىغا ياردەم بېرىشى ۋاجىپتۇر. ياردەم قىلىشقا قۇربى يېتىپ تۇرۇپ ئۇلارغا سەل قاراپ، بىلمەسكە سالماسلىقى، بىزار بولماسلىقى كېرەك.

ھەر بىرىمىز يۇقىرىقىدەك مۇسىبەتلەر بىلەن سىنىلىپ قېلىشىمىز، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا ئادەم تاپالماي قېلىشىمىز مۇمكىن. ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇدى: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ﴾ «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار» [سۈرە مائىدە 2- ئايەت]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ ئۇنى قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[100] ۋە يەنە «تاشلىۋەتمەيدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلماننىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنىڭ ياخشى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:« ھۈنەرۋەنگە ياردەم قىلغىن ياكى ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ئادەمگە ياردەمدە

[100] بۇخارى، 2310 – ھەدىس. مۇسلىم، 2580 – ھەدىس.

بولغىن»، ئىشلىرىنى ياخشى ئىدارە قىلالمايدىغان ئاجىز – مىسكىنلەر ياخشىلىق ۋە ئەجىر بابىغا باشلىغۇچىلاردۇر. كەمتەر كىشى ئۇلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى ياردەم بېرىشتىن ئېلىپ قاچمايدۇ، ئۆزىنى ئېلىپ قاچقۇچىلار بولسا تەكەببۇر، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ياكى ئىمانى ئاجىز كىشىدۇر.

**13- كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: يۇقىرى مەنسەپلىك، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ كىشىلەر ئارا ئۇلتۇرۇشلار، پاراڭلىشىشلار، ھەدىيەلىشىش ۋە كىشىلەرنىڭ مۇشكۇللىرىگە ياردەم بېرىشلەردە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقتۇر.**

پەيغەمبەر ﷺ باللار بىلەن پاراڭلىشاتتى ۋە ئۇلارنى ئەركىلىتەتتى (ئۇلارغا كۆيۈنەتتى)، ئاجىز – پېقىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، كېسەللەرنى ۋە نام – ئاتاقسىز كىشىلەرنى يوقلايتتى. ئۇلارنىڭ ھەدىيەسى گەرچە ئاددىي بولسىمۇ قوبۇل قىلاتتى. ھەر قانداق تاماققا چاقىرىلسا ئاددىي كۆرمەي باراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ :« ئەگەر مەن قوينىڭ پۇتى ياكى قولى بىلەن مېھمان بولۇشقا چاقىرىلسام ئەلۋەتتە باراتتىم، ماڭا قوينىڭ پۇتى ياكى قولى ھەدىيە قىلىنسىمۇ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلاتتىم.»[101] دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدىكىلەرگە ياردەملىشەتتى، قول – دېدەكلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ خادىمى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيمنى يوقلاپ بارغان ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئەبا ئۇمەيرنى ئەركىلىتىپ ئۇنىڭغا:« ئى، ئەبا ئۇمەير! قانداق بولدى نۇغەير[102]» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ يەنە كىچىكلەرگە سالام بېرىپ ئۇلارنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قوياتتى.

**14- كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: سىزگە دۈشمەنلىك قىلغان كىشىگە ھەسسىلەپ قايتۇرۇشنى توغرا دەپ قارىماسلىق.**

---

[101] بۇخارى، 2382– ھەدىس. مۇسلىم، 84 – ھەدىس.

[102] . نۇغەير: ئەبۇ ئۇمەير ئوينايدىغان قۇشنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

پەيغەمبەر ﷺ جېدەل – ماجرادا فۇجۇرلۇق قىلىشتىن توستى، يەنى قارشى تەرەپكە ھەددىدىن ئاشۇرۇپ زەربە قايتۇرۇش، شىكايەتتە ياكى ئىنتىقام ئېلىشتا ۋە ياكى رەددىيە قايتۇرۇشتا مۇبالىغە قىلىۋېتىش دېمەكچى بولۇپ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِ ۖ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّابِرِينَ﴾ «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان – زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان – زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار(يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار )» [سۈرە نەھل 126- ئايەت] ۋە يەنە سۈرە مائىدەدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَعْتَدُوا﴾ «(ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار». [سۈرە مائىدە 87- ئايەت]

بالىلىرىمىزغا بىرەرىدىن ئەزىيەت يېتىپ قالسا ياكى ئاداۋەتلىشىپ قالسا بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككىنى قايتۇرۇشنى ئۆگەتمەي، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇ قىلىۋېتىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. لېكىن ئاداۋەتچى نىيىتىنى يامان قىلىپ، ئەزۋەيلەپ كەتسە ياكى رەزىل، مۇتەكەببىرلەردىن بولسا قىلغىنىغا لايىق ھالدا ئاشۇرۇۋەتمەي قىساس (ئۆچ) ئالساق بولىدۇ.

**كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئۆز جامائىتى بىلەن باشقا جامائەتلەرگە، مەزھەپلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقتۇر.**

شەخسىي ھالدا مۆمىن قېرىنداشلىرىڭىزغا تەكەببۇرلۇق قىلىشىڭىز جائىز بولمىغاندەك، ئۆز مەزھەپ ، جەمەت ۋە جامائەتلەر ئارا تەكەببۇرلۇق قىلىش جائىز بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئارا ئۆز جەمەتىڭىز بىلەن باشقا جەمەتلەرگە چوڭچىلىق قىلىش، ئۆز جامائىتى بىلەن باشقا جامائەتلەرگە، مەزھەپلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىش تېخىمۇ توغرا ئەمەستۇر.

***جامائەتلەر ۋە مەزھەپلەر ئارا تەكەببۇرلۇق:***

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى تونۇشۇشلىرى ئۈچۈن خىلمۇ – خىل

مىللەت، قەبىلە قىلدى. پەرقلەندۈرمەستىن تونۇشقىلى بولمايدۇ. قەبىلىلەر ئارا پەرقلەندۈرۈش ئۆز – ئارا ھەمكارلىشىش، تونۇشۇش، ھاياتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈندۇر. ھەرگىزمۇ بىر – بىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا ۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ۚ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ « ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز بىر ئەر، بىر ئايالدىن،(ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز – ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر ( يەنى كىشىلەرنىڭ بىر – بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر». [سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەت]

پەيغەمبەر ﷺ مۇ چوڭچىلىق، پەخىرلىنىش، شوئارلىرىنى تولاشنىڭ يىرگىنىشلىك جاھىلىيەت قالدۇقلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشتا ئىدۇق، مۇھاجىرلاردىن بىرى ئەنسارىدىن بىرىنىڭ كاسىسىغا تەپتى. ئەنسارى: «ئى، ئەنسارلار!» دېدى، مۇھاجىر:« ئى، مۇھاجىرلار!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ :«نېمىگە جاھىلىيەت قىلىقلىرىنى قىلىسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: « ئى، رەسۇلۇللاھ! مۇھاجىرلاردىن بىرى بىر ئەنسارىنىڭ كاسىسىغا تەپتى» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ :«ئۇنداق قىلماڭلار، بۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قەبىھ ئىشتۇر» دېگەن[103].

### *جامائەت ۋە مەزھەپلەر ئارا تەكەببۇرلۇق قىلىش:*

بەلكىم تۇتقان يولىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆپچىلەندۈرەلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇنى مۇقەررەرلەشتۈرەلمەيسىز،

[103] بۇخارى، 4622– ھەدىس. مۇسلىم، 2584– ھەدىس.

بىر ئىشتا مۇقەررەرلەشتۈرگىنىڭىز بىلەن يەنە بىر ئىشتا شەك قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزىڭىزنى ھەق ئۈستىدە ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا باشقىلارمۇ ئۆزىنى ھەق ئۈستىدە ئويلاۋاتقان بولۇشى، ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن راستچىل دەپ ئويلاۋاتقىنىڭىزدا باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىنى شۇنداق ئويلاۋاتقان بولۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇ دۇنيادا ھەممەيلەن ئىمتىھان مەيدانىدا، ھۆكۈم ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىدۇ.» [سۈرە ھەج 69- ئايەت]

ئۆز – ئارا تەكەببۇرلۇق قىلىشماي، شەخسلەر ئارا، قېرىنداشلار ئارا كەمتەر بولۇپ جامائەتكە يۈزلىگەن، مىليونلىغان كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ باشقىلارنى دوزاخ ئەھلى، ئۆزىنى بولسا جەننەت ئەھلى كۆرىدىغان، ئوخشاشمايدىغان ئىختىلاپ، ئىجتىھات مەسىلىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭكى، ئۆز جامائىتىنىڭكى توغرىلىقىدا شەكسىز جەزم قىلىپ باشقىلارنىڭ خاتا ئېغىپ كەتكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغانلار تەكەببۇرلۇققا تۇيمايلا چۈشۈپ قالىدۇ.

***ئوي – پىكىر ۋە ئىجتىھادتا مۇسۇلمانلارغا تەكەببۇرلۇق قىلىش:***

ئوخشاش بىر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىپ ئۆزىڭىزنى توغرا دەپ قارىسىڭىز، قارشى تەرەپمۇ ئىجتىھاد قىلىپ ئۆزىنى توغرا دەپ قارىسا ھېچ بىر سىقىلىش، ھەرەج يوق. لېكىن تەكەببۇرلۇق مەسىلىنىڭ ئىجتىھاد مەسىلىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ ھەر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۇنى ئىجتىھاد مەسىلىسى ئەمەس دەپ تونۇۋېلىشىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنى كونترول قىلماقچى، ئۇنىڭ پىكرىنى تارتىۋالماقچى ۋە ئۇنى ئېغىپ كەتكەن دەپ تۆھمەت قىلماقچى بولىدۇ. گوياكى ئۇلار ھەقنى كۆرۈپ، ھەقنى خالايدىغاندەك، باشقىلار بولسا شۇنىڭ ئەكسىدەكلا ھېس قىلىپ ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلىدۇ.

- **جامائەت، مەزھەپ ، جەمەتلەر ئۆز**-ئارا كەمتەر بولسا چوڭچىلىق، كىبىر، كۆز – كۆز قىلىشنى تاشلاپ بىر – بىرىنى ھۆرمەتلىگەن، قارشى

تەرەپنىڭ ئىجتىھادىغا ئەدەپ بىلەن نەزەر تاشلىغان، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشقان، ھاۋايى – ھەۋەستىن، مۇتەئەسسىپلىكتىن خالىي ھالدا خاتا دەپ قارىغان ئىشلىرىدا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، بۇ ئارقىلىق ئىنسان ساقلانغىلى بولمايدىغان بەزى خاتا ياكى يوچۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىينالمىغان بولاتتى.

بۇ ئەدەپلەرنىڭ ئۇممەتنى بىرلەشتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەمتەرلىك، ئېھتىرام، ھەمكارلىق ۋە نەسىھەتنى ۋاجىپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

**1-كەمتەر كىشىنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئالىم، ئۆلىما، سالىھ كىشىلەر، ئادىل ھاكىملاردىن پەزىلەتلىك، تەسىر كۈچى بار كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماي ئۇلارغا كەمتەر بولۇش.**

شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ﷺ دۇرۇس، ئەقىل ئىگىلىرىنى ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇشى ئۈچۈن ئورۇن بېرىشىمىزنى بۇيرۇدى. ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ:« رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازدا بىزنىڭ مۈرىلىرىمىزنى تۇتۇپ، سەپنى تۈزەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:«سەپراس تۇرۇڭلار، نېرى – بېرى تۇرماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار قەلبىڭلار باشقا- باشقا بولۇپ كېتىدۇ. ماڭا سىلەردىن بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئاقىلراق بولغىنىڭلار يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر يېقىن تۇرسۇن.»[104] ۋە يەنە بىزنىڭ سۆزدە ۋە زىياپەتتە چوڭلارنىڭ ئالدىغا چىقىۋالماسلىقىمىزنى بۇيرۇدى.

**2-كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: مۇھىم ياكى باتۇر كىشى بولمىسۇن دەپ خاتالىق، گۇناھ – مەئسىيەت، تاجاۋۇزچىلىققا يارەملەشمەسلىك.**

بەزى ياشلار ئەركەك بولۇش ئۈچۈن تاماكا چېكىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ

[104] مۇسلىم، 432– ھەدىس.

ئويئوچۇق ۋەسۋەسە ۋە كىبىردۇر. دۇرۇس يىگىت باشقىلارنىڭ تەستىقلىشىغا تەشنا بولمايدۇ، چوڭچىلىق، ئۇستۇنلۇك ئۇچۇن سۇنئىيلىك قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆز مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجىلىرى، سالىھ ئەمەللىرى، راستچىل، تەقۋالىقى ئارقىلىق ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىدۇ. دۇرۇس ئىنسان ئۆزىنىڭ چوڭچىلىق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقسىگە ئۆزىنى ئۇستۇن قىلىدىغان بىر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولسۇن؟! قانداقسىگە ئەركەكلىك ياكى ئۇلۇغلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن ھارام ئىشلارنى قوبۇل قىلسۇن؟!

شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، باشقىلارنى ئۇرىۋالىدىغان، باشقىلارغا ئازار بېرىپ قويىدىغان بالىلارغا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئۇلارنى مۇھىم، بۇيۇك قىلىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئۆچ كۆرۈلىدىغان، نادان، ئەخمەق، جاھىللاردىن قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ تەربىيە قىلىشىمىز لازىم.

# بەشىنچى تېما

## سەۋر قىلىش، غەزەپلىنىش ۋە ئالدىراڭغۇلۇقنى تاشلاش ۋە يولسىز ئىنتىقام ئېلىش ھەققىدە

***سەۋر قىلىش دېگەن نېمە؟***

سەۋر دېگىنىمىز: قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ھورۇنلۇق قىلماستىن، زېرىكمەستىن ئۆزىنى زورلاش ۋە جاپا – مۇشەققەت، دەرد – ئەلەم، مۇسىبەتلەرنىمۇ تەشۋىشلەنمەستىن، ئۈمىدسىزلەنمەستىن كۆتۈرۈش دېگەن بولۇپ، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش، ھارام ئىشلارغا باغلىنىپ قالماسلىق، ھارام شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى توسۇپ نەپسى بىلەن جەڭ قىلىش، ئۆزگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى تەمە قىلماسلىق، نەپسىنى غەزەپلىنىش، ئادالەتسىزلىك بىلەن ئىنتىقام ئېلىش ۋە يېنىكلىك قىلىشتىن توسۇش... قاتارلىق مەنالاردا كېلىدۇ.

مۆمىن سەۋر ئۆز تەبىئىيتىگە ئايلانغانغا قەدەر تىنىماي ئالغا بېسىشى، سەۋر بىلەن ھەپىلىشىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا شەھۋەتنى ھېچ تەرەددۇتسىز، كۆڭلى يېرىم بولماستىن، راھەت ھالدا تەرك ئېتەلەيدۇ. بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىسىمۇ سىقىلىش ھېس قىلماستىن كۆلۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلالايدۇ. تائەت – ئىبادەتلەرگە ئۆزىنى زورلىماستىن راھەتلىك بىلەن قىلالايدۇ. ھارام ئىشلاردىن كۆچمەيلا قول ئۈزەلەيدۇ. نەپسى ئۇنى توغرا يولغا باشلاپ ھەقكە ھېچبىر قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. مۇسىبەتنى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېغىر تۇيۇلمايدۇ.

سەۋرنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا سەۋرچان بولۇش، گۇناھلارنى تەرك ئېتىشتە سەۋرچان بولۇش، مۇسىبەت، قازا ۋە قەدەرگە سەۋر قىلىش، كىشىلەر ۋە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

بۇ باپتا سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز سەۋرنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەخلاقى تەرىپىدۇر. سەۋرنىڭ باشقا تۈرلىرى بەندە بىلەن رەببى ئارىسىدىكى ئالاقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار قەلبنى پاكلاش بابلىرىدا سۆزلىنىدۇ.

***سەۋرنىڭ ئەھمىيتى:***

سەۋر – ئىنساننىڭ ئەزىيەتلەرنى خىيال قىلىپ، باشقىلاردىن يامانلىق يېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ يېتىلدۈرىدىغان روھىي كۈچ – قۇۋۋەت ۋە ئىرادەدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەرزىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىن يېتىدىغانلىقىغا ئۆزىنى قايىل قىلسا، ئۇنىڭغا تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىرەر ئىش ئاسانلا غەزەپلەندۈرۈپ، ئىنتىقام ئېلىشىغا ئېلىپ بارمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى قىلغان سەۋرىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ نېمەتلەرنى تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىغا قايىل قىلسا، كۆڭلى تىنچىپ غەزەپلىنىش، ئىنتىقام ئېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشلاردىن ئۆزىنى تارتالايدۇ.

مانا بۇ ئەركەكلىك! مانا بۇ قەھرىمانلىق! رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق سۆيەتلىگەن: **«دۈشمەننى يېقىتقان باتۇر ئەمەس، ھەقىقىي باتۇر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كىشىدۇر.»**[105]

ئەگەر ئىنسان كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭغا ھېچ كىشى تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئەمما غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتالمىغان كىشى روھىي ئاجىزلىق بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئاجىزلىقى ئۇنى پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلارغا دۇچار قىلىشى ياكى شۇ ئاجىزلىقى تۈپەيلى جازاغا تارتىلىپ قېلىشى ۋە نەتىجىدە ئاجىز، يېڭىلگەن، مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

قانچىلىغان ئەخمىقانە ياكى جاھىللارچە غەزەپلەر باركى، ئىنساننى تۈرمىلەرگە مەھكۇم قىلغان، ياكى ھەددى- ھېسابسىز جەرىمانە ۋە قىساسلارغا مۇپتىلا قىلغان. ئۇنداقتا ئۆزىنى يامان ئاقىۋەتكە قويىدىغان بۇ غەزەپ ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى كۈچلۈكلۈكنىڭ ئالامىتىمۇ؟

باشقىلاردىن ئەزىيەت يەتكەندە سەۋر قىلىپ ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئادەم ئۆز ئىشلىرىدا قانداق يول تۇتۇشنى بىلىدىغان بولۇپ، ئۆزگە مۇۋاپىق ئىشلارنى تاللىيالايدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ :«سەۋر نۇردۇر»[106] دېگەن

[105] ئىمام بۇخارى، 5763 – ھەدىس. مۇسلىم، 2609– ھەدىس.

[106] ئىمام مۇسلىم، 223– ھەدىس.

ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەنىسىدۇر. سەۋر قىلغۇچى ئالدىراپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئەزىيەت يەتكەندە كۆزى كىچىكلىك قىلىپ بۇرۇنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەيدۇ.

ئۆزىنى سەۋرچان دەپ قويۇپ تۇنجى مۇسىبەتنى كۆتۈرەلمىگەن ئادەمنىڭ سەبرىنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوقتۇر. كىمكى تۇنجى مۇسىبەتنى سۈمۈرۈپ، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان تاسادىپىيلىقلار ، مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈش ئېغىر كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ :«سەۋر: تۇنجى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا سەۋر قىلىشتۇر»[107] دېگەن.

سەۋرنىڭ ئەھمىيىتى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا بىزنى سەۋر بىلەن نەسىھەت قىلىشىشقا، دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقلىرى ۋە مۇسىبەتلىرىگە بىرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا سەۋرنى ئەسلىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (وَالْعَصْرِ، إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ) «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر – بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر – بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر» [سۈرە ئەسىر 1، 3- ئايەت]. ۋە يەنە بىر نەچچە ياخشى ئەمەللەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: (ثُمَّ كَانَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ ) «شۇنىڭ بىلەن بىللە(يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆز – ئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆز – ئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر» [سۈرە بەلەد 17- ئايەت].

[107] ئىمام بۇخارى، 1223– ھەدىس. مۇسلىم، 926 – ھەدىس.

***كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش:***

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ﷺ نى كىشىلەرنىڭ ئىيتقان يالغانلىرىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: (اصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ) «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن» [سۈرە ساد 17- بەت]

ئاللاھ تائالا يامانلىق قىلغۇچىلارنى قىلغان قىلمىشى مىقدارىدا جازالىساق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە سەۋر قىلىش ۋە جازاغا تارتماسلىقتا چاقىرغان ۋە شۇنىڭ بىزگە ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِ ۖ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّابِرِينَ، وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ ۚ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِي ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ**﴾ «ئەگەر (ئۇزۇڭلارغا يەتكەن زىيان – زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان – زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار(يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار )، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار) بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە – مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن» [سۈرە نەھل 126، 127- ئايەتلەر]

بۇ ئايەتتىن ئىنسان نەپسىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى، سەۋرچان كىشىلەرنىڭ نەپسىدىن غالىب كېلىپ نەپسىنى ئىنتىقامدىن توسۇپ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەن كىشىگە كەڭچىلىك قىلىپ كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كىشىلەرنىڭ سىزگە ئەزىيەت بېرىشى قەلبىڭىزدە شۇ ئىنسانغا ئۆچ – ئاداۋەت، يامان كۆرۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك سىزنى غەزەپلىنىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا سۆرەپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنى سەۋر قىلىشقا، ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشقا، يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى ۋە بۇ سۈپەتلەرنىڭ سەۋر تونىنى كەيگەن ئۆزىنى ئىسلاھ

قىلىشتا يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەمدىن باشقا بىرىنىڭ قىلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ۋە يەنە بۇ ئۇسلۇبتىكى مۇئامىلىنىڭ دۈشمەننى ياردەمچى دوستقا ۋە سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴿٣٣﴾ وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ۚ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ﴿٣٥﴾﴾ «ئاللاھقا( يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە: «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ» [سۈرە فۇسسىلەت 33، 34، 35- ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا يەنە بىزگە لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى ئارقىلىق بالىلىرىمىزنى سەۋرچان قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَىٰ مَا أَصَابَكَ ۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.» [سۈرە لوقمان 17- ئايەت] ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلماننىڭ سەۋرچانلىقىنىڭ مېۋىسى بولغان ئاقكۆڭۈللۈك، تەمكىنلىك، مۇلايىملىقنى ماختىغان.

## غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشتىن توسۇش

ئاللاھ تائالا بىرەر ئەزىيەت سەۋەبلىك ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆچمەنلىكنى ئىچىدە ساقلاپ يوشۇرىدىغان، يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلمايدىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىپ قەلبلىرىدىن ئۇ ئۆچمەنلىكنى چىقىرىۋېتىپ، يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مېھىر – مۇھەببىتىنى ئۇلارغا بېغىشلايدىغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) «(ئۇچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 134- ئايەت]

بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: «ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ :« غەزەپلەنمە!» دېگەن[108].

***سەۋرنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا:***

### 1-سەۋرنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي پىكىرلەر:

1ـ بۇ ھەقىقەتلەرنى مۇسۇلمان بىلسە ئۇنىڭدا سەۋر ئەخلاقى ئۇل تۇتۇپ، بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەسلەپ تۇرسا، ئۇنىڭدا سەۋر ئەخلاقى كۈچىيىپ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەڭگۈ داۋاملىشىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ﷺ سەۋرنىڭ ئەجرىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا

[108] ئىمام بۇخارى، 5765 - ھەدىس.

ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» [سۈرە زۇمەر 10- ئايەت][109] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ أُولَٰئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُم مَّرَّتَيْنِ بِمَا صَبَرُوا وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ ﴾ «ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر - تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ». [سۈرە قەسەس 54- ئايەت]

ئەگەر مۇسۇلمان سەۋرنىڭ ئەجرىنى ئەسلەپ تۇرسا بۇ ئەسلەش ئۇنى سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىككە ئۈندەيدۇ.

2-مۆمىن دۇنيانىڭ سىناق ۋە ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئىنسانلاردىن سادىر بولغان ھەر قانداق ئەزىيەتنى ئاللاھنىڭ بىر سىنىقى دەپ قارايدۇ. كىشىلەردىن سادىر بولغان ئىشلارغا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىلگىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى بۇ ئىش بىلەن سىنايدىغانلىقىغا پوزىتسىيە تۇتۇۋالسا، ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ بىر سىنىقىنىڭ بارلىقىنى كۆتۈپ يۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى سالىھ كىشىلەر مۇنداق دېگەن: «نەپسىمنى دۇنيانىڭ كۆڭۈلسىزلىك دۇنياسى ئىكەنلىكىگە كۆندۈردۈم، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە دۇنيا تەبىئىيتى شۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسى بولسا ئۇ پەزل - رەھمەتتۇر».

3-ئاللاھ تائالا بىزگە مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمى، تەقدىرى، ھېكمىتى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسىبەتنىڭ باشقا بىرىدىن ئەمەس، ئاللاھتىن كېلىدىغانلىقىنى،مۇسىبەتنىڭ سىناقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىزنى ئەسكەرتتى. ئۇچرىغان مۇسىبەتلەرگە سەۋر بىلەن يۈزلىنىپ، ئۆتكەن ئىشقا مەيۈسلەنمەي (قايغۇرماي) ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ، ناقىس، ئۆتۈپ كەتكەن دۇنيادا ئەمەس ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئۆتۈپ كەتكەن مۇسىبەتلەرنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى ئۈمىد ۋەسۋەسىلىرى بىلەن مەشغۇل قىلماسلىق، «ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى» دېمەسلىك، كەلمەكچى

[109]

بولغان مۇسىبەتلەرگە بولسا تەييارلىنىپ ئۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتمەسلىك ۋە پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىۋالماسلىق، چۈنكى ئۇ مۇسىبەتلەرگە، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرىغا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇپ توسقانلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا يۈزلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسىبەتنىڭ ئەجرى ۋە ياخشىلىقلىرى (ھېكمەتلىرى) ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرىلەرنى قىلىدۇ ۋە مۇسىبەتنىڭ ئازابلىرىغا سەۋر قىلىدۇ، مۇسىبەتكە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئاساسەن پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ.

- ئەگەر كېسەل بولسا داۋالىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.
- زىيان تارتسا زىيان ھەققىدە توختىلىپ، ئەھۋالنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
- ئەگەر ئوغرىغا ئۇچرىسا ھەققىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە ئۇرۇنۇپ، زۆرۈر بولغاندا (قازىغا) مەھكىمىگە بارىدۇ.
- دەرسلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.
- دۈشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولسا دۆلىتىنى ئازاد قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
- مېيىپ ياكى كېسەل ۋە ياكى كۆرۈمسىز يارىتىلغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ تەقدىرىگە رازى بولىدۇ. جاھىللارنىڭ مەسخىرىسىدىن كۆڭلىنى يېرىم قىلمايدۇ؛ چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قولىدا ئەمەس، ئۇ قىلغان ئىشلارمۇ ئەمەس بولۇپ، ئۇنى ھېچ گۇناھ ۋە يامانلىقسىز مەسخىرە قىلىشسا بىئارام بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ لايىق جازا بېرىشىگە تەرك ئېتىدۇ.
- ئەگەر مۇسۇلمانغا بىرەر نېمەت بېرىلسە ئالدىراپ ھەددىدىن زىيادە خۇش بولماسلىقى كېرەك، نېمەت دۇنيانىڭلا نېمىتى بولىدىكەن، مۇسىبەت بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار؛ چۈنكى بۇ سىناق دۇنياسى. شۇڭا مۆمىن

يوقاتقانغا قايغۇرۇپ ئېرىشكەنگە خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ. ھەممە ئىش مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، شۇڭا مۇسۇلمان بۇنداق ئىشلارغا ئاللاھ پەرز قىلغان ۋە بۇيرۇغان شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

- ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَا ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾ لِّكَيْلَا تَأْسَوْا عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا بِمَا آتَاكُمْ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ « يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، الله قا ئاساندۇر* (الله تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، الله مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». [سۈرە ھەدىد 22، 23- ئايەت]

- ئۆمرىنى مۇسىبەتلەرگە قايغۇرۇش بىلەن زايە قىلىۋەتمەستىن، سەۋر بىلەن بويسۇنۇش رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك مۆمىنىنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىراق ۋە ئاللاھقا دوستىراقتۇر. ھەممىسىدە خەيرىيەت بار. ساڭا مەنپەئەت قىلىدىغان نەرسىلەرگە ھېرىس بول، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تەلەپ قىل، ئاجىزلىق قىلما، ئەگەر ساڭا كۆڭۈلسىزلىك يەتسە«ئەگەر مۇنداق قىلسام ئۇنداق بولاتتى دېمە...»، «ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغىنىنى قىپتۇ» دېگىن، چۈنكى «ئەگەر» سۆزى شەيتانغا يول ئېچىپ بېرىدۇ».[110]

4-سەۋرچان كىشى ئەزىيەت ۋە مۇسىبەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر، ئەگەر ئەگەر بالانى چەكلىك ئويلاپ قېلىپ بىرەر تەرەپتىن مۇسىبەت كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالغىنىدا شۇ تەرەپتىن مۇسىبەت كېلىپ قالسا كۆتۈرۈلمەي غەزىپى بەكلا تېشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن بەزى ئادەملەر بارچە

[110] ئىمام مۇسلىم، 2664 - ھەدىس.

كىشىلەرگە سەۋرچان بولۇپ ئۆز تۇغقانلىرىغا كەلگەندە سەۋرنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆججىتى تۇغقانلاردىن ئەزىيەت يېتىشى لايىق ئەمەس، پۈتۈن كىشىلەرگە سەۋرچان بولىدىيۇ، ئەپۇ قىلىشقا، سەۋر قىلىشقا بەكرەك لايىق بولغان تۇغقانلىرىغا كەلگەندە غەزەپلىنىپ، ئالاقىنى ئۈزۈپ ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، مانا بۇ ئەزىيەتنىڭ تۇغقانلار تەرىپىدىن كېلىشىنى كۆزدىن ساقىت قىلغاندا نەپسى ئۇلارغا سەۋر قىلىشتىن توسۇپ، سەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورنىدا بۇ خۇلقنى يوقىتىپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولىدى.

پەيغەمبەر ﷺ بىزگە سالىھ، تەقۋا كىشىلەردىن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىش سۈننەتنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئىنسان دىنىدا كۈچلۈك، مۇستەھكەم بولغانسېرى ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن سىنايدۇ. كىمكى سالىھ، ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولۇشنى خالىسا سەۋرنى ھەر قانداق جايدا تەرك ئەتمەيدۇ. سەئد ئىبنى مالىك رضي الله عنه دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! قانداق كىشىلەر ھەممىدىن بەك سىنىلىدۇ؟» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: « پەيغەمبەرلەر ئاندىن سالىھلار، ئاندىن سالىھلار. بىر كىشى دىنىغا قارىتا(ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قارىتا) سىنىلىدۇ: ئەگەر ئۇ دىنىدا ناھايىتى مۇستەھكەم، ئىمانى كۈچلۈك كىشى بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دىنىدا سۇس كىشى بولسا، دىنىغا قارىتا سىنىلىدۇ). بالا – مۇسىبەت بەندىگە داۋاملىق كېلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشىنى زېمىندا گەدىنىدە ھېچقانداق خاتالىق بولمىغان ھالەتتە ماڭدىغان قىلىدۇ.- دېدى»[111].

5- ئاللاھ تائالا بىزگە مۇسىبەتكە ئۇچرىغىنىمىزدا: ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ «چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» [سۈرە بەقەرە - 156 ئايەت] دېيىشنى ئۆگەتتى، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئاللاھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ مۈلكى، بەندىسى، بويسۇنغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. مۇسۇلمانغا قانچىكى مۇسىبەت يەتسۇن

[111] ئىبنى ھىببان، 2901 - ھەدىس.

ئۇ تەسلىم، ئۇ ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرىدىن رازى. مۇسۇلمان دائىم ئۆزىنىڭ ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىنى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ، سەۋرىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ھۆكمىدىن قاچالمىغىنىدەك بۇ دۇنيادىمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش قىلماسلىقتا ھېچبىر تاللىشى ۋە ئىلاجى بولمايدۇ، ئەگەر دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، سەۋر قىلسۇن ياكى نالە – پەرياد قىلسۇن ئوخشاشلا ئازابلىنىۋېرىدۇ.

دۇنيادىكى ھاۋايى – ھەۋەسلىرىگىلا مۇخالىپ كېلىدىغان، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەۋر قىلىش دوزاخ ئوتىغا سەۋر قىلغاندىن مىڭ ياخشى. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدىكى كاپىرلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَرَزُوا لِلَّهِ جَمِيعًا فَقَالَ الضُّعَفَاءُ لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ اللَّهِ مِن شَيْءٍ ۚ قَالُوا لَوْ هَدَانَا اللَّهُ لَهَدَيْنَاكُمْ ۖ سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَجَزِعْنَا أَمْ صَبَرْنَا مَا لَنَا مِن مَّحِيصٍ﴾ « ئۇلار (يەنى خالايىقلار) نىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن) چىقىپ، اﷲ قا مۇلاقات بولىدۇ، ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزگە بولۇۋاتقان اﷲ نىڭ ئازابىدىن ئازراق دەپئى قىلالامسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «اﷲ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە سىلەرنى ھىدايەت قىلاتتۇق، بىز مەيلى نالە - پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەربىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق». [سۈرە ئىبراھىم 21- ئايەت] .

بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى. مۇشۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالى بولغان بولسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە تەقدىرىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى رەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، غەزەپلىنىپ، مەيۈسلىنىپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا سەۋر قىلىشاتتى ۋە قىيامەتتە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازابلاردىن قۇتۇلغان بولاتتى.

6- ئاللاھ تائالا مۇسىبەتلەرنى گۇناھلىرىمىزنى پاكلىغۇچى، ۋەز – نەسىھەت قىلغۇچى ۋە ئەسلەتمە قىلغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَمَا أَصَابَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ﴾** « سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللّٰه نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)» [سۈرە شۇرا 30- ئايەت]

مۇسىبەتلەرگە نالە - پەرياد قىلماي، ئاللاھقا قارشىلاشماي، چىرايلىق سەۋر قىلساق گۇناھقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا بىزنى پاكلىغۇچى بولىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى مۇسىبەتنىڭ ئۇنى پاكلىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇشى ئۈچۈن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش.

## 2-سەۋر بىلەن زىننەتلىنىشنىكى ئەمەلىي تەرەپ:

كىمكى سەۋرچان بولمىسا سەۋرچانلىقنى ۋە سەۋرچان كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئەمەللىرىنى قىلىشقا ئۆزىنى زورلاپ باقسۇن، ئۇلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاق ۋە ئەمەللىرىنى تەقلىد قىلىپ سەۋرچان كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇپ باقسۇن. يەنى تۇنجى مۇسىبەت يەتكەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سۈكۈت قىلىپ، ھېكمەت ۋە سەۋر ئىگىلىرى قىيىنچىلىققا، مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا تەسەررۇپ قىلغاندەك تەسەررۇپ قىلىپ باقسۇن ۋە ئۆزىنى رازىمەنلىك ۋە كەڭچىلىك قىلىش داۋالىرى بىلەن ئەسلىتىپ تۇرسۇن. ئاچچىقلىنىش، تىللاشقا ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىرىمىسۇن . يۈز بەرگەن ئىشتىن قەلبى بىئارام بولۇش ئورنىغا ئاللاھقا تەسلىم بولۇشى ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرسۇن. مۇشۇلارنى قەدەممۇ – قەدەم قىلسا سەۋرچانلىق ئەمەلگە ئېشىپ سەۋر ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىيتىگە ئايلىنىدۇ.

شۇ ئارقىلىق سەۋرچانلىق ئالامەتلىرى ئۇنىڭدا تەبىئىي شەكىللىنىپ، پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىشقا ھېچبىر ھاجەت قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى سەۋرگە ئۆزىمىزنى زورلاشقا بۇيرۇغان ۋە سەۋر قىلغان، سەۋرچانلىققا ئۆزىنى زورلاپ، تەقلىد قىلغانلارغا ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ﴾ « (ئى مۇھەممەد!) (اللّٰه نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرىڭ پەقەت اللّٰه نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ». [سۈرە نەھل 127- ئايەت]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى سەۋر – تاقەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەۋر ئاتا قىلىدۇ، ئىنسان سەۋردىن ياخشى ۋە كەڭ دائىرىدە بىر مۇكاپاتقا ئېرىشمىدى»[112].

[112] ئىمام بۇخارى، 1400 - ھەدىس.

## سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن

*ئەگەر مۇسۇلمان سەۋر قىلىشقا تىرىشقان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە سەۋرنى ئۆلگە قىلسا سەۋرنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىدۇ. سەۋر دېگىنىمىز سەۋرنىڭ ھەر قايسى دائىرىسىدە سەۋر ئەخلاقىنىڭ مۇئەييەنلەشكەن جۇغلانمىسىدۇر.*

*ئەڭ مۇھىم بولغان سەۋرنىڭ دائىرىسى ۋە سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئەمەللىرى:*

**1- سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىشتۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِّيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ ۗ فَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا ۗ وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ، الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَالصَّابِرِينَ عَلَىٰ مَا أَصَابَهُمْ وَالْمُقِيمِي الصَّلَاةِ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ «ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن»، « سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن * ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى الله ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ» [سۈرە ھەج 34، 35- ئايەت]

2-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ﴾ «ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە چىداملىق بولغىن» [سۈرە مەريەم 65- ئايەت] مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ۋە ھۆكۈملەردە چىڭ تۇرۇشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ آثِمًا أَوْ كَفُورًا﴾ «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن» [سۈرە ئىنسان 24- ئايەت] ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ھەربىر ئىشتا مۇشەققەت ۋە كۈلپەت بولۇپ بۇلارغا بەندىلەردىن ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغانلىرى قادىر بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار سەۋر قىلىپ، بەرداشلىق بېرىشى لازىم. ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىشتىن مەقسەت كاپىرلارغا، ئاسىي گۇناھكارلارغا ئىتائەت قىلماسلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق، پاسىقلىق، گۇناھكارلىق ۋە ئىسيانلىرىدىن بىرەرىگە ئىتائەت قىلىپ قالسا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىش بابىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

3 - ھەر قانداق بىر ئىتائەت سەۋرگە موھتاجدۇر، پىكىر بېرىشكە، ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، پۇل – مال چىقىم قىلىشقا، نەپسى، روھىنى سەرپ قىلىشقا، جىسمى بىلەن قۇربانلىق بېرىشكە سەۋر قىلىش.

ئاللاھ تائالا بەزى ئىتائەتلەرنى مۆمىنگە سەۋر ئۆگىتىش ۋە سەۋرنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويغان، بۇنىڭ مىسالىنى تۆۋەندىكى روزا رىۋايىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز:«روزا يېرىم سەۋردۇر »، روزىدا مۆمىندىكى سەۋر خۇلقىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئاچلىق، بەرداشلىق بېرىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلار بار.

4-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: گۇناھ – مەئسىيەتلەرنى

تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَىٰ﴾ «ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن».

5-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: تەپەككۇر قىلىش ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى كۆزىتىشكە سەۋر قىلىشتۇر.

تەپەككۇر قىلىش ۋە تەبىئەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق ھەقىقەت، ئالامەت ۋە دالالەتلەرگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى وَأَنَّ اللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «اللّٰه نىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ، كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەت) كېچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدۇ. اللّٰه سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[سۈرە لوقمان 29- ئايەت]

﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِ الْبَاطِلُ وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ﴾ «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، اللّٰه ھەق (ئىلاھ) دۇر، ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، اللّٰه ئالىيدۇر، بۈيۈكتۇر» [سۈرە لوقمان 30- ئايەت]

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ الْفُلْكَ تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِنِعْمَتِ اللَّهِ لِيُرِيَكُم مِّنْ آيَاتِهِ ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ﴾ «كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ اللّٰه نىڭ مەرھەمىتى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى اللّٰه نىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ھەر بىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى (بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن) (چوڭ) ئىبرەت بار» [سۈرە لوقمان 31- ئايەت]

6-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: بالايى-ئاپەت، قورقۇنچ، ئاچلىق، پۇل – مال، بالا – چاقا قاتارلىقلاردىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ﴾ «سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر» [سۈرە ئال ئىمران 186- ئايەت]

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى كىمنىڭ سەۋر قىلىپ كىمنىڭ قىلمايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن يولغا قويغان سۈننىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ ۗ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ، الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، أُولَٰئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ ۖ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن * ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە اللّٰه نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى االلّٰه نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ * ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» [سۈرە بەقەرە 155، 156، 157- ئايەتلەر].

قانچىكى خاتىرجەملىك ۋە راھەت ئىچىدە ياشاپ كەتسىڭىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ ياشاڭ، بەلكىم بالا-قازاغا ئۇچراپ قېلىشىڭىز، خاتىرجەملىك ئورنىنى قورقۇنچ قاپلاپ ھاياتىڭىزدىن، بالا – چاقا، يۈز – ئابرۇي ، مال – دۇنيا، ئۆي – ۋاران، ۋەتىنىڭىز ۋە يەنە باشقا ئىشلاردىن ئەنسىرەپ

قىلىشىڭىز ياكى تىكلىگەن ئىگىلىكىڭىز يوقاپ كېتىپ زاۋۇت ۋە ئۆيلىرىڭىز ۋەيران بولۇشى، يېرىڭىزگە ئوت كېتىپ ياكى بىرەر ئاپەت يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. سەۋرچان كىشى مۇشۇلارنى تەخمىن قىلغاندىن كېيىن يولۇقۇپ قالسا بەرداشلىق بېرىدۇ، ئاخىرىتتىكە ھېرىسمەن بولۇپ بۇ دۇنياغا مەيۇسلىنىپ كەتمەيدۇ. بالا – قازا قانچىكى ئېغىر بولسۇن سىقىلمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا سەۋر مەدىتى بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلىدۇ ۋە سەۋرنى زىيادە قىلىپ رەھمەت ئاتا قىلىدۇ.

مانا مۇشۇ دۇنيا – ئاخىرەتلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى، دۇنيا بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەن ھىدايەت ئىگىسىدۇر.

مۆمىن بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان نېمەتلەرنىڭ قايغۇرۇشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ۋە يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسىنى كەم قىلمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَانَكُمْ﴾ «اللّٰه سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» [سۈرە بەقەرە 143- ئايەت]، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننى بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە رازى بولىدىغان، جاپا – مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان قىلىدۇ. بالايى – ئاپەتلەر تۈگەپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەممەيلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىمىز ۋە ۋەدە قىلىنغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر: ﴿وَاصْبِرْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، اللّٰه ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» [سۈرە ھۇد 115- ئايەت]

مۆمىن كۆپىنچە بالا – قازانىڭ ئۇنى پاكلايدىغانلىقىنى بىلگەچكە بەك بىئارام بولۇپ كەتمەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە: «مۆمىن ئەر – ئاياللار ئاللاھقا گۇناھسىز ئۇچرىشىشى ئۈچۈن نەپسى، بالا – چاقىلىرى، ماللىرى ئارقىلىق دائىم سىنىلىپ تۇرىدۇ»

دېگـەن.[113]

7-سـەۋرچانلارنىڭ ئـەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ھەرخىل كېسەللىكلەرگە سـەۋر قىلىش.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى:«ئەگەر بەنـدەم ئىككى كـۆز قارچۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىپمۇ سـەۋر قىلسا جەننەت بىلەن تولۇقلاپ بېرىمەن»، ۋە يەنە ئۇممۇ سائىب قىزىتما تۇغرىسىدا «ئاللاھ بەرىكەتسىز قىلسۇن» دېگىنىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ :«قىزىتمىنى تىللىما، قىزىتما تۆمۈر كۆرۈكى تۆمۈرنىڭ دېتىنى يوقاتقاندەك، ئادەم بالىسىنىڭ گۇناھلىرىنى يوقىتىدۇ»دېگەن.[114] بۇ ھەدىس ئارقىلىق بالا – قازاغا سەۋر قىلسا ئەجرى بولىدىغانلىقىنى، خاتالارغا كاففارەت بولىدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالايمىز، مۇسۇلمان مۇشۇ نۇقتىنى ئەسلەپ تۇرغىنىدا سەۋرگە ئۆزىنى ئۇرالايدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ۋابا تۇغرىسىدا سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:«ۋابانىڭ ئاللاھ خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدىغان ئازاب ئىكەنلىكىنى، مۆمىنلەرگە بولسا رەھمەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە يەنە ۋابا يۇققان بىر كىشى شۇ شەھەردىن ئايرىلماي ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدىن باشقا بىر ئىشنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاللاھقا سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا ئۇنىڭغا شېھىتلىك ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى[115].

8-سـەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ياخشى كۆرگەنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋر قىلىشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى: «ياخشى كۆرگەن ئەزىزلىرىنى يوقىتىپ ساۋاب ئۈمىد قىلىش

[113] ئىمام ئەھمەد، 7846– ھەدىس. تىرمىزى، 2399 – ھەدىس.

[114] ئىمام مۇسلىم، 2575 – ھەدىس. ئىبنى ھىببان، 2938– ھەدىس.

[115] ئىمام بۇخارى، 5402– ھەدىس.

بىلەن بىرگە سەۋر قىلغان بەندىلىرىمگە جەننەت بىلەن مۇكاپات بېرىمەن»[116] بۇ ھەدىستىن مەقسەت ئاللاھقا قارشىلاشماي سەۋر قىلىش، ئەزىزلىرىنى يوقاتقانلىقىغا نالە – پەرياد قىلماي بۇ مۇسىبەتكە سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىش بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ھازىدارلارغا سەۋرنى ئەسلىتەتتى ۋە مۇنۇ سۆزنى ئارقىلىق تەسەللىي بېرەتتى: «ھەر قانداق بىر نەرسە ئاللاھنىڭدۇر، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ۋاقىتلىق ئەجىلى بولىدۇ، سەۋر قىلغىن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغىن»[117].

9-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق يەتكەن يامانلىق، ئەزىيەت ۋە بالالارغا سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى بەندىلەرنى سىناش ئورنىدا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ لِبَعْضٍ فِتْنَةً أَتَصْبِرُونَ ۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرًا﴾ «بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [سۈرە فۇرقان 20- ئايەت]. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان مۇسۇلمان كىشىلەر بىلەن ئارلاشمايدىغان مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر»[118]. كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن مەقسەت سىزنى پىتنىگە ئاپىرىپ دىنىڭىزدىن يىراق قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىڭ دېگەنلىك ئەمەس. پىتنىدىن، پىتنە ئىگىلىرىدىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ. بۇ يەردە مۇسۇلماننى پەقەتلا ئۆزىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىششقا سەۋر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، تۇغقانلىرى، قېرىنداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يەتكەن ئەزىيەتلەرگە

[116] ئىمام بۇخارى، 6060– ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 9382 – ھەدىس.

[117] ئىمام بۇخارى، 1224– ھەدىس. مۇسلىم، 923 – ھەدىس.

[118] ئىمام بۇخارى، 388 – ھەدىس.

سەۋر قىلىشقا قىززىقتۇرىدۇ. ۋە يەنە مۇسۇلمان دۇنياپەرەس، باتىل ئەھلى بىلەن ئارىلىششقا مەجبۇرلانغاندا سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىپ، يامانلىق يەتىپ قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ ئۇلارنى ياخشىلىققا چاقىرىدۇ.

10-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئاتا – ئانىغا، يېقىن – يورۇقلىرىغا ياخشىلىق قىلىشتا، بالىلارنى تەربىيەلەشتە سەۋرچان بولۇشتۇر.

ئۇلار بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشىپ ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە ھەسسەتلىرىگە سەۋر قىلىش ۋە يەنە ئۇلارغا تەربىيە قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىشتا سەۋرچان بولۇشتۇر. ئاتا – ئانىغا بويسۇنۇپ، ياخشىلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش سەۋر تەلەپ قىلىدۇ، ئايالى بىلەن چىرايلىق ئۆتۈپ، ھاجىتىنى راۋا قىلىش سەۋر تەلەپ قىلىدۇ، تۇغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش، دائىم ئالاقىدە بولۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىشمۇ ھەم سەۋر تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە مۇسۇلمان ئۇلارغا ئەزىيەت بەرمەي ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى، خاتالىقلىرى ۋە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلىشقا موھتاجدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَّكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ ۚ وَإِن تَعْفُوا وَتَصْفَحُوا وَتَغْفِرُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**﴾ «سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (اللّٰه سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە تەغابۇن 14-ئايەت]

ئاتا – ئانىنىڭ ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ سەۋر قىلىش، شۇنداقلا بالىلارغا تەلىم – تەربىيە بېرىشتە ھارماي – تالماي سەۋر قىلىش لازىم؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**وَأْمُرْ**

أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن» [سۈرە تاھا 132- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار» [سۈرە تەھرىم 6- ئايەت].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قىزى تەرىپىدىن بىرەر ئىش بىلەن سىنىلىپ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسا ئۇ قىزلار دوزاختىن پەردە بولىدۇ»[119] دېگەن ۋە يەنە:«كىمكى ئىككى قىزغا بالاغەتكە يەتكۈچە ئىگە بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى مەن بىلەن ئۇ يېقىن بولىدۇ» دەپ بارماقلىرىنى جۈپلىدى[120].

مۇسۇلمانغا كىشىلەرنىڭ ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھەسەت قىلىشلىرىغا سەۋر قىلىش ۋاجىپتۇر؛ چۈنكى كىشىلەر سىزدىكى نېمەتكە كۆزى كىچىكلىك، ئىچى تارلىق قىلىپ سىزدىكى نېمەتنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ قېلىشى، ھەسەت بىلەن سىزگە تۆھمەت قىلىپ سىزنى ئىش ئورنىڭىزدىن قوغلىۋېتىشكە بىرلىشىپ يامانلىق يەتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆزىنى ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىرلەر بىلەن يامان كۆز ، ھەسەتلەردىن ساقلىشى، ئۆزىنى ھەسەتتىن يىراق قىلىش ئۈچۈن يوشۇرالايدىغانلا ئىشلارنى يوشۇرۇن تۇتۇشى، قۇربىنىڭ يەتكىنىچە ئۆزىنى ھەسەتتىن ياخشىلىق، ئەدلى بىلەن قوغدىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا بىزگە ھەسەتتىن كېلىپ چىققان قېرىنداش، تۇغقانلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىنى مىساللار بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى،

[119] بۇخارى رىۋايىتى 1352– ھەدىس. مۇسلىم، 2629 – ھەدىس.

[120] ئىمام مۇسلىم، 2631 – ھەدىس.

مەسىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ مىسالىدىن ھەسەت تۈپەيلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ياكى ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇشى ۋە ئاخىرىدا ئۇنى قۇل قىلىپ سېتىپ بېرىشكە رازى بولۇشى قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قىلغان سەۋرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَاءُوا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ ﴿١٦﴾ قَالُوا يَا أَبَانَا إِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَاعِنَا فَأَكَلَهُ الذِّئْبُ ۖ وَمَا أَنتَ بِمُؤْمِنٍ لَّنَا وَلَوْ كُنَّا صَادِقِينَ ﴿١٧﴾ وَجَاءُوا عَلَىٰ قَمِيصِهِ بِدَمٍ كَذِبٍ ۚ قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا ۖ فَصَبْرٌ جَمِيلٌ ۖ وَاللَّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾ «ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى * ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى * ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. يەئقۇب: «بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە اللّٰه مەدەتكاردۇر» دېدى» [سۈرە يۇسۇپ 16، 17، 18-ئايەتلەر]

ئاندىن ئاللاھ تائالا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى بالىسىنى يوقاتقاندىكى ۋە ئۇنىڭغىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ يامانلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن ئەنسىرىگەندىكى سەۋرىنى بايان قىلىپ بالىلىرىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا مۇنۇ گەپلەرنى دېگەنلىكىنى بايان قىلدى: ﴿وَاسْأَلِ الْقَرْيَةَ الَّتِي كُنَّا فِيهَا وَالْعِيرَ الَّتِي أَقْبَلْنَا فِيهَا ۖ وَإِنَّا لَصَادِقُونَ ﴿٨٢﴾ قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا ۖ فَصَبْرٌ جَمِيلٌ ۖ عَسَى اللَّهُ أَن يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُ هُوَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ ﴿٨٣﴾ «بىز تۇرغان شەھەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست * يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ)

ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشنى اللّٰه تىن تىلەيمەن. اللّٰه ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [سۈرە يۈسۈپ 82، 83 ئايەتلەر] ۋە يەنە ئاللاھ تائالا يۈسۈف **عليه السلام** نىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھەسەتلىرىگە كۆرە كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئۇلار خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئەپۇ قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارغا كايىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿قَالُوا تَاللَّهِ لَقَدْ آثَرَكَ اللَّهُ عَلَيْنَا وَإِن كُنَّا لَخَاطِئِينَ ﴿٩١﴾ قَالَ لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ ۖ يَغْفِرُ اللَّهُ لَكُمْ ۖ وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ ﴿٩٢﴾ « ئۇلار «اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللّٰه سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى * يۈسۈف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، اللّٰه سىلەرنى كەچۈرسۇن، اللّٰه ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر» [سۈرە يۈسۈپ 91، 92 ئايەتلەر].

12-سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: دۇنيا ئېھتىياجلىرى ۋە ھارام ھاۋايى – ھەۋەسلەرنى تاشلاشقا سەۋر قىلىشتۇر.

مۇسۇلمان باشقىلارنىڭ قولىدىكى بايلىقلارغا تەمە قىلىش ئورنىغا دىيانەتلىك بولۇش، قانائەت قىلىش، تەركى دۇنيا بولۇپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئارقىلىق سەۋر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر» [سۈرە تاھا 131- ئايەت] دۇنيا ئېھتىياجلىرى پىتنە، مۆمىن ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالماستىن ئاللاھ ھالال قىلغان، ئېھتىياجى بولغان ۋە ئاللاھ بۇيرۇغانلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ ۋە ئاللاھ بۇيرۇمىغان زىيادە ھوزۇرلارنى تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىدۇ.

ھارام ھاۋايى – ھەۋەسلەرنى تاشلاشقا سەۋر قىلىش دىيانەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغْنِيَهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ﴾ « ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن» [سۈرە نۇر 131- ئايەت] ئىنسان ئۆزىنى پاكلاپ، ھارام بولغان جىنسىي شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى تارتمىسا ئۇ ئۆزىنى پىتنىگە تاشلىغان ۋە ئۆزىنى چارچىتىدىغان يامانلىق بابىدىن بىرنى ئاچقان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا زىنا قىلىپ سېلىشتىن قورقىدىغان، ئەمما ھۆر ئاياللار بىلەن ئىقتىسادى جەھەتتىن بولسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولسۇن توي قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن كىشىگە مۆمىن دېدەكلەر بىلەن توي قىلىش شارائىتى بولسا توي قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە سەۋر قىلىش ۋە ئامال بار ئۇنداق قىلماسلىققا ھەم قىزىقتۇردى . بەلكىم كۈتۈش ئارقىلىق ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆر، مۆمىن ئايالنى ئاتا قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ مِنكُمْ طَوْلًا أَن يَنكِحَ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ فَمِن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُم مِّن فَتَيَاتِكُمُ الْمُؤْمِنَاتِ ۚ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَانِكُم ۚ بَعْضُكُم مِّن بَعْضٍ ۚ فَانكِحُوهُنَّ بِإِذْنِ أَهْلِهِنَّ وَآتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ مُحْصَنَاتٍ غَيْرَ مُسَافِحَاتٍ وَلَا مُتَّخِذَاتِ أَخْدَانٍ ۚ فَإِذَا أُحْصِنَّ فَإِنْ أَتَيْنَ بِفَاحِشَةٍ فَعَلَيْهِنَّ نِصْفُ مَا عَلَى الْمُحْصَنَاتِ مِنَ الْعَذَابِ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِيَ الْعَنَتَ مِنكُمْ ۚ وَأَن تَصْبِرُوا خَيْرٌ لَّكُمْ ۗ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ « سىلەردىن مۆمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. اللّٰه ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى اللّٰه قا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار. لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان

ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر. سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە نىسا 25- ئايەت]

13- سەۋرچانلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، دەۋەت قىلىش ۋە تەربىيە يوللىرىدا سەۋرچان بولۇشتۇر.

چۈنكى بەزى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولۇپ ئۇنى ئۆگىنىشكە سەۋر قىلىش كېرەك ۋە يەنە ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئارقىلىق ئاز دېگەندە ئاخىرەتلىكىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن بەزى ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىش ۋاجىپتۇر. ئۆز نەپسىنى پاكلاش، ئۆز ھالىنى، قەلبىنى، قىلىۋاتقان ئەمىلىنى، تۇتقان يولى، ئەدەپ – ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن پەرۋىشكار تەربىيە ۋە تەزكىيە ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ھەم ۋاجىپتۇر.

ئىلىم تەلەپ قىلىش ئېھتىرام ۋە كەمتەرلىككە موھتاج بولغىنىدەك تىرىشچانلىق، بوشاشماسلىق، قىزىقىش ، كۆڭۈل بۆلۈشكە ھەم موھتاجدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَمَّا مَن جَاءَكَ يَسْعَىٰ وَهُوَ يَخْشَىٰ﴾ « سەندىن مەرىپەت تىلەپ، اللّٰه تىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك» [سۈرە ئەبەسە 8، 9- ئايەتلەر].

ئالىم – ئۆلىمالار بىر، ياكى بىر قانچە دەرسلەر بىلەن بىلىمنىڭ ھەممىنى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىپ بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ئۇستازىدىن ئىلىمدىن يېتەرلىك مىراس ئالغۇچە سەۋر قىلىشى زۆرۈردۇر.

ئوقۇغۇچى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن

باتىلنى ئايرىپ بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارماي – تالماي ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئۆلىمالاردىن ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالىغۇدەك بولغانغا قەدەر قۇرئان – سۈننەت ھەقىقىدىكى ئاڭ سەۋىيەسىنى يۈكسەلتىشى زۆرۈردۇر.

ۋە يەنە شۇ ئارقىلىق ئىلىم – مەئرىفەتنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشىپ، فىقھى ۋە ئەسرارلىرى ۋە قائىدىلىرىدىن يېتەرلىك قابىلىيەت سۈمۈرۈپ، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە مەنبە – ئاساس، قائىدە – پىرىنسىپ، دالالەت، ھۆكۈم چىقىرىش، كۆچلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار يۇقىرىقىلارغا سەۋر قىلمىسا خاملىق قىلىپ ئۆلىمالارغا تەكەببۇرلۇق قىلىپ قويىدۇ ياكى ئىنكار قىلىشقا لايىق بولماي تۇرۇپ ئىنكار قىلىپ قويىدۇ ۋە ياكى بىلمەستىن تەقلىد قىلىپ ئاخىرىدا ئاڭلىغانلىرىنى تەستىقلاپ تەقلىدلا قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ دە، ئۆلىما ۋە مۇجتەھىدلەر مەرتىۋىسىگە ئۆلىشالمايدۇ.

ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنلا ئىلىم تەلەپ قىلىدىغانلار ئىلمى ۋە تەقۋالىقىغا ئىشەنچ قىلىدىغان ئادەملەرگە ئەگىشىش بىلەن كۇپايىلەنسە بولىدۇ.

ھەقىقىي ئالىم، مۇجتەھىد، فىقھشۇناس بولۇشنى خالايدىغان بىر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىلىم ۋە ئىلىم مەنبەلىرىدە پىشىپ يېتىلىشتىن، ھەر قايسى مەزھەبلەرنىڭكىنى ئاڭلاپ ئۆگىنىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنى چۈشىنىپ، پەرقلەندۈرۈش، تەھرىرلەش ۋە كۆچلەندۈرۈش قۇدرىتىگە يېتىشتىن ئىلگىرى مۇئەييەن ئۆلىمانىڭ توغرا ياكى مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ ئەۋزەل دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى جائىز ئەمەس، ئالدىراقسانلىق بىلەن مەلۇم بىر ئۆلىما ياكى مەزھەپنى باشقىلىرىدىن توغرا ياكى ئەۋزەل دەپ قارار چىقىرىپ قالسا، تەقلىد ۋە

بىلمەي قارار چىقارغان بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا مۇتەئەسسىپلىككە بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگە يېتىشنى خالايدىغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرى قاتارىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماي زەن سېلىپ ئاڭلاش، چۈشىنىپ ۋايىغا يەتكۈچە ئۇستازىغا بويسۇنۇش، باشلىنىشىدا بىر شەيخ، بىر مەزھەپتىن باشلاش تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما بىرلا ئوقۇتقۇچى ۋە بىرلا مەزھەپ بىلەن كۇپايە قىلماستىن ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە دەلىللەرنى، مەنبەلەرنى بىلىش يولىدا تەدرىجىي كېڭىيىپ مېڭىش كېرەك.

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئۇستازى ئۆگەتكەنلىرىنى ۋە دەلىللەرنى پۇختا بىلمەيدىكەن سەۋر قىلىشى، بىلمىگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشى زۆرۈردۇر، بۇنى ئاللاھ تائالا بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سالىھ بەندە خىزىر بىلەن بولغان قىسسىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰ هَلْ أَتَّبِعُكَ عَلَىٰٓ أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمْتَ رُشْدًا ﴿٦٦﴾ قَالَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا ﴿٦٧﴾ وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَىٰ مَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ خُبْرًا ﴿٦٨﴾ قَالَ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ صَابِرًا وَلَآ أَعْصِي لَكَ أَمْرًا ﴿٦٩﴾ قَالَ فَإِنِ ٱتَّبَعْتَنِي فَلَا تَسْـَٔلْنِي عَن شَيْءٍ حَتَّىٰٓ أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْرًا ﴿٧٠﴾﴾ « مۇسا ئۇنىڭغا: «اللہ ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟ مۇسا ئېيتتى: «اللہ خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن. (خىزىر) ئېيتتى : «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزۈم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)» [سۈرە كەھف 66~70- ئايەتلەر].

ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئۇستازىنىڭ رەببانى ۋە ھېكمەتلىك ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلسە نېمىنى باشتا، نېمىنى ئاخىرىدا ئۆگىنىش، نەدىن باشلاش قاتارلىقلارنى ئۇستازىغا قويۇپ بېرىشى زۆرۈردۇر، بەزى سەلەفلەر رەببانى سۆزىگە «ئىلىمنىڭ كىچىكىدىن باشلاش»دەپ تەپسىرلەيدۇ، يەنى شاخچە، تەپسىلىي، خىلاپى مەسىلىلەرنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئاساسى مەنبە، مۇھىم بولغان ۋەزىپە ۋە ئۇچۇق مەسىلىلەر بىلەن باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ﷺ مۇشۇ ئۇسۇلدا ئەخلاقلاندۇرغان: ﴿وَلَا تَعْجَلْ بِالْقُرْآنِ مِن قَبْلِ أَن يُقْضَىٰ إِلَيْكَ وَحْيُهُ ۖ وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋىتىنى تۈگەتكىچە تىڭشاپ تۇرغىن). «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن» [سۈرە تاھا 114-ئايەت].

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئۇستازىنىڭ سۆھبىتىگە سەۋر قىلىشى، ئۇستازىنى بىزار قىلىپ، چارچىتىپ قويماسلىقى لازىم. بۇ ئەدەپ – ئەخلاقنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئىشلىتىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَاءِ الْحُجُرَاتِ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ صَبَرُوا حَتَّىٰ تَخْرُجَ إِلَيْهِمْ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ ۚ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ « شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر * سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىنىڭغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرۇشسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». [سۈرە ھۇجۇرات 4، 5- ئايەتلەر]

ئۆلىمالار بىلەن بولغان ئەدەپ – ئەخلاقمۇ ئاللاھ تائالا بىزگە پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېغىرچىلىق سالماسلىق ھەققىدە ئۆگەتكەن ئەدەپ – ئەخلاقلارغا ئوخشاش بولۇپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتَ النَّبِيِّ إِلَّا أَن يُؤْذَنَ لَكُمْ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيْرَ نَاظِرِينَ إِنَاهُ وَلَٰكِنْ إِذَا دُعِيتُمْ فَادْخُلُوا فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانتَشِرُوا وَلَا مُسْتَأْنِسِينَ لِحَدِيثٍ ۚ إِنَّ ذَٰلِكُمْ كَانَ يُؤْذِي النَّبِيَّ فَيَسْتَحْيِي مِنكُمْ ۖ وَاللَّهُ لَا يَسْتَحْيِي مِنَ الْحَقِّ﴾ «ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، اللّٰه ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ» [سۈرە ئەھزاب 53- ئايەت].

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋر قىلىشى ۋاجىپ بولغىنىدەك ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ۋە تەربىيەچىلەرنىڭمۇ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئۆگىتىش، دەۋەت قىلىش ۋە تەربىيەلەش جەريانىدا سەۋر قىلىشى ۋاجىپتۇر. بولۇپمۇ ئۇلاردىن ئىخلاس، سادىقلىق، سالىھلىق ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بايقىغاندا بەكرەك سەۋر قىلىشى لازىم، خۇددى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى مۇنۇ سۆزى ئارقىلىق بۇيرۇغىنىدەك : ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ ۖ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ۖ وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە

ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن» [سۈرە كەھف 28- ئايەت].

14- سەۋرچان كىشىلەرنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق دىگەن: ﴿وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ فَصَبَرُوا عَلَىٰ مَا كُذِّبُوا وَأُوذُوا حَتَّىٰ أَتَاهُمْ نَصْرُنَا ۚ وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِ اللَّهِ ۚ وَلَقَدْ جَاءَكَ مِن نَّبَإِ الْمُرْسَلِينَ﴾ «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، الله نىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى» [سۈرە ئەنئام 34- ئايەت].

ئاللاھ تائالانىڭ سۈننىتى ھەق دەۋا ئۇستىدىكىلەرگە ياردەم بېرىپ ئۇلارنى دەۋەت يولىدا مۇستەھكەم قىلىشتۇر. رەببانى رىسالىنى كۆتۈرۈپ كاتتا نىشانلارغا يېتىشنى خالايدىغان دەۋەتچى ئۇچرىغان ئەزىيەت، يۈز ئۆرۈشلەرگە كەڭ قورساقلىق، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن قايتا – قايتا سەۋر قىلىشى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى، بۇزغۇنچىلىقلارنى تۈزەشكە تىرىششى، بۇزغۇنچى، ئىغۋاگەرلەرگە ئەقىل – پاراسەت ۋە ھەر قايسى شارائىتقا مۇناسىپ ئىش – ھەرىكەتلەر بىلەن قاراپ، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىششى لازىم. ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلمىغان كىشىدىن باشقىسى بۇلارغا سەۋر قىلىپ بولالمايدۇ.

15- مۇسۇلمانغا ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولغاندا ھىجرەت قىلىشقا، ھەققە ئىمان كەلتۈرۈپ، ھەققە دەۋەت قىلىش يولىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇھاجىرلارغا بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ كاتتا ساۋابىنى ۋەدە قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي اللَّهِ مِن بَعْدِ مَا ظُلِمُوا لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً ۖ وَلَأَجْرُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ، الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن اللّٰه يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر. ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلدى، ئۇلار (ھەممە ئىشتا) پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدۇ (يەنى يۆلىنىدۇ)» [سۈرە نەھل 41، 42- ئايەتلەر]

16- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە دۈشمەنگە ئۇچرىششقا سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اللّٰه تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)» [سۈرە ئال ئىمران 200- ئايەت]

ئاللاھ تائالا راباتتا تۇرۇشقا بۇيرۇدى؛ رابات دېگىنىمىز: مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىشتا زېرىكمەستىن، سەل قارىماستىن سەۋر قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن سەۋرگە بۇيرۇدى، ئاندىن ئۆز-ئارا سەۋر قىلىششقا بۇيرۇش ئارقىلىق تەكىتلىدى. مۇسابىرە دېگىنىمىز: بىزنىڭ سەۋرىمىزنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ سەۋرىسىدىن كاتتىراق بولۇشى، سەۋردە دۈشمەنگە غالىب كېلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى ھەقنى كۆتۈرۈپ، ھەق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ باتىل، تاغۇتنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن ئۇرۇش

قىلغان كىشىدىن بەكرەك سەۋر قىلىشى ئەلادۇر.

ئاللاھ تائالا نۇسرەتنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ ئايەتتە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ سەۋەبلەر قاتارىدىن سەۋرنى سۆزلەش بىلەن بىرگە، سەۋرچانلارغا يار – يۆلەك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٤٥﴾ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ ۖ وَاصْبِرُوا ۚ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ﴿٤٦﴾ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ خَرَجُوا مِن دِيَارِهِم بَطَرًا وَرِئَاءَ النَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ ۚ وَاللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰه نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. (پۈتۈن سۆز ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن توسىدۇ، اللّٰه ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر» [سۈرە ئەنفال 45، 47- ئايەتلەر]

پەيغەمبەر ﷺ نۇسرەتنىڭ سەۋر بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، ھەر بىر سەۋر بىلەن نۇسرەت، ھەر بىر قايغۇ بىلەن مەمنۇنىيەت، ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن ئاسانلىق بار»[121]، ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە پايدىنى ياندىشقان سەۋر تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇشكۇللۇك ۋە ئېغىرچىلىق بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾ «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك

[121] ئەھمەد رىۋايىتى 2804 – ھەدىس.

بىلەن بىر ئاسانلىق بار * ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار». [سۈرە ئىنشىراھ 6-5 ئايەتلەر]

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئىنسانلار! دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى تىلىمەي ئاللاھتىن سالامەتلىك تىلەڭلار، ئەگەر دۈشمەنگە يولۇقۇپ قالساڭلار سەۋر قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچ سايىسى ئاستىدىدۇر»[122] دېگەن.

17- تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمى، زالىملارنىڭ زۇلمى، ھېسسىي ۋە مەنىۋى بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا أَذًى كَثِيرًا ۚ وَإِن تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا اللّٰه تىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر». [سۈرە ئال ئىمران 186- ئايەت].

ۋە يەنە شۇرا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ ﴿٣٩﴾ وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا ۖ فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ ۚ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَلَمَنِ انتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُولَٰئِكَ مَا عَلَيْهِم مِّن سَبِيلٍ ﴿٤١﴾ إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ وَيَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ ۚ أُولَٰئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٤٢﴾ وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر

[122] بۇخارى، 2804 – ھەدىس.

قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا اللّٰه نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر. بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللّٰه بېرىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ * زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ * ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» [سۈرە شۇرا 43-39 ئايەت].

سىز تىزگىنلىيەلەيدىغان زالىمنىڭ ھەق ئىگىلىرىگە ئەزۋەيلەپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن تاناۋىنى تارتىش ۋە ھەققە ياردەم بېرىش ئارقىلىق تىزگىنلىشىڭىز ۋاجىپتۇر، ئەگەر تىزگىنلەشكە قۇربىڭىز يەتمىسە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر تىزگىنلەشكە قۇربىڭىز يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ توغرا يولغا باشلاشنى خالىسىڭىز ئۇنىڭ ئەجرى ئەۋزەل ۋە كاتتىدۇر.

زالىمنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرالمىسىڭىز، مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىشكە قادىر بولالمىسىڭىز خاتىرجەملىكىنىڭ كېلىشىنى

كۈتۈش سەۋردۇر. ئۇ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى ئاجىز ۋاقتىدا سەۋر قىلىشقا، چىدامچان بولۇشقا، ئامالىنىڭ بىرىچە ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَاصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَاهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا﴾ «ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن». [سۈرە مۇززەممىل 10- ئايەت]

18- مۆمىنلەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ تاغۇت، (زالىم) كاپىرلارنىڭ ئەزىيىتىگە ئاللاھ ھەق دىنغا نۇسرەت بەرگۈچە سەۋر قىلىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ كىتابىدا بىزگە پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ كاپىر، يالغانچى، تاغۇتلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىغا، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشلىرىگە، ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىش تەھدىتلىرىگە ئاللاھ تەرەپتىن مەدەت ۋە نۇسرەت كەلگۈچە، زالىملارنى ھالاك قىلغۇچە ياكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن يادەمگە ئېرىشكۈچە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ مَن يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ ۖ وَمَا كَانَ لَنَا أَن نَّأْتِيَكُم بِسُلْطَانٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ ۚ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾ وَمَا لَنَا أَلَّا نَتَوَكَّلَ عَلَى اللَّهِ وَقَدْ هَدَانَا سُبُلَنَا ۚ وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَا آذَيْتُمُونَا ۚ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢﴾ وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُم مِّنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا ۖ فَأَوْحَىٰ إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ الظَّالِمِينَ ﴿١٣﴾ وَلَنُسْكِنَنَّكُمُ الْأَرْضَ مِن بَعْدِهِمْ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِي وَخَافَ وَعِيدِ ﴿١٤﴾ «پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمىز، لېكىن الله بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ، الله نىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز، مۆمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر الله غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى الله قا تاپشۇرسۇن) * الله بىزنى (بىزنى تونۇيدىغان) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا الله قا تەۋەككۇل

قىلمايلى؟ بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا، ئەلۋەتتە، سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار پەقەت اللە قا تەۋەككۈل قىلسۇن» دېدى * كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيي قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز * ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر» [سۈرە ئىبراھىم 14-11 ئايەت]، شۇنداقلا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا نۇسرەتنىڭ ئاللاھنى كاتتىلىغان، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان كىشىلەرگە كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، بۇ ئايەت بىزگە ھىدايەت يولىدا چىڭ تۇرۇش ۋە سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا تەۋەككۈل، ئىلتىجا قىلىپ ئاللاھقا تايىنىپ، ئاللاھتىنلا ياردەم سوراش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى، ھىدايەتنى رەت قىلغان كاپىرلارغا شىددەتلىك ئازاب چۈشۈرۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش ھېسابلىنىدۇ . پەيغەمبىرىمىز ﷺ گۇناھكار مۇشرىكلارغا ئازاب ، مۇسۇلمانلارغا بولسا نىجاتلىق تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا نامازنى مۆمىنىنىڭ ياردەمچىسى، سەۋر قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان، رەھمەت ۋە ئاسانلىق ئەكىلىدىغان سەۋەب قىلدى. ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىرگە نامازغا ھېرىسمەن بولۇش سەۋرنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتىنى تولۇقلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ ۚ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» [سۈرە بەقەرە 153- ئايەت]، شۇنداقلا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ ۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ**﴾ «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (اللە تىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز اللە تىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن اللە قا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر» [سۈرە بەقەرە 54- ئايەت].

رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ۋە دۇئانىڭ زالىملارنىڭ زۇلمى ۋە دۈشمەنلىكىدىن قوغدايدىغانلىقىنىڭ تەسىرىنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن ھىجرەت قىلىپ بىر زالىم پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە كېلىپ قالغانىدى، پادىشاھقا:«ئىبراھىم ناھايىتى گۈزەل بىر ئايال بىلەن كەلدى»دېيىلدى. ئىبراھىمغا ئادەم ئەۋەتىپ:«بۇ كىم؟»دەپ سورىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم» دېدى ۋە سارەگە: «مەن ئۇلارغا سىزنى قىز قېرىندىشىم دەپ قويدۇم، شۇڭا سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ مېنىڭ سىڭلىم ئىكەنلىكىڭىزنى دەڭ، يەر يۈزىدە مەن ۋە سىزدىن باشقا مۇسۇلمان يوق» دېدى. كىتابتا بۇ يەردىكى جۈملە مۇنداق: بىز دىندا قېرىنداش ھېسابلىنىمىز » دېدى ۋە سارەنى پادىشاھنىڭ ئادەملىرىگە قوشۇپ پادىشاھقا ئەۋەتتى، پادىشاھ سارەگە يېقىنلاشماقچى بولغاندا سارە تاھارەت ئېلىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى: «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭگە ، مەن ساڭا ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ئىمان ئېيتقان بىرمەن، مەن ئەزەلدىن ئىپپىتىمنى ساقلاپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى بۇ كاپىرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويمىغىن»، كاپىر پادىشاھنىڭ دېمى سىقىلىپ، پۇتلىرى تېپىچەكلەشكە باشلىدى، سارە: «ئى ئاللاھىم! ئەگەر ئۆلۈپ قالسا مېنى ئۆلتۈردى دېيىشىدۇ» دېدى، ئۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە يەنە سارەگە يېقىنلاشماقچى بولدى، سارە يەنە ئىلگىرىكىدەك قىلدى ۋە دۇئاسىنى قايتىلىدى، پادىشاھمۇ ئاۋۋالقىدەكلا قىينالدى ۋە سارە: «ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە مېنى ئۆلتۈردى دېيىشىدۇ» دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى ۋە ئۇ يەنە ئەسلىگە كەلدى، بۇ ئىش ئۈچ قېتىمغا يېقىن تەكرارلانغاندا، ئۇ زالىم پادىشاھ:«ماڭا ئادەم ئەمەس شەيتان ئېلىپ كەپسىلەر، ئۇنى دەرھال ئىبراھىمغا قايتۇرۇۋېتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ھاجەرنى قوشۇپ بېرىڭلار »دېدى، سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە: «قارىمامسەن! ئاللاھ زالىمنى رەسۋا قىلدى ۋە بۇ خىزمەتچى بىلەن يولغا سالدى» [123]دېدى.

دۇئانىڭ كارامىتى بىلەن ئاللاھ ئۇنى زالىمدىن قۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر قۇلغىمۇ ئېرىشتى.

مۆمىن دۇنيادا نۇسرەتكە ئېرىشسۇن ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇپ ئاللاھقا ئۈچراشسۇن ھامىنى ھەق ئۇستىدە ئىكەنلىكىنى

[123] بۇخارى، 4104 – ھەدىس.

بىلىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئۈچۈن نۇسرەت ۋە ئۇتۇق قازىنىش ھېسابلىنىدۇ، ھەر ئىككىلىسى ياخشىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلَّا إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ ۖ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَن يُصِيبَكُمُ اللَّهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِ أَوْ بِأَيْدِينَا ۖ فَتَرَبَّصُوا إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ اللّٰه نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ (ئۆزۈڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى». [سۈرە تەۋبە 52- ئايەت]

مۆمىن ئاللاھ تائالانىڭ يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈم ۋە تەقدىرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، مەسىلەن: مۆمىنلەرنى سىناش، يەنى ئاللاھ تەقدىر قىلغان نۇسرەت كەلگۈچە دۈشمەنلەرنىڭ ئەزىيىتى ۋە جىھاد قىلىشقا سەۋر قىلىش. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ئەسھابلىرى كاپىرلارنىڭ ئازابلاشلىرىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگىنىدە رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ۋە مۆمىنلەرگە نۇسرەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى، لېكىن نۇسرەتنىڭ ئالدىراش بىلەن ئەمەس، سەۋرلەردىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ۋە يەنە قۇربانلىقلارنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ بارلىقىنى خەۋەر بەردى، خەبباب ئىبنى ئەرت رضي الله عنه دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ: «رەسۇلۇللاھ كەبىنىڭ سايىسىدە تونىنى ياستۇق قىلىپ يېتىۋاتقانىكەن، بىز ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىپ: «بىزگە نۇسرەت تىلىمەمدىلا؟! بىز ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلمامدىلا؟!» دېدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر كىشىگە ئورەك كولىنىپ، ئورەككە كىرگۈزۈلگەن، ئاندىن ھەرە بىلەن كاللىسىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن، بۇ ئىش ئۇ كىشىنى دىنىدىن ياندۇرالمىغان، ۋە يەنە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن سۆڭەك ياكى نېرىپلىرىنى تارىغان، بۇمۇ ئۇنى دىنىدىن ياندۇرالمىغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار بىر يولۇچىنىڭ سەنئادىن ھەزرە مەۋتكە بارغۇچە ئارىلىقتىكى قىسقا ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراڭغۇلۇق قىلىۋاتىسىلەر» [124] دېگەن.

[124] بۇخارى، 3416 – ھەدىس.

ئاللاھ تائالا بىزگە سۈرە بۇرۇجدا ئورەك ئىگىلىرىدىن خەۋەر بەردى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئۆلۈم ۋە كۆيدۈرۈش بىلەن تەھدىت سېلىنغاندا دىنىدىن يانماي، دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ھەق ئۈستىدە جېنىدىن ئايرىلغىنىدەك سەۋرلىرىنى سۆزلەپ بەردى، «يەمەندىكى پادىشاھنىڭ قەۋمى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەندە، پادىشاھ يوللارنىڭ ئېغىزلىرىغا ئورەك كولاشقا بۇيرۇدى، ئورەكلەر كولىنىپ ئوتلار يېقىلدى. ئۇ پادىشاھ:«كىمكى دىنىدىن يانمىسا ئورەكتە قىزىتىڭلار »دېدى، ۋە «زورلۇق بىلەن كىرگىن»دېيىلدى، ئۇلار كىردى. شۇ ئارىدا بىر ئايال بالىسى بىلەن كەلتۈرۈلدى ۋە ئورەككە چۈشۈشتىن يالتىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، بالىسى ئۇنىڭغا:«ئانا، سەۋر قىلغىن، سىز ھەق ئۈستىدە» دېدى.

ئىسلام غېرىبلىشىپ ، كاپىرلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرى، مۆمىنلەرگە قارشىلىشىپ ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشلىرى ھەددىدىن ئاشقاندا مۆمىنلەر زىيادە سەۋر ۋە چىدامچانلىققا موھتاج بولىدۇ، ۋە بۇنىڭ ئەجرى رەسۇلۇللاھ ﷺ دېگىنىدەك ھەسسىلەپ زىيادە بولىدۇ، ئۇ:«سىلەردىن كېيىن بىر زامان كېلىدۇ، ئۇ زاماندا سەۋر قىلىش چوغ تۇتقاندەك تەس، شۇ ۋاقىتتا سەۋر قىلالىغان كىشىگە سىلەردىن ئەللىك كىشىنىڭ سەۋرىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» [125]دېگەنىدى.

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئىسلامنى ئۆز دۆلەتلىرىدە غېرىب ھالەتتە كۆرىمىز، بەلكىم مۇشۇ رەسۇلۇللاھ ئىشارەت قىلغان زامانغا ۋەكىللىك قىلسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى مۆمىنلەرنىڭ ۋەزىيىسى بۇرۇنقى ھەر قانداق زاماندىكىدىن بەكرەك سەۋر قىلىشتۇر. چۈنكى ئەجرى – ساۋابى كاتتا بولىدۇ، بۇ ئۈچرىغان قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئادىل جازادۇر. بۇ ئەجىرگە ھۆرۈنلۈق قىلغان، ئاجىز، نائۈمىد كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك تىرىشچان ئىش ئىگىلىرى ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە پەيغەمبەرلەرنىڭ تاغدەك ۋە ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغانلار بىلەن بولغان سەبرى توغرىسىدا كۆپلىگەن مىساللارنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ مىساللاردىن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى ئېسىپ قويۇش، قول – پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ ئازابلاش

[125] تىرمىزى، 3058– ھەدىس.

قاتارلىق تەھدىتلەرگە سەۋر قىلىشى بولۇپ، ئۇلار پىرئەۋننى بۇ دۇنيادىكى زۇلۇم بىلەن ھۆكۈم قىلىش قۇدرىتىنىڭ ئالداپ كەتمەسلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ ۖ إِنَّمَا تَقْضِي هَٰذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ﴾ « (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ» [سۈرە تاھا 72-ئايەت] ۋە يەنە ئىمان ۋە پىرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇپ، رەھمان تائالادىن سەۋر ۋە ياردەم تىلىگەن، ياخشى ئاقىۋەتنىڭ تەقۋادارلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئاللاھتىن خاتىرجەملىك كۈتكەن ۋە زالىمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى قىلغان. ئاللاھ تائالا دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ھەققە قايتىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۇلارنى بىر نەچچە تۈرلۈك ئازاب بىلەن ئازابلىدى ، مۆمىنلەر نۇسرەتتىن كېيىنمۇ سەۋرگە ، ھەقتە چىڭ تۇرۇشتا سەۋر قىلىشقا، ھەقنى يۈرگۈزۈپ ئۆز – ئارا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولدى، بۇنداق بولۇشى سەۋرنىڭ بىز ئاللاھقا ئۇچراشقۇچە ھەر خىل يوللار بىلەن بىزدىن تەلەپ قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەق بىلەن باتىل جېڭى ھەر زاماندا مەۋجۇت بولغانىكەن، سەۋرمۇ شۇنىڭغا قاراپ داۋاملىشىپ تۇرۇشى كېرەك. بالايى – قازا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئۇرۇشقان ۋاقىتتىلا ئەمەس، ھەر ۋاقىت، ھەر زامان كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا ئۈزۈلمەسلىكى كېرەك. مۇناپىقلار ۋە ئەسكى ئادەملەر بىلەن بولغان نىزا تۈگىمەيدۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن چۈشۈرىدىغان قۇرغاقچىلىق، ئاچلىق، كېسەللىك، قورقۇنچ، يەر تەۋرەش، كەلكۈن ئاپىتى، ئىسسىق – سوغۇق ۋە يەنە باشقا بالايى – ئاپەتلەر ئۈزۈلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ھەرگىزمۇ ئىسلامى خىلاپەت ئەسلىگە كەلسە، دۆلەتلەر ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزسە دۇنيا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇقىملىق بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ دەپ خىيال قىلىپ قالماسلىقى لازىم. شۈبھىسىزكى، راھەتلىك ۋە كەڭرىچىلىك ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، بايلىق، پۇل – مال زىيادە بولىدۇ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ، ئەمما بۇلار مەڭگۈلۈك بولمايدۇ ۋە بالايى – ئاپەت، سىناقلارنىڭ كېلىشىنى ھەم توسۇپ قالالمايدۇ.

مۆمىننىڭ راھەت، سائادىتى قەلبىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچى، ئاخىرەتكە بولغان جەزمىيىتىدىن كېلىدۇ. كۆپىنچە ھالەتلەردە مۆمىننىڭ رىزقى، ئەملى، ۋاقتىغا بەرىكەت ھەمراھ بولغان بولىدۇ، ھەر بىر قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق، كەڭچىلىك ۋە رەھمەتلەر ئويلاپ خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان يەرلەردىن كېلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مۆمىننىڭ ئۆزىنى سەۋر قىلمىسىمۇ، جاپا تارتمىسىمۇ، بەرداشلىق، قۇربانلىق بەرمىسىمۇ، سىنالمىسىمۇ بولىدىغاندەك ئويلىشىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا بىزنى بۇ نۇقتىدىن بۇرۇنلا ۋاقىپلاندۇرغان بولۇپ، يەھۇدىيلار ئاللاھقا ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا **عليه السلام** نىڭ دەۋىتىگە ئىجابەت قىلىش ۋە ھەق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، كەڭرىچىلىك، بارلىق خاپىلىقنىڭ يوقىلىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشۋالغان چاغلىرىدا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىشىپ مۇنداق دېگەنىدى: ﴿**قَالُوا أُوذِينَا مِن قَبْلِ أَن تَأْتِيَنَا وَمِن بَعْدِ مَا جِئْتَنَا ۚ قَالَ عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الْأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ**﴾ «ئۇلار: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر دېدى». [سۈرە ئەئراف 129- ئايەت] .

ئاندىن ئاللاھ تائالا يەنە كاپىرلار ۋە ئىمانى ئاجىزلارنىڭ ئىشلار مۇسا **عليه السلام** غا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن بالالار بىلەن سىنالمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ، يۈز بەرگەن بالايى – ئاپەتلەرنى ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قەلبلىرىنىڭ كېسەللىكىدىن كۆرۈپ، مۇسا **عليه السلام** نى تەستىقلىمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى سانىشىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ أَخَذْنَا آلَ فِرْعَوْنَ بِالسِّنِينَ وَنَقْصٍ مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ**﴿١٣٠﴾ **فَإِذَا جَاءَتْهُمُ الْحَسَنَةُ قَالُوا لَنَا هَٰذِهِ ۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَطَّيَّرُوا بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُ ۗ أَلَا إِنَّمَا طَائِرُهُمْ عِندَ اللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ**﴾ «اللہ قا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى

قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق * ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق - مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا - قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇقمايدۇ». [سۈرە ئەئراف 130، 131- ئايەتلەر]

مۇسۇلمانىنىڭ ئەدەپلىرى ۋە سەۋرچان كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرىدىن: سەۋرنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى جۇغلاش، يەنى باشقىلارغا يامانلىق قىلىشنى تاشلاشقا سەۋر قىلىش ۋە باشقىلاردىن كەلگەن كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆتۈرۈشكە سەۋر قىلىپ نارازىلىقىنى ئاشكارىلىماسلىقتۇر.

مۇسۇلمان باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەيدۇ: «مۇسۇلمان دېگىنىمىز مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر». [126]

ئەگەر ئۇنىڭغا باشقىلاردىن يامانلىق يەتسە ئەپۇ قىلىۋېتىش، كەڭچىلىك قىلىش، كەچۈرۈۋېتىشنى ئۈستۈن كۆرىدۇ: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشلاردىندۇر». [سۈرە شۇرا 43- ئايەت]

ئەمما باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىپ، رەنجىتىپ كارىسى بولمايدىغان كىشىلەرگە كىچىككىنە يامانلىق يېتىپ قالسا پارتلاپ چىقىپ غەزەپلىنىدۇ ۋە ئىنتىقام ئالىدۇ. بۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئەمەس، بەلكى چوڭچى، مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

19-سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقلىرىدىن: غەزەپلەنگەندە سەۋر قىلىش، ئاچچىقىنى يۇتۇش، ئامال بار ياخشى ئۇسۇلدا مۇداپىئەلىنىش.

[126] بۇخارى، 6119 – ھەدىس. مۇسلىم، 40 – ھەدىس.

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى : ﴿وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ﴾ «ئۇلار غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئەپۇ قىلىدىغان كىشىلەر» [سۈرە شۇرا 37-ئايەت] دەپ سۈپەتلىدى. مۆمىن غەزەپنىڭ كەينىدىن مېڭىش ئورنىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ ۋە ئۆزىنى سەۋر قىلدۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ۋەسىيىتىدە غەزەپلەنمەسلىكنى تەكىتلىدى، ئەبى ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بىر ئەر رەسۇلۇللاھقا ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «غەزەپلەنمە» دېدى ۋە بىر نەچچە قېتىم «غەزەپلەنمە» دېگەن سۆزنى قايتىلىدى.[127]

بۇ ساھابە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋەسىيەتنى تەلەپ قىلغاندا، جاۋاب غەزەپلەنمەسلىك توغرىسىدا كەلدى. بۇ غەزەپلىنىشتىن يىراق تۇرۇشنىڭ نەپسىنى پاكلاش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا چوڭ تەسىرى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتەك كاتتا ئەجرمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەقۋادار كىشىلەر قەلبلىرىدە ھەرىكەتلىنىپ قالغان غەزەپ ۋە ئاداۋەتنى يوشۇرۇپ بېسىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پۇت – قول، بەدەن - ئەزالىرىنى ئىنتىقام ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشتىن توسۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَارِعُوا إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار* تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل -

[127] بۇخارى، 5765 – ھەدىس.

مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اللّٰه ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ». [سۈرە ئال ئىمران 133، 134- ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا سەۋر بىلەن ئەزىز قىلغان كىشى بۇنىڭدىن كۆپكە قادىر بولالايدۇ، باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق بىلەن، چىرايلىق سۆز، ئەپۇلار بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ۚ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ﴿٣٥﴾ وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ ۖ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ * بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ * ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) اللّٰه قا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە فۇسسىلەت 34، 35، 36، 36- ئايەتلەر]

- غەزەپ – ئىنساننىڭ خاھىشىغا خىلاپ ھالدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بىر ئىشقا نەپسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى.

مۇسۇلمان ئۆزىنى ھاۋايى – ھەۋەسلىرىگە ماقۇل بولۇشتىن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ماقۇل بولۇشقا بويسۇندۇرىدۇ، ئۇ بۇ تەبئىي خۇلقىنى قوغدىشى، پەرۋىش قىلىپ يېتەكلەپ تۇرۇشى كېرەك. يەنى ئاللاھ غەزەپلىنىشكە بۇيرۇغان يەرلەردە غەزەپلىنىپ،

غەزەپلەنمەسلىككە بۇيرۇغان يەرلەردە غەزەپلەنمەسلىك.

ئىنسان ھەق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ غەزەپلەنسە، ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلەنسە ماختاشقا تېگىشلىك بىر ئىش، بۇ غەزىپى ئۇنى ھەقنى باتىل ئۈستىدىن غالىب كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاقكۆڭۈلى بولۇپ ئۇنى ھېچقانداق نەرسە قوزغىتالمايدۇ، غەزەپلەندۈرمەيتتى، لېكىن ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىنسا ئۇ ۋاقىتتىكى غەزىپىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى. ھەزرىتى ئائىشە بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ئىككى ئىشتا تاللاش بېرىلسە، گۇناھلا بولمىسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاسانراقىنى قىلاتتى، ئەگەر گۇناھ بولسا ھەرگىز يېقىن كەلمەيتتى، رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ باققان ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىنسا ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئالاتتى» دېگەن.[128]

پەيغەمبەر ﷺ ئۇسامە ئىبنى زەيد ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن بىرىگە شاپائەت تىلەپ كەلگىنىدە غەزەپلىنىپ:«ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئارا تۇرماقچىمۇسەن؟» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ھالاك قىلىندىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالايتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» دېدى.[129]

پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدنىڭ قىبلىسىدە بەلغەم كۆرگەندە غەزەپلەنگەن[130].

---

[128] بۇخارى، 5775 – ھەدىس. مۇسلىم، 2327 – ھەدىس.

[129] بۇخارى، 3288– ھەدىس. مۇسلىم، 1688 – ھەدىس.

[130] بۇخارى، 5760 – ھەدىس.

ئەمما ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشى ۋە بېسىۋېلىشى كېرەك بولغان غەزەپ، ئىنساننى گۇناھقا ئاپىرىدىغان، جازاغا لايىق قىلىدىغان، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ۋە تەقەززا قىلىدىغان تەسەررۇپلار تۈپەيلى ئەيىبلىنىدىغان ئىشلاردۇر.

***غەزەپلىنىشنىڭ سەۋەبلىرى:***

ھاياتىڭدا ئاچچىقلىنىشىڭغا سەۋەب بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقۇشۇڭ مۇمكىن، مەسىلەن: بەزىلەرنىڭ سېنى كۆزگە ئىلماسلىقى ياكى ئەقىلسىز دەپ قارىشى، بەزىدە سەن توغرا دەپ قارىغان، ھەمدە توغرا بولغان ئىشنى ئىنكار قىلىشى، بەزىدە ساڭا بوھتان چاپلاپ دېمىگەن سۆزلەرنى دېدى دەپ تۆھمەت قىلىشى، بەزىدە غەيۋىتىڭنى قىلىشى ياكى تىللىشى، بەزىدە باشلىقىڭ سېنى ھوقۇقۇڭدىن مەھرۇم قىلىپ تۇرۇپ يەنە سەندىن ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى تەلەپ قىلىشى، يەنە بەزىدە بىر پىيالە قىزىق چاينىڭ قۇچىقىڭغا ئۆرۈلۈپ كىيىمىڭنى مەينەت قىلىۋېتىشى ياكى سېنى كۆيدۈرۈپ قويۇشى ، باشقىلار دېرىزىدىن تاشلىغان ئەخلەت خالتىسىنىڭ بېشىڭغا چۈشۈشى ، كىچىك بالىلار ئېتىشىپ ئوينىغان تاشنىڭ ساڭا تېگىشى، بەزىدە بالىلىرىڭنى قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بوزەك قىلىشى، بەزىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭدا تاماقنىڭ ۋاقتىدا تەييار بولماسلىقى ياكى تۇزلۇق، تۇزسىز بولۇپ قېلىشى، يەنە بەزىدە باشلىق ياكى بىرەر ئىشنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالساڭ خىزمەتچىلەرنىڭ نۇرغۇن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى، بوشاڭلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىشلىرىنى كۆرسەن، بۇلارنى تۈزىتىشتە قارشىلىقلارغا ئۇچرايسەن، سەۋر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىسەن، ھاياتىڭدا مۇشۇلاردەك ئاچچىقلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقىسەن.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننى ئاچچىقلاندۇرۇپ، قېنىنى قىزىتىپ، بەزىدە تىللاش، ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ، بەزىدە ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، ھەتتا چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئۇنىڭدىن

شۇنداق سۆز، ئىش- ھەرىكەتلەر سادىر بولىدۇكى؛ ئاچچىقى يانغان ۋاقىتتا پۇشايمانغا قالىدۇ ياكى ئۆزىنى قازىنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلغان ھالەتتە كۆرىدۇ.

ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشى سەۋرچان، ئاقىل بولۇپ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان كۈچلۈكلەرنىڭ قاتارىدىندۇر، بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چېلىشتا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر».[131] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئادەمنىڭ ئاجىز ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ .

ئاللاھ كۈچلۈك مۆمىننى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىش، تىنچلاندۇرۇش ۋە ئېغىر- بېسىقلىقتا، شۇنداقلا ئاساسسىز ياكى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان نامەلۇم ئىشلارغا يېنىكلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەقكە قايتىش ۋە نەپسىڭنى كونترول قىلىشقا تىرىشقىن.

### ئاچچىقنى قانداق تىزگىنلەيمىز؟

ھەقىقەتەن ئاچچىقلىنىش دېگەن ئىنتىكلىك، ھۇجۇم، ئاسان ھاياجانلىنىش، پارتلاش دېگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ، سەۋرچانلىق ۋە ئېغىر- بېسىقلىقتىن باشقا نەرسە توسالمايدۇ.

ئاچچىقلىنىش پارتلاپ چىقىدىغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت بولۇپ، ئۇنى كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ۋە مۇلايىملىقلا توسۇپ قالالايدۇ. بۇ بىر ئىشلارنى باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوبۇل قىلىش، خاتالىقلىرىنى ئاقلاشتا قەستەن قىلمىغان، ئۆچ ئېلىش ۋە قوپاللىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەپۇ قىلىشقا، ئىسلاھ قىلىۋېلىشقا بولىدىغان سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش ئارقىلىق مۇلايىملىق، مەيلى دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ۋە سەۋر قىلىش

[131] بۇخارى، 5763 – ھەدىس.

ئارقىلىق توسۇۋالغىلى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

قەلبى ئۈچ ئاداۋەتتىن خالىي، كەڭ قورساق، سەۋرچان ئادەم ئاچچىقنى يىلتىزىدىن توسۇشقا قادىر بولالايدىغان ئادەمدۇر.

**ئاچچىقنى بېسىۋېلىش ۋە يەڭگىللىتىشكە ياردىمى بولىدىغان مۇھىم ئىشلار تۆۋەندىكىچە:**

بىرىنچى: ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ، ئولتۇرۇۋېلىش ۋە ھەرىكەت قىلماسلىق.

چۈنكى ئاچچىقلىنىش ئادەمدە يېنىكلىك ۋە ھۇجۇم پەيدا قىلىدۇ، بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاچچىقلانغۇچى ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىكى يېنىكلىك، ھۇجۇم خاراكتېرىنى ئوت يالقۇنى ياكى بىر پارچە چوغ دەپ تەسۋىرلىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغۇچىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدىن سەگەك تۇرۇشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلار! ئادەملەردىن ئاستا ئاچچىقلىنىپ، تېز ئاچچىقى يانىدىغانلىرى بار، تېز ئاچچىقلىنىپ تېز يانىدىغانلىرى بار، يەنە ئاگاھ بولۇڭلار! بەزىلەر تېز ئاچچىقلىنىپ ئاستا ئاچچىقى يانىدۇ، بۇلارنىڭ ياخشىسى بولسا ئاستا ئاچچىقلىنىپ تېز ئاچچىقى يانغىنىدۇر. يامىنى بولسا تېز ئاچچىقلىنىپ ئاستا ئاچچىقى يانىدىغان كىشىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلار! ئاچچىقلىنىش ئادەم بالىلىرىنىڭ قەلبىدىكى بىر پارچە چوغدۇر. ئاچچىقلانغان ئادەمنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ چوغدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى، بويۇن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ چىققانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟! كىمكى شۇنداق ئەھۋالغا يولۇقسا، ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۋالسۇن (ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۋالسۇن، ئولتۇرغان بولسا يېتىۋالسۇن)»[132] بۇ ھەدىسنى بەزى ئالىملار ھەسەن ھەدىس دەپ قارىغان.

[132] تىرمىزى، 2191– ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە ئاچچىقلىنىشنىڭ ئىلاج دورىسى ۋە ئۇنىڭ ھارارىتىنى قانداق پەسەيتىشنى بۇ ھەدىستە بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىسيان، ئىتتىكلىك، يېنىكلىك، ھۇجۇم ۋە شۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەندە يېتىۋېلىش ياكى ئولتۇرۇۋېلىشقا بۇيرىسىمەن بولۇشتۇر. ساھابە ئەبى زەر ئەلغىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقلانغاندا شۇنداق قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىككىنچى: شەيتاندىن پاناھ تىلەش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقتىن ئىككى كۆزى قىزىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان ئادەمنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن بىر سۆزنى بىلىمەن، ئەگەر بۇ كىشى ئۇ سۆزنى دېسە ئاچچىقى ياناتتى؛ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[133] شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ قان تومۇرلىرىدىن مېڭىپ ئۇنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئاچچىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئىنساننى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە، قىلىپ بولۇپ پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشلارغا قۇترىتىدۇ.

شەيتان ئادەم ئاچچىقلانغان ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، باتىل ئىشلارنى قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ، ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى بۇنداق ھالەتلەردە شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ ﴿١٩٩﴾ وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ ۚ إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾ إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَوْا إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُوا فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ﴾ «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (

[133] بۇخارى، 5763– ھەدىس. مۇسلىم، 2610 – ھەدىس.

يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن ( يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن) ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ( ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر/ تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ-دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ». [سۇرە ئەئراف 199، 200، 201-ئايەتلەر]

ئۇچىنچى: چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە مۇلايىم جاۋاب بېرىشكە ھېرىسمەن بولۇش.

ئاللاھ تائالا بىزنى شەيتاننىڭ پىتنىسىدىن يىراق تۇرۇپ، ئەڭ ياخشى چىرايلىق سۆزلەرگە ھېرىسمەن بولۇشقا بۇيرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُوا الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلْإِنسَانِ عَدُوًّا مُّبِينًا﴾ «بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر». [سۇرە ئىسرا 53- ئايەت]

يامان سۆز ئاچچىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ياخشى سۆزنى بەزىدە كىشىلەر خاتا چۈشىنىۋېلىشى ياكى باشقا مەقسەتتە دېيىدۇ دەپ تونۇۋېلىپ، ئاچچىقى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىپ، خاتا چۈشەنچىگە ئورۇن قويماسلىق ۋە ئاچچىقنىڭ ئىسيانلىرىغا ئېھتىماللىق قويماسلىققا بۇيرىدى.

تۆتىنچى: تاھارەت ئېلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئاچچىقلانغاندا ئاچچىقىنى بېسىش ۋە

ئۇنىڭ ھارارىتىنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاچچىقلىنىش شەيتاندىن، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئوتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ شۇڭا سىلەر ئاچچىقى كەلگەندە تاھارەت ئالسۇن».[134]

بەشىنچى: ئاچچىقى كەلگەندە سەۋر قىلغان ۋە ئۆچ ئالمىغانلىقنىڭ ئەجرى ساۋابىنى ئويلاش.

ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئادەمنى جازالاشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى بېسىۋالغان ئادەم كاتتا ئەجىر ۋە زور ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر؛ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاچچىقىنى چىقىرىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۇنى ( ئاچچىقىنى) بېسىۋالسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى خالايىقلارنىڭ بېشىدا چاقىرىپ ھۆرۈلئەينىلەردىن خالىغىنىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىدۇ».[135] سىلىق- سىپايە، چىقىشقاق، مۇلايىم، ئەپۇچان، ئاچچىقلىنىشتىن يىراق تۇرىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالا دوزاخ ئوتىنى ھارام قىلغان ئادەملەرنىڭ قاتارىدىندۇر، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە خەۋەر بېرەيمۇ ؟! كىمگە دوزاخ ئوتى ھارام قىلىنغان ياكى كىم دوزاخ ئوتىدىن چەكلەنگەن؛ ھەر قانداق سىلىق- سىپايە، مۇلايىم، چىقىشقاق باشقىلارغا ئۆزىنى يېقىن تۇتىدىغان ئادەمگە دوزاخ ئوتى ھارام قىلىنغان».[136]

21- سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەدەپلىرىدىن: گۇمانخور، جاھىللارغا خۇشخۇي مۇلايىم بولۇش.

مۇلايىملىق ؛ سەۋرچانلىق ۋە رەھىمدىللىك ئەخلاقلىرىدىن بولۇپ، ئادەملەرنى قاچۇرىدىغان قوپال مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ ئورنىغا ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇش ئىسلاھ، تەلىم - تەربىيە، مائارىپنىڭ

[134] ئەبۇ داۋۇد، 4784 – ھەدىس.

[135] تىرمىزى، 2021 – ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد، 4777 – ھەدىس.

[136] تىرمىزى، 2488 – ھەدىس. ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 3938– ھەدىس.

يولـــدۇر. بــۇ خـــل خاراكتېرگــە ئاتــا- ئانـــلار، تەربىيەلـىگۈچـلــەر، دەۋەتچـلــەر، ئالـىمـــلار ۋە ھاكـىمـــلار تولـىمـۇ ئېھتـىياجلـىقتـۇر.

ئەبـۇ ھۇرەيرەدـىن رىۋايــەت قـىلـىنغــان ھەدىستــە مۇنـداق بايــان قـىلـىنغان: «بىر سـەھرالـىق ئادەم مـەسـجـىدكـە سـىيـىپ قويدى، باشـقـىلار ئۇنى قوپاللـىق بىلـەن توسۇشـقا تەمشـەلگەندە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگـەن: ئۇنى ئۆز ھالـىغا قويـۇڭلار ھاجـىتـىنى ئادا قـىلـىۋالسۇن، ئانـدىـن ئۇنـىڭ ئۈسـتـىگە ( يەنى سۈيدۈكـىنـىڭ) بـىـر چېلـەك سـۇ قۇيـۇپ ئېقـتـىۋېتـىڭلار، ھەقـىقـەتـەن سـىلـەر قـىيـىنلاشـتـۇرغۇچى ئـەمـەس، ئاسانلاشــتـۇرغۇچى بولـۇپ ئەۋەتـىلـدىـڭلار».[137]

پەيغەمبـەر ئەلـەيھىسسالام بـۇ سـەھرالـىق ئادەمگە سـىلـىق مۇئامـىلە قـىلـىـپ، ئاۋۋال ئۇنى ھاجـىتـىنى ئادا قـىلـىۋېلـىشـىغا رۇخسـەت قـىلـدى، ئانـدىـن ئۇنـىڭغـا قانـداق قـىلـىشـنى ئۆگـىتـىـپ ئاخـىرىـدا مۇنـداق دېـدى: «ھەقـىقـەتـەن مـەسـجـىدلـەر بۇنـداق ئىشـلارغا ۋە مـەيـنـەت نەرسـىلـەرگە مۇۋاپـىـق ئەمــەس، بەلكـى مـەسـجـىدلـەر ئاللاھنــى زىكـرى قـىلـىش، نامـاز ئوقـۇش، ۋە قـۇرئـان تـىلاۋىتـى ئۈچـۈن بـىنـا قـىلـىنغـان».[138]

مۇلايـىملـىق بولسا ئوڭايلـىق، ئىللـىقلـىق، رەھـىمدىللـىك، ھەقـنى ياخشـى كۆرسـىتـىشـكە ۋە مـەجبۇرلـىماسـلـىققا كـىرىـش ئىشـكى، ئاتـا- ئانـا، دەۋەتچـى، مۇئەللـىملـەرنـىڭ مـەسـئۇلـىيـىتى دىـن، ئىلـىم، دەۋەتـتـىن كـىشـىلـەرنى بـىـزار قـىلـدۇرۇپ قويماسـلـىق، ياخشـىلـىققا بۇيـرۇپ، يامانلـىقتـىـن توسـۇش، ھەقكـە قـىززىقتۇرۇدىغـان ئىللـىق مۇناسـىـپ ۋەسـىلـىلـەر(ۋاسـىتـىلـەر ) بـىلـەن بولـۇشى لازىـم، بـۇلار سـەۋرنـىڭ بـىـر تۈرى. ئـادەم ئالدىراڭغـۇ كـېلـىدىغـان بولـۇپ كـۆپ ۋاقـىتـلاردا ئاچچـىقلانغاندىكى كۈچـنـى دىـنـدىـن دەپ ئويلـىۋالـىدۇ، لېكـىـن بـۇ كـۈچ ئادەملـەرنى دىـنـدىـن قاچۇرۇشـقا ئۆزگـىرىـپ كـېتـىدىغـان ئىش بولسـا ھەق ئەمـەس بەلكى باتـىل ھېسـابلـىنـىدۇ ھەمـدە ئۇنى تـەرك ئېتـىشـتـە سـەۋر قـىلـىش ۋاجـىپتـۇر.

---

[137] بۇخارى، 217– ھەدىس.

[138] بۇخارى، 216 – ھەدىس.

22- سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەدەپلىرىدىن: كەڭ قورساقلىق ۋە ئېغىر- بېسىقلىقتۇر.

ھېچقانداق نەرسە سىزنى بىئارام قىلالمايدۇ. سىز غەزەپلىنىش ياكى ئۆچ ئېلىشقا ئالدىرمايسىز، بىر ئىشقا قارار چىقىرىشتا ئالدىرماي، يېنىكلىك قىلىشتىن ئۆزۈڭىزنى تۇتۇۋېلىپ قانداق قىلىش كېرەك دېگەننى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلايسىز، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قايتقاندەك ئەقىل پاراسىتىڭگە قايتىپ تۇرۇپ قارار چىقىرىسىز. بىر ئىش قىلغاندا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قارشى، ئەقىل پاراسەتكە زىت كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالمايسىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كەڭ قورساق سەۋرچان ئادەملەرنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ إِبْرَاهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّاهٌ مُّنِيبٌ﴾ «ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى ( يەنى دىلى يۇمشاق) ، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر». [سۇرە ھۇد 75- ئايەت]

***ھاياتىمىزدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان سەۋرچانلىق نەمۇنىلىرىدىن:***

- ئايالىڭىزنىڭ سىزنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ياكى ئۇنىڭدا سىز ياقتۇرمايدىغان بىرەر مىجەز خۇلقنى كۆرسىڭىز، ياكى ئۇ بەزى قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ۋاقتىدا قىلىپ بولالمىسا، ياكى سىزگە ئاچچىقلاپ، توۋلاپ سالسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. تالاق قىلىش ياكى تىللاپ ھاقارەتلەش، ئۇرۇپ ئۆچ ئېلىشقا ئالدىرىماڭ. ئۇنىڭ سىزنىڭ قولىڭىز ئەمەسلىكىنى، ئۇنى تالاق قىلىپ باشقا بىرى بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ (ئۇ باشقا بىرىدىمۇ) كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، سىزدىمۇ ھەم كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئەيىب -نۇقسانلىرى بولسىمۇ يەنە كۆپ ياخشى تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاڭ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىن ئەر مۆمىن ئايالدىكى بەزى بىر كەمچىلىك نۇقسانلارنى دەپلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ئويلىمىسۇن، ئۇنىڭ بەزى مىجەز خۇلقىنى ياقتۇرمىسا ، رازى بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى تەرەپلىرىمۇ باردۇر».[139]

- ئەگەر بىرەر يېقىنىڭىز سىزگە يامانلىق قىلسا سەۋرچان بولۇڭ. ئۇنىڭ قىلغانلىرى سىزنى ئالاقىنى ئۈزۈشكە، غەيۋىتىنى قىلىشقا، ئۆچ ئېلىشقا قۇتراتمىسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىق، مۇلايىملىق ۋە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ؛ چۈنكى ئۇ بىر كۈنلىرى تۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇققانلىرىغا سىلە رەھىم قىلسا ئۇنى ئۈزىدىغانلىقى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا يامانلىق قىلىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلغان ئادەمگە ئوخشاش بولۇڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «گوياكى ئۇلار( ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگەنلەر) ئېغىزلىرىغا قىزىق چوغنى سالغۇچىغا ئوخشايدۇ، سەن بىلەن دائىم ئاللاھنىڭ ياردىمى بىرگە بولىدۇ».[140]

- ئەگەر پۇل مېلىڭىز ئوغرىلانسا، ياكى ئالدامچىلار ھىيلە ئىشلىتىپ ئالداپ كەتسە، ئاچچىقتىن غەم قىلىپ، ئاغرىپ ۋە ھەسرەت چېكىپ ساغلاملىقىڭغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، بەلكى ئېغىر-بېسىق، سەۋرچان بولۇپ، دۇنيانىڭ پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئوغرىلانغان پۇل مېلىڭىزنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەدىقە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئويلاڭ. خاتالىقىڭىزنى يەكۈنلەپ، دەرس ئېلىپ توختام، كېلىشىم، ھۆججەتلەرنى تەستىقلىتىش ۋە گۇۋاھچى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىز ۋە پۇل-مېلىڭىزنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىڭ.

ئەگەر ھەققىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، سوتقا ئەرز

[139] مۇسلىم، 1469 – ھەدىس.

[140] مۇسلىم، 2558 – ھەدىس.

سۇنۇش ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىڭ. ئوغرى ۋە ئالدامچىلارنىڭ قىلغانلىرى سىزنى ئۇلار ئۇچراشقا تېگىشلىك جازادىن ئارتۇق ئۆچ ئېلىشقا قۇتراتمىسۇن؛ چۈنكى ئۆچ ئالمىغان دەپ ئۆلتۈرۈپ قويسىڭىز، شەرىئەت ۋە ئەقىلنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىسىز. شەرىئەتتە ئوغرىنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ( ئۇنىڭ جازاسى باشقا) ئەقىل ئادەم ئۆلتۈرسەڭ تۈرمىگە سولىنىدىغانلىقىڭىز ياكى ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۇرىدۇ. پۇلىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىزگە باشقا بىر بالايى-ئاپەت تېپىۋالىسىز.

- ئەگەر كىچىك بالىنىڭ مەسچىتتە ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىپ مەسچىتتىكىلەرنى بىئارام قىلغانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلسىڭىز بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇنى مەسچىتتىن ۋە نامازدىن قوغلىۋېتىۋېتىسىز، بەلكى ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا مەسچىتكە كىرگەندىكى ئەدەپلەر ۋە مەسچىتنىڭ ھۆرمىتى توغرىسىدا قانائەتلىنەرلىك ئۇسۇلدا سۆزلەش لازىم. بالىلىرىنى مەسچىتكە ئەكىلىدىغان دادىلارغا كەڭ قورساق بولۇڭ؛ بەلكىم بىر كۈنلىرى سىزمۇ بالىڭىزنى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا قىزىنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ خۇتبىسىنى تاماملىغان. يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى دۈمبىسىدىن چۈشكىچە ساقلاپ سەجدىدىن ئالدىرىماي بېشىنى كۆتۈرگەن.

- مەسچىتتە كىچىك بالىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ياكى تېلېفوننىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىسىڭىز، ئاچچىقلىنىپ چېچىلماڭ. نامازدىكى خۇشۇنى يوقىتىپ قويىسىز، بەلكى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئادەتتىكى

ئىش دەپ ئويلاڭ. مەسچىتنى خۇددى ئۆيىڭىزگە ئوخشاش دەپ قاراپ ئۆيىڭىزدە ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قانداق قىلغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ.

ئەي مۇسۇلمان! ئاسان ئوت ئالىدىغان نېفىت ياكى سەرەڭگە ياغىچىغا ئوخشاش بولماي ھەر قانداق ئوتنى پەسەيتەلەيدىغان ۋە ئۆچۈرەلەيدىغان دېڭىز كەبى بولۇڭ.

ئىنساننىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنى كەينىگە سۈرۈشى، ئەرنىڭ ئائىلىگە كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى، بۇزۇلغان يەرلەرنى، سۇ يوللىرىنى ئوڭشاش... دېگەندەك ئىشلارنى كەينىگە سۈرۈشى سەۋرچانلىق ۋە ئېغىر بېسىقلىق ئەمەستۇر، بەلكى سەل قارىغانلىق ۋە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : «مەسئۇلىيىتى بار تۇرۇقلۇق سەل قاراپ كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا ، سەل قاراپ كۆڭۈل بۆلمەسلىك يېتەرلىكتۇر».[141]

## ھارام قىلىنغان سەۋر توغرىسىدا

سەۋرچانلىق، كۆتۈرۈشچان، كەڭ- قورساقلىق، ئېغىر- بېسىقلىقنىڭمۇ شەرئى چېگراسى بار بولۇپ، بۇ يەردە مۇسۇلماننىڭ سۈكۈت قىلىشى، توسماسلىقى ، قارشى تۇرماسلىقى ياكى جازا قوللانماسلىقى دۇرۇس بولمايدىغان بەزى ھالەتلەر بار؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا غەزەپلىنەتتى. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدىكى يامان ئىشلارنى توسماي سەۋر قىلىپ سۈكۈت قىلىشىنى ئەيىبلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇل-مال، جان ياكى يۈز-ئابرۇيغا ھۇجۇم قىلغۇچىدىن قوغدىنىشقا قىزىقتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ( ھۇجۇم قىلغۇچى) بىلەن ئۇرۇشۇشقا، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا،

[141] ئىمام نەسەئىي، 9176– ھەدىس.

ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان؛ بۇ يەردە بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى تاجاۋۇزچىنىڭ ھۇجۇمىغا سەۋر قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنى قوغداش يولىدا سەۋرچان بولۇشتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئەر كېلىپ مۇنداق سورىدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەگەر بىر ئادەم پۇلۇمنى ئېلىۋالماقچى بولسا قانداق قىلىمەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭغا پۇلۇڭنى بەرمىگىن دېدى، ئۇ ئادەم يەنە سورىدى: ئەگەر مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەنمۇ ئۇرۇش دېدى، ئۇ ئادەم ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن شېھىت دېدى، ئۇ ئادەم: ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ دوزاختا بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردى».[142] ئەگەر جىنايەتچىلەر، تاجاۋۇزچىلار، زالىملار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تەسلىم بولۇپ سەۋر قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جىنايەت ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ.

پىرئەۋننىڭ قوۋمىنىڭ ئۇنىڭ زۇلمى ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىشىغا سەۋر قىلىشى ھارام بولغان سەۋردۇر؛ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سەۋرچان دەپ ماختىماستىن، بەلكى ئۇلارنى «پاسىق» دەپ بايان قىلغان، چۈنكى ئۇلار زالىمنىڭ زۇلۇمىغا ، باتىل ئىشلىرىغا، كۇفرىغا ياردەمچى بولغان. ئۇلارنىڭ سەۋر قىلىشىنى خارلىق، ئاھانەت ۋە پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىقىنى قوبۇل قىلغانلىق دەپ بايان قىلغان ۋە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن : ﴿فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾ «پىرئەۋن قوۋمىنى گوللىغانلىقتىن قوۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قوۋم ئىدى». [سۇرە زۇخرۇف 54- ئايەت]

زالىمنىڭ زۇلۇمىغا سەۋر قىلىش شەخس ياكى جەمئىيەتكە

[142] مۇسلىم، 140– ھەدىس.

زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغان ۋە بىزنى شۇلارغا ياردەمچى قىلىپ قويىدىغان ئىش بولسا، سەۋر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ «گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار». [سۈرە مائىدە 2- ئايەت] ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارغا ياردەمدە بولۇش بەزىدە كۇفرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ يەنە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ﴾ «سىلەردىن ( يەنى مۆمىنلەردىن) كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ». [سۈرە مائىدە 51- ئايەت]

ئاللاھ تائالا باتىل (كۇفرى) ئەھلى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ بىر مەجلىستە ئولتۇرۇشتىن توستى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماسلىقنى بۇيرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّىٰ يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ ۚ إِنَّكُمْ إِذًا مِّثْلُهُمْ ۗ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا﴾ «ئاللاھ تائالا كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار ( يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ( ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ». [سۈرە نىسا 140- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتا سەۋر قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، شۇنداقلا ئوتقا كىرىشكە بۇيرۇغان ئەمىرگە بويسۇنمىغانلار توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار بويسۇنۇپ ئوتقا كىرگەن بولسا،

قىيامەت كۈنىگىچە شۇ ئوتتا قالاتتى».[143]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئىتائەت قىلىش دېگەن (ئاللاھقا قارشى چىقمايدىغان) ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ».[144]

ئاللاھ تائالا مۆمىن بەندىنى كۇفرى ئىشىدا ئاتا- ئانىغا بويسۇنۇشتىن توسۇپ، ئۇلار بىلەن دۇنيا ئىشلىرىدا ئىللىق، ئاقىلانە ۋە چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇشتا سەۋرچان بولۇشقا، ئەمما ئىمان مەسىلىسىدە چىرايلىق مۇئامىلە قىلماسلىق توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِن جَاهَدَاكَ عَلَىٰ أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا ۖ وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «ئەگەر ئاتا- ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن ( يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)». [سۈرە لوقمان 15- ئايەت]

ئەگەر دادا بالىلىرىنى ناماز ئوقۇشتىن ياكى ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشتىن، ۋاجىپ بولغان جىھادتىن توسقان بولسا، بۇنىڭدا بويسۇنۇپ سەۋر قىلىش يوقتۇر. يەنە شۇنىڭدەك ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەمچى بولۇپ قالمىغان ئاساستا سەۋر قىلىشى، ئەگەر ئۇ (ئايال) بۇ زۇلۇمدىن ئۆزىنىڭ بارلىق ھەق- ھوقۇقلىرى، مەسىلەن: تۇرمۇش چىقىمى، ياخشى بولغان ئالاقە، تۇرالغۇ... قاتارلىقلارغا ئېرىشىش بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالىسا شۇنداق قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر بۇلارغا كۈچى يەتمىسە زۇلۇمدىن شۇ ئەردىن ئايرىلىش ئارقىلىق قۇتۇلۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. ھەرگىزمۇ جەھەننەم ھاياتىغا زۇلۇم، قۇللۇق، ھەقسىز (سەۋەبسىز ) تاياقلارغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ.

[143] مۇسلىم، 1840– ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 724– ھەدىس.

[144] ئىمام ئەھمەد، 617– ھەدىس.

ئايالنىڭ ئېرىگە قانداق ۋاقىتتا قىلغان سەۋرىگە ئەجىر بېرىلىدۇ دېگەندە، ئادەتتە ئۆتكۈزۈۋېتىش ۋە كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان ئاز بىر قىسىم ئىشلاردا، ھەمدە زۇلۇم قىلغانلىقىغا رازى بولمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان، خاتالىقىنى تونۇش ۋە كەچۈرۈم سوراشنى بىلىدىغان ئەرنىڭ ئازراق قىلىپ سالغانلىرىغا سەۋر قىلسا ئەجىر بېرىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سابىت بىن قەيس دېگەن ساھابىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سابىت بىن قەيس دىنى ۋە ئەخلاقى ياخشى ئادەم، لېكىن مەن ئىسلامدا كۇفرىنى يامان كۆرىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ سىزگە تويلۇق قىلىپ بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئايال: ھەئە دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتقا: باغنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تالاق قىلغىن دېدى».[145] ھەدىستىكى بۇ ئايال ئېرىنىڭ دىن ۋە ئەخلاقىنى ماختاپ تۇرۇقلۇق ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۇنىڭ «ئىسلامدا كۇفرىنى يامان كۆرىمەن» دېگىنى ئۇ ئەرنى كاپىر دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلامدا ئىنساننى ئۆزى خالىمايدىغان، خۇشال بولالمايدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىمايدۇ، بۇنداق مەجبۇرلاش جاھىلىيەت ۋە كۇفرىنىڭ تەسىرى بولۇپ، ئىسلامدا مەۋجۇت ئەمەس دېگەنلىكىدۇر. جاھىلىيەت ئەھلى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئاياللارنى ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان، خالىمايدىغان ياكى زۇلۇم قىلىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلايتتى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنى تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئاجراشتۇرۇپ قويدى.

- ئەگەر ئايالنىڭ سەۋر قىلىشى ئىمانىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى،

[145] بۇخارى، 4971– ھەدىس.

ئەمەل - ئىبادەتلىرىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىش بولسا بۇنداق سەۋر ھارامدۇر. ئەرنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ تۇرۇلۇشى مۇشكۇل بولسا ئايرىلىش زۆرۈر؛ چۈنكى بىز دىنىمىزدا بىزنى قايمۇقتۇرىدىغان يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇشتىن چەكلەندۇق. ئىسلام ئايال ۋە باللارنىڭ ھەمسۆھبەت بولۇش چەكلەنگەن ئادەمگە سەۋرچان بولۇشىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن!

ئاللاھ تائالا بىزنى سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، بۇزغۇنچى، زالىم، ئەسكىلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئايالمۇ بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىچىدە! ئۇنى دىنىدا قايمۇقتۇرىدىغان ياكى ئازابلاپ ئازار بېرىدىغان، ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئادەمگە ھەمراھ بولۇشتا سەۋر تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى زۇلۇمغا سەۋر قىلماي، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ**﴾ «ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلار» [سۈرە شۇرا 39- ئايەت]، ﴿**وَانتَصَرُوا مِن بَعْدِ مَا ظُلِمُوا**﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان». [سۈرە شۇئەرا 227- ئايەت].

جازالاش ۋە ئۆچ ئېلىش ئۇچرىغان تاجاۋۇزچىلىققا لايىق، ئاشۇرۇۋەتمەستىن بولىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا ۖ فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ ۚ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ، وَلَمَنِ انتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُولَٰئِكَ مَا عَلَيْهِم مِّن سَبِيلٍ**﴾ «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر( يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ) ، كىمكى ( ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە ( ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم

ئىنتىقامىنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ». [سۈرە شۇرا 40، 41- ئايەتلەر]

كاپىر مۇناپىقلارغا سەۋر قىلىشنىڭ چېكى بولىدۇ، ئەگەر سەۋر قىلىش، كەچۈرۈۋېتىش ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئىمكانىيەت بەرسە سەۋر قىلىمىز، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇش ۋە قوپاللىق قىلىش زۆرۈردۇر. بولۇپمۇ ئۇلار زۇلۇم قىلغان، ئازار بەرگەن ۋە بىزنىڭ ئۇلارنى جازالاش ۋە توسۇشقا كۈچىمىز يېتىدىغان ئەھۋال ئاستىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **﴿أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾** «كاپىرلارغا شەپقەتسىز» [سۈرە مائىدە 54- ئايەت]، **﴿أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ﴾** «كاپىرلارغا قاتتىق» [سۈرە فەتھ 29- ئايەت]، **﴿جَاهِدِ الْكُفَّارَ وَالْمُنَافِقِينَ وَاغْلُظْ عَلَيْهِمْ﴾** «كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن» [سۈرە تەۋبە 73- ئايەت]، **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾** «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار ( يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كاپىرلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار) ، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن ( يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر ( يەنى ئاللاھ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)» [سۈرە تەۋبە 123- ئايەت]، **﴿وَقُل لَّهُمْ فِي أَنفُسِهِمْ قَوْلًا بَلِيغًا﴾** «ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن». [نىسا 63- ئايەت]

# ئالتىنچى تېما

# سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنى تاشلاش ھەققىدە

**سېخىيلىق:** ئادەمنى باشقىلارغا بېرىش، پۇل-مال سەرپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغان نەرسىلەرنى سەرپ قىلىشقا ئىتتىرىدىغان ئەخلاقتۇر.

بۇ بېرىشلەردىن: ئايال- بالىلىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا بېرىدىغان خىراجەت، سائىللار ۋە سائىللىق قىلمايدىغان موھتاجلارغا بېرىلىدىغان زاكات، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ۋە دەۋەت ئىشلىرىغا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چىقىملارغا ئوخشاش بېرىش ۋاجىپ بولغانلىرى، سەدىقە قىلىش، ھەدىيە بېرىش، ۋەسىيەت قالدۇرۇش، ۋەقفى قىلىۋېتىش (تۇرالغۇ ياكى ماشىنا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا خالىس ئىشلىتىش ئۇچۇن بېرىۋېتىش)، ئاچارچىلىقتا قالغانلارغا يېمەكلىك بېرىشكە ئوخشاش سۈننەت، مۇستەھەب ۋە نەپلە بولغانلىرى بار.

بېخىللىق بولسا سېخىيلىقنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، بېرىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق بېرىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنى بەرمەسلىك دېگەنلىكتۇر. بېرىش ۋاجىپ بولغان چىقىملارنى جايىدا بېرىپ، بېرىش سۈننەت بولغان ياكى ياخشى ھېسابلىنىدىغان چىقىملارنى بەرمىسە، بېخىل دېيىلمەيدۇ، ئەمما سۈننەت ۋە مەندۇب ھېسابلىنىدىغان بېرىشلەرنى بەرسە تېخىمۇ سېخى ۋە قولى ئوچۇق بولىدۇ.

ئۆزى چىن كۆڭلىدىن خالاپ بەرمەي، بېرىشكە مەجبۇرلىنىپ بەرگەن ئادەم سېخىي بولمايدۇ، لېكىن ئۆزىدە سېخىيلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە بېرىشكە ئادەتلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەجبۇرلىسا، شۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا ھەقىقىي سېخىي ئادەمگە ئايلىنالايدۇ .

بەزىدە ئادەم ئۆزى سېخىي، بىراق باشقىلارغا بېرىدىغان نەرسىسى

بولماسلىقى مۇمكىن، بۇنداق ئادەمدە سېخىيلىقنىڭ ئالامىتى ئاشكارا كۆرۈلمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا سېخىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ .

ئۆزى بېخىل، لېكىن ماختىنىش، دۇنيا مەنپەئەتى، يۈز-ئابرۇي قوغلىشىش، تاماخورلۇق قىلىپ پايدىسىز ئىشلار ئۈچۈن پۇل- مال سەرپ قىلسا، بۇنداق ئادەم كۆرۈنۈشتە سېخىي كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېخىي ھېسابلانمايدۇ .

***سېخىيلىق ۋە بېخىللىق پەرقى***

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ پايدا-مەنپەئەتى ئۈچۈن سېخىيلىق ۋە قولى ئوچۇقلۇق بىلەن بېرىشكە بۇيرۇپ، شۇ پايدا-مەنپەئەتنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۇل-مالنى بەرمەي بېخىللىق قىلىشتىن توستى. ئەگەر بېرىش ئۆز ئورنىدا (لايىقىدا) بولماي، پايدا- مەنپەئەتنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئىش بولسا، بۇنداق سېخىيلىق ماختاشقا ئەرزىيدىغان سەرپ قىلىش بولماستىن، بەلكى ئەيىبلىنىدىغان ۋە مەكرۇھ بولغان سەرپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ . بۇ ۋاقىتتا پۇل- مالنى چىڭ تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ؛ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا**﴾ «ئۇلار(يەنى ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ» [سۈرە فۇرقان 67- ئايەت]، ﴿**وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَّحْسُورًا**﴾ «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) ، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن». [سۈرە ئىسرا 29- ئايەت]

كىمكى چىقىم قىلىش ۋاجىپ بولغاندا بېخىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا ، قىيامەتتە پۇشايمان، مالامەتكە قالىدۇ، كىمكى پۇل-مېلىنى ئورۇنسىز خەجلەپ، ئىسراپ قىلىپ، بۇزۇپ چېچىۋەتسە، دۇنيادا مالامەت، پۇشايمانغا قالىدۇ ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا موھتاج قىلىپ قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا پۇل-مالنى ئىنساننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا، ئېزىدگەنلەرگە ئېرىشىشكە ياردەم بېرىدىغان ۋەسىلە قىلدى، ئۇ (پۇل- مال) ئارقىلىق ئىنسان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي، تۇرمۇش قۇرۇش، داۋالىنىش... قاتارلىقلارنى ھەل قىلالايدۇ. ئائىل- بالىلىرىنىڭ چىقىمىنى قامدىيالايدۇ. سىيلە - رەھىم قىلالايدۇ. ئىلىم- تەلەپ قىلالايدۇ. ئىززىتىنى ساقلاپ، يۈز- ئابرۇيىنى قوغدىيالايدۇ. يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان ، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلىرىگە ياخشىلىق قىلالايدۇ. پېقىر-مىسكىن، كېسەل، ھەق يولىدا دەۋەت ئېلىپ بېرىش، ئۇممەتنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش... قاتارلىقلارغا چىقىم قىلالايدۇ. كۆپلىگەن سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا كۈچى يېتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چىقىم قىلىشقا قۇدرىتى يەتسە، بېخىللىق قىلماسلىق ۋاجىپتۇر. ئەگەر قۇدرىتى يەتمىسە ئەلا ۋە ۋاجىپ بولغانلىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئالدىراش ۋە جىددىي قاراش لازىم.

مۇسۇلماننىڭ پۇل- مېلىنى ئاللاھ رۇخسەت قىلغان ھالال ئىشلارغا سەرپ قىلىشى، ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چاچماسلىقى ۋاجىپتۇر.

ئاللاھ تائالا پۇل-مال ياخشى نەرسىلەرنى مۆمىن بەندىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن پەيدا قىلدى، ئۇ قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللّٰهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ**

**الرِّزْقِ ۚ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾** «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان( گەرچە ئۇلارغا كۇففارلارغا شېرىك بولسىمۇ) ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر، ( ئاللاھنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز». [سۈرە ئەئراف 32- ئايەت]

مۇسۇلمان پۇل مېلىنى ئۆزىگە، ئۈممەتكە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا مەبلەغ سېلىشى، يېغىپ ساقلاپ، توڭلىتىپ قويماسلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيانى ئاۋات قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەل- ئىبادەت، ۋاجىباتلىرىنى تاشلىمىغان ئاساستا روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

مۇسۇلمان دۇنيا ئېھتىياجى بىلەن ئاخىرەت ئەمەللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيالىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ، ئىقتىساد مەسىلىسىنى ھەل قىلالىسا، تائەت- ئىبادەتكە ھېرىسمەن بولۇشى، ھەددىدىن زىيادە پۇل- مال توپلاشقا ھېرىسمەن بولماسلىقى، ئاخىرەتلىك مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، دۇنيالىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋالماسلىقى زۆرۈر.

ئەگەر مۇسۇلمان پۇل- مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئاخىرەتلىككە پايدىلىق زۆرۈر، ۋاجىپ بولغىنىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، ئۆزى ياكى بىرەر قېرىندىشى ياكى دىنىغا پۇل ئېھتىياجى بولۇپ قالسا، پۇلنى كەلگۈسىگە دەپ ساقلاپ قويماي ھازىرغا ئىشلىتىشى لازىم.

***سېخىيلىقنىڭ ئەھمىيتى:***

- سېخىيلىق بولسا رەھىمدىللىك ، خەير- ئېھسان، ھەمكارلىشىش كۆرۈنۈشلىرىدىن كاتتا بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، بۇ خىسلەت ئارقىلىق ئىنسان شەخسىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ باشقىلارنىڭ موھتاجلىقى ۋە دەرد -ئەلىمىنى ھېس قىلالايدىغان، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنالايدۇ.

- سېخىيلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئىنسانلار سېخىيلىق بىلەن ئەخلاقلانغاندا ۋە سېخىيلىق جەمئىيەتكە تارقالغاندا، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ھەل بولىدۇ، مەسىلەن: پېقىر- مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ. ئاچ قالغانلار يېمەكلىككە ئېرىشىدۇ. بىلىمسىزلىك، ئىشسىزلىق مەسىلىلىرى ھەل بولىدۇ. (بۇلار زاكات بېرىش بىلەن ئوقۇش پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىشسىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى بىرەر ئىش باشلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئارقىلىق بولىدۇ) كېسەل كېسىلىنى داۋالىتالايدۇ. كىيىمسىز قالغان ئادەم كىيىمگە، ئۆي- ماكانسىز قالغۇچى ئۆيگە، توڭلاپ سوغۇقتا قالغۇچى ئىسسىنىش كاپالىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

- سېخىيلىق دىنىي رىسالىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىم تارقىتىش، دەۋەت ئېلىپ بېرىش، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش... قاتارلىقلارغا بايلارنىڭ پۇلىنى سەرپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

- سېخىيلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ سېنىڭ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىڭنى قېرىندىشىڭ ھېس قىلىپ ساڭا ياردەم قىلىدۇ، سەنمۇ ئۇ ھاجەتمەن بولغاندا ئوخشاشلا ياردەم قىلىسەن. بۇلار قەلبلەرنى ئۆز-ئارا يېقىنلاشتۇرۇپ، مېھر-

مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، قەلبلەردە مېھر-مۇھەببەت كۆچەيسە، ھۆرمەت، خەير- ئېھسان، كەڭ-قورساقلىق، ئەپۇچانلىق كۆچىيىدۇ. ئىنسانلار بىر-بىرىگە ئاق كۆڭۈل بولىدۇ. ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە دۇئا قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ.

ئەمما ھاجەتمەن كەمبەغەللەر ئەتراپىدىكى بايلارنىڭ راھەت-پاراغەتتە خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ قېلىۋاتقانلىقىنى ، كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، ئۆيي ماكانسىزلىقى ۋە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرسە، بايلارنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە بايلارغا نىسبەتەن قوپاللىق، دۈشمەنلىك، نەپرەت، ئۆچ-ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن پاجىئەلىك مەسىلىلەر، بۆلۈنۈش ۋە يىراقلىشىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

بەزىدە بېخىللىق: ئۇرۇش، قان تۆكۈش، ھارامنى ھالال دەپ قاراشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ پېقىر- مىسكىن ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، ئومۇمنىڭ مال-مۈلۈكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتا «مەن موھتاج تۇرسام، بايلار يا ياردەم قىلمىسا، مېنىڭ بۇلارنى قىلىشىم ھەقلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ موھتاج نامرات بولۇپ قېلىشىغا بايلار سەۋەبچى دەپ قاراپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇشنى توغرا دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پۇل-ماللىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن بېسىپ كىرىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. نۇرغۇن جىنايەتلەر بايلارنىڭ بېخىللىقى، ئۇلارنىڭ نامراتلارنىڭ ھالىغا يەتمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدۇر. بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى( ئۈممەتلەرنى) ھالاك قىلىپ، ئۇلارنى قان تۆكۈشكە، ھارامنى ھالال دەپ قاراشقا قۇتراتقان».[146]

[146] مۇسلىم، 2578 – ھەدىس.

- سېخىيلىق دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى ئەسلىتىدۇ، شۇنداقلا پۇل-مال باشقىلارغا بەرمەي يېغىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ساھىبىغا ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ياردەمدە بولۇش، ئوي-پىكرنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلغان ئەخلاقلىق ۋە مەدەنىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئاخىرەتكە ۋەسىيلە بولۇش ئۈچۈندۇر.

دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن ئادەم، پۇل-مالنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىشتە بېخىللىق قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ پۇل-مالنى ئىگىدارچىلىق قىلىشقىلا بەرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېقىن ۋاقىتتا ئادەمدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. پۇل-مال ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە مىراس قالدۇرىدۇ. ئۇ سەندە بار ۋاقىتتا ساڭا سىناق بولۇپ، سەن ئۇنى ھەممىگە ئىگە بولغۇچى، ھەممىنى بەرگۈچى زات خالىغاندەك سەرپ قىلىشتا ئىزباسار، ۋەكىل، مەسئۇل سەن . ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَأَنْفَقُوا لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ**﴾ «ئاللاھ يولىدا خەير ئېھسان قىلغانلارغا كاتتا ساۋاب بار» [سۈرە ھەدىد 7- ئايەت].

ئاللاھ بىزنى پۇل-مال بىلەن سىنايدۇ، پۇل- مېلى بار ئېھتىياجى يوق ئادەمنىڭ ئېھتىياجلىقلاردىن ئۇنى توسۇۋېلىشىدىن ۋە پەقەت بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىلا قولدىن- قولغا ئۆتۈپ تۇرۇشىدىن (مونوپول قىلىۋېلىش) رازى بولمايدۇ، ئاللاھ پۇل- مالنى ھەممەيلەننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان، شۇڭا پۇل- مالنىڭ ھەممەيلەننىڭ قولىغا يېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن- قولغا ئۆتۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن زاكاتنى يولغا قويدى؛ ئاللاھ زاكات بېرىشنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاءِ مِنكُمْ**﴾ «ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن- قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن» [سۈرە ھەشر 7- ئايەت]. بۇنداق قولدىن- قولغا ئۆتۈپ تۇرۇش پەقەت نامراتلارغىلا

پايدىلىق بولماستىن، بەلكى بايلارغىمۇ پايدىلىق؛ چۈنكى نامراتلاردا پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن بايلاردىن بىر نەرسە سېتىۋالالمايدۇ، شۇڭا بەزى بايلار ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنسا، ئاندىن بېرىپ شۇ بايلاردىن بىر نەرسە سېتىۋالالايدۇ. ئۇلارنىڭ پۇللىرىمۇ ئۆزلىرىگە قايتقان بولىدۇ، مۇشۇ مەنىدە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿لَّيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ ۗ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ فَلِأَنفُسِكُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ اللَّهِ ۚ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «( ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس( ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر) لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير- ئېھسان قىلىسىلەر ( يەنى خەير- ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ ( يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)». [سۈرە بەقەرە 272- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «سەدىقە قىلىش پۇل-مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ»[147]

ئەگەر بايلار سېخي بولسا ئاللاھنىڭ ئەجىر ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا بەرگەن پۇل- مال يەنە ئۆزلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدىسىنى جەملىگەن بولىدۇ.

بۇنداق قىلىدىغان بايلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولغانسېرى جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلغان، باي ۋە بەختلىك بولىدۇ.

[147] مۇسلىم، 2588 – ھەدىس.

سېخىيلىقنىڭ دۇنيادا ساھىبىغا پايدىلىق، ئاخىرەتتە ساۋابى يوقلىرىمۇ بار بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، سەممىي قىلىنغان سېخىيلىقلا ئىككى دۇنيالىق مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ اللَّهِ﴾ «سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير- ئېھسان قىلىسىلەر». [سۈرە بەقەرە 272- ئايەت]

- سېخىيلىق ئادەمنى خۇشال قىلىپ، كۆڭۈلگە ئازادىلىك بېغىشلايدۇ. بېخىللىق ئادەمنى بىئاراملىق ۋە سىقىلىش تۇيغۇسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە سېخىي ئادەم بىلەن بېخىل ئادەمنىڭ روھى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «بېخىل ئادەم بىلەن سېخى ئادەمنىڭ مىسالى كېكىردەككىچە (بويىنغىچە) تۆمۈر چاپان كىيىۋالغان ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ، سېخى ئادەم ئۆزى خالاپ پۇل- مال سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ چاپىنى كېڭىيىپ ئۇنىڭغا راھەت ھېس قىلدۇرىدۇ، تۆمۈرنىڭ تەسىرىمۇ قالمايدۇ. ئەمما بېخىل ئادەم بېخىللىق قىلىپ پۇل- مالنى سەرپ قىلىشنى خالىمىسا چاپاننىڭ ھەر بىر ھالقىسى چىڭىپ ئۇنى سىقىۋالىدۇ، كېڭەيتىشنى خالايدۇ ئەمما كېڭەيتەلمەيدۇ».[148]

سېخى ئادەم پۇل- مال سەرپ قىلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ئازادىلىشىپ، دىلىدىكى سىقىلىش يوقاپ كېتىدۇ، خۇددى ئۇ تار كىيىم كىيىۋالغاندەك، سەدىقە قىلسا كىيىمى كېڭىيىپ راھەتلىنىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ماختاشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتتۇر. ئەمما بېخىل ئادەم بېخىللىق قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى چىڭ سىقىۋېلىپ بىئارام بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سۆكۈشكە، يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىللەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ھەدىس كۆپ سېخىيلىق قىلىش ۋە باشقىلارغا بېرىشنىڭ، بېخىللىق خاراكتېرىنى داۋالايدىغانلىقى، ئاز- ئازدىن

[148] بۇخارى، 1375 – ھەدىس. مۇسلىم، 1021 – ھەدىس.

بولسىمۇ بېرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئادەمنىڭ راھەتلىنىدىغانلىقى ۋە بېرىشكە ئادەتلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا سېخىيلىقنىڭ ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

***سېخىيلىقتا بۇيرۇش، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا:***

- ئاللاھ تائالا سېخىيلىق ۋە مەردلىككە بۇيرۇپ ئۇنى «إنفاق» (چىقىم قىلىش) دەپ ئاتىدى، سېخىيلىقنىڭ ھالال تاپقان پۇل-مالدىن بولۇشىغا، ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشىلىقلارغا ئىشلىتىشكە بۇيرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنفِقُوا مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الْأَرْضِ**﴾ «ئى مۆمىنلەر ! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەر( يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار». [سۈرە بەقەرە 267- ئايەت]

- ئاللاھ مۇسۇلمانغا ھاجىتىدىن زىيادە بولغاننى، باشقا مۇسۇلمانلار يېمەكلىك، كىيىم- كېچەك، ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولسا سەرپ قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى؛ ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا ئۇلاغقا مىنگەن بىر ئادەم كېلىپ، مەن بىلەن بىرگە ئۇلىقىمغا مىنىۋالىدىغان بىرەرسى بارمۇ؟ دېگەندەك ئوڭ-سولغا قاراشقا باشلىدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمنىڭ ئارتۇق ئۇلىقى بولسا، ئۇلىقى يوق ئادەم بىلەن ئورتاقلاشسۇن، كىمنىڭ ئارتۇق ئوزۇق -تۈلۈكى بولسا، ئوزۇق - تۈلۈكى يوق ئادەم بىلەن بىرگە يېسۇن» دەپ بىر نەچچە تۈرلۈك نەرسىلەرنى بايان قىلدى، بىز بۇنىڭدىن بىزدىكى ئارتۇق نەرسىلەردە ھېچ بىر ھەققىمىزنىڭ يوقلىقىنى بىلدۇق.[149]

[149] مۇسلىم، 1728 – ھەدىس.

- ئاللاھ تائالا سېخىيلىق ، مەردلىك ، سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى، بەزىدە ئەجىر ساۋابىنىڭ يەتتە يۈز ھەسسە كۆپىيىدىغانلىقى ، بولۇپمۇ جىھادقا ئىشلىتىلگەن پۇل- مالنىڭ ئەۋزەللىكىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿مَّثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّائَةُ حَبَّةٍ ۗ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاءُ ۗ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل- مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ( سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۈتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ( چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر( ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)». [سۈرە بەقەرە 261- ئايەت]

سېخىيلىق، پۇل- مال سەرپ قىلىش، باشقىلارغا بېرىش، ئاللاھ سەدىقە قىلغان پۇل- مالنى ۋە ساۋابىنى ھەسسىلەپ بەرگەندەك، مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَآتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «ماللىرىنى ئاللاھ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى ( سەدىقە - ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان( يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ( دېمەك بۇنداق خەير- ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ)، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە بەقەرە 265- ئايەت]

سېخىي ئادەمنىڭ باللىرىغا ئاللاھ كېپىلدۇر، ئەگەر باي ئادەم باللىرىغا كېپىل بولسا بەلكىم بىر كۈنلىرى پۇل- ماللىرى يوقاپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، ئاللاھنىڭ كېپىللىكى دائىم ۋە سابىتتۇر؛ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿يَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ لَهُ فِيهَا مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَأَصَابَهُ الْكِبَرُ وَلَهُ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَاءُ فَأَصَابَهَا إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَاحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، باللىرى ئۇششاق بولۇپ، ( بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتسۇن، سىلەرنىڭ ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق( گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ( يەنى پۇل- مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارغا رەنجىتىش، مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغان ئادەم ساۋابىنى ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان بولىدۇ)». [سۈرە بەقەرە 266- ئايەت]

بۇ ئايەتتىكى باللىرىغا پۇل يېغىپ، ئاندىن يېغىپ قويغان ھەممە نەرسىسى يوقاپ كېتىشى ۋە بۇ ئادەمنىڭ ياشتا چوڭ بولۇپ، باللىرىنى باقالماي قېلىشى، ھەمدە باللىرى كىچىك ئۆزىنى ئۆزى باقالماي قالىدىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر، ئەمما پۇل- مېلىنى سەدىقە قىلىپ باللىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان ئادەمنىڭ باللىرىنى ئاللاھ زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

- مۆمىن سەدىقە قىلىش، سېخىيلىق، خەير- ئېھساننىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغىلى بولىدىغان ھەر قانداق ئورۇندا كۆپلەپ سەدىقە قىلىشى لازىم، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەجرى ۋە بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئامانلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ

**وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾** «ماللىرىنى كېچە- كۈندۈز ( يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير- ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا( ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ». [سۈرە بەقەرە 274- ئايەت]

- ئاللاھ يولىدا خەير-ئېھسان قىلغۇچى قېرىنداشلىرىغا رەھىمدىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ ياخشىلىق قىلغاندەك، سەدىقە قىلغۇچى، خەير- ئېھسان قىلغۇچى، سېخىي ئادەمنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئاللاھ ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىدۇ، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَاتَّقَىٰ ﴿٥﴾ وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَىٰ ﴿٦﴾ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَىٰ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَىٰ ﴿٨﴾ وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَىٰ ﴿٩﴾ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَىٰ ﴿١٠﴾ وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّىٰ﴾** «( پۇل- مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، ( كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىزئ، بېخىللىق ( ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، ئۇ( دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ». [سۈرە لەيل 5، 6، 7، 8، 9، 10، 11- ئايەتلەر]

ئايەتتە ئاللاھنىڭ بېخىلغا ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرۈش ئارقىلىق جازا بېرىدىغانلىقى، بېخىللىقنىڭ ئاخىرەتكە ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى، بېخىل باينىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن بىھاجەت، پۇل- مېلىم بىلەن ئۆزۈمنى قوغدىيالايمەن دەپ قاراپ، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقى، ئۆلگەندىن كېيىن پۇل- مېلىنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئۇنۇتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە ئاللاھنىڭ سېخى ئادەمنى قەدىرلەيدىغانلىقى، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يامغۇر ئارقىلىق رىزىقنى قانداق يۇزلەندۇرگەنلىكى، رەھمىتىنى قانداق خاس قىلغانلىقىغا بىرگە مىسال كەلتۈرۇپ مۇنداق دېدى: « بىر ئادەم دالىدا كېتىۋاتقاندا، بۇلۇتتىن: «پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن» دېگەن بىر ئاۋاز كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى (ئاللاھ ئۇز كارامىتى بىلەن ئۇ ئادەمگە شۇ ئاۋازنى ئاڭلاتقان)، بۇ بۇلۇت يىراقلىشىپ قار تاشلىق سايغا سۇيىنى تۆكۈپ يامغۇر ياغدى، ئېرىق بولسا شۇ سۇلار بىلەن لىق توشۇپ كەتتى. بۇ ئادەم سۇغا ئەگىشىپ مېڭىپ بېغىدا گۈرجەك بىلەن سۇ باشلاۋاتقان ئادەمنى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىدى، باغ ئىگىسى: »ئىسمىم پالانى» دېۋىدى، ئۇنىڭ ئىسمى بۇلۇتتا ئاڭلانغان ئادەمنىڭ ئىسمى شۇ بولۇپ چىقتى. ئاندىن باغ ئىگىسى: نېمىشقا ئىسمىمنى سوراپ قالدىڭ؟ دەپ سورىدى، ھېلىقى ئادەم مەن يولدا كېتىۋېتىپ بۇلۇتتىن: «پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن» دەپ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىغان، سەن ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ دەپ سورىدى (باغ ئىگىسىنىڭ كارامەت ئىشقا يولۇققانلىقىدىن ھەيران قېلىپ سورىغان)، باغ ئىگىسى: سەن بۇنداق دېگەندىن كېيىن دەپ بېرەي، مەن باغدىن ئالغان ھوسۇلغا قاراپ، ئۇچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىمەن، ئۇچتىن بىرىنى بالىلىرىم ۋە ئۆزۈمگە ئىشلىتىمەن، ئۇچتىن بىرىنى ئۆزىگە قايتۇرىمەن (يەنى يېڭىدىن زىرائەت تېرىش ئۇچۇن ئۇچتىن بىرىنى ساقلاپ قويىمەن) دېدى».[150]

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچ- توقلۇقتا ياشىغان بولۇپ، ئېھتىياجىدىن كۆپ نەرسە ساقلىۋالمايتتى، مۇباھ ئىشلاردا، ياسىنىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى، ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى ئۇممىتى، دىنى ۋە جىھاد ئۇچۇن سەرپ قىلاتتى، موھتاجلارنى ئۆزىدىن (مەنپەئەتىدىن) ئەلا بىلەتتى، ئاللاھ ئۇھۇد تېغىغا تەڭ كەلگۇدەك ئالتۇن بەرسە، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا خەير- ئېھسان قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

---

[150] مۇسلىم، 2984 – ھەدىس.

### خەير- ئېھسان قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە بايلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلىش

خەير-ئېھساندىن مەقسەت باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش بولۇپ، سېخىي ئادەم كەمبەغەل ياكى باشقىلارغا بېرىشكە قادىر بولالمىسا، ۋەزىپەم تۈگىدى دەپ قارىماي، موھتاجلارغا ياردەم بېرىپ، بايلارنى، قۇدرىتى يېتىدىغانلارنى خەير- ئېھسان قىلىش، كەمبەغەل- مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ئۇلارغا ھەققىنى يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىشى لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مىسكىنلەرگە تائام بېرىشكە قىزىقتۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى، ئۇلارغا تائام بېرىشكە قىزىقتۇرالماسلىقنى ئەيىبلەپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿كَلَّا ۖ بَل لَّا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَاضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ ﴿١٨﴾ وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَّمًّا ﴿١٩﴾ وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا﴾ «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر، بىر- بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر، مىراسنى ( ھالال- ھارام دېمەستىن) ھەدەپ يەيسىلەر، مالنى (ھېرىسلىك بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر» [سۈرە فەجر 17، 18، 19، 20- ئايەتلەر]، ﴿إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ «( ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى/ مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى» [سۈرە ھەققا 33، 34- ئايەتلەر]، ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ ﴿١﴾ فَذَٰلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ ﴿٢﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ «دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟/ ئۇ يېتىمنى دۈشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر». [سۈرە مائۇن 1، 2 3- ئايەتلەر]

## بېخىللىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بېخىللىقنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُم ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ ۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە ( يەنى پۇل- مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭكىدۇر( يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانى بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ) ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر». [سۈرە ئال ئىمران 180- ئايەت]

ئىنساننىڭ پۇل- مېلى ئاللاھنىڭ پەزلىدىن بېرىلگەن تۇرسا، ئاللاھ خەير- ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇسا قانداقسىگە بېخىللىق قىلىپ، ئىتائەت قىلمايدۇ، پۇل- مالنى رىزىق قىلىپ بەرگۈچى خەير- ئېھسان قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا پۇل- مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقنى بىلدۇرگەن تۇرسا قانداقسىگە بېخىللىق قىلىدۇ؟! بېخىللىق ئىنسانغا يامانلىق بولۇپ، بېخىل ئادەم باشقىلارنى پۇل- مېلىدىن توسقاندەك، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى توسۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتتە خەير- ئېھسان قىلىش ۋاجىپ بولغان پۇل- مېلىنى قىلمىغانلىقتىن ئازابلىنىدۇ .

- ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسان موھتاج بولمايدىغان پۇل- مالنىڭ قىممىتى يوق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان

تۇرسا، قانداقسىگە ئۇنىڭغا شۇنداق ھېرىسمەن بولۇپ، يىغىۋېلىپ، باشقىلارغا بەرمەي بېخىللىق قىلىدۇ؟! ئىنسان پۇل- مالنىڭ قىممەتلىك بولۇپ ئۆزگىرىشى ئاخىرەتتە قىممىتى بار بىر نەرسە ھاسىل قىلالىشى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بېرىشىگە لايىق ھالدا قېلىپ قېلىشى ئۈچۈن خەير- ئېھسان قىلسۇن! بىز ئاللاھقا موھتاج، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايمىز، قانداقسىگە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، بېرىشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرنى بەرمەي بېخىللىق قىلىمىز، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ ۚ وَإِن تُؤْمِنُوا وَتَتَّقُوا يُؤْتِكُمْ أُجُورَكُمْ وَلَا يَسْأَلْكُمْ أَمْوَالَكُمْ ﴿٣٦﴾ إِن يَسْأَلْكُمُوهَا فَيُحْفِكُمْ تَبْخَلُوا وَيُخْرِجْ أَضْغَانَكُمْ ﴿٣٧﴾ هَا أَنتُمْ هَٰؤُلَاءِ تُدْعَوْنَ لِتُنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبْخَلُ ۖ وَمَن يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَن نَّفْسِهِ ۚ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنتُمُ الْفُقَرَاءُ ۚ وَإِن تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُم﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە تاماشادىن ئىبارەتتۇر، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار (ئاللاھ) سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، مال- مۈلكىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (بېرىشنى) سورىمايدۇ( پەقەت زاكات بېرىشىڭلارنى سورايدۇ) ئەگەر ئۇ سىلەردىن مال- مۈلكۈڭلارنى جىددىي سورىسا، بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ ( ئىسلامغا بولغان) ئاداۋىتىڭلارنى ئاشكارىلايدۇ، سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل- مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ مال- مۈلكۈڭلاردىن بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار ( ئاللاھقا) موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر ( ئاللاھنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ( بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)».

[سۈرە مۇھەممەد 36، 37، 38- ئايەتلەر]

ئاللاھ بىزدىن پۈتۈن پۇل- مېلىمىزنى ئەمەس بەلكى كۆچىمىز يېتىدىغان ھازىرچە موھتاج بولمايدىغان بىر قىسمىنى تەلەپ قىلدى ۋە شۇ ئازراق بىر قىسمىنى بېرىشتىن باش تارتىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ بېخىللىق بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقى، بۇنداق قىلىپ ئىنسان ئۆزىگە ساۋابقا ئېرىششتە بېخىللىق قىلىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ بۇنداق قوۋمنى ئۆلاردىنمۇ ياخشى ئاللاھ يولىدا خەير-ئېھسان قىلىدىغان قوۋمگە ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

- بېخىللىق دېگەن يامان سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ۋە جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى خەتەرلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەندەك پاناھ تىلىشىمىز زۆرۈر، ئۇ مۇنداق دەپ پاناھ تىلىگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن»[151]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاناھ تىلىگەنلىكى ئۇنىڭ قەبىھ، ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ.

- ئىنسانى بېخىللىق كونترول قىلىۋالغاندا، ئۇ (بېخىللىق) ئۇنىڭ يول باشچىسى بولۇپ، ئىنسان بېخىللىقنىڭ تەلىپىگە ئەگىشىدىغان، شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ يامان ئەھۋال بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە بېخىل ئادەملەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغاندەك، سېخىيلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەيدىغان ئادەملەر بىلەن ئارىلىششقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنتايىن بېخىل، ھاۋايى- ھەۋەسكە ئەگىشىدىغان، دۇنيانى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدىنلا زوقلىنىدىغان، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئۆزىدىن ھېساب ئالمايدىغان ئەھۋاللارنى كۆرسەڭ، سەن ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە

[151] بۇخارى، 6027 – ھەدىس.

بۇ ئىللەتلەردىن ھىمايە قىلىشقا تىرىشقىن»[152].

بېخىللىق ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ۋە ئەگەشتۈرگۈچى بولۇپ قالسا، بۇ سىبىلە - رەھىمنى ئۈزۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى بېخىلغا ئۇرۇق- تۇغقان ، يېقىن- يورۇقلىرىنىڭ قېشىغا بارىدىغان يول خىراجىتى، سوۋغات ئېلىش ئېغىر كېلىپ، بۇنداق ئىشلارغا ۋاقىت چىقىرىشقا بېخىللىق قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆڭلى خالايدىغان ئويۇن- تاماشا ياكى مۇسابىقە، كىنو فىلىم كۆرۈشتە پۇل- مېلى، ۋاقتىنى ئىشلىتىشتە بېخىللىق قىلمايدۇ.

بېخىللىق ئىنسانغا يول باشچى بولۇۋالغان ۋاقىتتا، ئۇ(بېخىل ئادەم) ئايال- بالىلىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ۋاجىپ بولغان نەپىقىنى بېرىشكە سەل قارايدۇ ۋە ئادەم ئىشلىتىپ قالسا كېلىشكەن ھەققىنى كېمەيتىپ بېرىدۇ، ھەققىنى يەۋالىدۇ، ياكى ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ئازراقلا بىر نەرسە بېرىپ قويىدۇ. قوشنىلىرى دوست- بۇرادەرلىرىنىڭ ئاچ توق قېلىشى بىلەن كارى يوق، بىپەرۋا يۈرىدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن بېخىللىقنىڭ كۆرۈنۈشلىرى .

- ئاللاھ بېخىللىق بىلەن كىبىرنىڭ ئالاقىسىنى بىلدۈرۈپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**لِّكَيْلَا تَأْسَوْا عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا بِمَا آتَاكُمْ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ﴿٢٣﴾ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبُخْلِ ۗ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ اللَّهَ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ**﴾ «ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر، كىمكى ( ئاللاھنىڭ يولىدا نەپىقە قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن ( ئاللاھقا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ) چۈنكى ئاللاھ بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر». [سۈرە ھەدىد 23، 24- ئايەتلەر]

[152] ترمىزى، 3058 – ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد، 4341 – ھەدىس.

تەكەببۇر ئادەم كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ھېچ بىر ئادەمنى ھەقلىق دەپ قارىمايدۇ، بېخىللىق قىلىدۇ، زۇلۇم قىلىدۇ، تەكەببۇر بايلار نامراتلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى رەت قىلىدۇ، ئۆزلىرى ئارىسىدا نامراتلارنى كۆزگە ئىلماسلىقنى، ئۇلارنى ھۇرۇن دەپ گۇمانلىنىشنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ ۋە بېخىللىققا بۇيرۇشىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇق بىلەن بېخىللىق خاراكتېرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر قىلمايمۇ؟! ھەر قانداق ئاچكۆز، قوپال، پۇل- مال توپلاپ باشقىلار غا بەرمەيدىغان بېخىل، تەكەببۇر ئادەم».[153]

- ئاللاھ تائالا بېخىللىقنىڭ روھىتىكى بىر خاراكتېر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَّأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ الْإِنفَاقِ ۚ وَكَانَ الْإِنسَانُ قَتُورًا﴾ «ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن»، «ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن ( يەنى تۈگەپ كېتىشتىن ) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ دېگىن». [سۈرە ئىسرا 100- ئايەت]

بېخىللىق روھىتىكى ئۇنىڭدىن ئايرىلماي تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئىنسان پېخسىقلىق قىلىپ قورقۇنچاقلىقتىن، نادانلىقتىن قولىدا بار، كۆچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ئاز خەير- ئېھسان قىلىدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بېخىللىقتىن قۇتۇلۇشى ۋە ئۆزىنى ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشىلىقلارغا كۆندۈرۈشى ۋاجىپتۇر.

- ئىنساننىڭ بېخىللىقىنى ئىقتىسادچانلىق ، پۇل تېجەش، بالىلىرىنىڭ مەنپەئەتى، ھاياتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ۋە كەلگۈسى...

[153] بۇخارى، 4634– ھەدىس. مۇسلىم، 2853 – ھەدىس.

دېگەنـدەك نامـلار بىلـەن ئاقـلاش ئارقىلىـق بېخىلـلىقـقا چۈشـۈپ قېلىشى ۋە ھازىرقى ھاجەتمەنىنىڭ ھەققىنى توسۇۋېلىشى بېخىللىق ۋە يالغانچىلىقـدۇر؛ ئـۇ ئۆزىنىـڭ ئاللاھنىـڭ رىزىـق بەرگـۈچـى، بېرىـش ۋە توسـۇۋېلىشـنىڭ ئۇنىـڭ ئىلكـىدە ئىكەنلىـك ھۆججىتـى بىلـەن ئاللاھنىڭ ئۇنى قېرىنداشلىرىغا كېپىل قىلغانلىقى، ئۇلار ئارقىلىق سىنىغانلىقى، بەزىلەرنـى ئـۇ ئارقىلىـق رىزىقلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەس بولۇۋالىدۇ ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُوا مِمَّا رَزَقَكُمُ اللَّهُ قَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِلَّذِينَ آمَنُوا أَنُطْعِمُ مَن لَّوْ يَشَاءُ اللَّهُ أَطْعَمَهُ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾ «ئەگەر ئۇلارغا:« ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ( پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۆمىنلەرگە ( مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): « ئەگەر ئاللاھ خالىسا تەمىنلەيدىغان ئادەمنى بىز تەمىنلەمدۇق؟ سىلەر پەقەت روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دەيدۇ». [سۈرە ياسىن 47- ئايەت]

- ئاللاھ ئىنسانىيەتنىڭ روھىدا بېخىللىق كېسەللىكىنىڭ ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتىپ، ئىتائەت قىلىشقا تىرىشقۇچە داۋاملىشىدىغانلىقى، ئىمان ۋە ئىتائەتنىڭ بېخىللىق، باشقىلارغا بەرگەندە نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇشنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا ﴿١٩﴾ إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا ﴿٢٠﴾ وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا ﴿٢١﴾ إِلَّا الْمُصَلِّينَ ﴿٢٢﴾ الَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ ﴿٢٤﴾ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ ﴿٢٥﴾ وَالَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ ﴿٢٦﴾ وَالَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ ﴿٢٧﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ ﴿٢٨﴾ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ﴿٢٩﴾ إِلَّا عَلَىٰ أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٣٠﴾ فَمَنِ ابْتَغَىٰ وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ﴿٣١﴾ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ﴿٣٢﴾ وَالَّذِينَ هُم بِشَهَادَاتِهِمْ قَائِمُونَ ﴿٣٣﴾ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾ أُولَٰئِكَ فِي جَنَّاتٍ مُّكْرَمُونَ﴾ «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز

يارىتىلدى، ئۇنىڭغا ( يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك ، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر، بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىدۇر، ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق ( يەنى زاكات) بېرىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر،ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى( ئاللاھ ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ( ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر، پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۇزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ، ( جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر». [سۈرە مەئارىج 19، 20، 21، 22، 23، 24، 25، 26، 27، 28، 29، 30، 31، 32، 33، 34، 35- ئايەتلەر]

ئەخلاق ئىمان ۋە ئىتائەتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئىسلام ئەمەللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىتائەت قىلغۇچى، مۇسۇلمانلىق خاراكتېرىنى ئۆزىدە مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى ، ياخشىلىق، ئەخلاق، گۈزەللىككە مۇۋەپپەق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەمدۇر.

ئىمانى ئاجىز ئادەمنى نەپسى خاھىشى ئېنىقلا بېخىللىققا ئۈندەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇناپىقلارنىڭ بېخىللىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِالْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْ ۚ نَسُوا اللَّهَ فَنَسِيَهُمْ ۗ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ هُمُ الْفَاسِقُونَ**﴾ «مۇناپىق ئەرلەر

بىلەن مۇناپىق ئايالـلار( مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر- بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ( يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ) ئۇلار ئالالاھنى ئۇنتۇدى( يەنى ئالالاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى) ، ئالالاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى( يەنى ئالـلاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى)، شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر». [سۈرە تەۋبە 67- ئايەت]

## سېخىيلىق ئەخلاقنى قانداق يېتىلدۈرۈمىز؟

***بىرىنچى: سېخىيلىق ئەخلاقنى پەيدا قىلىدىغان پىكىر ئاساسى:***

- سېخىيلىق ئەخلاقى ۋە پۇل- مالنى بېغىشلاش مۇسۇلماننىڭ ئىمانى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەممىگە ئىگە، رىزىق بەرگۈچى، پايدا بەرگۈچى، سېخىي، بىھاجەت قىلغۇچى، ئاللاھ يولىدا پۇل- مال بەرگەن ئادەمگە تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش مۇسۇلماننىڭ پۇل- مال سەرپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بولۇپ، بايلىق ئىگىسى، ھەممىگە ئىگە بولغۇچى، رىزىق بەرگۈچى، دائىم بېرىپ تۇرىدىغان زاتنىڭ بەندىسى بولغان بۇنداق كىشى قانداقسىگە نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قالسۇن!

- خاراكتېرى ئېسىل، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، رەھىمدىل ئادەم باشقىلارغا بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ.

مېھىر- شەپقەتلىك، ئومۇمنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، باشقىلارغا مۇلايىملىق، ئاق- كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىنسانلار ئارىسىدا ئورتاق ئېھتىياجلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان، باشقىلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قولىنى سۇنۇشنى ھەر بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىدىغان، ھاجەتمەن بولۇپ قالغاندا ئۇلارنىڭمۇ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم باشقىلارغا بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ.

ئەمما شەخسىيەتچى، تەبىئىتى ناچار ۋە گالۋاڭ ئادەم باشقىلارغا بەرسە ئىچى سىقىلىپ، بېخىللىق قىلىدۇ، پۇل- مالغا ھېرىسمەن بولۇپ، ھەممىنى ئۆزى ئىگىلىۋېلىش ئىستىكىدە بولۇپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بېخىللىق ۋە پۇل- مال سەرپ قىلماسلىق ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىدىن، ئاللاھنىڭ خەير- ئېھسان قىلغۇچىنىڭ پۇل- مېلىنى تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىغا بەرگەن ۋەدىسىگە جەزم قىلالمىغانلىقتىن، دۇنيانى بەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تايىنىۋالغانلىقتىن، دۇنيانىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، دۇنياغا بەك ھېرىسمەن بولۇپ، ھاجىتى بولمىسىمۇ يەنە بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىش، تېخىمۇ جىق بولسا دەپ تەمە قىلىش، كەلگۈسىدىن بەك قورقۇپ ئەندىشە قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەلكىم بىز ئەندىشە قىلغان يامانلىقلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بېخىللىققا سەۋەب بولىدىغان قەلب كېسەللىكلىرىدۇر.

بۇنداق كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇش، بۇلارنى پەيدا قىلىدىغان ۋەھىمىنى كەتكۈزۈۋېتىش مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۆزىنى بېخىللىقتىن قۇتۇلدۇرالىغان ئادەم مەقسىتىگە يېتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئاشۇ بېخىللىقتىن كېلىپ چىققان خەتەرلىك ئىش- ھەرىكەت ۋە نۇرغۇن كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ «كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر» [سۈرە تەغابۇن 16- ئايەت] «شۇھھە» دېگەن: ئۆزى ھېرىسمەن بولۇپ بېخىللىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش بېخىللىقنى تاشلاش، سېخىيلىق ۋە باشقىلارغا بېرىشكە ھېرىسمەن بولۇش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ.

ئىمانى توغرا ۋە ساغلام بولغان ئادەم بېخىل بولمايدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ يولىدا كۆتۈرۈلگەن توپا- چاڭ ۋە دوزاخنىڭ تۈتۈنى بەندىنىڭ قورسىقىدا مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ( ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ئادەم دوزاخقا كىرمەيدۇ دېمەكچى)، بېخىللىق ۋە ئىمان بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ سىغمايدۇ»[154] ھەدىس مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بىز كۆرۈۋاتقان بېخىللىقنىڭ ئىسلامدىن ئەمەسلىكىنى، بېخىللىقنىڭ ئىمان سۈپەتلىرى ۋە ئىسلام ھەقىقەتلىرى بىلەن ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

- ئاللاھ تائالا ئىنسانغا دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ( ئىنساندا) ئىگىدارچىلىقنى ياخشى كۆرۈش، ئىشلەشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىگە بولغان نەرسىلىرىگە ھېرىسمەن بولۇش تەبىئىتىنى ياراتقانلىقى بىلىش مۇسۇلماننى سېخىي قىلىدىغان ھەقىقەتلەردىندۇر. شۇنداقلا ئىنسانغا ئىگىدارچىلىقنىڭ يۈزدە-يۈز ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى. پۇل- مالنى ساخا بەرگۈچى زات ئاللاھنىڭ ئۇنى قانداق ئىشلىتىشتە چەكلىمە قويۇشى، سەندىن پۇل- مالغا باغلىنىپ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئايرىلىپ، مال-دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماسلىقنى تەلەپ قىلىشى، پۇل- مالنى سەرپ قىلىپ خەير- ئېھسان قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ۋە يەنە بۇزۇپ- چېچىپ ئىسراپ قىلىشتىن توسۇشى تامامەن ئاللاھنىڭ ھوقۇقىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ساڭا پۇل، مال- مۈلۈكلەرنى سىناق ئۈچۈن بەردى. سەندىن شۇلارنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىش، سېخىيلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىشى شۇ سىناقنىڭ قاتارىدىندۇر. ئاللاھ پۇل- مالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە سەرپ قىلىشنىڭ پايدىلىق بىر مەنپەئەتكە باغلانغان بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى؛ ئىگىدارچىلىق قىلىشىڭىز،

[154] بۇخارى، 281 – ھەدىس.

خەير-ئېھسان قىلىشىڭىز، باشقىلارغا بېرىشىڭىز... بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پايدىڭىز ئۈچۈن بولۇپ، ئاخىرىدا سىزگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ: «سېخىيلىق، سەدىقە قىلىش پۇل- مالنى كېمەيتمەيدۇ» دەپ قارايدىغان بېخىللارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، سەدىقە پۇل- مالنى كېمەيتمەيدۇ، بەلكى خەير- ئېھسان قىلغۇچىغا خەير- ئېھسان ئالغۇچى پايدا- مەنپەئەت ئالغاندەك پايدا ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن. بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم ئوغلى! خەير-ئېھسان قىلغىن، ساڭا مەن خەير-ئېھسان قىلىمەن».[155] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سەدىقە قىلىش پۇل- مالدىن بىر نەرسە كېمەيتمەيدۇ».[156]

- ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئاللاھنىڭ خەير- ئېھسان قىلغۇچى ۋە خەير- ئېھسان قىلىشتىكى بىزنى سېخىيلىقتا، بېخىللىق قىلماسلىقتا، باشقىلارغا بەرگەندە كەمبەغەل بولۇپ قېلىش، پۇل- مالنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقماسلىقتا ئۈندەيدىغان قانۇنىيىتىنى چۈشەندۇرۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ ۖ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ «(ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر» [سۈرە سەبە 39- ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «قۇياش چىققان ھەر بىر كۈن ئىككى پەرىشتە زېمىنغا چۈشۈپ بىرى: ئى ئاللاھ! خەير- ئېھسان قىلغۇچىغا ئورنىنى تولۇقلاپ بەرگىن، يەنى بىرى: ئى ئاللاھ! بېخىللىق قىلغۇچىغا زىيان بەرگىن دەپ دۇئا قىلىدۇ».[157]

[155] بۇخارى، 5037 – ھەدىس.
[156] مۇسلىم، 2588 – ھەدىس.
[157] بۇخارى، 1374 – ھەدىس. مۇسلىم، 1010 – ھەدىس.

بېخىللىق سەۋەبىدىن ئاللاھ پۇل- مېلىنى ھالاك قىلغان ئادەم، سەرپ قىلىش ۋاجىپ بولغان پۇل- مالغا بېخىللىق قىلغان كىشىدۇر؛ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنداق ئادەملەرنى جازالاپ ئۆزلىرىنىڭ پۇل- ماللىرى بىلەن ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ «ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ». [سۈرە ئال ئىمران 180- ئايەت]

بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەن ئادەم قانداقسىگە يەنە بېخىللىق قىلىدۇ؟ قانداقسىگە سېخىي ۋە خەير-ئېھسان قىلغۇچى بولمايدۇ؟

- بېخىللىق قىلىدىغان، ھاجىتىدىن ئارتۇق ناھايىتى كۆپ پۇل- مال يىغىدىغان ، ئاندىن بۇ يىغقىنىدىن يا ئۆزى پايدىلانمايدىغان يا باشقىلارغا پايدا يەتكۈزمەيدىغانلار ، ياخشىلىقنى توسۇۋالغان ، پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسىنى زايە قىلىۋېتىدىغانلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ تەھدىتىگە لايىق بولغانلىقى ۋە پۇل- مالنى ئۆزلىرىنى دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ دەپ خىيال قىلىۋالغان جاھىللار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ ﴿١﴾ الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ ﴿٢﴾ يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ ﴿٣﴾ كَلَّا ۖ لَيُنبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ ﴿٤﴾ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْحُطَمَةُ ﴿٥﴾ نَارُ اللَّهِ الْمُوقَدَةُ ﴿٦﴾ الَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى الْأَفْئِدَةِ ﴿٧﴾ إِنَّهَا عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ ﴿٨﴾ فِي عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍ﴾ «( كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي، ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى ( ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناپدى، ئۇ مېلى ئۆزىنى ( دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ)، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ، ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ، ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، ( ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ، ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ». [سۈرە ھۇمەزە 1،2،3،4،5،6،7،8،9- ئايەتلەر]

ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ساداقىتىمىزنى بىلىدىغانلىقى، بىزگە سەل قارىمايدىغانلىقى، بىز ئۇنىڭ يولىدا خەير- ئېھسان قىلساق بىزنى موھتاج قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز - مۆمىننى سېخى قىلىدىغان ھەقىقەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ ؛ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿لَّيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ ۗ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ فَلِأَنفُسِكُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ اللَّهِ ۚ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾** «مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر»، « ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير- ئېھسان قىلىسىلەر( يەنى خەير- ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ( يەنى قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)». [سۈرە بەقەرە 272- ئايەت]

ئاللاھ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىزگە ياردەمچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە باشقىلارغا بەرسەك نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقماسلىققا بۇيرۇدى، بىزنى نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇتۇۋاتقىنى شەيتان ئىكەنلىكىنى، شۇڭا مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى دۈشمىنىمىز شەيتاندىن كەلگەن بۇنداق قورقۇتۇشلارغا بويسۇنماسلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ۋە يەنە ئاللاھ تائالا سېخىيلىق ۋە باشقىلارغا بېرىشنىڭ مەغپىرەتكە ئېرىشىشكە سەۋەپ بولىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ پۇل- مالنى كېمەيتمەستىن، بەلكى پەزىلەت ۋە پۇل- مالنىڭ زىيادىلىكىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاءِ ۖ وَاللَّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلًا ۗ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦٨﴾ يُؤْتِي الْحِكْمَةَ مَن يَشَاءُ ۚ وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا ۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ ﴿٢٦٩﴾ وَمَا**

أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُهُ ۗ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ﴾ «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ، پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند- نەسىھەت ئالىدۇ، نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ، زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار ياكى پۇل- مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچىلار) غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ». [سۈرە بەقەرە 268، 269، 270- ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىپ خەير- ئېھسان قىلغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان تۇرسا، قانداقسىگە قىلغان سەدىقەڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ ، ئاللاھ سىلەرنى قەدىرلىمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟

- ئەگەر مۆمىن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۇل- مال ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلسە، قانداقسىگە بۇنداق ئاددىي نەرسىلەرگە ئېھتىياجى بولمىسىمۇ بېخىللىق قىلىدۇ! شۇڭا مۆمىن پۇل- مالغا ئېھتىياجلىق ئۇرۇق- تۇغقان ، يېقىن- يورۇق، باشقىلارغا ۋە دىنغا ياردەم قىلىش ۋە دەۋەت ئىشلىرىدا بېخىللىق قىلمايدۇ. بۇنداق پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كېلىدىغان ئاددىي نەرسىلەرگە ئەقىلسىز، ۋەھىمىگە باغلىنىپ قالغان، ئاللاھنىڭ: ﴿فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ﴾ «دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر» [سۈرە تەۋبە

38- ئايەت] دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلاردىن باشقىلار بېخىللىق قىلمايدۇ.

دۇنيانىڭ خارلىقىنى، رەزىللىكىنى بىلگەن ئادەم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇنى چوڭ بىلمەيدۇ. ھېرىسمەن بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ھاجىتىغا يەتكۇدەكىنى ئېلىپ باغلىنىپ قالمايدۇ.

دۇنياغا قىزىقمىغان ئادەم بېخىللىق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بۇ قىزىقماسلىقى ئۇنى باشقىلارغا خەير- ئېھسان قىلىشقا ۋە بۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە پايدىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. سېخىيلىق دۇنياغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئاخىرەتكە ئىشتىياق باغلاشنىڭ مۇھىم مېۋىلىرىدىندۇر.

- ئاللاھ ئىنسانىنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى رىزىق بېرىدۇ. ھەر قانداق جانلىقنىڭ رىزىق بەرگۈچىسى ئاللاھتۇر. ھەر قانداق جان رىزقىنى تولۇق ئالماستىن ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ ئىنسانىنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، رەببىنى ئەسلىتىش، ئۇنىڭغا( رەببىگە) قايتۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش ۋە دۇئا قىلىشى ئۈچۈن موھتاجلىق ۋە نامراتلىق بىلەن سىنايدۇ. مۇسۇلمان رەببىگە دۇئا قىلىپ ئۇنىڭدىن رىزىق تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر باي بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ئاللاھ ھاجىتىدىن ئارتۇق كۆپ پۇل- مالنى رىزىق قىلىپ بەرگەن مۇسۇلماندىن ئاللاھ يولىدا خەير- ئېھسان قىلىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ مۇسۇلمان ئۇنى قىلمىسا، قايسى لوگىكا (ئەقىل) بىلەن رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ياكى ئۇ ئاللاھقا شەك قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھتىن رىزىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بويسۇنمامدۇ؟ ياكى ئۆزى موھتاج ئەمەس، يا موھتاجلارغا بەرمەي تۇرۇپ يەنە رىزىق خالامدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەير-ئېھسان قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق قىلمىغان ئادەمدىن

ئاللاھنىڭمۇ رىزىقنى توسۇۋالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ؛ ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: خالتىنىڭ ئېغىزىنى چىگىۋالمىغىن، ساڭىمۇ چىگىلىپ قالىدۇ، خەير-ئېھسان قىلغىن، پۇل- مالنى ساناپ ساقلىۋالمىغىن، ئاللاھ ساڭىمۇ ساناپ بېرىدۇ (ئارتۇق بەرمەيدۇ دېمەكچى)، خالتىغا سېلىپ يىغىۋالمىغىن ، ئاللاھ ساڭا رىزىقنى زىيادە قىلىپ بېرىشتىن توختىۋالىدۇ».[158] ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمكى پۇل- مال ساقلايدىغان خالتىنىڭ ئېغىزىنى چىگىپ ساقلىۋالسا، ياكى خەزىنىنى قۇلۇپلىۋالسا، ياكى كەلگۈسىگە دەپ كۆپ پۇل- مال توپلىۋالسا، ياكى پۇل- مالنى ساناپ ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى موھتاج ئادەملەر بار تۇرۇپ، يىغىپ قويۇشقا قىزىقسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا رىزىق بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا پۇل- مال بار، رىزقى بار تۇرسا يەنە نېمىگە رىزىق خالايدۇ؟

ئەمما ئۇ كىشى ئەگەر قولىدا بار بولغان رىزىقتىن خەير- ئېھسان قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ ۋە بۇ ئادەم پۇل- مالدىن ئىككى قېتىم پايدىلانغان بولىدۇ؛ بىر قېتىم ئۇنى خەير- ئېھسان قىلىش بىلەن پايدىلانغان بولسا، يەنە بىر قېتىم ئاللاھنىڭ خەير-ئېھسان قىلغان پۇل- مالنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىشى بىلەن پايدىلانغان بولىدۇ.

- پۇل- مالنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكىمىز، ياكى باشقىلارغا بەرمىگەنلىكىمىزدىن سوئال-سوراققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىش بىزنى سېخىيلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللاردىندۇر؛ بىز باشقىلارغا بەرگەن ھەر بىر دىناردىن، ئۇنى لايىق ۋە توغرا بولغان ئادەملەرگە بەردۇقمۇ؟ ياكى بەرمەي يىغىۋالدۇقمۇ ؟ ياكى ھالال بولمايدىغان يوللارغا ئىشلەتتۇقمۇ؟... ھەممىدىن ھېساپ بېرىمىز؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت

[158] مۇسلىم، 1029– ھەدىس. بۇخارى، 1367 – ھەدىس.

كۈنى بەندە ئۆمرىنى نېمىلەرگە ئىشلەتكەنلىكى، ئىلمىنى قانداق يەتكۈزگەنلىكى، پۇل- مېلىنى قەيەردىن تېپىپ، قانداق يەرلەرگە سەرپ قىلغانلىقى، بەدىنى بىلەن قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقى قاتارلىقلاردىن سورالماي تۇرۇپ بىر قەدەم مىدىرلىمايدۇ».[159]

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە باشقىلارغا بەرمەي يىغىۋالغان ھەر بىر دىنارنى نېمە ئۈچۈن بەرمىدۇق؟ نېمە ئۈچۈن بىرىشكە لايىق ئادەملەر تۇرۇقلۇق بېخىللىق قىلدۇق؟ ھەممىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىمىز ۋە شۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُم ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ ۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە ( يەنى پۇل- مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر( يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر». [سۈرە ئال ئىمران 180- ئايەت]

ئاللاھ تائالا پۇل- مال ئاتا قىلغان، ئەمما ئۇلار پۇل- مالنى ئۆزلىرى ۋەدە قىلغاندەك ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلمىغانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنْهُم مَّنْ عَاهَدَ اللَّهَ لَئِنْ آتَانَا مِن فَضْلِهِ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ الصَّالِحِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا آتَاهُم مِّن فَضْلِهِ بَخِلُوا بِهِ وَتَوَلَّوا وَّهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِي قُلُوبِهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ يَلْقَوْنَهُ بِمَا أَخْلَفُوا اللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: « ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا ( يەنى رىزقىمىزنى كەڭ

[159] تىرمىزى، 2417 – ھەدىس.

قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق » دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان ( يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى ( يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى) ئۇلار ( سەدىقە قىلمىز، ياخشىلاردىن بولمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىرى، ( ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن ( يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا ( يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ( ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى». [سۈرە تەۋبە 75، 76، 77- ئايەتلەر] ئۇلارنىڭ جازاسى ئۆمۈر بويى ھىدايەتسىز قېلىش بولدى.

- ھاجىتىدىن ئارتۇق بولغان پۇل- مالنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىش مۇسۇلماننى خەير- ئېھسان قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللاردىندۇر؛ بىز ئېھتىياجلىق بولغىنى بىزنىڭ پۇل- مېلىمىز، ھاجىتىمىزدىن ئارتۇقى بىزنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭمۇ ھەققى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلارنىڭ مىراسخورىنىڭ پۇل- مېلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭكىدىن بەك ياخشى كۆرۈلگەكىراق؟ ساھابىلەر ھېچقايسىمىز ئۇنداق ئەمەس دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھازىر بار بولغىنى سېنىڭ پۇل- مېلىڭ، كېيىنگە قويۇپ قويغىنىڭ مىراسخورۇڭنىڭ پۇل- مېلى دېدى».[160]

ئىنساننىڭ پۇل- مېلى دېگەن دۇنيادا ئۆزىگە سەرپ قىلىپ ياكى ئاخىرەتى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا خەير- ئېھسان قىلىپ پايدىلىنالىغاندا ئاندىن ئۇنىڭ بولىدۇ، ئەمما ئۇنى يىغىپ ساقلاپ بېخىللىق قىلسا، گوياكى پۇل- مال ئۇنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئاقىل ئادەم پۇل- مېلىدىن پايدىلىنىدۇ. پايدىسىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

[160] بۇخارى، 6077 – ھەدىس.

ئىنسان پۇل- مالنى قەيەردىن تاپقانلىقى، نىمىگە يىغقانلىقى ، نىمىدىن توسۇپ بىخىللىق قىلغانلىقى... ھەممىسىدىن ھېساب بېرىدۇ. ئەگەر ۋاجىپ بولغان بېرىشلەردىن بىخىللىق قىلىپ ھەتتا مەندۇب بولغان بېرىشلەردىنمۇ بىخىللىق قىلغان بولسا پۇشايمان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ پۇل- مېلى مىراسخورلىرىغا قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار پۇل- مالنى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىپ قالسا، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېساپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى ئۇنىڭ ھېساب دەپتىرىگىمۇ يېزىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدا ئۇنىڭمۇ سەۋەنلىكى بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىخىللىق قىلمىغىن ئەي مۇسۇلمان!

- يۇقىرىدىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان ئەسلەپ تۇرۇشى ، ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە بۇلارنى ئەسلىتىدىغان قۇرئاننى قەلبىدە ئورۇنلاشمىغۇچە ئوقۇپ تۇرۇشى ۋاجىپتۇر. ئاندىن بۇ ئەمەللەر ئۇنى سېخىيلىق ۋە خەير- ئېھسان قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

***ئىككىنچى: سېخىيلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئەمەلىي تەرەپلەر:***

ئىنسان سېخىي بولۇش ئۈچۈن سېخىيلىق ئەدەپلىرىنى قىلىشى، ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولۇشى ۋە ئۆزىنى شۇنىڭغا زورلىشى لازىم؛ ئەگەر ئىنسان سېخىيلىق تەقەززا قىلىدىغان ۋە سېخىيلىق قىلىش ياخشى بولىدىغان ھەر قانداق شارائىت ۋە ئەھۋالدا ئۆزىنى سېخىيلىققا زورلىسا، سېخىيلىق ئەخلاقى ئۇ ئادەمدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ ۋە ئۇ ئادەم سېخىيلىققا ئادەتلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ، ئويلىنىپ قالماستىن، ئىككىلەنمەستىن سېخىيلىق قىلالايدىغان بولىدۇ.

## سېخىي كىشىلەرنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقى ۋە ئەمەللىرى

بىرىنچى: سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدىن: سېخى ئادەم باشقىلارغا بىرەر خەير- ئېھسان قىلسا، ئۆزىنى ماختىمايدۇ، بەلكى بۇلارنى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە تەۋپىق بېرىشى بىلەن قىلالىدىم دەپ قاراپ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ. خەير- ئېھسان قىلغان ئادەملەرگە مىننەت قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنىڭ بولماستىن ئاللاھنىڭدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَا أَنفَقُوا مَنًّا وَلَا أَذًى ۙ لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «پۇل- مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە ( خەير- ساخاۋەتتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا ( قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 262- ئايەت] شۇڭا مۇسۇلمان قىلغان خەير- ئېھساندا مىننەت قىلىش ۋە ھاقارەتتىن قىلىشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

- مۆمىن ئەگەر باي بولسا بايلىقنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكى، ئۇنى (بايلىقنى) ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىشنى، ئەگەر نامرات بولسا بۇنىڭ ئاللاھنىڭ سىنىقى ئىكەنلىكى، سەۋر قىلىش لازىملىقىنى بىلىدۇ. بۇلارنى بىلمىگەن ئادەم نامراتلىققا سەۋر قىلالمايدۇ. بايلىقىدا ياخشى ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەگەر پۇل- مال بېرىلمىسە ئاللاھقا تېنىپ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. ئەگەر بېرىلسە بۇنى ئۆزىنىڭ ماھارىتى، تىرىشچانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ھەر ئىككىلا ھالەتتە بۇ ئاللاھنىڭ سىنىقى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَئِنْ أَذَقْنَا الْإِنسَانَ مِنَّا رَحْمَةً

ثُمَّ نَزَعْنَاهَا مِنْهُ إِنَّهُ لَيَئُوسٌ كَفُورٌ ﴿٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَاهُ نَعْمَاءَ بَعْدَ ضَرَّاءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ السَّيِّئَاتُ عَنِّي ۚ إِنَّهُ لَفَرِحٌ فَخُورٌ ﴿١٠﴾ إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَٰئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ «ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق ( يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك) ، ئاندىن ئۇنى تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ/ ئەگەر بىز ( پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىق قاتارلىق) بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم:« مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ( ئەمدى كەلمەيدۇ)» دەپ شەك-شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ/ پەقەت ( بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، ( نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر ( ياخشىلاردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار ( ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ». [سۈرە ھۇد 9، 10، 11- ئايەتلەر]

ئىككىنچى: پۇل- مال سەدىقە قىلىش مۇمكىن بولمىسا، باشقا ئۇسۇلدا سەدىقە قىلىسىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى ۗ وَاللَّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ﴾ «ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش، كەينىدىن ئازار بېرىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر، ئاللاھ ( بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر ( يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)». [سۈرە بەقەرە 263- ئايەت] سەدىقە قىلىشنىڭ پۇل- مالدىن باشقا شەكىللىرىمۇ بار بولۇپ، ياخشى سۆز، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش سەدىقىدۇر، بەزىدە بۇلارنىڭ ئەجرى پۇل-مال بىلەن قىلغان سەدىقىدىن كاتتىدۇر؛ چۈنكى ئىنساننىڭ پۇل- مال سەدىقە قىلدىم دەپ سەدىقە قىلىنغۇچىغا مىننەت قىلىشى ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىشى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشىدىن ياخشى سۆز بىلەن سەدىقە قىلىشى ئەلادۇر.

***پۇل- مالدىن باشقا ئۇسۇلدا قىلىنغان سەدىقىنىڭ شەكىللىرى:***

1- باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك سەدىقىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھۈنەرۋەن ئىشچىغا ياكى بىر ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايدىغان گالۋاڭ ئادەمگە ياردەم بەرگىن» ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى: ئەگەر قىلالمىسامچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلارغا يامانلىق قىلمىغىن، بۇ ئۆزۈڭگە قىلىنغان سەدىقە بولىدۇ».[161]يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دەردمەن ھاجەتمەنگە ياردەم بېرىش».[162]

2- باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاش كاتتا سەدىقىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىنىڭ سەۋەبىڭدىن ئاللاھنىڭ بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى، سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىن ياخشى»[163] (قىزىل تۆگە ئەرەبلەرگە نىسبەتەن كاتتا مال ھېسابلىناتتى). بىر ئادەمنى توغرا يولغا باشلىساڭ، ئۆزۈڭنى توغرا يولغا باشلىغانغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ، دۇنيانىڭ ئەڭ كاتتا مال دۇنياسى ھېسابلىنىدۇ، ھىدايەت بولسا پۇل- مالدىن قىممەتلىكتۇر.

3- ئىلىم- مەرىپەت تارقىتىش سەدىقىدۇر؛ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا هُوَ عَلَى الْغَيْبِ بِضَنِينٍ﴾ «ئۇ (يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (غەيبنى ) تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر». [سۈرە تەكۋىر 24- ئايەت] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيبتىن كەلگەن ئىلىم ۋە ھەقنى بايان قىلىشتا بېخىللىق قىلمايدۇ، ئۇ يەنە، ئىلىمگە بېخىللىق قىلىشتىن توسقان ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىمنى يوشۇرسا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا

---

[161] بۇخارى، 2382 – ھەدىس.

[162] بۇخارى، 5676– ھەدىس. مۇسلىم 1008 – ھەدىس.

[163] بۇخارى، 2847 – ھەدىس.

ئوتتىن يوگەن سىلىنىدۇ».[164]

4- پۇل- مال مەنسەپ ئىگىسىنىڭ ياخشىلىققا پۇل-مال سەرپ قىلىشى، سېخىي بولۇشى سەدىقىدۇر؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَّن يَشْفَعْ شَفَاعَةً حَسَنَةً يَكُن لَّهُ نَصِيبٌ مِّنْهَا﴾«كىمكى ( كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى ( ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن ( يەنى ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ» [سۈرە نىسا 85- ئايەت] ئىنسانىنىڭ ياخشى ئىشقا شاپائەت قىلىشى ۋە ۋاسىتە بولۇشى سەدىقە قىلغۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شاپائەت قىلىڭلار، ئەجرىگە ئېرىشىسىلەر، ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن خالىغىنىنى ھۆكۈم قىلىدۇ». [165]

5- باشقىلارغا ۋاقتىڭدىن، مۇلايىملىقىڭدىن، مېھرىبانلىق ۋە تەبەسسۇمىڭدىن بېرىشىڭ سەدىقىدۇر؛ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم قىلىشىڭ سەدىقىدۇر».[166]

6- قېرىندىشىڭغا دۇئا قىلىشىڭ، نەسىھەت قىلىشىڭ، ئەپۇ قىلىشىڭ، سەۋەنلىكلىرىنى بىلمەس بولۇۋېلىشىڭ ، كۆڭلىگە ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىشىڭ سەدىقىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ياخشى سۆز سەدىقە».[167]

7- ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتا مەرد ۋە سېخى بولۇش پۈتۈن ئۇممەتكە سەدىقىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭ سەدىقىدۇر».[168]

[164] ئىبنى ھىببان، 95 – ھەدىس.

[165] بۇخارى، 1365 – ھەدىس.

[166] بۇخارى، 1956 – ھەدىس.

[167] بۇخارى، 2734 – ھەدىس.

[168] بۇخارى، 1956– ھەدىس.

ئۈچىنچى: سەدىقە قىلغاندا ئىخلاس قىلىش، ئاللاھتىن باشقا ئادەمدىن ئەجىر كۈتمەسلىك سېخىي ئادەمنىڭ ئەخلاقىدىندۇر: ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالْأَذَىٰ كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ۖ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا ۖ لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا ۗ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! پۇل- مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى ( نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار، بۇنداق ( پۇل- مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا- چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن ( يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ( ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».[سۈرە بەقەرە 264- ئايەت] خەير- ئېھساندا ئاللاھقا ئىخلاس قىلماسلىق ئۇنىڭ (خەير- ئېھساننىڭ) ئەجرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، بۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ ئەجرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

سەدىقە زىرائەت ئۆسىدىغان ۋە مېۋە بېرىدىغان ياخشى تۇپراققا ئېھتىياجلىق، بۇ تۇپراق بولسا ئىخلاس ۋە كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇشتۇر.

- ئەگەر سېخىي ئادەم باشقىلارغا قىلغان سەدىقىسىدىن پايدا- مەنپەئەت، ماختاش، ھۆرمەت، مەنسەپ، يۈز- ئابرۇي ياكى قىلغان سەدىقىسىنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى دۇنيادا بىرەر ئورنىنى باسىدىغان نەرسىنى كۈتكەن بولسا سېخىي ھېسابلانمايدۇ.

سېخىي ئادەم دېگەن باشقىلارغا بېرىپ ياخشىلىق ۋە ساۋاپنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن كۈتمەيدىغان، ئىخلاسمەن سەممىي ئادەمدۇر.

خەير- ئېھسان قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان، لېكىن يۈز - ئابرۇي قوغلىشىپ، سېخىي ئىكەن دېيىشۈن دەپ، ياكى باشقىلاردىن خىجىل بولۇپ خەير-ئېھسان قىلغان ئادەمگە بۇنىڭ پايدىسى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق خەير-ئېھسانىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا مَنَعَهُمْ أَن تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَاتُهُمْ إِلَّا أَنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَبِرَسُولِهِ وَلَا يَأْتُونَ الصَّلَاةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَارِهُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، ( پۇل- مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ». [سۈرە تەۋبە 54- ئايەت]

زۇلۇمغا قارشى سۈكۈت قىلىدۇرۇش، باتىلغا ياردەمدە بولۇش، يالغانغا شاھىت بولۇش ياكى بىرە مەنسەپكە تەيىنلىنىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ۋىجدانىنى پۇل- مال بىلەن سېتىۋالىدىغان ئادەم سېخىي ئەمەس، بەلكى بېخىل خائىندۇر.

تۆتىنچى: سەدىقە ۋە سېخىيلىق قىلىش نىيىتىدىن يېنىۋالماسلىق سېخىي ئادەمنىڭ ئەخلاقىدۇر. سېخىي ئادەم باشقىلارغا بېرىشنى نىيەت قىلسا، بۇنى كىشىلەرگە سەدىقە قىلىشقا بەرگەن ۋەدە دەپ قاراپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ۋاجىپتۇر. شۇنداقلا بۇنى ئاللاھ بىلەن بولغان كېلىشىم دەپ قاراپ راستچىل بولۇشى ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تائالا سەدىقە قىلىشتا يالغانچىلىق قىلىپ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان، ئاللاھنىڭ ھەققىنى توسۇۋالغان ئادەمنىڭ قەلبىگە ئاللاھ مۇناپىقلىقنى كىرگۈزىۋېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىن تاكى ئۆلگۈچە چىقمايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى، بۇنىڭدىن ئاللاھ بىزلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، بېخىللىق قەلبكە ئورناپ كەتكەن

مۇناپىقلىقنى مىراس قالدۇرىدۇ؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنْهُم مَّنْ عَاهَدَ اللَّهَ لَئِنْ آتَانَا مِن فَضْلِهِ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ الصَّالِحِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا آتَاهُم مِّن فَضْلِهِ بَخِلُوا بِهِ وَتَوَلَّوا وَّهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِي قُلُوبِهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ يَلْقَوْنَهُ بِمَا أَخْلَفُوا اللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: « ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا ( يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق » دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى/ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان( يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى ( يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى)/ ئۇلار ( سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى ( ئىماننى، ئېھساننى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن ( يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا ( يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ( ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى». [سۈرە تەۋبە 75، 76، 77- ئايەتلەر]

بەشىنچى: سەدىقە قىلغاندا ھالال، ياخشى بولغاننى بېرىش ، ناچار يامىنىنى بەرمەسلىك سېخىيلىقنىڭ ئەخلاقىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنفِقُوا مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الْأَرْضِ ۖ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ وَلَسْتُم بِآخِذِيهِ إِلَّا أَن تُغْمِضُوا فِيهِ ۚ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر ( يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ( بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر». [سۈرە بەقەرە 267- ئايەت] سېخىيلىق ۋە خەير- ئېھسان قىلىش ئىنسان ئۆزى ياقتۇرىدىغان، قوبۇل قىلالايدىغان ياخشى نەرسىلەر

بىلەن بولۇشى ۋاجىپتۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتى قوبۇل قىلمايدىغان، ناچار، باشقىلار بىزگە بەرسە بىزمۇ قوبۇل قىلالمايدىغان نەرسىلەرنى بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ. كونىراپ چىرىپ كەتكەن كىيىم - كېچەك، كونا ئۆي جاھازلىرى ياكى بۇزۇلغان مېۋىلەرنى بېرىش سەدىقە ئەمەس كونا نەرسىلەردىن قۇتۇلۇش ھېسابلىنىدۇ .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿لَن تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ ۚ وَمَا تُنفِقُوا مِن شَيْءٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە( يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا ( يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر». [سۈرە ئال ئىمران 92- ئايەت]

مۆمىن ئۆزى ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ سەدىقە قىلىدۇ، ئۆزى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان ۋە قەلبى باغلىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق ئۇنى سەدىقە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي سېخىيلىقتۇر؛ ئاللاھ بۇنداق ئادەمگە نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى بۇنىڭ قاتارىدا جەننەتمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا﴾ « ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ». [سۈرە ئىنسان 8- ئايەت]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ سېخىي ئادەمنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان ياكى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارغا خەير- ئېھسان قىلىدىغانلىقى، خەير- ئېھسان قىلىشنى پۇل- مېلىدىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئالدىغا قويىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ ئادەم يېنىدا قېلىشقا تېگىشلىك پۇل- مالنى سەدىقە قىلىپ، ئۇنى ئاخىرەتتىكى ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىدۇ.

ئالتىنچى: ئىخلاسنى ساقلاپ قېلىش، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھىسياتىنى ئويلىشىپ سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلىشقا ھېرىسمەن

بولۇش سېخىيلىق ئەدەپلىرىدىندۇر؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِن تُبْدُوا الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا الْفُقَرَاءَ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّئَاتِكُمْ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر، بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» [سۈرە بەقەرە 271- ئايەت] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلىشنىڭ ئاشكارا قىلىشتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، چۈنكى سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلغاندا ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىش، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى خالاپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەمدە قىلغان ياخشى ئىشلارنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ سېنى ماختىشىنى خالايدىغان پىكىرلەرنىڭ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خەۋەرسىز قىلىنغان ئىش ئىخلاسقا بەكرەك يېقىن بولىدۇ. بەزىدە سەدىقىنى ئاشكارا قىلىش سەدىقە قىلىنغۇچىغا ئازار بېرىپ قويۇشى مۇمكىن، مۇسۇلمان مۇشۇ ئىككى خىل (ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىش ۋە سەدىقە قىلىنغۇچىغا ئازار بېرىپ قويۇش) ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ئىشتىن يىراق تۇرسا، سەدىقىنى ئاشكارا قىلىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەنە باشقا سەدىقە قىلغۇچىلارغا ئۈلگە بولىدۇ.

يەتتىنچى: سەدىقىنى ئاللاھ يولىدا مەخسۇس خىزمەت قىلىدىغان، موھتاج تۇرۇپ ئۆزىنى پاك تۇتۇپ باشقىلاردىن سورىمايدىغان كەمبەغەللەردىن ئەڭ موھتاج، سەدىقىگە لايىق بولغانلىرىنى ئىزدەپ شۇلارغا بېرىشكە ھېرىسمەن بولۇش سېخىيلىق ئەدەبلىرىدىندۇر؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لِلْفُقَرَاءِ الَّذِينَ أُحْصِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الْأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لَا يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا ۗ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ «ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، ( تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير- ئېھسان قىلىنىشى

كېرەك، ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير- ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر». [سۈرە بەقەرە 273- ئايەت] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزلىرىنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىندۈرمەيدىغان، ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇپ باشقىلاردىن سورىمايدىغان پېقىر- مىسكىنلەرگە خەير- ئېھسان قىلىشقا قىزىقتۇردى ، ئەگەر سىز ھوشيار، زېرەك بولسىڭىز ئۇلارنىڭ كىيىنىشى، ئەھۋالى ياكى كەم نەرسىلىرىنىڭ بارلىقىدىن موھتاج ئىكەنلىكىنى بايقىيالايسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنەنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ بىر- ئىككى لوقما تائام ياكى خورما سورايدىغان ئادەم پېقىر ھېسابلانمايدۇ، پېقىر- مىسكىن دېگەن ئۆز ھاجىتىدىن چىققۇدەك بىر نەرسە تاپالمايدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ ھاجەتمەنلىكىنى بىلەلمىگەچ ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىنمايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن سورىمايدىغان ئادەمدۇر».[169]

شۇنداقلا ئاللاھ مۆمىنلەرنى پېقىر- مىسكىنلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە پېقىرلەرنى باشقىلاردىن تىلىمەسلىككە قىزىقتۇردى ، ئاللاھ ئۇلارغا كېپىل، ئۇلارغا بېرىدىغان ئادەمنى ئۇدۇللاشتا ئاسانلىق بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن خەير-ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە خەير- ئېھساننى ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇپ باشقىلاردىن سورىمايدىغان، ئۆزلىرىنى ئىلىم- مەرىپەت، دەۋەت، جىھاد ئىشلىرىغا ئاتىغان ياكى ئۆزلىرىنى مۆمىنلەرگە ، ئاۋامنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىشقا ئاتىغان ئادىل ھاكىمغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ نەمۇنىسى بايان قىلىپ بەردى.

[169] بۇخارى، 1406 – ھەدىس. مۇسلىم، 1039 – ھەدىس.

باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان يۇقىرىقىدەك ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇممەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ۋاقتىنى ئۇممەتنىڭ پايدىسىغا، ئۇلارنىڭ دىنىنى ساقلاپ قالىدىغان ئىشلارغا ئاجرىتىدۇ، شۇڭا ئۇممەت ۋە بايلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيالىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ۋاجىپتۇر. بۇ ناھايىتى زۆرۈر بولغان ۋە ئەجرى كاتتا سەدىقىدۇر. ئەگەر ئۇممەت ئۇلارغا بېرىشتىن باش تارتسا، ئۇلار دۇنيالىق زۆرۈر ھاجەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ- دە، ئۇممەت كۆپ ياخشىلىقلارنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنداقلا ئۇممەتتە بۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرگە ئېھتىياج پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ۋاقتىنى ئاجرىتىشىغا، ئۇلارغا مائاش بېرىشكە موھتاج بولىدۇ.

- ئالىم ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقارغان ۋاقىتتا، شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، تەلىم- تەربىيەسى ، دىنى ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنلا ۋاقىت چىقىرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇممەتكە خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇممەتمۇ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇدەك نەرسىلەرنى بېرىشى لازىم.

مۇجاھىد دىنىنىڭ نۇسرەت قازىنىشى، ئۇممەت ۋە دۆلەتنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنى ھۆرمەتلىشى، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ئەھلىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئۇممەت ھەمدەم بولمىسا ئۇ ۋەزىپىسىنى تاشلاپ دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ئۇممەت زىيان تارتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ دىنى، پۇل- مېلى، باللىرى ۋە دۆلىتى خەتەرگە دۇچار بولىدۇ.

ئەسلىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى مۇسۇلمان دۆلىتى ئىگە

بولۇپ قىلىشى كېرەك، ئەمما دۆلەت بىپەرۋالىق قىلسا ياكى بۆلارنى قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتى بولمىسا، مۇسۇلمان بايلار بۇنىڭغا ئىگە بولۇپ قىلىشى ۋاجىپتۇر.

شۇنداقلا بايلار ئۆلارغا بەرگەندە كەمسىتىش، خورلاش، پىخسىقلىق بىلەن ئەمەس، ھۆرمەت- ئىھتىرام بىلەن بېرىشى كېرەك. باي پۇل-مېلىنى بەرگەندە ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن بېرىشى ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ خالىغانچە ئىشلەتكىن، ياكى موھتاج ئادەمنى بىلسەڭ شۇنىڭغا بەرگىن دېيىشى، ئەگەر بىر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولساڭ مەندىن سورىغىن دەپ قويماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇ ھەرگىزمۇ سورىمايدۇ ئەمەسمۇ!

سەككىزىنچى: سېخىيلىق ۋە باشقىلارغا بېرىش مۇناسىپ ئورۇندا بولۇشى سېخىيلىق ئەدەپلىرىدىندۇر . باشقىلارغا بەرگەندە ئاللاھ خالىغاندەك ھەق يولغا بېرىش ، ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە پايدا-مەنپەئەت يېتىدىغان ئىشلارغا بېرىشتۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەير- ئېھسان قىلىدىغان پۇل- مالنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك مۇۋاپىق ئورۇنغا قىلالىغانلىقىنىڭ كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى، بۇ نېمەتنىڭ ئىلىم-ھېكمەت نېمىتىگە تەڭ كېلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايدىغان، مەنمۇ شۇنىڭدەك بېرەلىسەمچۇ؟ دەپ ئارزۇ قىلىشقا ئەرزىگۈدەك نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئىشتىن باشقا ئىشتا ھەسەت قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى: ئاللاھ بىر ئادەمگە بايلىق بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم بايلىقىنى توغرا يولغا ئىشلىتەلىسە، بۇنداق ئادەمگە ھەسەت قىلسا بولىدۇ، يەنە بىرى: بىر ئادەمگە ئاللاھ ھېكمەت بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ بىلەن ئادىل ھۆكۈم چىقىرالىسا ۋە باشقىلارغا ئۆگۈتەلىسە ».[170] بۇ ئىككىسىدىنمۇ ئارتۇق ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىش بولمىسا كېرەك، بىرى ئىلىم- ھېكمەت، يەنە بىرى خەير-

[170] بۇخارى، 1343 – ھەدىس.

ئېھسان قىلىش ئۆزگە، ئائىلە- بالىلىرىغا ياكى باشقىلارغا بولسۇن بايلىقنى شەرىئەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ئۇسۇلدا خەير- ئېھسان قىلىشقا ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان ئادەم.

خەير- ئېھسان قىلىش شەرىئەتكە مۇناسىپ بولمىغۇچە، ۋاجىپنى مەندۇبنىڭ ئالدىدا، ۋاجىپ مەندۇبنى مۇباھنىڭ ئالدىدا قىلمىغۇچە، ھارام، مەكرۇھ ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىشنى تاشلىمىغۇچە ھەق يولدا ھېسابلانمايدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئۆيى بار تۇرۇپ قەسىر سېلىش، ئىشلىتىمىسىمۇ بولىدىغان يېڭى ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىش، ماشىنىسى بار تۇرۇپ يەنە باشقىنى سېتىۋېلىش، ئېھتىياجى بولمىسىمۇ كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش، توپ مۇسابىقىسى ياكى پايدىسىز پىروگراممىلارغا پۇل- مال سەرپ قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا پۇل- مال سەرپ قىلىشنى ۋاجىپ بولغان چىقىملارنىڭ ئالدىدا قويۇش، ھەتتا مەندۇب چىقىملارنىڭ ئالدىدا قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئالمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەرگە پۇل-مال سەرپ قىلىپ، كاتتا ئەجىردىن قۇرۇق قالىدۇ.

مۇسۇلمان موھتاج يېقىنلىرىغا، پېقىر- مىسكىنلەرگە، پۇل- مېلى باققۇچىسى يوق يېتىملارغا، تۇرمۇش چىقىمى، ئوقۇش راسخوتىنى تاپالمايدىغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا، ياكى دىن تارقىتىش، ئۈممەتنى قوغداش ئۈچۈن دۇنيا تەركىچىلىكىنى قىلالمىغان مۇجاھىدقا خەير- ئېھسان قىلىشنى كېچىكتۈرمەسلىكى ۋە تاشلىماسلىقى لازىم. باي مۇسۇلمان كىشىلەر ئارىسىنى ياخشىلاش، مەسچىت سېلىش، ئۈممەتكە خىزمەت قىلىدىغان پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش، سالىھلارنى يوقلاش، پايدىلىق ئىلىملەرنى ئېلىشقا تىرىشىش ۋە ياخشى پايدىلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىش... قاتارلىقلاردا بېخىللىق قىلماسلىقى لازىم.

شۇنداقلا پۇل- ماللىرىمىزنى ھاراق، چوشقا گۆشى سېتىش، جازانىخورلۇق، زالىمغا پارا بېرىش ، مەنسەپ قوغلىشىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆز- كۆز قىلىپ ماختىنىش... دېگەندەك ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز توغرا بولمايدۇ، ۋە يەنە مۇسۇلمان باي، ئاۋامنىڭ پۇل- مېلىنى ئوغرىلاپ، ئۇنى ئۆزىگە توغرا كۆرۈشى، ئۇممەت دۆلەتكە ھەسسە قوشۇشقا تېگىشلىك پۇل- مېلىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇشى توغرا بولمايدۇ.

- باي ئىلىم- ھېكمەتكە پۇل- مال سەرپ قىلسا ئەجرى ئۇنىڭغا بولىدۇ، شۇنداقلا پېقىر - مىسكىنمۇ ئەگەر ئاللاھ ئۇنىمۇ شۇ بىلىملىك، سېخى بايدەك باي قىلغان بولسا شۇنىڭدەك قىلاتتىم دەپ نىيىتى راستچىل بولسا ئەجرگە ئېرىشىدۇ.

مۆمىن ئەگەر سېخي بولسا، ئەمما خەير-ئېھسان قىلىدىغان پۇل- مېلى بولمىسا، ئۇنىڭ نىيىتى ھەقىقىي بولسىلا، ئەگەر مالغا ئىگە بولسا ياخشىلىق ۋە ئىتائەت يوللىرىغا سەرپ قىلىپ بېخىللىق قىلمايدىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا خەير-ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىر بەندىگە پۇل- مال، ئىلىم ئاتا قىلسا، ئۇ بۇلاردا رەببىدىن قورقسا ۋە سىيلە رەھىم قىلسا، ئاللاھنىڭ ھەققىنى تونۇسا ، بۇ كىشى ناھايىتى ئەۋزەل مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ، ئاللاھ بىر بەندىگە ئىلىم ئاتا قىلىپ پۇل- مال بەرمىگەن بولسا، بۇ ئادەم ئەگەر مېنىڭمۇ پۇل- مېلىم بولغان بولسا پالانىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلاتتىم دەپ ئۈمىد قىلىپ، نىيىتى ھەقىقىي بولسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئەجرى ئوخشاش بولىدۇ».[171]

توققۇزىنچى: پۇل- مېلىنى ئۆزى ياكى باشقىلار موھتاج تۇرۇقلۇق ساقلىۋېلىش سېخىيلىق ئەدەپلىرىدىندۇر . ئاللاھ دۇنيادا پۇل- مال، رىزىقنى ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىدىن ئاشۇرۇپ قىلغان، لېكىن

[171] تىرمىزى، 2325 – ھەدىس.

ئۇنى جايىدا ئىشلەتمەي ساقلىۋېلىش پېقىرلىق ۋە ئاچارچىلىقتا، كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ، ئەمگەك كۈچى، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى باشقۇرۇشتىكى كەمچىلىكلەر( يامان ئۇسۇللار) دۇنياۋى نامراتلىقتا سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى پۇل- ماللىرىمىزدىن پايدىلىنىشقا، ئېھتىياجلىرىمىزغا ئىشلىتىشكە، ھەممىنى مىراسخورلارغا قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىشىمىزگە قىزىقتۇردى، مىراسخورلار ياخشىلىقتا ياكى يامانلىقتا ئىشلىتەمدۇ بۇنى بىز بىلمەيمىز، بىز جاپا تارتىپ پۇل- مال تاپساق باشقىلار( مىراسخورلار) پايدىلىنىشى مۇمكىن، لېكىن بىز ئۆزىمىز پايدىلىنىشقا ئۇلاردىن بەكرەك ئەۋلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلارنىڭ مىراسخورىنىڭ پۇل- مېلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭكىدىن بەك ياخشى كۆرۈلگەكراق دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر ھېچقايسىمىز ئۇنداق ئەمەس دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھازىر بار بولغىنى سېنىڭ پۇل- مېلىڭ، كېيىنگە قويۇپ قويغىنىڭ مىراسخورۇڭنىڭ پۇل- مېلى دېدى».[172]

ئەگەر يېقىنلىرىڭ ياكى ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا بېخىللىق قىلىپ، ھاجەتلىرىنى بەرمىسەڭ، ئۆزۈڭگە بېخىللىق قىلىپ، پۇل- مېلىڭدىن پايدىلانمىساڭ، رىزقىڭدىن ئەنسىرەپ، دۇنياغا ھېرىسمەن بولساڭ، ئاللاھنىڭ ھەققىگە بېخىللىق قىلغان بولىسەن ۋە يەنە ئۆزى ئېھتىياجلىق تۇرۇپ بېخىللىق قىلغان، پۇل- مېلىدىن پايدىلانماي ئۇلارنى باشقىلارغا مىراس قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ھەدىستە ئەيىبلەنگەن ئىككى خىل ئادەمنىڭ قىلمىشىنى قىلغان بولىسەن.

ئەگەر مىراسخورلىرىڭ ئىشلەش، رىزىق تېپىشتىن ئاجىز

[172] بۇخارى، 6077– ھەدىس.

كەلسە، سېنىڭ كۆپ پۇل- مېلىڭ بولسا، ئۇلار پۇل- مالنى يولدىن چىقىرىدىغان، ھارام ئىشلارغا زايە قىلمايدىغانلار بولسا، سەن ئۇلار ياشىيالىغۇدەك بىر نەرسە قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇلغان؛ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەججەتۇل ۋىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىم ھەج قىلغان يىل) يىلى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كېسىلىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كەلدى، مەن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا يەتكەن كېسەلنى كۆرۈۋاتىسەن، مەن باي ئادەم، بايلىقىمنى مىراس ئالىدىغان بىر قىزىمدىن باشقا ھېچكىم يوق، بايلىقىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، دېدى، يېرىمىنى قىلايمۇ؟ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى قىلغىن يا سەئىد، ئۇمۇ كۆپ بولۇپ قالىدۇ، سېنىڭ مىراسخورۇڭنى باي قويۇپ قويۇشۇڭ ئۇنى باشقىلارغا موھتاج قويۇپ قويغاندىن ياخشى دېدى»[173]

بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ بولۇپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلىغان جىددىي ئېھتىياجى ئۈچۈن پۇل- مال ساقلاپ قويسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى، جىددىي لازىم بولغاندا ساقلاپ قويغان پۇل- مېلىدىن تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. قېرىنداشلىرى ياكى ئۈممەتنىڭ ھاجىتىنى جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن مۇھىم بىلىش، ئەڭ مۇھىم بولغانغا باشتا سەرپ قىلىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۆزى بولۇپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلىغان جىددىي ئېھتىياج يۈز بېرىپ قالسا، قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئۇمۇ ھاجىتىدىن چىققۇدەك رىزىقنى ھەل قىلالمىسا، ئۇلاردىن سورىسا دۇرۇس بولىدۇ؛ چۈنكى باشقىلارغا لازىم بولغاندا ئۇمۇ يېغىپ قويغىنىنى بېرىپ تۇرغان ئەمەسمۇ؟

ئۈنىنچى: كەلگۈسىدىن قورقماسلىق، ھەربىر ئېھتىياج

---

[173] بۇخارى، 3721– ھەدىس.

ئىگىسىنىڭ رىزقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىرىلىدىغانلىقىنى بىلىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. سىزگە ياكى باشقىلارغا ئېھتىياج ئىگىسى كەلسە ئىنفاق قىلىڭ. ھەربىر موھتاجنىڭ رىزقى بولىدۇ. ھازىرقى ئېھتىياجنىڭ رىزقى بار بولسا، ھازىر سەرپ قىلىڭ. كەلگۈسىنىڭ ئېھتىياجى كەلگۈسىدە كېلىدۇ. ئاللاھ ماڭا نېمە ئۈچۈن مال دۇنيا بەردى؟ مەن موھتاج بولغاندا ئۇنى ئىشلەتمىسەم، ئەگەر مالغا ئېھتىياجلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەم، ئاللاھنىڭ رىزقىدىن ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى مەھرۇم قىلغان بولمامدىمەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېدى: «چىڭ سىقىۋالمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھ ساڭا بېرىۋاتقىنىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. ئېشىپ قالغىنىنى موھتاجلاردىن ئايىمىغىن، بولمىسا ئاللاھ تائالا ساڭا پەزلى-مەرھەمىتىنى ئاياپ قويىدۇ دېدى».[174] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدىن قورقۇپ مال-مۈلكىنى ئىشلەتمەيدىغان بېخىل كىشىنىڭ، شۇ سائەت ۋە شۇ ۋاقىتتىكى رىزقىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادىكى رىزىق قانۇنىيىتىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ رىزقى كەلگۈسىگە قېلىپ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ھازىر بەرسە ھازىر رىزقىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە كەلگۈسىنىڭ رىزقى كەلگۈسىدە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بىرەر ئېھتىياج يۈزىسىدىن ھازىرقى ھاجەتكە چىقىم قىلماسلىقنى «مالنى كان قىلىپ ساقلاش» دەپ ئاتىدى ۋە بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى؛ چۈنكى ئۇلار مالنى ھاجەت چۈشكەن چاغدا ساقلىۋالغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ** ﴿٣٤﴾ **يَوْمَ يُحْمَىٰ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ ۖ هَٰذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ**﴾ «ئۇ

[174] بۇخارى، 1366 – ھەدىس.

كۈندە يەنى قىيامەت كۈندە ئۇ ئالتۇن -كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى ، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ.ئۇلارغا:» بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار، سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار. يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ». [سۈرە تەۋبە 34، 35- ئايەتلەر]

ئىنسان بەزىدە بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ھازىرقى ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى چەكلەپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن قورققانلارغا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ھىمايە قىلىشنىڭ ۋاستىسى سەدىقە قىلىشنى چەكلەپ بېخىللىق قىلىش ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق ۋە ياخشى سۆز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلْيَخْشَ الَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَافًا خَافُوا عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا اللَّهَ وَلْيَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا**﴾ «(كىملەركى ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) الله تىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن». [سۈرە نىسا 9- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ! مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈن ئۆتكۈزگۈدەك بەرسەڭ كۇپايە»[175] بۇنداق دېگەنلىك كەمبەغەللىكنى تىلىگەنلىك ياكى ئۇلاردا پەقەت كۇپايە قىلغۇدەك بىر نەرسە بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رىزىق بېرىپ باي قىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزىگە يەتكۈدەكنى ئېلىپ قېلىپ ئېھتىياجىدىن ئاشقىنىنى سەدىقە قىلىدۇ دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە

[175] مۇسلىم، 1055 – ھەدىس.

ئۇنىڭدىن باشقا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەسەن-ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھالار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

ئون بىرىنچى: ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارغا چىقىم قىلىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئۆزىنىڭ زۆرۈر ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان مال-مۈلكىنى ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن بولۇش، ئۆزىنىڭ زۆرۈر بولمىغان ئىشلىرىغا چىقىم قىلغاندىن مەنپەئەتلىكتۇر ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن چىقىم قىلغانلىقىغا قارىتا مالامەت قىلىنمايدۇ. ئاندىن ئەڭ يېقىنى بولغان ئائىلىسى ۋە بالا-چاقىلىرىغا چىقىم قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا چىقىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ قولى ئۈستۈن بەرگۈچى قول بولۇپ، باشقىلاردىن ئېلىش ئۈچۈن قولى سوزۇلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاللاھ ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقىنىنى باشقىلارغا بېرىش ئۇ كىشىگە ياخشى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئادەم بالىسى! ئارتۇق مېلىڭنى بېرىۋەتكىنىڭ ياخشىدۇر. ئۇنى بەرمەسلىكىڭ سەن ئۈچۈن ياماندۇر. يېتەرلىك رىزقىڭغا قانائەت قىلساڭ، مالامەتكە ئۇچرىمايسەن. خەير-ئېھسانىنى ئۆزۈڭگە تەۋە كىشىلەردىن باشلىغىن، بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر».[176]

ئى مۇسۇلمان! بۇ دۇنيادا ئېھتىياجىڭىز چۈشمەسلىكى مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارغا قىلغان سېخىيلىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزگە ئاخىرەتتە مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشلارغا قىلغان سېخىيلىقىڭىز ھەر

[176] مۇسلىم، 1036 – ھەدىس.

ۋاقىت كاتتا بولسۇن. مۇسۇلماننىڭ ئاخىرەتتىكى ئەجىر-ساۋابقا خىراجەت قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ دۇنيادا كۆپرەك خەجلىشى ئۆزىگە قىلغان خىيانەتتۇر. سىزنىڭ قىممەت قاراش ئۆلچىمىڭىز دۇنيالىق ئەمەس، ئاخىرەتلىك بولسۇن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئۇلار بىر قوي سويغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قويدىن ئېشىپ قالدىمۇ؟ »- دەپ سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «قويدىن پەقەت تاغىقىلا قالدى» - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەقەت تاغىقىلا ئاخىرەت ئۈچۈن بولماپتۇ. » - دېدى[177] يەنى ئۇلار سەدىقە قىلغان گۆش ئۇلارنىڭ ئاخىرىتى ئۈچۈن قالدۇرغان ۋە ئەڭ چوڭ مەنپەئەتلەنگەن نەرسىدۇر. سەدىقە قىلمىغان قوينىڭ تاغىقى بولسا بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا خۇددى بىكارغا بۇزۇپ چېچىۋەتكەنگە ئوخشايدۇ.

ئون ئىككىنچى: مال-مۈلكىنى قاچان سەدىقە قىلىش ۋە تائام بېرىش توغرىسىدا ئىزدىنىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. كۆپىنچە مۇسۇلمانلار مەسچىت ياكى يېتىملەردىن باشقىلارغا بېرىشنى ئويلىمايدۇ. بەزى ياخشىلىق يوللىرىغا ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بېرىلگەنلىكىنى ۋە يەنە بىر قىسىم ئاللاھقا دەۋەت قىلىش، ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە جىھاد قىلىشقا ئوخشاش ياخشىلىق يوللىرىغا بېرىدىغان كىشىلەرنى تاپالمايسىز. باي ئەڭ ئاز بېرىلگەن ۋە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان سەدىقە قىلىش يوللىرىنى زېرەكلىك بىلەن تېپىشى كېرەك. كىشىلەر تاشلاپ قويغان موھتاجلارغا بېخىللىق قىلماسلىق، كىشىلەر يېتەرلىك بەرگىنىگە يەنە بېرىۋەرمەسلىك كېرەك.

بەزى كىشىلەر پەقەت رامىزاندىلا بېرىدۇ. رامىزاندىلا زاكىتىنى ئايرىيدۇ. موھتاجلارغا رامىزاندىلا ناھايىتى كۆپ بېرىلىدۇ. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ زاكاتنى پۈتۈن بىر يىلدا

[177] تىرمىزى، 2470 – ھەدىس.

تارقىتىش ئۇچۇن زاكات بېرىدىغان ئۆلچەمنى بىر يىلغا باغلاپ قويىدى. دېمەككى؛ مۇسۇلمان موھتاجلارنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلىرىدىكى مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رامىزان ئىچىدىلا ياخشىلىق قىلىشقا ھېرىسمەن بولسا بولمايدۇ.

بىز بىر قىسىم بايلارنىڭ موھتاجلارغا رامىزاندىلا تائام تارقىتىدىغانلىقىنى، بەزى موھتاجلارغا رامىزان كۈنلىرىدە كۆپ تاماق تارقىتىلىدىغانلىقى، رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا بولسا يېگىلى ھېچنەرسە يوق قالغانلىقىنى كۆرىمىز.

سېخىي كىشىنىڭ باشقىلارغا سەدىقە قىلىشى ۋە تائام بېرىشى ئۇنىڭدىن باشقا شەرئى مەنپەئەتلەرنىڭ بەدىلىگە بولسا بولمايدۇ. ئائىلىسى ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ نەفىقىسى بەدىلىگە باشقا ئاتا-ئېھسان قىلسا بولمايدۇ. مۇسۇلمان ئاتا-ئېھسان قىلدىم دەپ ئەڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلارنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئاتا-ئېھسان قىلدىم دەپ ئايالىنى ئېغىر كۈندە قويمايدۇ. ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاتا-ئېھسانغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى مەسچىت جامائىتى ۋە ناماز بەدىلىگە قىلمايدۇ. تائامنى چاقىرغان كىشىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ تەييارلاپ، ئاخىرىدا ئەخلەت چېلەكلىرىگە تاشلىنىدىغان دەرىجىدە كۆپ بېرىپ ئىسراپ قىلمايدۇ.

ئون ئۇچىنچى: سەدىقە ئاز بولسىمۇ بېرىشتىن خىجىل بولماسلىق سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. سەدىقە قىلىش، چىقىم قىلىش ۋە بىر نەرسە بېرىشتە كۆپ بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى يېنىدا ۋە ئۆز ئىلكىدە بولغىنىنى بېرىش يېتەرلىكتۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يېرىم خورمىغا چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار!».[178]

ئاللاھ تائالا يېنىدا بار بولغان ئازغىنە نەرسىنى بەرگەن كىشىنى

[178] بۇخارى، 1351 – ھەدىس.

مەسخىرە قىلغان كىشىلەرنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ ۙ سَخِرَ اللَّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ «(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، اللّٰه ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ». [سۈرە تەۋبە 79- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق بولسىمۇ سەدىقە قىلسا، (ھالبۇكى ئاللاھ پەقەت ھالالنىلا قوبۇل قىلىدۇ) ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز تايچىقىنى ئۇبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ساۋابى تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ».[179] بۇ ھەدىس قوبۇل بولىدىغان سەدىقىنىڭ ھالال مالدىن ۋە ھالال كەسىپتىن بولۇشىنىڭ ۋاجىپلىقى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ سەدىقە ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىپ ئۆستۈرۈپ بېرىدىغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قوشنىلىرىڭلارغا قوينىڭ تۇيىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، ئاز كۆرمەي سۇنۇڭلار».[180]

ئون تۆتىنچى: ئائىلىسى ۋە تۇققانلىرىنى مېھمان قىلىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا يېتەرلىك چىقىم قىلىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ھېرىسمەن بولىدۇ. ئاندىن ئاتا-ئانىسىنى، ئايالىنى، بالا-چاقىلىرىنى، تاغىلىرىنى، ئىكرام قىلىدۇ ۋە تۇققانلىرىغا،

[179] بۇخارى، 1344 – ھەدىس. مۇسلىم، 1014 – ھەدىس.

[180] بۇخارى، 2427 – ھەدىس.

تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا سەدىقە قىلىدۇ. ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە سەدىقە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ بارلىق ئائىلىسى ۋە ھەممە تۇغقانلىرىنى يوقلايدۇ. تۇغقانلىرىغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ، خەير -ساخاۋەت قىلماي باشقىلارغا قىلىش ئېسىل مۆمىننىڭ ئەخلاقى ئەمەستۇر! ھەقىقىي سېخىي كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، تۇغقانلىرى ئەسكىلىك قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلىپ ئاداۋەت تۇتمايدىغان، ئېھتىياجىدىن خەۋەرسىز قالمايدىغان، ئەپۇ قىلىشقا ئالدىرايدىغان كىشىدۇر . ئائىلىسىگە، تۇغقانلىرىغا بېخىللىق قىلغان كىشى سېخىي ھېسابلانمايدۇ . بۇ قانداقمۇ ئەخلاقلىق ئائىلىلەر قاتارىدىن بولىدۇ؟ بۇ قانداقمۇ مۇھەببەت، مۇناسىۋەت، كۆيۈنۈش ياردەملىشىش بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل تۇرسا، بايلىرى باشقىلارغا بەرسە، ئۇلار ئاچ، موھتاج تۇرسا، بۇ باي بۇلارغا ياخشىلىق قىلماي، كۆيۈنمەي پەرۋا قىلمىغان ھالدا تاشلاپ قويسا؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئائىلىسىگە چىقىم قىلغان تەڭگە-تىللاسى، ئۇ چىقىم قىلغان ئەڭ ئەۋزەل تەڭگە-تىللادۇر».[181] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغقانلىرىغا سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ ئۇلاردا قوش ئەجىر بارلىقىنى بايان قىلدى: «سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ئەجرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىقنىڭ ئەجرى ».[182]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنى تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا قانداق يوليورۇق كۆرسەتكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ ! ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە خورمىلىق بېغى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى ۋە ماللىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە قاراپ تۇرىدىغان «بەيرۇھا» دېگەن باغ ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ باغقا كىرىپ باغنىڭ شېرىن سۇلىرىدىن ئىچەتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ

---

[181] مۇسلىم، 994 – ھەدىس.

[182] بۇخارى، 1397 – ھەدىس.

ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَن تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ ۚ وَمَا تُنفِقُوا مِن شَيْءٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (اللّٰه نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار. اللّٰه ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» [سۈرە ئال ئىمران 92- ئايەت] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى، بەيرۇھا ماللىرىم ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىممىتى ئەڭ يۇقىرىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەسقاتىدىغان مال بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇنى سەدىقە قىلىمەن. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئاللاھ تائالا ساڭا كۆرسەتكەن يەرگە ئىشلەتكىن! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پاھ پاھ! نېمىدېگەن پايدىلىق مال بۇ! نېمىدېگەن پايدىلىق مال بۇ! مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنى ئورۇق-تۇغقانلىرىڭغا بېرىشىڭنى مۇناسىپ كۆرىمەن دېدى. ئەبۇ تەلھە: شۇنداق قىلاي دەپ ئۇنى ئورۇق-تۇغقانلىرى ۋە تاغىسىنىڭ بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى».[183]

مۇسۇلمانىنىڭ سەدىقىنى كەمبەغەل تۇغقانلىرىغا بەرگىنى تۇغقاندارچىلىقى يوق كەمبەغەللەرگە بەرگىنىدىن كۆپ مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇ كىشى ھەم كەمبەغەلگە بەرگەن، ھەم تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن ئاداۋەتنى سۇغۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە مېھىر -مۇھەببىتىنىڭ زىيادە بولۇشى ، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈپ بەرىكەتكە دۇئا قىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

كەمبەغەل تۇغقان باي تۇغقىنىنىڭ مال-دۇنياسىنى كۆرگەن ۋە ئۇ مالدىكى نېسىۋىسىگە تەلپۈنگەن، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مەلۇم ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، باينىڭ مال-دۇنياسىدىن باشقا غېرىب -بىچارىلەرنىڭ پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا

[183] بۇخارى، 1392 – ھەدىس.

ھېچ نەرسە يەتمىگەن بولسا ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقنى كۆرمىگەن بولسا، قەلبىدە باي تۇغقىنىغا قارىتا ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ، ھەتتا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى مۇمكىن.

بۇنداق دېگەنلىك ياتلاردىن باشقا كەمبەغەللەرنى مەھرۇم قويۇڭ، تۇغقانلارغا، بالىلىرىغا ئۇلارنى بۇزۇپ ئەركە-نايناق قىلىپ قويىدىغان دەرىجىدە سېخىيلىق قىلىڭ، ياكى ھارام قىلىنغان ئىشلارغا كۆپ خەجلەڭ، ياكى دۇنيالىققا ئىسراپ قىلىۋېتىڭ دېگەنلىك بولمايدۇ. مۇسۇلمان دېگەن ھەر ئىشتا نورمال، ئادىل ۋە ئوتتۇراھال بولۇشى كېرەك!

ئون بەشىنچى: قوشنىسىنى ھۆرمەتلەش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. سىز ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشىڭىز، ئېھتىياجلىق بولغاندا ياردەم بېرىشىڭىز، ھەدىيە بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشىڭىز، ھەدىيەلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە قوشنىلىرىنى ھۆرمەتلىمىگەن كىشىنىڭ ئۇممەت ئۈچۈنمۇ بىر ياخشىلىقى بولمايدۇ. مۇسۇلمان قوشنىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ ئۇلارغا چىقىم قىلىشتا بېخىللىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىگىلا قارىسا بولمايدۇ، بەلكى كەمبەغەل، ئاجىزلارغا ياردەم قىلالايدىغان بولسا ئۇلارنى يوقلاپ ياردەم قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلىرىنى ئاچ قويۇپ زايە قىلىۋېتىشنى ئىمانىنىڭ ئازلىقى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقى ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزى توق قوشنىسى ئاچ قالغان كىشى مۆمىن ھېسابلانمايدۇ».[184]

زاكىتىنى بېرىپ بولغان بولسىمۇ موھتاج قوشنىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ۋاجىپتۇر. بۇ زاكاتتىن باشقا بېرىدىغان ۋاجىپتۇر. سىز بۇگۇن مېلىڭىزنى تەقسىم قىلغان سىزگە ئېھتىياجلىق بولغان قوشنىڭىزغا، بەلكىم ئەتە ئۇ قوشنىڭىزنىڭ

[184] بەيھەقى 20160 – ھەدىس

سىزگە مېلىدىن ۋە تائامدىن تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە، بەلكى بىر بەدەنگە ئوخشاش تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلاردىن بىرى ئاچ قېلىپ موھتاج بولۇپ قالسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىسىنى ئازغىنە شورپىنىڭ سۈيى چاغلىق نەرسىلەر بىلەن بولسىمۇ تائام بېرىپ ئىكرام قىلىشقا بۇيرۇپ، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر! ئەگەر سەن شورپا قىلساڭ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشنىلىرىڭغىمۇ سۇنغىن».[185]

قوشنىلارغا تائام سۇنۇش ئومۇمىي جامائەتلەشكەن مەدەنىيەتكە ئايلانغاندا، سىز قوشنىلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز. دېمەك بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىغا تائام سۇنسا ۋە يەنە بۇ ئىككى قوشنىڭىز سىزگىمۇ تائام سۇنسا، سىزمۇ سۇنسىڭىز ھەربىرىڭلارنىڭ يېنىدا ئۈچ خىل تائام بولغان بولىدۇ. سىز ئۇلارغا بەرگەن تائام باشقا تۆردىكى بىر تائام بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ-دە، ھېچبىرىڭلار زىيان تارتمايسىلەر. ھەممەيلەنگە ياخشى بولىدۇ. ھەر بىر قوشنىغا ئۆزى بەرگەننىڭ ئوخشىشى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىراقى قايتىپ كېلىدۇ.

ئون ئالتىنچى: مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە مېھمىنىغا زىياپەت بېرىشكە ئالدىراش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھمىنىنى ھۆرمەتلەشنى ھەق ۋە ۋاجىپ قىلغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن».[186]

ئاللاھ تائالا بىزگە قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق مېھماننى

[185] مۇسلىم، 2625 – ھەدىس

[186] بۇخارى، 5672 – ھەدىس

ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىشكە ئالدىراشنى ئۆگەتتى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ ﴿٢٤﴾ إِذْ دَخَلُوا عَلَيْهِ فَقَالُوا سَلَامًا ۖ قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُّنكَرُونَ ﴿٢٥﴾ فَرَاغَ إِلَىٰ أَهْلِهِ فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ ﴿٢٦﴾ فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) «ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر» دېدى». [سۈرە زارىيات 24، 25، 26، 27- ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ جَاءَتْ رُسُلُنَا إِبْرَاهِيمَ بِالْبُشْرَىٰ قَالُوا سَلَامًا ۖ قَالَ سَلَامٌ ۖ فَمَا لَبِثَ أَن جَاءَ بِعِجْلٍ حَنِيذٍ**﴾ «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاقىقا قالماي بىر موزايىنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى» [سۈرە ھۇد 69- ئايەت]

مېھماننى ھۆرمەتلەش، ياخشىلىق قىلىش، يېقىنلىشىش، كۆيۈنۈش ۋە دوستلىشىشتۇر. شۇڭا بۇنىڭدا كۆپ چىقىم قىلىش، ئىسراپ قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە بۇزۇپ چېچىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھمان ئۈچۈن كۆرپە تەييارلاشقا بۇيرىغان، ئەمما بۇ كۆرپىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە مېھمانلىرىنىڭ ھاجىتىدىن زىيادە بولماسلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزى ئۈچۈن بىر كۆرپە، ئايالى ئۈچۈن بىر كۆرپە، ئۈچىنچىسى مېھمان ئۈچۈن، تۆتىنچىسى بولسا شەيتان ئۈچۈندۇر».[187]

ئون يەتتىنچى: ئىشچى ۋە خىزمەتچى خادىملارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە مائاشلىرىنى كېلىشكەن بويىچە بېرىش،

---

[187] مۇسلىم، 2084 – ھەدىس

شۇنداقلا ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭغا يەتكۈدەك، ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بېرىش ۋە كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىك سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرۇشتىن ئىلگىرى بېرىڭلار».[188]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ماڭا مۇنداق دېدى: مەن قىيامەت كۈنىدە ئۈچ تۈرلۈك كىشى بىلەن جېدەللىشىمەن ، مەن بىلەن ئەھدى قىلىپ خىيانەت قىلغان كىشى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىسىنى خەجلىگەن كىشى، بىر ئىشچىنى ئىجارە ئېلىپ ئىشنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئىش ھەققىنى بەرمىگەن كىشى».[189]

بېخىل ئادەم ئۆزى بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىقنى سەزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېھتىياج ۋە دەردلىرىنى ھېس قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى كەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىنى يەۋالىدۇ ياكى ئۇنىڭغا يەتمىگۇدەك ئىش ھەققى بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارغا لايىق ئەمەستۇر. مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ بۇ ئىشچىلار تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى، پايدىلىرىنىڭ ئىشچىلارنىڭ مۇرىلىرى، چارچاشلىرى ۋە ۋاقىتلىرى بەدىلىگە كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا ئۆزى ياشىغاندەك ياشىشى، ئۆزى تويغاندەك تويۇشى ، ئۆزى كەيگەندەك كېيىشى، ئۆزى ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىشى، ئۆزى داۋالانغاندەك داۋالىنىشى ئۈچۈن ھەققىنى بېرىدۇ. ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ. كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالمايدۇ. ئىشلەش ۋاقتىنى نورمال ھاياتتا زۆرۈر تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە باشقا ئىبادەتلىرىنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇزارتىۋەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇلارنى بايان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: « ئۇلار سىلەرنىڭ

---

[188] ئىبنى ماجە، 2443 – ھەدىس

[189] بۇخارى، 2150 – ھەدىس

قېرىنداشلىرىڭلار! ئاللاھ ئۈلارنى قول ئاستىڭلاردا قىلدى. ئاللاھ قېرىندىشىنى قول ئاستىدا قىلغان كىشى، ئۆزى يېگەن تائامدىن ئۇنىڭغا يېگۈزسۇن ، ئۆزى كەيگەندىن كەيگۈزسۇن ، ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىسۇن! ئەگەر كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلسا ئۇنىڭغا ياردەملەشسۇن».[190]

ئون سەككىزىنچى: سائىلنى قوغلاش قايتۇرماسلىق، سىلكىمەسلىك، قوپاللىق قىلماسلىق بەلكى ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ نامراتلىقى ۋە ھاجىتىنى ئېنىقلاپ كۈچى يەتكىچە ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسە بېرىش ياكى ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا باي قېرىنداشلىرى بىلەن ياردەملىشىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ «سائىلغا قوپاللىق قىلما». [سۈرە زۇھا 10- ئايەت] ئايەتنىڭ مەنىسى: سائىلغا ياخشى گۇماندا بولۇش، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى باي بولسىمۇ ياكى سۆزلىرى ئادەمنى شەكلەندۈرسىمۇ ئۇنى «راستچىل» دەپ پەرەز قىلىشتۇر.

بۇ دېگەنلىك مالنى زايە قىلىۋېتىش ۋە بىرگە كۆز بويامچىلىق، يالغانچىلىق قىلىش ئارقىلىق ماللىرىمىزنى ھەقسىز ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بەزى ساختىپەز، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تىلەمچىلەرگە ئالدىنىپ كېتىش ئەمەستۇر. سېخىي كىشى مىلىنى ئېنىقلىماستىن، تەكشۈرمەستىن بەرمەيدۇ، بەلكى قايسى كىشىگە بېرىدىغانلىقىنى بىلىش، ئەگەر ئەھۋالىنى بىلمىسە سائىل موھتاجمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئىسپاتلاپ چىقىش مۇسۇلمانىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاجىپلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنىڭغا بۇيرۇغان ۋە قانداق ئىسپاتلايدىغانلىقى ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق سائىللار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلىنى بايان قىلغان. ھەفسە ئىبنى مۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا

[190] بۇخارى، 5703 – ھەدىس. مۇسلىم، 1661 – ھەدىس

يـاردەم سـوراپ كـەلـدىـم رەسـۇلۇللاھ: بـىزگـە سـەدىقە كـەلگـۈچـە سـاقلاپ تـۇرغـىـن، شـۇ چاغـدا ئۇنـىڭدىـن سـاڭا بۇيـرۇپ بېرەيلى دېـدى، ئاندىـن ئى قەبىـسـە! سـوراش پـەقـەت ئـۈچ تـۈرلـۈك ئادەمگـە دۇرۇس بولــىدۇ:

1. باشـقىلارنىڭ ئىـقتىسـادىي جاۋابكارلـىقىنـى ئۈسـتـىگە ئالغـان كـىشـىنـىڭ ئاشـۇ ئۈسـتـىگە ئالغـان نەرسـىگە بـاراۋەر سـوراش ھـالال بولـىدۇ، ئۇنـىڭدىـن ئارتـۇق سورىماسـلىقى كـېـرەك.
2. بـىـر كـىشـىـنىڭ بـىـرەر نەرسىسـى يوقـاپ كـەتكـەنلـىكـى سـەۋەبـىدىـن زۆرۈر ئېھتـىياجـلىرىنـى قامدىغـۇدەك بولغـۇچـە بـىـر نەرسـە سورىسـا بولـىدۇ.
3. بـىـر ئادەمگـە نامراتلـىـق يېتـىـپ ئۇنـىڭ قـوۋمىدىـن ئـۈچ ئەقلى-ھوشى جايـىدا كـىشى گـۇۋاھلـىـق بەرسـە، ئۇنـىڭـمـۇ تـۇرمۇشـىـنى قامدىغـۇدەك بـىـر نەرسـە سوريشـى دۇرۇس بولـىدۇ.

ئى قەبىسـە! يـۇقـىرىقى ئـۈچ خـىـل ھالـەتتـىـن باشـقا كـىشـىلەردىن سـوراپ ئېلـىنغـان نەرسـە ھـارام بولـىدۇ. ئۇنـى يېـگـەن كـىشـى ھـارام يېـگـەن بولـىدۇ دېـدى.[191]

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشـلاردا ئادەتتـىكـى تەكشـۈرۈشـتـىنمۇ زىيـادە قانـداق تەكشـۈرۈپ ئېـنىقلاشـقا بۇيرۇغانلـىقىغـا قـاراپ بېقـىـڭ. بۇنـىـڭـدا ئاجايـىـپ ھېكمەتلـەر بـار؛ ئادەتتـىكـى ئىشـلاردا ئادىـل ئىككـى ئادەمنـىـڭ گـۇۋاھلـىقـى يېتەرلـىـك بولغـان بولسـا، كـەمبـەغـەل موھتاجلـىقنـى ئىسپاتلاشـتـا ئـۈچ گـۇۋاھچـى تەلـەپ قىلـدى ۋە بـۇ ئـۈچ گـۇۋاھچـىنىـڭ قـوۋمـى ئىچـىدىكـى ئەڭ ئاقـىل كـىشـىلەردىن بولۇشـىنى شـەرت قىلـدى. بـۇ ئەھـۋال تـۆۋەندىكـىدەك بـىـر قانچـە ئىشـلارنى ئىپادىلەيـدۇ:

1- بـاي كـىشـى ئۆزىنـىـڭ مېلـىنىـڭ ھەقىقـىي موھتـاج ۋە لايـىق كـىشـىگە يەتكەنلـىكـىدىـن خاتىرجـەم بولـىدۇ ۋە كـۆڭلى تەسكـىن تاپـىدۇ.

[191] مۇسلىم، 1044 – ھەدىس.

2- ئەگەر بىز كەمبەغەلنىڭ ئورۇق-تۇغقانلىرى، ئائىلىسى ۋە قوۋمىدىن ئەھۋالىنى سورىساق ۋە ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولسا، ئۇلارنى ئۇ كىشىگە تەربىيە قىلىپ ئىسلاھ قىلىشقا چاقىرالايمىز. شۇنداقلا بۇ كەمبەغەلنىڭ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قويالايمىز ۋە ئۇ كەمبەغەلنى ئەدەپلىيەلەيدىغان، ئىسلاھ قىلىپ ئۇچشاپ قويىدىغان كىشىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق يامانلىق ۋە يالغانچىلىقتىن توسيالايمىز.

3- ئەگەر ئۇنىڭ ئورۇق-تۇغقانلىرى ئېھتىياجىنى قامداشقا قادىر بولالىغان تۇرۇپمۇ كەمبەغەل موھتاجلىقى ئاشكارا بولسا، بىز ئۇلارنى ئوخايسىزلاندۇرالايمىز ۋە بالا-چاقىلىرى ۋە تۇغقانلىرى ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىتەلەيمىز.

4- ئەگەر ئۇنىڭ ئورۇق-تۇغقانلىرى ئېھتىياجىنى قامداشقا قادىر بولالمىغان ھالەتتە ئۇ كىشىنىڭ كەمبەغەل، موھتاجلىقى ئاشكارا بولسا، بۇ ۋاقىتتا بىز ئېھتىياجىنى قامدايمىز. ئەڭ لايىق ئورۇنغا بەرگەنلىكىمىزگە قەلبىمىز ئارام تاپىدۇ ۋە مالنى ئەڭ تېگىشلىك ئورۇنغا قويغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز.

بۇ ھەدىستە كەمبەغەللىك مەسىلىسى بىلەن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تىلەمچى ۋە تىلەمچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئاجايىپ كاتتا ھېكمەتلەر بار.

ئون توققۇزىنچى: مېلىنى ۋە تائامىنى ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىگە بېرىشكە ھېرىسمەن بولۇش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل بولسۇن، باي بولسۇن كىشىلەرگە تائام بېرىشكە قىزىقتۇرغان؛ ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشى خىسلەت قايسى؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىشىلەرگە تائام

بىرىشىڭىز ، تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام بىرىشىڭىز دەپ جاۋاب بەردى».[192] شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بايلارغىلا تائام بىرىشتىن ئاگاھلاندۇردى؛ چۈنكى بايلارنىڭ يەتكۇدەك مال-دۇنياسى بار. باشقىلارنىڭ تائام بىرىشىگە ئېھتىياجى يوق. ئۇلارغا پەقەت ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش ۋە مېھىر -مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۈچۈن تائام بىرىمىز. كەمبەغەللەر بولسا ئۇ تائامغا بەكرەك ئېھتىياجلىق ۋە تېخىمۇ لايىقتۇر. تائامنى بايلارغا بىرىپ كەمبەغەلنى تاشلاپ قويۇش، ياخشىلىق ۋە كۆيۈنۈش يوللىرىدا خاتالىشىش ۋە مۇناپىقلىق، مەنمەنچىلىك، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق يولىدا ماڭغانلىق ھېسابلىنىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەڭ ناچار تائام بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر ئايرىپ قويۇلغان توي تائامىدۇر».[193]

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ناچار تائام تېگىشلىك كەمبەغەللەر چاقىرىلماي، كېلىشنى خالىمايدىغان بايلار چاقىرىلغان توي تائامىدۇر، كىم چاقىرىققا ئىجابەت قىلمىسا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».[194]

يىگىرمىنچى: باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىن ئەمەس، ئۆز يانچۇقىدىن سېخىيلىق قىلىش سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. سېخىي كىشى تۆلىيەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن ئاساستا باشقىلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئوخشاش كاتتا مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەرز ئالسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەيدىغان، ۋەدىسىدە تۇرالمايدىغانلار باشقىلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن قەرز ئالماسلىقى كېرەك. ئاللاھ بىزنى بۇنىڭغا بۇيرۇمىغان . بۇنداق قىلىش سېخىيلىق ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىشتۇر. سېخىيلىق

[192] بۇخارى، 12– ھەدىس مۇسلىم، 39 – ھەدىس

[193] بۇخارى، 4882 – ھەدىس

[194] مۇسلىم، 1432 – ھەدىس

ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش دىگەنلىك بولمايدۇ.

يىگىرمە بىرىنچى: سېخىيلىق ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە باغلاپ قويماسلىق سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئاللاھقا تىجارەت ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسلۇبىدا مۇئامىلە قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى قاتارىدىن ئەمەستۇر. ئەگەر ئاللاھقا بۇ ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلماقچى بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئاتا-ئېھسانى تولۇق، كاتتا كۆپ ۋە مول بولۇپ كېتىدۇ-دە، بىز ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىپ بولالمايمىز؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا ۗ إِنَّ اللَّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «ئەگەر اللّٰه نىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، اللّٰه سىلەر (نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار) نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» [سۈرە نەھل 18- ئايەت] ۋە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ النَّاسِ مَن يُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَابٍ مُّنِيرٍ﴾ «بىلمەمسىلەركى، اللّٰه ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا اللّٰه بارىسىدا جېدەللىشىدۇ». [سۈرە لوقمان 20- ئايەت]

ئەگەر بىر كىشى: «ئاللاھ بەندىگە بەرگىنىنىڭ دەل باراۋىرىدە بىر نەرسە بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلسا، ئاللاھنىڭ بېرىشى ۋە ۋەدىسى ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىنى ئۆزگەرتىدۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان

بولسا، بۇ كىشىنىڭ ئىمانى ھەقىقەتەن ئاجىز ۋە كەمتۈك دېگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىر قىلىشتىن چەكلىگەن ۋە: «نەزىر ئاللاھنىڭ قازاسىدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرالمايدۇ، پەقەتلا نەزىر ئارقىلىق بېخىللىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ» دېگەن.[195]

مالنى چىقىم قىلمايدىغان، سەدىقە قىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىمايدىغان بېخىل بولماڭ. سېخىيلىق سەۋەبىدىن ئاللاھ سىزگە بىر كېسەللىكىڭىزنىڭ شىپالىق تېپىشىغا ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتىشىگە ياكى بىر غەمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە ئوخشاش بىر مەقسەتنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىچۇ! ئاللاھ سىزگە بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرسۇن ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسۇن، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداڭ. سەدىقە قىلىڭ. ئۆزىگىمۇ سېخىيلىق قىلمايدىغان بېخىل ئادەم، نەزىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى سېخىيلىق قىلىشقا زورلايدۇ- دە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاجىب بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىچە ئەگەر نەزىر قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ نەزىرسىنىڭ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغان بالا مۇسىبەتنىڭ قېلىشى ياكى يوقۇلىشىدا ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى.

يىگىرمە ئىككىنچى: مالنى ھارامدا بۇزۇپ- چېچىش، مەنپەئەتسىز ئىشلاردا ئىسراپ قىلىش ياكى پەخىرلىنىپ، چوڭچىلىق قىلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ، مۇناپىقلىق ۋە باشقىلاردىن خىجىل بولۇپ زايە قىلىۋەتمەسلىك سېخىي كىشىنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَىٰ حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ ۖ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهِ كَفُورًا ﴿٢٧﴾﴾ «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى - سەبىلگە (خەيرى -

[195] بۇخارى، 6234 – ھەدىس. مۇسلىم، 1639– ھەدىس.

ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل - مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى». [سۈرە ئىسرا 27-26-ئايەتلەر] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا ۚ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر نامازۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى يۆگەپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللّٰه ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ». [سۈرە ئەئراف 31- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە ئىسراپ قىلماي، تەكەببۇرلۇق قىلماي سەدىقە قىلىڭلار»[196]

بىز ماللىرىمىز، تائاملىرىمىز ۋە زىبايەتلىرىمىزدە ئاللاھتىن قورقايلى. كۆپ تائام تەييارلاپ، ئۇنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تۆكۈۋېتىش سېخىيلىق بولمايدۇ. بۇ نېمەتنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتۇر. ئاز ئادەمگە ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك ياكى مېلىمىزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ تائام تەييارلاش سېخىيلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىلسىزلىك ۋە ساراڭلىقتۇر.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تەييارلىغان تامىقى ئېشىپ قالسا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى ۋە موھتاجلاردىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان ۋە يەيدىغان كىشىلەرنى ئىزدىشى تولىمۇ مۇۋاپىقتۇر.

يىگىرمە ئۈچىنچى: ياخشى قەرز بېرىپ تۇرۇش سېخىي كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. بەزى كىشىلەر سەدىقە ۋە باشقىلارنىڭ بىر نەرسە بېرىشىگە موھتاج بولمايدۇ، بەلكى مەلۇم ۋاقىتقىچە ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇرۇشىغا موھتاج بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق قەرز بېرىپ تۇرۇش كىشىلەرنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە ئېھتىياجلىرىنى

[196] بۇخارى، 5446 – ھەدىس.

قامدىغانلىق بولۇپ، سەدىقە ۋە ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى سىز مېلىڭىزنى توڭلىتىپ قويۇپ پايدىلانمايسىز. ئۆزىڭىز ئىشلەتمەي قېرىندىشىڭىزنىڭ پايدا تېپىشىغا ياكى بىر مۇددەت ئىشلىتىۋېلىشى ئۈچۈن بەردىڭىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇنداق قەرز بەرگەن كىشىنىڭ پۇلىنى سەدىقىگە ئوخشاش نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقى ۋە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَّن ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ وَلَهُ أَجْرٌ كَرِيمٌ**﴾ «كىمكى اللّٰه قا ياخشى قەرز بېرىدىكەن (يەنى اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىدىكەن)، اللّٰه ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ». [سۈرە ھەدىد 11- ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئىككى قېتىم قەرز بەرسە، بىر قېتىم سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ»[197]

شەخسىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ پەيدا بولغان جەمئىيەتتە قەرز بېرىش كۆپ بولىدۇ. ئىنسانلار بۇنىڭدىن بەك كۆپ پايدىلارنى ئالىدۇ، ئەمما ساختىلىق، يالغانچىلىق، خىيانەت ۋە قەرزگە تېنىۋېلىش ياكى قەرزنى بەرمەي سوزۇۋېتىدىغان جەمئىيەتتە، كىشىلەر ماللىرىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشى ۋە قايتىپ كەلمەي يالغانچىلار ۋە قەرزنى سوزۇۋېتىدىغانلارنىڭ ئېلىۋېلىشىدىن قورقۇپ قەرز بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

شۇڭلاشقا ئاللاھ باي كىشىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنى ھارام قىلغان. ياخشىلىق ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باينىڭ قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرۈشى زۇلۇمدۇر».[198] بۇخارى

[197] ئىبنى ماجە، 2430 – ھەدىس.

[198] بۇخارى، 2166– ھەدىس. مۇسلىم، 1564 – ھەدىس.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان».

ئاللاھ تائالا بىزنى كەمبەغەل قەرزدار قەرزنى تۆلىيەلمىگەن ۋاقىتتا ياخشىلىقنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيْسَرَةٍ ۚ وَأَن تَصَدَّقُوا خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۈنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر». [سۈرە بەقەرە 280- ئايەت]

# يەتتىنچى تېما

## ئىپپەتلىك بولۇش ۋە هارام قىلىنغان شەھۋەتلەرنى تاشلاش توغرىسىدا

نەفسىنى ھارام شەھۋەتلەردىن پاك تۇتۇش، رۇخسەت قىلىنمىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە قانائەتچان بولۇش نەفسىنى ئىسلاھ قىلىپ پاكىزلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋادارلىقنى، ئىپپەتلىك بولۇش ۋە بىھاجەتلىكنى سورايمەن».[199]

ئىپپەتلىك بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇ كاپىر ۋاقتىدا ئىسلامنىڭ نېمىگە چاقىرىدىغانلىقىدىن سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان ئىشلارنى تۆۋەندىكى بەش ئىشقا خۇلاسىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىپپەتلىك بولۇشتۇر. ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاتا-بوۋىلىرىڭلار دېگەن سۆزلىرىنى تاشلاڭلار دەيدۇ، يەنە بىرى ناماز ئوقۇشقا، راستچىل ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ دېگەن.[200] ئىپپەتلىك بولۇش قەلب ساپلىقى ۋە پاكىزلىقىنىڭ ئەڭ كاتتا سەۋەبىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن قەلب شەھۋەتتىن، خام-خىياللاردىن، تەمەلەردىن، قەلبنىڭ مايىللىقى ۋە ئۇنىڭ يامان تەسىرلىرىدىن قۇتۇلالايدۇ.

[199] مۇسلىم، 2721 – ھەدىس.

[200] بۇخارى، 7– ھەدىس. مۇسلىم، 1773 – ھەدىس.

***ئىپپەت دېگەن نېمە؟***

ئەگەر ئىنسان قەلبى تەلپۈنىدىغان، مايىل بولىدىغان ۋە ئارزۇ قىلىدىغان بىر يامان ئىشتىن يۈز ئۆرۈسە ئۆزىنى پاك تۇتقان بولىدۇ. مۇسۇلمان ئاللاھ ھارام قىلغان ھەر قانداق شەھۋەتتىن توختايدۇ، رۇخسەت قىلىنمىغان ھەممە ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ۋە لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. مانا بۇ ئىپپەتتۇر.

شۈبھىسىزكى ئىنسان شەھۋەتكە چاقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن، شەھۋەتتىن ئۆزىنى تارتالىغان بولسا، تۆھمەتكە قالماستىن ۋە رەسۋا بولماستىن ئوغرىلاپ يېيىشكە كۈچى يەتكەن تۇرۇپمۇ ھارام مالدىن ئۆزىنى تارتالىغان بولسا، سورۇشتە قىلىنمايدىغان ۋە مالامەت قىلىنمايدىغان بولۇشىغا قارىماستىن، كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلىشتىن ئۆزىنى تارتالىغان بولسا، ئىپپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن بولىدۇ. مانا بۇ ئىپپەتلىك كىشىدۇر.

ئەمما جازادىن ياكى رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ ئۆزىنى پاك تۇتۇش ياكى شەھۋەتكە يېتىشكە قادىر بولالماي، ياكى ھارام مالنى ئېلىشقا كۈچى يەتمەي، ياكى باتىل سۆزلەشكە يول تاپالماي ئۆزىنى پاك تۇتقان كىشى ئىپپەتلىك ھېسابلانمايدۇ .

ئىپپەتتە ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى قىلىش ۋە باتىلغا تەكەببۇرلۇق قىلىش بار بولۇپ، مۆمىن ھەقكە تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ ۋە باشقىلارغا ناھەق چوڭچىلىق قىلمايدۇ. ئەمما باتىلغا تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. باتىلنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مانا مۇشۇ گۇناھ، ھارام ۋە ناچار ئىشلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش ئىپپەتتۇر.

ئىپپەتلىك بولۇش ھېسسىياتسىز، ھېچنەرسە تەسىر قىلمايدىغان قوپال، قاتتىق قول، مۇز چىراي بىر ئىنسان بولۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ھالالنىڭ قېشىدا ھېس-تۇيغۇلىرى ھەرىكەتلىنىدىغان، مايىل بولۇپ تەسىرلىنىدىغان، ھارامنىڭ

قېشىدا ئۆزىنى تۇتالايدىغان، ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى ھارام ۋە باتىل تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغان، خىيالىغا ھېچبىر تەمەنى كىرگۈزەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىشتۇر.

## ئىپپەتنىڭ تۈرلىرى

**ئىپپەت:** ھارام قىلىنغان جىنسىي شەھۋەتلەردىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مۇسۇلمان شەھۋەتپەرەس بولمايدۇ. باتىل قوزغاتقۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

**ئىپپەت:** باشقىلارنىڭ ماللىرىدىن ۋە ھارام ماللاردىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى تەمە قىلمايدۇ ۋە ئاچكۆزلۈك قىلمايدۇ. ئامانەتنى ساقلاش ئىپپەتتۇر.

**ئىپپەت:** كىشىلەرنىڭ نام-شۆھرەت ۋە يۈز-ئابرۇيلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مۇسۇلمان كىشىلەرگە يالغان سۆزلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ رەسۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنى قارىلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا دەخلى -تەرۇز قىلمايدۇ.

**ئىپپەت:** ئىنساننى گۈزەل كۆرسەتمەيدىغان ناچار ۋە ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان ئادەمگەرچىلىكنى ھۆرمەت قىلمايدىغان، پەس تەبىئەتلىك بولمايدۇ. ئەرزىمەس سەپسەتە، ناچار ئىشلارغا يېقىن يولىمايدۇ ۋە تەلەپ قىلمايدۇ. ئادەمگەرچىلىك ئىپپەتتۇر.

دېمەك؛ مۇسۇلمان مۇشۇلارغا ئوخشاش ھارام ۋە مەكرۇھلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن ۋە ئالىي تۇتۇشى كېرەك.

بۇ بابتا شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى كۆپرەك سۆزلىدۇق، ئىپپەتنىڭ باشقا تەرەپلىرى باشقا بابلاردا سۆزلىنىدۇ.

## ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقى

ئاللاھ تائالا تويى قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ ئۆزىنى شەھۋەتلەردىن پاك تۇتۇشىنى ۋاجىپ قىلدى؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَىٰ مِنكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ ۚ إِن يَكُونُوا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ ۗ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٣٢﴾ وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغْنِيَهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ ۗ وَالَّذِينَ يَبْتَغُونَ الْكِتَابَ مِمَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا ۖ وَآتُوهُم مِّن مَّالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ ۚ وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا لِّتَبْتَغُوا عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ۚ وَمَن يُكْرِههُّنَّ فَإِنَّ اللَّهَ مِن بَعْدِ إِكْرَاهِهِنَّ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، اللّٰه نىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، اللّٰه بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىلگۈچىدۇر، ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل - مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە اللّٰه ئاتا قىلغان مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنە مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن اللّٰه ئۇلارنى

مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)». [سۈرە نۇر 32، 33- ئايەتلەر] شۇنداقلا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئايالىلار ۋە ياش قىزلارنىڭ ئىپپىتىنى قوغداشنى ۋاجىپ قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى مال-دۇنيا تەمە قىلىپ ئۇلارنى زىنا ۋە پاھىشىگە مەجبۇرلاشتىن چەكلىدى.

ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ قولىدىكى مال-دۇنيا، زىبۇ-زىننەت ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئاللاھ ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن ئىپپەتلىك بولۇشنى ۋاجىپ قىلدى؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلار (نىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن». [سۈرە ھىجىر 88- ئايەت] يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر» [سۈرە تاھا 131- ئايەت]

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ھاياتنىڭ شەھۋەتلىرى ۋە زىننەتلىرىدىن، شۇنداقلا كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان مال-دۇنيا، پادىشاھلىق، مەنسەپ، گۈزەل ئاياللار، بالا-چاقىلار، ئۇرۇق-تۇغقان جەمەتلەر، بىنا-ئىمارەتلەر، ياخشى ئولتۇراق رايونلار، ئايۋان-سارايلار، ئېسىل ماشىنىلار، ئاتلار، ھايۋانلار، زىرائەتلەر، مېۋە-چېۋىلەر، يەر-ئېتىزلار، باغۇ-بوستانلار... قاتارلىقلارنى تەمە قىلىش ۋە تەلپۈنۈشتىن چەكلىدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا بىزنى ئىپپەتكە يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى

سۆزلەپ، بۇ گۈزەللىك ۋە زىننەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە پەخىرلىنىدىغان ۋە تەلپۈنىدىغان بەك مۇھىم نەرسىلەر ۋە نېمەت بولماستىن، بەلكى سىناق، ئىمتىھان ۋە پىتنە ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەت رىزقى بولسا بىرىنچى ئورۇندا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئەڭ مۇھىم تەلەپ قىلىنىدىغان، شۇنداقلا قېلىپ قالىدىغان ھەقىقىي زىننەت ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ يوقاپ كېتىدىغان، ناھايىتى قىسقا ۋە ئاز بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. شۇنداقلا بۇ دۇنيانى قارىماققا گۈزەل كۆرۈنىدىغان، ئەمما ناھايىتى تېز قۇرۇپ كېتىپ گۈزەللىكى ۋە خۇشپۇرىقىنى يوقىتىدىغان قىزىل گۈللەرگە ئوخشاتتى.

## ئىپپەتنىڭ بولۇشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپپەتلىك كىشىلەرنى ماختىغان ۋە ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا شەھۋەتپەرەس، خائىن ۋە سەت گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1- ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەۋپىق ئاتا قىلىنغان ئادىل ۋە سېخىي پادىشاھ
2- ئۆز يېقىنلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆيۈمچان ۋە مۇلايىم بولغان كىشى
3- بالا-چاقىلىق ۋە ئۆزى موھتاج تۇرۇپمۇ كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەيدىغان كىشى.

ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن: دوزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

1- بالا-چاقىسى ۋە مېلى بولمىغان، خاتا ئىشلاردىن توسىدىغان مۇستەقىل ئەقلى ۋە ئىرادىسى يوق،

باشقىلارغا ئەگىشىپلا يۈرىدىغان كىشى

2- ئاشكارا تەمەخورلۇق قىلىدىغان، ئازراق نەرسە ئۈچۈنمۇ خىيانەت قىلىدىغان خائىن.

3- سىزنى ھەر دائىم ئائىلىڭىز ۋە مېلىڭىزدىن ئالدايدىغان كىشى.

4- بېخىل ياكى يالغانچى كىشى.

5- سەت گەپنى كۆپ قىلىدىغان كىشى»[201]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاشكارا تەمە قىلىدىغان» دېگەن سۆزى مال-دۇنيا ۋە شەھۋەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاماخورلۇقنى يوشۇرمايدىغان، رەسۋا بولۇشىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئاشكارا قىلالايدىغان، ئۆزىنى پاك تۇتمايدىغان، ئىشەنچسىز كىشىنىڭ خىيانەت ۋە شەھۋەتلىرىگە يېتىشتىكى روھىي ھالىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ ھەدىسنى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلغان مۇتەررىب ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەششىخخىر رەھىمەھۇللاھ بايان قىلغاندەك؛ بۇ ھەدىس شەھۋەتخور ئىنساننىڭ زىنا ۋە ھارام شەھۋەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلە -مىكىرلىرىدىكى روھىي ھالىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاندىن راۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى؛ مەن بۇ ھىيلىنى جاھىلىيەت دەۋرىدە بار دەپ بىلەتتىم. بىر ئەر پەقەت كۆڭلىدىكى دېدەك بىلەن زىنا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قويىنى بېقىپ پادىچى بولۇشقا رازى بولاتتى».

ئېپىتتىنى يوقاتقان كىشى بىر نەرسىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەسلىشىدۇ، تىرىشىدۇ. بۇ يولدا سەۋر قىلىدۇ. ئادەتتە خالىمايدىغان ۋە سەۋر قىلالمايدىغان بولسىمۇ، ھارام شەھۋەتكە، زىنا-پاھىشىگە يېتىش ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ. شەھۋەت ۋە يامانلىققا پۇرسەت تېپىش ئۈچۈن، باشقا كىشىلەرنىمۇ بۇ ھارامغا ھىيلىسى بىلەن ئالداپ ئەكىرىش ئۈچۈن

[201] مۇسلىم 2865 – ھەدىس.

بارچە ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرىدۇ. مۇتەررىف بۇنىڭغا مۇنداق مىسال سۆزلەپ بېرىدۇ: قەبىلىنىڭ قويلىرىنى باقىدىغان كىشى بۇ قويلارنى مال-دۇنيا ياكى ياخشىلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياش قىزلار بىلەن زىنا قىلىش ئۈچۈن ۋە پاھىشە جىنايەتلىرىگە يېتىدىغان شارائىت تېپىش ئۈچۈن باقىدۇ.

ئىپپەت ئىنساننىڭ قەلبىنى يامانلىق ۋە ھىيلىگەرلىككە چۈشۈپ قېلىشتىن قوغدايدۇ-دە، قەلب ھەمىشە پاكىز، سەمىمىي، نىيىتى ساپ، تۇيغۇلىرى ساغلام، مەقسىتى توغرا ۋە بىر ئادەمگە يامان نىيىتى يوق ھالەتتە بولىدۇ. ئىپپەت ئىنساننى پەسلىك، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتتىن ئىبارەت رەزىللىكلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىپپەتلىك بولۇشقا پەيغەمبىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسال قىلىپ بەردى؛ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام گۈزەل، پۇلدار، مەنسەپلىك، ئىپپەتتىن ئايرىلىپ كۈچلۈك شەھۋەتكە چىققان، خىلۋەت ۋە پاھىشە ۋە رەزىللىكنىڭ شارائىتلىرىنى تەييارلىغان، ئوچۇق كىيىنىش، ئازدۇرۇش ۋە شەھۋەتنى قوزغاش سەۋەبلىرىنى تەرتىپلىگەن، رەت قىلسا جازالىنىش، تەھدىت سېلىش ۋە ھىيلە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تەدرىجىي ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بولۇشقا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پاھىشە قىلىشنى تەلەپ قىلغان بىر ئايال بىلەن ئىمتىھان قىلىندى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پاك ئىپپەتلىك يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تامامەن پاك ھالىتىدە قالدى. ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمدە: (فَاسْتَعْصَمَ) «ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى» [سۈرە يۇسۇف 32- ئايەت] دەپ سۈپەتلىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ، ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا سەگەك ئىدى، ئاللاھتىن غاپىل ئەمەس ئىدى. قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئاسىيلىق قىلىپ زىنا قىلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پاكلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى سالامەت ساقلاپ قالدى؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ هَمَّتْ بِهِۦ ۖ وَهَمَّ بِهَا لَوْلَآ أَن رَّءَا بُرْهَٰنَ رَبِّهِۦ ۚ كَذَٰلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ ٱلسُّوٓءَ وَٱلْفَحْشَآءَ ۚ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُخْلَصِينَ**﴾ «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى» [سۈرە يۇسۇف 24-ئايەت]

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئايەتتە ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا خىيانەت قىلمايدىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: ﴿**قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِ ۖ إِنَّهُۥ رَبِّىٓ أَحْسَنَ مَثْوَاىَ**﴾ «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى». [سۈرە يۇسۇف 23- ئايەت]

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىپپەت، ئامانەت ۋە پەزىلەتكە ھېرىسمەن ئىدى. ئاللاھ ئۇنى راستچىل، ئىشەنچلىك ، پاك، ئىخلاسمەن، ئېسىل، پەزىلەتلىك، ئىلىملىك ۋە ساقلىغۇچى دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى.

## ئىپپەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە هارام شەھۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇنىڭ گۇناھى، شەخس ۋە جەمئىيەتكە بولغان خەتەرلىرى

ئاللاھ تائالا بىزگە بىر قىسىم شەھۋەتلەرنى رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشىمىزگە رۇخسەت بەرگەن بولۇپ، بۇ شەھۋەتلەردە ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت، رەھمەت ۋە بەھرىلىنىش، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىپ ئۆز-ئارا نەسىل قالدۇرۇش مەنپەئەتى بەرپا قىلدى. شۇنداقلا دۇنيا ئىشلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە خاپىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشتە ھەمكارلىشىدىغان ئائىلە، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە جەمەتلەر ئارىسىدا چوڭقۇر ئالاقە قۇرۇپ چىقتى. ئىنساننى ھارام شەھۋەت، پاھىشىلەردىن ساقلاپ ھىمايە قىلدى ۋە بىزنى بۇ رۇخسەت قىلغان شەھۋەتنى ھاياتىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالماسلىقىمىزغا بۇيرىدى. بىز بۇنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن شەكىلدە قىلىمىز ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى تاشلاشقا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ ۚ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ «ئېيتقىنكى ، «اللّٰه بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى ، ‹‹ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر». (اللّٰه نىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز» [سۈرە ئەئراف 32- ئايەت]

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنى بۇ دۇنيانىڭ يوقىلىشى بىلەن تەڭ يوقاپ كېتىدىغان، ھايات ئاخىرلىشىش بىلەن تۈگەيدىغان بۇ شەھۋەتلەردىن ئاخىرەتتىكى نېمەتلەرنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە دىققىتىمىزنى تارتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ۗ ذَٰلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ۖ وَاللَّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)». [سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەت]

شۇنداقلا ئاللاھ تائالا يەنە مال-دۇنيانى ياشاشتىكى مۇرات-مەقسىتى قىلىۋالغان كىشىلەرنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارغا زىيان ۋە ئازاب بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ ۖ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيَا نُؤْتِهِ مِنْهَا وَمَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ﴾ «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق». [سۈرە شۇرا 20- ئايەت]

ئاللاھ تائالا بىزنى شەھۋەتلەر ئارقىلىق سىناش ئۈچۈن شەھۋەتلەرنى ھارام قىلىپ بىزنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا بۇ ھارامنى قىلغانلارنى دۇنيا-ئاخىرەتتە جازالايدىغانلىقىنى ۋە زىنا قىلغۇچىلارغا ۋىجدانىي جازا بەلگىلىگەنگە ئوخشاش شەرئى جازالارنىمۇ بەلگىلىدى. زىنا-پاھىشىگە چۈشۈپ قالغان كىشى چوقۇم جازاغا ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قوۋم ئوچۇق-ئاشكارا زىنا-پاھىشە بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرىكى قوۋملەردە يۈز بەرمىگەن ئاچلىق ۋە ۋابا كېسەللىرى ئاشكارا بولىدۇ».[202]

بىز دەۋرىمىزدە زىنا، بەچچىۋازلىق ۋە ئوخشاش جىنىسلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى... قاتارلىق پاھىشەدىن ۋە بۇزۇقچىلىقلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا يەتكەن ئەيدىز ۋە ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئۆلتۈرگۈچى كېسەللەرنى كۆرۈۋاتىمىز . ئاللاھ بىزگە پاناھ بەرسۇن.

شەھۋەت ئىنسانغا ئۇنىڭ خەتىرىنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭ زىيانلىرىدىن غەپلەتتە قېلىش، ۋە ياكى ئاللاھنىڭ بىزنى يارىتىشتىكى ھايات مەقسەتلىرىنى بىلمەسلىك نەتىجىسىدە ھاكىم بولىۋالىدۇ . شەھۋەت ئىنسانغا ھاكىم بولىۋالسا ئۇنى يامان ئىشلارغا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقتى، مېلى ۋە خىزمەتلىرىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ؛ چۈنكى شەھۋەتخور ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. توختاشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ ئىنسانىنىڭ ھالاكىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ أَتَأْتُونَ الْفَاحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ الْعَالَمِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ النِّسَاءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ﴾ «لۇتنى (ئەھلى سەدومغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قوۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى، سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قوۋمسىلەر ». [سۈرە ئەئراف 80، 81- ئايەت]

[202] بەيھەقىي، 3315 – ھەدىس.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ أَتَأْتُونَ الْفَاحِشَةَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٥٤﴾ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ النِّسَاءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿٥٥﴾ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ إِلَّا أَن قَالُوا أَخْرِجُوا آلَ لُوطٍ مِّن قَرْيَتِكُمْ ۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَنجَيْنَاهُ وَأَهْلَهُ إِلَّا امْرَأَتَهُ قَدَّرْنَاهَا مِنَ الْغَابِرِينَ ﴿٥٧﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ فَسَاءَ مَطَرُ الْمُنذَرِينَ﴾ «(لۇتنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن) ئەينى زاماندا لۇت ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر، سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلپىنىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر»، ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى، بىز ئۇنى ۋە خوتۇنىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى ئازابقا) قالغۇچىلاردىن قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!» [سۈرە نەمل 54، 55، 56، 57، 58- ئايەتلەر]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى شەھۋەتكە چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ خەتەرلىك بىر نەرسە يوقلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىر پىتنىنى قويۇپ قويمىدىم».[203]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئاياللارغا قاراشتىن ياكى ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئاياللار پىتنىسىدىن ساقلىنىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن يىراق تۇرۇڭلار».[204] بۇ ھەدىسلەر ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىشتىن ياكى ئايالنىڭ پىتنىسىگە

[203] بۇخارى، 4708– ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2740 – ھەدىس.

[204] مۇسلىم، 2742 – ھەدىس.

ئالدىنىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغانىدەك، ئاياللارنىمۇ ئەرلەرنى ئېزىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولۇشتىن ياكى پىتنە ۋە شەھۋەت تەرەپكە ئالداپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ پىتنىنىڭ نەتىجىسى بولغان زىيانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز رېئال ھاياتىمىزدا كۆپىنچىسىنى تاپالايمىز؛ مەسىلەن: ياشلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىگە ۋە ئۇممەتكە پايدىلىق نىشانلىرىدىن ئېزىپ كېتىشى، نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئىلمىي ساپاغا ئېرىشىشتا مەغلۇپ بولۇشى ، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زايە قىلىۋېتىشى، مال-دۇنياسىنى ئويۇن-تاماشا ۋە بۇزۇقچىلىقلارغا سەرپ قىلىشى، مەبلەغ سالىدىغان تەپەككۇردىن بۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاخىرەت ھاياتىدىن غەپلەتتە قېلىشى... قاتارلىقلار.

بۇنداق ئەڭ خەتەرلىك پىتنىدىن ساقلىنىپ، ئۆزىنى شەھۋەتلەردىن قۇتۇلدۇرغان كىشى جەننەت يولىدىكى چوڭ بىر بۆلەكنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ ئېغىزى ۋە ئەۋرىتىگە ، يامانلىقتىن ساقلاشقا كېپىل بولالىسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىل بولىمەن».[205]

شەھۋەتلەرنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئاياللارنىڭ ھىجاپلىنىشى ۋە ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى نامەھرەملەردىن ساقلىشىدۇر. نامەھرەملەرگە قاراشتىن كۆزىنى ساقلاپ قالغان ياش يىگىت ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدۇ. ھىجاپقا ھېرىسمەن بولغان ياش قىزمۇ ئۆزىنى ۋە ياشلارنىڭ قەلبى، ۋاقتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ماللىرىنى قوغداپ قېلىش ئارقىلىق پىتنىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

---

[205] بۇخارى، 6109 – ھەدىس.

ھارام شەھۋەت: مايىل بولۇپ كېتىش، بۇرۇلۇپ كېتىش، بۇزغۇنچىلىق ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىش بولۇپ، بۇ ئىشلارغا شەھۋەتنى ھاكىم بولۇۋالغان ، سىزدىن پەقەت شەھۋەتلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدىغان گۇناھكار كىشىلەرلا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئىپپەتلىك، پاك، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشىمىزنى ۋە نەپسىمىز ۋە ھېسسىياتىمىزغا ھاكىم بولالىشىمىزنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَن تَمِيلُوا مَيْلًا عَظِيمًا ﴿٢٧﴾ يُرِيدُ اللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ ۚ وَخُلِقَ الْإِنسَانُ ضَعِيفًا﴾ «الله سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ (بۇ الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكرارلاندى). شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ،الله سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى». [سۈرە نىسا 27، 28- ئايەتلەر]

ئاللاھ بىزنى ئىپپەت ۋە ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغان كاپىرلار، فاجىرلار ۋە بۇزۇق ئىش قىلغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئىپپەتتىن بۇزۇقچىلىققا، ھەقتىن باتىلغا، ئەدلى-ئادالەتتىن زۇلۇم-زوراۋانلىققا مايىل بولۇشىنى خالايدۇ. ئىنسان ئاجىزدۇر؛ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتمىسا ئۆزىنى شەھۋەتلەر بىلەن ئېلىشالمايدىغان ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ-دە، ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇ ئاجىزلىق نەتىجىسىدە نۇرغۇن خەتەرلىك يامان تەسىرلەر كېلىپ چىقىدۇ.

## شەھۋەتنىڭ خەتەرلىك تەسىرلىرى

ئىنسانىنى شەھۋەت چىرمىۋېلىشنىڭ ئۇنىڭ پىكرى، خىيالى، قەلبى، روھى ئىپادىسى، ئىبادىتى ۋە كىشىلىك مۇئامىلىسى، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ يامان تەسىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- شەھۋەت ئىنسانىنى ئىش-ھەرىكىتىدە جەمئىيىتىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن، ئائىلىسى ۋە بالا-چاقىلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ؛ چۈنكى ئۇ شەھۋەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇن ۋە يامان ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن جەمئىيەتتىن ئايرىلىدۇ ۋە يالغۇزلۇقنى خالايدۇ.

2- شەھۋەت ئىنساندا ئورۇنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنى (گەرچە بېخىل بولسىمۇ) كۆپ ۋاقتى ۋە مېلىنى شەھۋىتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن كىشىلەرگە خەجلەپ بېرىشكە ئۈندەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا شەھۋەت ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىقتىسادنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوغرىلىق ۋە پارىخورلۇق يولىغا ماڭىدۇ. يەنە بەزىدە ھاراق-شاراب ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارىدۇ. مانا بۇلار ئادەتتىكى شەھۋەتنىڭ ۋاستىلىرىدۇر. ئۇ كىشى بەزىدە پۇل ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدۇ. باشقىلارنىڭ خاتا يولغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىگە باش ئەگدۈرىدۇ.

3- شەھۋەتلىرى ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ ، جىنسى تەبىئىتىنى

قوزغىتىشۋەتكەن كىشىلەر ئىبادەت قىلالمايدۇ. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارالمايدۇ. قۇرئان كەرىم، ئاللاھنى زىكىر قىلىش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش... قاتارلىقلارنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ شەھۋىتى ھەممىگە غالىب كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

شەھۋەتنىڭ قوزغىلىشى ۋە ھېسسىياتچانلىق كېچىدە تۇرۇپ ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشىغا ئەسلا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭغا شەھۋەت خىياللىرى كېلىشى بىلەنلا، ئۇنى يالىڭاچلىنىش، ئۇسسۇل ئويناش، سېرىق فىلىملەرنى كۆرۈش ئارقىلىق نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەشكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەپسىگە غالىب كەلگەن تەقدىردىمۇ، قۇرئان ئوقۇغاندا، ناماز ئوقۇغاندا زېھنى ئوغرىلانغان، ئەس-يادى يەنىلا ئاشۇ يامان ئىشلاردا بولىدۇ.

شەھۋەتلەر ئازغۇنلۇق ۋە ئىبادەتنى تاشلاشقا يېقىن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ ۖ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا**﴾ «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ». [سۈرە مەريەم 59- ئايەت] ئۇلار گۇمراھلىققا قاراپ ماڭىدۇ. پىكىرلىرى ھايات مەقسىتىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ھاياتتا مەنپەئەتسىز ھەرىكەت قىلىدۇ.

4- بەزىدە بۇزۇقچىلىق ۋە ئازغۇنلۇق شەھۋەتپەرەس كىشىلەرنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئازدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇلار ۋالىي ياكى ھاكىم بولسا، ئۈممەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئۈممەتنى توغرا يولدىن بۇرىۋېتىدۇ . ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ ﴿٢٢﴾ أُولَٰئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَىٰ أَبْصَارَهُمْ﴾ «سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىيلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى». [سۈرە مۇھەممەد 22، 32- ئايەتلەر]

بۈگۈن بۇزغۇنچى ۋە ئازدۇرغۇچى رەھبەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر يولدىن چىقىش، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقتا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇلار ھايانىڭ قىممىتىنى ۋەيران قىلدى. ئۇچۇق كىيىنىشنى، ئەر-ئاياللىنىڭ ئارىلىشىشىنى، خىلۋەت جايدا يۈرۈشنى ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. زىنا، بەچچىۋازلىق ۋە ھەمجىنىسلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىشى، مەھرەملىرى بىلەن زىنا قىلىش ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك... قاتارلىقلارنى مۇباھ قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە قانۇنلۇق ھالغا ئېلىپ كەلدى. بۇ قەبىھ ئىشلارنىڭ ۋاستىلىرىنى ئاسانلاشتۇردى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، دېڭىز بويلىرى ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى بەرپا قىلدى. قىز-ئاياللارنىڭ مال ئۈچۈن ئىپپەت-نومۇسىنى سېتىشىنى «كەسىپ» دەپ تونۇشتۇردى. شەھۋانىي ئېلانلار، ئەخلاقسىز فىلىملەر، شەھۋەتنى قوزغايدىغان قىسقا فىلىملەر، ھاياسىز ناخشىلار، قەلبىنى شەھۋەتكە، ھارامغا باغلايدىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلىدى. شەھۋانىي ناخشىلارغا كۆپ مال سەرپ قىلدى. ھايا قىلماستىن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا يالىڭاچ ئۇسسۇلچىلارنى چىقاردى. خىلمۇ-خىل بۇزۇقچىلىقلارنى تارقاتتى. ئاياللارنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىنى تارقىتىش، پاھىشە ئاياللار بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن ئەخلاقسىز تور بېكەتلەرنى

قۇردى. ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى ھەر نەرسىگە كىرگۈزدى؛ ھەتتا تىجارەت ئېلانلىرىمۇ شەھۋانىيلىقتىن خالىي بولالمىدى. ئۇلار ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى مەھسۇلاتلىرىنى بازار تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

5- شەھۋەتنى قوزغىتىشنىڭ خەتەرلىك ئامىللىرىدىن بىرى: ياشلار تېلېۋىزوردا، توردا شەھۋەتنى قوزغايدىغان پىروگرامما بايقايدۇ ۋە ئۇزنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا كۆرۈپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭغا كۆپ ۋاقتىنى ۋە ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىدۇ.

6- يۇقىرىقى ئىشلاردىن ناھايىتى كۈچلۈك ئىشتىياق كېلىپ چىقىدۇ ۋە جىنسىي لەززىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئىنسانغا ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ .

ئاندىن بۇ كىشىنىڭ شەھۋەتنى قوزغايدىغان سۈرەتنى 7- خىيال قىلىش بىلەنلا پىكرى چېچىلاڭغۇ ۋە زېھنى قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

8- بۇ ئۇنىڭ ئىلىم ئىگەللىشىگە، خىزمىتىگە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

9- نۇرغۇن ياشلارنىڭ بۇنىڭ نەتىجىسىدە قولى بىلەن لەززەتلىنىشكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر ۋاقىت شەھۋەتنى قوزغايدىغان نەرسىلەر بولغاچقا، ھېچنەرسە ئۇنى قاندۇرالمايدۇ.

10- كۆپىنچە ياشلار ۋە ئەرلەرنىڭ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان ھېسسىياتى جىنسىي ئەزالار ۋە يالىڭاچ بەدەنلەرگە ھايا قىلماستىن، ئىختىيارسىز قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. ھەتتا بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن قىزلارنىڭ چىرايى ۋە بەدىنىدىن خۇددى ئەقلىدىن ئاداشقاندەك ئوغرىلىقچە قاراپ كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرىمىز.

11- بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزى ياشلار جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان ئورۇن ۋە ياتاقلارنى

ئوغرىلىقچە مارايدىغان بولۇپ قالىدى.

12- شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق بىرقىسىم ياشلار باشقىلارنى يامانلىقلارغا قۇترىتىدىغان، يامانلىقنى تونۇشتۇرىدىغان، ئۇنىڭ مەنبەلىرىگە باشلاپ قويىدىغان تېلېفون ۋە ئېلېكترونلۇق پوچتا ئارقىلىق ئوخشىمىغان سېرىق رەسىملەرنى يوللاپ بېرىدىغان پاسىق-فاجىرلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇ ئەھۋال 01 ياش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بالىلارغىمۇ سىڭىپ كىرمەكتە.

13- بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ ئېنېرگىيەسى ، ۋاقتى، ئىقتىسادى، تەپەككۇر قىلىش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. ئوقۇش ۋە خىزمەتتىكى رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە ئىنساننى مەنپەئەتلىك غايىلىرىدىن غەپلەتتە قالدۇرىدۇ.

14- بۇ شەھۋەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نىرۋىسىنىڭ جىددىيلىشىشى، روھىي كېسەل ۋە ئالاقزادە بولۇشقا ئاپىرىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتتە قانمايدۇ. شەھۋەتنى قوزغايدىغان نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدە ئەقلىدىن ئادىشىدۇ. ھەتتا بەزى گۇناھ ئىشلارنى قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇنى ھېچ نەرسە قاندۇرالمايدۇ.

15- ئۇلاردىن ئازراق ھاياسى بولغانلىرى زىنا-پاھىشە ئۈستىدە كۆرۈنۈشنى خالىمايدۇ. لېكىن ئۇچىغا چىققان شەھۋەت ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ ۋە ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ رەسۋالىق ۋە گۇناھىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما گۇناھىنى ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ- دە، تېخىمۇ بىئارام بولۇپ ئازابلىنىپ ئۆزىنى كىشىلەردىن چەتكە ئېلىشقا باشلايدۇ.

16- ئۇلاردىن ھاياسىزلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغۇدەك ھايا قالمايدۇ.

17- بۇ شەھۋەتلەر نەتىجىسىدە ئىنسان زىنا-پاھىشە، بەچچىۋازلىق ۋە ئوخشاش جىنس مۇھەببىتىگە ئوخشاش ھارام قىلىنغان

چوڭ گۇناھلارغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھ بىزلەرگە بۇ ئىشلاردىن پاناھ بەرسۇن.

18- بۇ يامان تەسىرلەرنىڭ بولۇشى جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتكە تولىمۇ خەتەرلىك ۋە يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ:

بىرىنچىدىن: داۋاملىق تېلېۋىزور كۆرىدىغان، ئەخلاقسىز تور بېكەتلەرنى كۆرۈش بىلەن كېچىلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇشىدا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ دەرسكە قاتناشمايدۇ. پىكرى خىيالى دەرستە بولمايدۇ. ئۇ قانداقمۇ شەھۋەتنى بىلەن مەشغۇل بولغان جەمئىيەتتە، ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئاچقان قىز ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قانداق ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ؟

ئىككىنچىدىن: كېچىلەرنى ئۇخلىماي شەھۋەتنى ئۇستىدە ئۆتكۈزىدىغان خىزمەتچىنىڭ خىزمىتى ياخشى ئورۇندالمايدۇ. ئۇ داۋاملىق خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلەلمەيدۇ. خىزمەت مۇھىتى خىزمەتچىنىڭ پىكرىنى مەشغۇل قىلىدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا شەھۋەتنى قوزغايدىغان بولغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقمۇ ياخشى بولسۇن؟

ئۈچىنچىدىن: كۆپىنچە دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىدە كىشىلەر نىكاھلىنىشتىن قېچىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە زىنادىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ سانى كۆپەيدى، ھەتتا بۇ دۆلەتلەردە زىنادىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ سانى نىكاھتىن تۇغۇلغان بالىلاردىن ئېشىپ كەتتى. ئاندىن دۆلەت خەزىنىسى خوراشقا باشلىدى؛ چۈنكى دۆلەت بۇ بالىلارغا ئىقتىساد سەرپ قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيەلىگۈچى ، نازارەت قىلغۇچى تەيىنلەشكە مەجبۇردۇر. ئاندىن دۆلەت خەلققە باج-سېلىقنى كۆپەيتتى. ئاتا-ئانا بالىغا مال سەرپ قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ بەدىلىگە ھېچ پايدىلانماستىن ئۇنىڭغا چىقىم قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئىگە-چاقىسىز باللار زايە بولۇپ كەتتى ۋە نۇرغۇنلىرى ئوخشىمىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. ئاتا-ئانىسىنى تونۇمايدىغان بالا مەسئۇلىيەت، ئەدەپ -ئەخلاق، ئەتراپىدىكىلەردىن ئەيمىنىش... قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئائىلە مۇناسىۋىتىنى يوقاتقان بالىغا ئوخشاشلا ئاتا-ئانىنىڭ مېھىر -شەپقىتى ۋە تەربىيەسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئاندىن بۇنداق ئىگە-چاقىسىز بالا جىنايەت سادىر قىلىشقا، جەمئىيەتتىن ئىنتىقام ئېلىشقا يېقىن بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. دۆلەت ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خەزىنىدىن ئومۇمىي ئىقتىسادنى خورىتىدىغان كۆپ مال ئاجرىتىشقا موھتاج بولىدۇ.

سىز بۇ ئارقىلىق زىنا-پاھىشە، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىدىغان مەدەنىيەتتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي كەمبەغەللىكنىڭ بۇ جەمئىيەتلەرنى تولىمۇ خەتەرلىك ئەخلاقىي بۇزۇلۇشقا قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز.

## ئىپپەت ئەخلاقىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

***بىرىنچى: ئىپپەت ئەخلاقىنى پەيدا قىلىدىغان ۋە تۇغدۇرىدىغان ئاساسى پىكىر:***

بۇ يەردە بىر نەچچە تۈرلۈك ھەقىقەت بار بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆلارنى بىلىشى ۋە دائىم ئەسلەپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئىپپەت-ھايا ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ:

1- ئىپپەت – ھايا ئەخلاقى ئىنساننىڭ دۇنيادا پۈتۈنلەي چەكلىمىسىز ئەركىن بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان زاتنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ ھاۋايى-ھەۋەس ۋە نەپسى-خاھىشىغا، تاغۇت ھاكىملارغا قۇل بولۇشى ، ئۆزىگە – ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىشى دۇرۇس بولمايدۇ؛ بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر. ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ﴾ «ئىبادەت ۋە دىن توغرىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر». [سۈرە يۈسۈف 40-ئايەت]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللَّهِ ۚ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئاللاھ ۋەھيي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسي خاھىشىغىلا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ

ھەقىقەتەن زالىم قوۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ». [سۈرە قەسەس -50 ئايەت]

لوگىكا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنى ئۆزىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئىپپەت-ھايانى تەرك ئەتكەن ئادەم ئۆزىگە ئازار بەرگەن، جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ. ئاقىل ئىنسان بۇ ھەقىقەتلەردىن يىراقلاشمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا رەھىم قىلغان بولىدۇ.

- مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئاياللارنى قوغداش، ئەرلەرنىڭ پاك بولۇشى، ئەخلاق، يۈرۈش- تۇرۇشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، جەمئىيەتنى رەزىللىك، بۇزۇقچىلىق، ھاۋايى-ھەۋەس مەجنۇنلىقىدىن قوغداش ئۈچۈن ۋە ھاۋايى- ھەۋەسلەرنى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەھۋەتلەرگە بويسۇنۇشنى چەكلىگەنلىكىنى بىلىدۇ.

2- مۆمىن دۇنيانىڭ راھەت- پاراغەت كۆرۈش، ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەسلىكى، دائىملىق ۋە مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ سىناق، ئىمتىھان ، ھۆكۈم ۋە ۋەزىپىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا يوقۇلۇپ تۈگىگەندىن كېيىن ھېساب بېرىدىغان كۈننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى، ئاندىن ئاخىرەتكە يۆتكىلىدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ.

بۇلارنى بىلگەن ئادەم ئاللاھ ھارام قىلغان ۋە جازالايدىغان ئىشلارغا قاراپ يۈرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىلەرگە نەزەر تاشلىمايدۇ. يوقاپ كېتىدىغان نەرسىنى چوڭ بىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە ماللىرىدىن ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ؛ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ «بىز ( كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ- زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن

ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى ( يەنى ساۋابى بۇ پانى نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر». [سۈرە تاھا 131- ئايەت]

بۇ ھەقىقەتلەرنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەممىدىن ياخشى، كاتتا ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرغان كىشى ئۆزىنى پاك تۇتالايدۇ. سەۋر قىلىدۇ. ئايال، مال-دۇنيا ۋە باشقا ئېزىتقۇ، ھاۋايى-ھەۋەسنى قوزغىغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ.

- مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئايالدىكى گۈزەللىكنى ئۇ ھارام قىلغان ئىشلاردا سىناش، ھالال قىلغان ئىشلاردا ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن، ئەرلەرنى ئۆيلىنىشكە، بالىلىق بولۇشقا، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىدىغان ئائىلە قۇرۇشقا سەۋەبچى قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئاللاھنىڭ مۇرادىغا قارشى ئىش قىلماسلىقى، ئاللاھنىڭ چەك-چېگراسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇنى يارىتىشتىكى مەقسىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى لازىم، بۇ گۈزەللىكنى ئاللاھ رۇخسەت قىلغاندىن باشقا ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىكى، گۈزەللىكنى «باشقىلارنىڭ خالىغىنىچە ھۇزۇرلىنىشىغا يول قويۇش» دېگەنلىك دەپ دەۋا قىلماسلىقى، بەلكى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ (گۈزەللىك) بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى، بىزگە نېمىنى ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا قايتىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىشى كېرەك.

ياش قىز گۈزەللىكىنى بارلىق كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ئازدۇرۇش دەپ قارىماسلىقى، بەلكى گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا بىر سىناق، ئۇ ( قىز) بۇ گۈزەللىكى بىلەن تويدىن كېيىن ئېرىدىن باشقا ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرماسلىقى كېرەك.

3- مۇسۇلمان ھارام بولغان باتىل ھاۋايى- ھەۋەستىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى ئاخىرەتتە ئازاب بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمەت ۋە ھۇزۇرلىنىش

ئەمەس، بەلكى ئازاب ۋە ئەلەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرگە قارىماسلىق، زىنانى تەرك ئېتىش بۇگۈن ئۆزىنى چەكلەش بولغان بولسا، ئەتە ئاخىرەتتە چوڭ ساۋاپ ۋە كاتتا نېمەتتۇر . نامەھرەملەرگە قاراش، ئاندىن پاراڭلىشىش، ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە زىنا قىلىش قاتارلىقلار دۇنيادا نېمەت ۋە لەززەت بولغان بولسا، ئارقىدىنلا ئاخىرەتتە كاتتا ئازاب ۋە چوڭ پۇشايماندۇر. ئەقىللىق ئادەم كېيىن كېلىدىغان مەڭگۈلۈك، كاتتا مەنپەئەت ۋە چوڭ لەززەتنى قويۇپ، ئازراق كىچىككىنە مەنپەئەت ۋە لەززەتنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىپ ئەسلەپ تۇرغان ئادەم كۆزلەر ھۇزۇرلىنىدىغان، كۆڭۈللەر خالايدىغان جەننەت نېمەتلىرىنى ئارزۇ قىلغان ھالدا، ئۆزىنى ھارام قىلىنغان ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى ئويلاشتىن توسىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشتىن چەكلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت قىيىنچىلىقلار بىلەن، دوزاخ بولسا ھاۋايى- ھەۋەسلەر بىلەن ئورالغان».[206]

جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى خالىغان كىشىنىڭ يولى ئۇنىڭ دۇنيا ھاياتىدا ئىنسان تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان، جاپا- مۇشەققەتلىك بولغان ئىتائەتلەرگە ئەمەل قىلىش ۋە ھارام ئىشلارنى تاشلاش، ئاندىن مەڭگۈلۈك ئۈزۈلمەيدىغان نېمەتتۇر . دۇنيادا ھاۋايى- ھەۋەس، ھارام قىلىنغان ھۇزۇرلىنىش يولىدا ماڭغان كىشىنىڭ يولى بولسا، ناھايىتى خەتەرلىك ۋە چوڭ ئازابقا دۇچار بولۇش ۋە دوزاختۇر. ئاللاھ بىزلەرنى بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن.

- مۇسۇلمان ئاخىرەتكە ئىشىنىدۇ. دۇنيادا ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ ۋە

[206] مۇسلىم، 2822 – ھەدىس.

بۇ بۇ ئەسلەش ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خالىس ئورۇندايدىغان ھالغا ئېلىپ كېلىدۇ-دە، ئاللاھ ھارام قىلغان ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە قارىمايدۇ. مۇسۇلمان ئاخىرەتنى قانچە كۆپ ئەسلىگەنسېرى، ئۇنىڭ ئەمەلى نە ئۆزىگە، نە ھاۋايى- ھەۋەسكە، نە باشقىلارغا ئەمەس، پەقەت خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدۇ. مانا بۇ پاك-دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَخْلَصْنَاهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى الدَّارِ﴾ «ئۇلارنى بىز پاك- خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەمىمىي كىشىلەر قىلدۇق». [سۈرە ساد 46- ئايەت]

4- مۆمىن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَعْلَم بِأَنَّ اللَّهَ يَرَىٰ﴾ «ئاللاھنىڭ ( ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟». [سۈرە ئەلەق 14- ئايەت] بۇ مۆمىننى ئاللاھتىن ھايا قىلىشقا ئۈندەپ، ئالدىدىكى رەزىللىك، ناچار ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن يىراق تۇتىدۇ. مۆمىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پىكرىنى ساپلاشتۇرۇش، يۇرۇش-تۇرۇش ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۇرۇشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسكە قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ.

5- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىپپەت-ھايا سەۋەبلىرىگە ئاللاھتىن تىلەش ئارقىلىق ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى ئۆگەتتى، ئەگەر مۇسۇلمان بۇنى ھەقىقىي تەلەپ قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ پاك قىلىدۇ».[207] قۇرئان كەرىمدىمۇ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا﴾ «ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن». [سۈرە نۇر 33- ئايەت] ئايەت ئۆيلىنىشكە

[207] بۇخارى، 1361، 1400 – ھەدىس.

قۇدرىتى يەتمەيدىغانلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، ئاللاھدىن تىلىسە ۋە شۇنىڭغا قىزىقسا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ نەپسى ھاۋايى- ھەۋەسكە يېقىنىم يەنە شۇنىڭدەك ئىپپەتلىك بولۇشقىمۇ قادىردۇر. كىمكى ئۆزىگە ھارامنى رۇخسەت قىلىپ، ھاۋايى- ھەۋەسكە باغلىنىپ قالسا، نەپسى ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ ۋە ئۇنى يېقىتىۋېتىدۇ. كىمكى ھارامنى بىلىپ ھاۋايى- ھەۋەسلەردىن پاك بولۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلسا، ئىززىتىنى ساقلاپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرالايدۇ.

6-جەمئىيەتنى ۋە ئىنساننى ۋەيران قىلىدىغان بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى ئىپپەت - ھايانى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ۋەيران قىلىۋېتىش، شۇنداقلا پىتنە ئىشكىلىرىنى ئېچىۋېتىش، ھاۋايى- ھەۋەسكە قىزىقتۇرۇشتۇر. ئۇلار كىشىلەرنى يۇقىرىدىكىلەرگە ئاستا- ئاستا ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدۇ.

توي قىلىش ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان ۋاستىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. شۇڭا بۇزغۇنچىلار ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچىدۇ. ئۇممەتنى توي قىلىشنى تەسلەشتۇرۇش، كېچىكتۈرۈش ۋە بۇزۇش تەرىپىگە ماڭغۇزىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك شەيتانلارمۇ ئەر- ئاياللارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

شەيتان ئەر- ئاياللىنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىگە شۇنداق خۇشال بولىدۇكى؛ بەلكىم باشقا بىر ئىشقا ئۇنچىلىك خۇشال بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئايرىلىش ئەر-ئاياللىنى ئىپپەتلىك بولۇش ۋە ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇش سەۋەبلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىبلىس ئەرشىنى سۇ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ، قوشۇنلىرىنى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبلىسقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى،

پىتنىسى ئەڭ چوڭ بولغىنىدۇر. ئۇلاردىن بىرى كېلىپ: مەن مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم دەيدۇ. ئىبلىس: ھېچ ئىش قىلماپسەن دەيدۇ، ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ: مەن ئەر-ئايالنى ئازدۇردۇم، ھەتتا ئايرىلىپ كەتكۈچە قويۇۋەتمىدى دەيدۇ، ئىبلىس ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ: سەن ئەجەب ياخشى! دەيدۇ. ئاندىن ئۇ شەيتاندىن ئايرىلمايدۇ».[208]

ئاقىلنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىپپەتلىك بولۇشقا ھېرىسمەن بولۇش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش، شۇنداقلا بۇزغۇنچىلىق ۋاستىلىرىدىن ساقلىنىش ۋە قوغدىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش ۋە قارشى تۇرۇشتۇر.

ئەگەر بىرىمىزنى ھاۋايى- ھەۋەس ئەھلى مەئسىيەتكە چۈشۈرۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئۇنى قولغا ئايلاندۇرۇۋېلىش، خارلاش ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاستا- ئاستا ئۆزىنىڭ سېپىغا قوشۇۋېلىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يول قويۇشى ۋە سەل قارىشىغا قەتئىي بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھقا قايتىشى، تەۋبە قىلىشى، شۇنداقلا ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىشى ۋاجىپتۇر. شەرمەندىچىلىكتىن قورقۇش ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ بۈگۈن شەرمەندە بولۇشى، قىيامەت كۈنى تېخىمۇ چوڭ گۇناھلار بىلەن شەرمەندە بولۇشىدىن ۋە كۇفرى، باتىل، گۇناھكار، پاسىقلارنىڭ قوشۇنى بولۇپ قېلىشىدىن ياخشىراقتۇر.

7 - باشقىلارنىڭ يۈز ئابرۇيىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇش،مۇسۇلماننىڭ ئىپپەت- ھايالىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە، ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ھەققىنى، ئورنىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدىغان ئاقىل كىشى، يۈز- ئابرۇيىنى، ئائىلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش يۈز- ئابرۇيىنىڭ سۆز-

[208] مۇسلىم، 2813 – ھەدىس.

چۆچەكتىن خالىي بولۇشىنى، ئاياللىرىغا بوھتان چاپلانماسلىقنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ باشقىلارنىڭ ھەددىنى بىلىشىنى ياخشى كۆرگىنىدەك ھەددىنى بىلىدۇ. ئۇ كىشى ئاياللىنىڭ زىناغا چۈشۈپ قېلىپ باشقىلاردىن بالىسى بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك، باشقىلارنىڭ ئاياللىرىغا قار چاپلاپ، ئۇلارغا: «باشقىلاردىن بالا تاپقان» دېيىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇشۇ مەنەنى بىلدۈرۈپ ئەبى ئۇمامە رەزىي ەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: بىر ياش پە يغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلغىن دېدى، ئۇنىڭغا ئەتراپتىكىلەر ۋارقىرىشىپ: «ئۇنداق گەپ قىلما!»دېيىشىپ كەتتى،پەيغەمبە ئەلەيھسس الام ئۇنىڭغا: ماڭا يېقىن كەلگىن دېدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئاناڭنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ياش: ياق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ مېنى ساڭا پىداكار قىلسۇن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: باشقىلارمۇ ئانىلىرىنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، قىزىڭنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ياش: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى؛ ياق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ مېنى ساڭا پىداكار قىلسۇن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : باشقىلارمۇ قىزلىرىنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، قىز قېرىندىشىڭنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ياش: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى؛ ياق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ مېنى ساڭا پىداكار قىلسۇن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: باشقىلارمۇ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ زىنا قىلىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ دېدى، يەنە شۇنىڭدەك ھاممىلىرىنىمۇ سورىدى، ئۇ ياش ئىلگىرىكىگە ئوخشاش جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلە يھسسالامدىن ئۆزىگە دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قولىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى ئاللاھىم! ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن، قەلبىنى پاكلىغىن ۋە ئ

ۋنى ئىپپەتلىك قىلغىن» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياش ھېچقانداق يامان ئىشلارغا قارىمايدىغان بولدى».[209]

- يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەقىقەتلەرنى ئىنسان بىلگەن ۋە قانائەت قىلغان، ئەقلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، كۆپ ئەسلەپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ تۇرسا، قەلبىنى ھاۋايى- ھەۋەسكە مايىل بولۇشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. بۇلارنى بىلمىگەن ياكى سەل قاراپ ئۇنۇتقان، نەزىرىنى دۇنيانىڭ ھاۋايى- ھەۋەسلىرىدىن لەززەتلىنىشكىلا چەكلەپ، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى ، ئاخىرەتتىكى كاتتا نېمەتلەرنىڭ بەدىلىگە تېگىشىۋەتكەن كىشى، ھاۋايى- ھەۋەس تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كېتىدۇ.

بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە دېيىلگەنگە ئوخشايدۇ: «زىنا قىلغۇچى مۆمىن تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ»[210] يەنى: ئەگەر ئىنسان ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى يوقىتىپ قويسا، ئىپپەت-ھايا، دۇرۇس ئەخلاق، سالىھ ئەمەللەر قۇرۇلىدىغان ئاساسنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىمان ھەقىقەتلىرىنى يوقىتىپ قويماي ئەسلەپ تۇرغان بولسا، زىنا-پاھىشە، ھاۋايى-ھەۋەس پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالمايتتى؛ چۈنكى ئىمان نۇرى مۇسۇلمانغا بۇ ھاۋايى-ھەۋەسلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ-دە، مۇسۇلمان شەك قىلىپ ئالدىنىپ قالمايدۇ.

مۆمىن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئوقۇپ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىپ، ئاللاھنى ئەسلەتكۈچى سالىھ ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرسا، بۇ ھەقىقەتلەر ئۇنىڭ زېھنىدا ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىپپەت-ھاياغا يېقىن تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم، زىكرى-تەسبىھ، سالىھلاردىن يىراقلاشسا، بۇ ھەقىقەتلەردىنمۇ يىراقلىشىپ ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ.

ئى ئاللاھىم! بىزنىڭ بىلەن ساڭا ئاسىيلىق قىلىپ سېلىشنىڭ ئارىسىنى توسىدىغان بىر قورقۇنچ ۋە ئىماننى بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگىن!

---

[209] ئەھمەد، 22265 – ھەدىس.

[210] بۇخارى، 2343 – ھەدىس. مۇسلىم، 57 – ھەدىس.

***ئىككىنچى: ئىپپەتنى پەيدا قىلىدىغان ئەمەلىي تەرەپلەر:***

ئاللاھ تائالا مۇسۇلماننى شەھۋەتلەردىن ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسكە ئېلىپ كېلىدىغان يامان تەسىرلىرىدىن ساقلاپ قالىدىغان قانۇن-پىرىنسىپلارنى يولغا قويغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئەۋرەتلەرنى يۆگەشكە، ئەر-ئاياللارنى نامەھرەملەرگە قارىماسلىققا، ئاياللارنى ھىجابلىنىشقا، ئىككى جىنسنى شەرئى ئۆلچەملەرگە زىت ئارىلاشماسلىققا بۇيرۇدى. ئەرلەرنى بولسا ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىشتىن توستى ۋە ئاياللارنىڭ ھايات ئاساسىنى ئۆيدە تۇرۇش، سىرتقا پەقەت زۆرۈر ھاجەت ئۈچۈن چىقىش دەپ بەلگىلىدى. شۇنداقلا ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا كۆپ سۆزلەشتىن، سۆزلىرىدە دىققەتنى تارتىشتىن، ئەرسىز ياكى مەھرەمسىز سەپەر قىلىشتىن چەكلىدى. زىنا، بەچچىۋازلىق ۋە ئوخشاش جىنسلار مۇھەببىتىنى ھارام قىلدى. نىكاھلىنىشنى ھالال قىلدى، مۇستەھەپ قىلدى، ھەتتا زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا ۋاجىپ قىلدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ۋە ساغلام، ساختا شەھۋانىي خاھىشلاردىن پاكىز تۇرۇشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ خىل شەھۋانىي خاھىشلار ئىنساننى كېسەل قىلىپ قويىدۇ. شۇنداقلا ھەقىقىي مەنپەئەتتىن ۋە ئەسلى يارىتىلىش غايىسى ۋە مەقسىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

بۇ قائىدە-پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان ۋە ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلغان كىشى ئىپپەتلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ئىپپەتلىك بولمىسا، بۇ پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئۇنىڭغا ئىپپەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىپپەتلىك بولۇشى ۋە ئەڭ مۇھىم ئەدەپ -ئەخلاقلارغا سەۋەبچى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ پاك

قىلىدۇ».[211]

## ئىپپەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرى

**1. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: نامەھرەمگە قارىماسلىق.** كىشى ئاللاھ قارىماسلىقنى بۇيرۇغان ئەۋرەتلەر (ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتى بولسۇن ياكى ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى بولسۇن) ۋە نامەھرەملەرگە نەزەر سالماسلىقى كېرەك. بۇنداق قىلىش؛ ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاش، زىنا قىلىش ۋە بەچچىۋازلىق قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم چارىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا نامەھرەمگە قارىماسلىق ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاش بىلەن، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىنسان نەپسى ئۈچۈن ئەڭ پاكىز ئىش ئىكەنلىكىنى بىرلىكتە كەلتۈرۈپ: ﴿**قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ**﴾ «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار» دېدى [سۈرە نۇر 30- ئايەت].

بۇ ئەھۋال ياش ئوغۇللار ۋە ئەرلەرگىلا خاس بولماستىن؛ ياش قىزلار ۋە ئاياللارنىڭمۇ نامەھرەمگە قارىماسلىقى، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىشى بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ**﴾ «مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن» دېگەن [سۈرە نۇر 31- ئايەت].

ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان تۇرۇپ كۆزىنى نامەھرەمدىن

[211] بۇخارى، 1361 – ھەدىس.

ساقلىمىغان كىشى، ئۆزىنى ئوتقا ئىتتىپ تۇرۇپ كۆيمەسلىكنى ئويلىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئەي ئىنسان ئەقىللىق بولغىن، ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر شەھۋىتىڭنى سەۋر بىلەن يۇگەنلىگىن، شۇندىلا كۆڭلۈڭ خالىغان ئەڭ ياخشى نەرسىلەرگە سۈرە ئىرىشەلەيسەن.

**2. ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ھىجابلىنىش.** قىزلار ھىجابى بىلەن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ.

ئاللاھ تائالا جەمئىيەتنى ۋە قىز-ئاياللارنى قوغداش ئۈچۈن مۇكەممەل بىر سىستېما ئىچىدە شەرىئەتنىڭ باشقا ھۆكۈملىرى بىلەن بىرگە شەرىئەتنىڭ بىر پارچىسى بولۇشى ئۈچۈن قىز-ئاياللارغا ھىجابلىنىشنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا ھىجابلىنىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە، زىنا ۋە زىناغا سەۋەب بولىدىغان شەھۋەت بىلەن قاراش، قارشى تەرەپنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان سۆزلەرنى قىلىش، مەخپىي ئارىلىشىش، تۇتۇش، قول ئىلىشىپ كۆرۈشۈش، ئايال كىشىنىڭ زۆرۈرىيەتسىز ئەھۋالدا سىرتقا چىقىشى قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ھارام قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى سىرتقا چىقماقچى بولسا يولدىشى ياكى يېقىن مەھرىمى بىلەن سىرتقا چىقىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ يات كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشى، ئۆزىنى ئىچىۋېتىشى ۋە سىرتقا چىقىش قاتارلىق ئىشلارغا مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ نەپىقىسىنى ئەرلەرگە ۋاجىپ قىلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئايال كىشىنىڭ ۋە ياشلارنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاش بىلەن بىرگە؛ باشقىلارنىڭمۇ ئىپپىتىنىڭ ساقلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنى يولدىشى ۋە مەھرەملىرىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھىجابلىنىش ۋە زىننەتمەسلىككە بۇيرىدى. ھىجابنىڭ ئەڭ

تۆۋەن چېكى، بەدىنى ۋە بېشىنى يۆگەشتۇر.

ھىجابلىنىشتىن جەمئىيەتنى پاكلاش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن، ھىجابتا پىتنىنى توسىدىغان، ئاياللارغا بولغان شەھۋەتنىڭ قوزغىلىشىنى توسىدىغان سۈپەتلەر تېپىلىشى كېرەك. يەنى دىققەت تارتمايدىغان، كىشىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئاياللارنىڭ بەدىنىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان، بەدەن شەكلىنى شۇ پېتى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىشتانلارنى كىيىش، دىققەت تارتىدىغان شوخ رەڭلەرنى كىيىش، ئادەمنىڭ يېقىنلاشقۇسى كېلىدىغان خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىش، نېپىز، يۇپقا، تار، زىننەتلەنگەن، كەشتىلەنگەن كىيىملەرنى كىيىشى جائىز ئەمەس. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ھارام قىلغان زىننەتلەر بولۇپ، ئاياللاردىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىنى نامايەن قىلىدىغان كىيىملەر ۋە ئاياللارنىڭ دىيانىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان كىيىملەر بولۇپ شەرىئەتتە ھىجاب سانالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنى ھىجاب دەپ ئاتىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت مەنىسىز شەكىلدىن ئىبارەت خالاس!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ۖ وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ ۖ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَىٰ عَوْرَاتِ النِّسَاءِ ۖ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ ۚ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش

ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۆياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەت كە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» [سۈرە نۇر 31- ئايەت].

ئايال كىشىنىڭ ھىجابى ئېپپەت (دىيانەت)، پەزىلەت، تەقۋالىق، تائەت ۋە خۇشۇغا مۇناسىپ مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـا أَيُّهَـا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِـكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَـاءِ الْمُؤْمِنِـينَ يُدْنِـينَ عَلَيْهِنَّ مِـن جَلَابِيبِهِنَّ ۚ ذَٰلِـكَ أَدْنَىٰ أَن يُعْرَفْـنَ فَـلَا يُؤْذَيْـنَ ۗ وَكَانَ اللَّهُ غَفُـورًا رَّحِيمًـا﴾ «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغ، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ- دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». [سۈرە ئەھزاب 59- ئايەت]

ئاللاھ تائالا مۆئمىنە قىز-ئاياللارنى جاھىلىيەت ئىگىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان، ھۆر، ئېپپەتلىك قىز-ئاياللار ئىكەنلىكىنىڭ بىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىرەرىنىڭ چېقىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى جىلباب كىيىشكە بۇيرۇدى. قىز-ئاياللار ھىجابى، جىلبابى بىلەن پىتنىدىن يىراق بولىدۇ، چۈنكى بىرەرى ئۇنىڭغا نەزەر تاشلاپ ئەزىيەت بەرمەيدۇ. قىز-ئاياللاردىكى پىتنىگە تاشلايدىغان ئورۇنلار ئوچۇق بولسا جىق كىشىلەرگە تەسىر قىلىدۇ، بولۇپمۇ قەلبى كېسەل كىشىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىدۇ -دە، ئۇلارغا چېقىلماقچى، ياكى ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلماقچى بولىدۇ ۋە ياكى ئاستا-ئاستا ئۇلارغا تەشنا بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجابقا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن توستى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما نىپىز كىيىم بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى باشقا ياققا بۇراپ: «ئى ئەسما! ئايال كىشى بالاغەتكە يەتكەندە ماۋۇ، ماۋۇدىن باشقىسىنى ئوچۇق قويسا بولمايدۇ» دەپ، يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىغا ئىشارەت قىلدى.[212]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ماڭا دىھيەتۇل كەلبى ھەدىيە قىلغان مىسىرنىڭ قارا نىپىز كىيىمدىن بىرنى كىيگۈزۈپ قويدى، مەن ئۇنى ئايالىمنىڭ كىيىشى ئۈچۈن بەردىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ھېلىقى كىيىمنى كىيمەيسەنغۇ؟» دېۋىدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئايالىمغا بەردىم» دېدىم، رەسۇلۇللاھ: «ئايالىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە ئەستە قىلىۋالسۇن، كىيىمنىڭ ئايالىڭنىڭ بەدەن شەكلىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.[213]

ئايال كىشىنىڭ ھىجابنى تەرك ئېتىشى ئەرلەرنى ئۆزىگە چاقىرغاندەك ۋە ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا چاقىرغاندەك بىر ئىش. پاك-دىيانەتلىك بىرىنىڭ ئەرلەر ۋە ياش بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشى توغرا بولمايدۇ. توغرىسى ئۆزىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارىشىدىن، ھارام شەكىلدە ئۇنىڭغا قىزىقىشىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى لازىم.

- ھەر قانداق مۇسۇلمان ھىجابنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھۆكۈم ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن. ئاللاھ بەندىلىرىنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇشقا ھەقلىق. چۈنكى بەندىلەر ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقلىرى. ئاللاھ

[212] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 4104 – ھەدىس. بەيھەقى سۇنەن كۇبرا، 3034 – ھەدىس.

[213] ھەسەن ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 21834 – ھەدىس. ئىمام مالىك، 1645 – ھەدىس.

تائالا بەندىلەرگە ئۆزى خالىغان شەكىلدە چەك قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكە مەنپەئەت قىلىدىغان ئىشلار بىلەنلا چەك قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاللاھقا قارشى تۇرسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يامان كۆرسە بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» [سۈرە نىسا 65-ئايەت]. مۆمىن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قانداق رەببانىي تەكلىپلەردىن كۆڭلى بىئارامچىلىق ھېس قىلمايدۇ.

مۇسۇلمان قىز-ئاياللار ھىجابنى ئۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغان، ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىپ ئۇنى چەكلەپ قويغان دەپ قارىمايدۇ، بەلكى بۇنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ بۇنىڭ بەدىلىگە ئەجىر بېرىدىغانلىقىنى، ھىجابنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

- ھىجاب ياشتا چوڭ ئاياللارغا قارىغاندا ياش قىزلارغا بەكرەك ۋاجىبتۇر، چۈنكى ياش قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە پىتنىگە تاشلاش نىسبىتى باشقىلاردىن چوڭراق بولىدۇ. قىزلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ھىجابقا كۆندۈرۈش پىتنە ۋە ئەۋرەتنىڭ قىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىرگە چوڭىيىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. سەبىي قىزلارنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ھالدا قورسىقى، يوتىسى ۋە كۆكرەكلىرىنى ئېچىشىغا سەل قارىماسلىقىمىز، يەتتە يېشىدىن تارتىپ ناماز ئۆگەتكەندەك ئەۋرەتلىرىنى يۆگىشىنى ئۆگىتىشىمىز

لازىم. يېشى چوڭايغانسېرى ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشكە تېخىمۇ ھېرىسمەن قىلىنىشى كېرەك. ھىجاب بالاغەتكە يەتكەندە ۋاجىپ دېيىلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنىڭ پىتنىگە تاشلايدىغان ئەزالىرى بەكرەك تەسىر قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ پاكلىقى، قىزلارنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى ۋاجىپتۇر.

- ئاياللارنى ئازاد قىلىش نامى بىلەن ھىجابنى ئېلىۋېتىش دەۋاسىنى قىلىۋاتقانلار، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىگە ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار ھىجابنى تەرك ئېتىش بىلەن ئايالىلارنىڭ ھەققى ۋە ئەركىنلىكىنى بەردۇق دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىش ھەققىنى بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاكىمى ۋە مالىكىدۇر.

ئاياللارنى كىيىمى ۋە ئېپىپىتىدىن يالىڭاچلىماقچى بولغانلار، ئاياللارنىڭ پىتنىگە تاشلايدىغان ئەزالىرىنى ئاشكارا قىلىپ ئاياللارنى ئۆزىنىڭ قويۇۋېتىلگەن ھارام شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشتىكى بىر بۇيۇمى قاتارىدا كۆرمەكچى بولۇشىدۇ.

ئۇلار بىرەر شىركەت ياكى زاۋۇتقا ئىگە بولۇپ قالسا ئىشچىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ ئۆزى خالىغان قائىدە-نىزام، كىيىم -كېچەك، ۋاقىت بېكىتىپ بېرىدىغان تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە قائىدىلەرنى بېكىتىپ بېرىشىنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق بولماي نېمە؟! بەندىلەرنى ياراتقان، ئۇلارغا ئىبادەتلەرنى ۋەزىپە قىلغان، ھەربىر ئىشتا پەزىلەتلىك زات بولغان ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارنى چەكلەشكە بەكرەك ھەقلىق ئەمەسمۇ! ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ پادىشاھى، ئىگىدارى، بەندىگە نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بەكرەك بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۆزىگە تائەت-ئىبادەت قىلغانلارغا ئەجىر-ساۋاب ، جەننەتنى بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بۇزغۇنچىلارنىڭ ھالى شۇنداق بىر ھالەتكە يەتتىكى؛ ئاياللارنىڭ جىسمىنى ماددىي بۇيۇم قاتارىدا ئىشلىتىپ، مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ يېرىم-يالىڭاچ رەسىملىرىنى ئېلان، تىجارەتنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى. بۇنداق بولغاندا ئايال لار ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىدىنمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما ئۇلار يالغاندىن ئايالارنى ھۆرمەتلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

- ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھىجابنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشى جائىز ئەمەس، چۈنكى بۇ ئوچۇق-ئاشكارا، كىتاب ۋە سۈننەتتە مۇقەررەر بولغان، ئىلگىرى-كېيىنكى ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن ئىشتۇر.

- كىمكى ھىجابنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ ئوچۇق ھۆكمىنى يالغانغا چىقارغان بولۇپ كاپىر بولىدۇ. ئەمما كىمكى ھىجابنىڭ پەرزلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تەرك ئەتسە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇپ گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ. ئۇ ھىجابنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھ بىلەن بىرگە، يەنە مۇشۇ گۇناھنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسىي بولىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ پىتنىگە تاشلىنىشى ۋە بۇزۇقچىلىققا بېرىشىغا ۋە يەنە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە قاراش، پاھىشىۋازلىققا رىغبەتلەندۇرۇشكە سەۋەبچى بولغان، ھىجابنى تەرك ئېتىش بىلەن جەمئىيەتنى بۇ مەئسىيەتكە رىغبەتلەندۇرۇپ ھىجابقا سەل قاراشنى راۋاجلاندۇرغان بولىدۇ.

- مۆمىن ، ئىپپەتلىك ئايالارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: ھەر قانداق شارائىتتا ھىجابنى تەرك ئېتىشكە سەل قارىماسلىق، ئۆيىنىڭ ئالدىدا، تويلاردا، ساياھەتلەردە ۋە ھىجابلىنىشى زۆرۈر بولغان ھەر قانداق جايلاردا ھىجابنى ئېلىۋەتمەسلىك. مۇسلىمە قىز-ئايالار پاكلىق پىرىنسىپىنى ھەر قانداق شارائىتتا بۇزمايدۇ، رەببىنىڭ

پىرىنسىپ ۋە شەرىئەتلىرىگە ھەم خىلاپلىق قىلمايدۇ.

**3. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ئاياللارنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ئالدىدا زىننىتىگە دىققەت قىلىشى. ئەرلەرنىڭ، ئەرلەر ئالدىدا ئەۋرەتكە سەل قارىماسلىقى.**

ئاللاھ تائالا ئاياللار ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە باشقا ئاياللار ئالدىدا ئاشكارا قىلىشقا رۇخسەت قىلغان زىننەتتى: ئالقان، بىلەك، پۇت، يۈز، چاچ، بويۇن، چاچ تاراش، يۈزدىكى دانىخورەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى يوقىتىش، قۇلاق ۋە بويۇن-بىلەكلىرىگە زىبۇ-زىننەت تاقاش، پۇتىغا خالخال سېلىش قاتارلىق ئادەتتىكى زىننەتلەردۇر. ئەمما چېكىدىن ئاشقان لەۋ سۇرۇخ، سىر خېنە قويۇش، كۆكرىكىنىڭ ئۈستىنى، بېلىنى، مۈرىسىنى، يوتىسىنى ئوچۇق قويۇش، تار، نېپىز كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىش قاتارلىقلار بولسا؛ يولدىشىدىن باشقا ئادەمگە مەيلى ئاياللار ياكى تۇغقانلىرى بولسۇن جائىز بولمايدۇ.

زامانىمىزدىكى ئاياللارنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا كىيىم-كېچەكگە ۋە ياسىنىشقا دىققەت قىلماسلىقى؛ كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ تۇغقانلار ئارا پىتنىگە تاشلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى، ھەتتا بەزىدە مەھرەم تۇغقانلارنىڭ زىنا قىلىشىدەك يامان ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقتى ۋە بەزى ياشلار ۋە ئەرلەر ئۆزىنىڭ قىز قېرىندىشى ۋە قىزلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋاللارمۇ بار.

ئاياللارنىڭ ياسىنىشتىكى بىپەرۋالىقى، ئاياللار ئالدىدىكى ئوچۇق كىيىنىشى، يېرىم يالىڭاچ ئۇسۇللارنى ئوينىشى، تار، نېپىز، قىسقا كىيىملەرنى كىيىشى زامانىمىزدىكى ئاياللار ئارىسىدا ھارام شەھۋەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مۇسلىمە قىز-ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ ئىشلارغا سەل قارىماسلىق، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى مەنسىتمىگەن ئىپپەت-ھايانى يوقاتقان جەمئىيەتنى تەقلىد قىلماسلىق، «ھەممە ئاياللار شۇنداق قىلىدىغۇ!» دېگەن باھانە بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ كىشىلەرنىڭ قىلغىنىنى ئۆلچەم قىلماستىن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك.

- زامانىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئۆز-ئارا ھاياسىزلارچە ئۇسسۇل ئويناشقا سەل قارىشى جائىز ئەمەس. بەزى ئۆلىمالار ئەرلەر ئارىسىدىكى خەلق ئۇسسۇلىنى، قىلىچ ، قالقان ئۇسسۇلىنى جائىز قىلغان بولسىمۇ؛ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش جائىز ئەمەس.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنىڭمۇ ناينىاقشىماي، پىتنىگە تاشلىمايدىغان ھالەتتە ئۆز-ئارا خەلق ئۇسسۇلى ئوينىشى جائىز.

- رەسۇلۇللاھ يەنە يات جىنسلارغا ئەۋرەت يەرلىرىنى ئېچىشتىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئوخشاش جىنستىكىلەرنىڭمۇ بىر-بىرىگە ئەۋرەتلىرىنى ئېچىشى، تۇتۇشىدىن ئاگاھلاندۇردى. بۇنداق قىلىشى ئەرلەرنى بەچچىۋازلىققا چۈشۈپ قېلىشتىن، ئاياللارنى ئەركەكزەدەكلىكتىن قوغداش بولۇپ، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: «ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئىككى ئەر كىشى بىر يوتقاندا كىيىمسىز ھالەتتە بىرگە ياتمىسۇن، شۇنداقلا ئىككى ئايالمۇ ئوخشاشلا كىيىمسىز ھالەتتە بىرگە ياتمىسۇن» دېگەن.[214]

- ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئالدىدا كىيىمىنى سېلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشى جائىز ئەمەس، ئەگەر كىيىم ئالماشتۇرغاندا ئەۋرەت كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئاياللار ئاياللار ئالدىدا، ئەرلەر ئەرلەر ئالدىدا ئالماشتۇرسىمۇ جائىز بولمايدۇ.

[214] بۇخارى، 72 – ھەدىس. مۇسلىم، 338 – ھەدىس.

- ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەۋرەتلىرىنى بىر-بىرىگە كۆرسەتمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى لازىم. بولۇپمۇ ئۆيلەردە كىيىم ئالماشتۇرغاندا، ھاجەتخانىغا كىرگەندە، يۇيۇنغاندا ياكى ئۇخلىغاندا بولسۇن دىققەت قىلىشى كېرەك. مەسىلەن؛ كىيىمنى مۇنچىغا بىللە ئېلىپ كىرىشى، قىز بولسۇن ئوغۇل بولسۇن بالىلار ئۆز-ئارا بىر يەردە يۇيۇنماسلىقى، كىيىمنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە ئالماشتۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يا ئادەم يوق بىر ئۆيدە ئالماشتۇرۇشى، ياكى كەڭ كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ شۇ كىيىمنىڭ ئىچىدە ئالماشتۇرۇشى لازىم.

**4. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ئىككى جىنس ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە تېگىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش.** ئەلۋەتتە ئاللاھ رۇخسەت قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا. مەسىلەن؛ ئاللاھ تائالا ئەرنىڭ ئايالىغا يېقىنلىشىشىنى، مەھرەم تۇغقانلارنىڭ ئۆز-ئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنى مۇباھ قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئىككى جىنسنى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ھالال يول بىلەن ئۇچرىشىش يەنى توي قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ۋە تويدىن كېيىنكى سىناقلار ئۈچۈن بىر-بىرىگە جەلپكار قىلىپ ياراتتى.

ئاللاھ تائالا يات جىنستىكىلەرگە قاراشنى ھارام قىلغانىكەن، ئۇنىڭدىن يامانراق ئىش بولغان تۇتۇشنى ئەلۋەتتە ھارام قىلدى. قاراشتىن توسۇپ كۆزنى يېغىشقا بۇيرۇلغان تۇرسا، تۇتۇش قانداقمۇ ھارام بولمىسۇن؟! ئاللاھ تائالا سۈرە نۇردا دەيدۇكى: ﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ﴾ «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن» [سۈرە نۇر 30- ئايەت].

دىنىمىزدا بەزى جىددىي ئەھۋاللاردا، يەنى دوختۇرنىڭ كېسەل

ئېھتىياجىغا قارىتا يولدىشى ياكى بىرەر مەھرەمى ياكى ئاياللار بار ئەھۋال ئاستىدا قارىشى ۋە تۇتۇشى ھارام ئەمەس.

كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھايالىق ۋە پاكراقى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تۇتۇش ۋە قول ئېلىشىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن. رەسۇلۇللاھ ئايال ساھابىلەردىن بەيئەت ئالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بەيئەت ئالغاندا سۆز بىلەن ئالغان، ھېچبىرى بىلەن قول ئېلىشمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ئاياللارنى سىناپ، ئۇلاردىن ھىجرەت قىلغان ۋە بەيئەت شەرتلىرىنى قوبۇل قىلغان ئاياللارغا: <سەندىن بەيئەت ئالدىم> دەپ، سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالاتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قولى بەيئەتتە بىرەر ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان، ئۇلاردىن سۆز ئارقىلىقلا بەيئەت ئالغان» دېگەن.[215]

بىر ئايال رەسۇلۇللاھتىن قول ئېلىشىپ بەيئەت بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا رەسۇلۇللاھ: «مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشمايمەن، بىر ئايالغا دېگەن سۆزۈم يۈز ئايالغا دېگىنىمگە ئوخشاش» دېگەن.[216]

قول ئېلىشىش ۋە قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايمىز دەپ دەۋا قىلغانلارنىڭ دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلاندى. چۈنكى ئەر-ئاياللاردىكى ھاۋايى-ھەۋەس ۋە پسىخىكىلىق روھىي ھالەت ئىككى جىنسنىڭ بىر- بىرىگە قارىشى، تېگىشىپ كېتىشى بىلەن تەسىرگە ئۇچراپ، داۋالغۇپ قوزغىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسان نەپسىنى شۇنداق ياراتتى ۋە يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئەر-ئاياللار ئۆزئارا قول ئېلىشىش ۋە تۇتۇشۇشتىن ساقلىنىشتۇر.

---

[215] بۇخارىي، 2564 – ھەدىس. مۇسلىم، 1866 – ھەدىس.

[216] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 27055 – ھەدىس. نەسائىي، 4181 – ھەدىس. ئىبنى ماجە 2874 – ھەدىس. تىرمىزىي، 1597- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتۇش ۋە سىلاشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى؛ ئىنساننىڭ بېشىغا نەيزە تېگىپ يارىلانغىنى تۇتۇش ۋە سىلاشتىن كەلگەن شەھۋەتنىڭ نەيزىسىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى ۋە يەنە: «ئۆزىگە ھالال بولمىغان ئايالغا يېقىنلىشىشتىن بېشىڭلارغا تۆمۈر يىڭنە سانجىلغىنى ياخشىراقتۇر» دېدى.[217]

بىر مۆمىن ئەر ئايال كىشى بىلەن قول ئېلىشىشنى رەت قىلغىنىدا،، ھەرگىزمۇ ئۇ ئايالغا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ياكى ئۇنى كەمسىتىپ ۋە ياكى يامان كۆرۈپ رەت قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئايالنى ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلەپ، «كۆڭۈل بۆلۈش» دەۋاسى بىلەن شەھۋەتنى قاندۇرماسلىق يۈزىسىدىن رەت قىلىدۇ.

**5. ئېپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن مۇھەببەت قاينىمىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش.**

بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر قىزنى تويغا پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ياخشى كۆرۈشى جائىز، چۈنكى ئۇ قىز ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قىزمۇ تويغا پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ياخشى كۆرسە بولىدۇ. ئەمما تويغا پۈتۈشۈشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككىيلەننىڭ بىر- بىرىگە ياخشى كۆرۈشى ۋە بىر- بىرىگە تەشنا بولۇشى جائىز ئەمەس. ھەتتا ئەلچى ئەۋەتىش باسقۇچىدا، بىر- بىرى بىلەن توي قىلىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن يۈزلەنمەسلىكى لازىم.

مۇسۇلمان بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىشى، توي قىلىش ئارزۇسىنى پەش قىلىپ پاراڭلىشىش، ئىشقىۋازلىق قىلىش قاتارلىقلارغا سەل قاراپ چەكتىن ئاشماسلىقى لازىم. ھەتتا «ئەلچى ئەۋەتتىم پات

[217] تەبەرانىي مۇئجەمۇلكەبىر، 486 – ھەدىس.

يېقىندا ئايالىم بولىدۇ» دېيىشىمۇ جائىز ئەمەس. بۇ ئىشلارغا سەل قاراش ئىنساننى گۇناھقا باشلاپ ئاخىرىدا زىنا، پاھىشىگە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

بەزىدە شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاياللارغا قاراشتىن ئۆزىنى تارتىپ، قەلبىنى ئىللىتىپ، مايىل قىلىدىغان شېرىن-شېكەر سۆزلەردىن ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر دىيانەتلىك ياش سالىھ بىر قىز بىلەن توي قىلىشنى خالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر قىزنى ئۇچرىتىپ، ئۆز-ئارا ئالاقە قىلىش، پاراڭلىشىش، كۆرۈشۈش، بىرگە ئولتۇرۇش قاتارلىقلارغا سەل قارايدۇ -دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بەلكىم ئۆزىنى ھالال يولدا ماڭدىم دەپ تەخمىن قىلىپ يۈرگىنىدە نەپسى ئۇنى زىناغا ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىر ئىشقا باشلاپ قويۇشى مۇمكىن.

بەزىدە قىز-ئوغۇللار ئەلچى ئەۋەتىشتىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىلمەستىن، بىر-بىرىنى بىلىشمەستىن ھېچ تەييارلىقسىزلا يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئالدىراپ كېتىدۇ ۋە توي قىلىش ئىمكانىيىتى يوق تۇرۇقلۇق بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدۇ.

ئىپپەتلىك بىر قىز بىر ياشنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالسا ۋە ئۇ قىزغا ئەلچى ئەۋەتسە ۋە ئۇ قىزمۇ ئۇ ياشنى ياقتۇرۇپ كەلگۈسىدىكى يولدىشى بولۇشىغا رازى بولسا، بۇ ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلىشقا ئۆزرە بولالايدۇ، ھەرگىزمۇ تويدىن ئىلگىرى ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەتلىشىشكە ئەمەس.

**6. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: يات ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىماسلىق.**

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەر-ئاياللار ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىلەر قويۇلغان بولۇپ نىكاھ، يېقىن

توغقانلىق، قۇدا-باجىلىق ۋە ياكى ئېمىلداش قېرىندىشى قاتارلىق نى كاھ ھارام بولىدىغان دەرىجىدىكى كىشىلەردىن باشقا ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ياششى چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنىڭ قېشىغا رۇخسەتسىز ، تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار» دېگەندە، ئەنسارلاردىن بىر كىشى: «ئايال كىشىنىڭ قېشىغا ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ يېقىن توغقانلىرى رۇخسەتسىز ، تۇيۇقسىز كىرىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر (يەنى ئۇنداق ئەھۋالدىن ئۆلۈمدىن ھەزەر قىلغاندەك ھەزەر قىلىسۇن، چۈنكى پىتنە-پاسات ئاشۇ يېقىندىن كېلىدۇ)» دېدى.[218]

ھەقىقىي ئىپپەتلىك مۇسۇلمان كىشى ئاتالمىش توغقاندارچىلىق باھانىسى بىلەن نامەھرەم ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىگە سەل قارىماسلىقى، مەھرەملىرىدىن باشقا ئانا ياكى دادا تەرەپ تاغىسى ۋە ھاممىسىنىڭ قىزى ياكى ئايالىنىڭ قىز قېرىندىشىغا ئوخشاش نامەھرەم بولىدىغان كىشىلەردىن ۋە ئاياللارنىڭمۇ ھەم ئانا ياكى دادا تەرەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاغا ۋە ھاممىسىنىڭ ئوغلى، يولدىشىنىڭ قېرىنداشلىرى قاتارلىق نامەھرەم كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە دىققەت قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئالاقىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى، دەسلەپتە باشلىنىشىدا گەرچە توغقانلار ئارىسىدىكى نورمال ئالاقىدەك قىلىسىمۇ، ئاستا-ئاستا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ گەپ-سۆزلىرى، زىننەت ۋە گۈزەللىكلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھارام يوللارغا كىرىپ قېلىشنى خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش ھالاكەت گىردابىغا ۋەسىلە بولىدىغان ئىشلار قاتارىدا قاتتىق ئەسكەرتكەن.

[218] بۇخارىي، 4934 – ھەدىس. مۇسلىم، 2172 – ھەدىس. تىرمىزىي، 1171 – ھەدىس.

***ئەگەر بىر مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلمان ئائىلىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئەھۋاللاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:***

1. ئائىلە كىشى بىلەن بىرگە خالىي قالماسلىقى، چوقۇملا ئائىلىگە مەھرەم بولالايدىغان بىرەر ئائىلە كىشى ياكى ئۇ ئائىلىنىڭ ئېرى ۋە ياكى باشقا كىشىلەر بىللە بولۇشى كېرەك.
2. گەپ-سۆزدە قارشى تەرەپنى قوزغىتىش، مايىل قىلىش، ئەركىلەش، نازلىنىش، ياساپ گەپ قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولماسلىقى كېرەك.
3. زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا بىر- بىرىگە قارىماسلىق.
4. ئۆلچەملىك ھىجابلىنىش، ئەۋرەتلىرىنى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئەزاسىنى يېپىش.
5. ئەر-ئائىلىلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئىش، ئادەتتىكى ئىشلار بولماستىن؛ زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك بولۇشى لازىم.

- ئېيپەتلىك ئەر-ئائىلە مۇسۇلمانلار ماددىي ۋە مەنىۋى نۇقتىدىن خاتىرجەم، پاكىزە مۇھىتتا ھېرىسمەن بولغاچقا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى خىزمەتلەردە پىتنە- پاساتلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئەر-ئائىلىلەرگە خاس ئۇسلۇب بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈرىيەت تېپىلغان ئەھۋاللاردا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

دېمەك؛ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى خىزمەتلەردە ئەر-ئاياللار بىللە ئوقۇشقا ياكى بىللە ئىشلەشكە توغرا كېلىپ قالغان كىشى، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ شەھۋەتكە قۇل بولۇپ گۇناھقا يول ئېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز نەپسىنى قاتتىق قوغدىشى كېرەك.

- نامەھرەم ئەر كىشىنىڭ ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئورۇنلىرىدىن بىرى: تويلاردا يىگىتنىڭ كېلىنچەككە ئالتۇن تاقاش باھانىسى بىلەن كىرىپ، كېلىنچەك بىلەن باشقا ئاياللار ئارىسىدا ئۇسۇل ئوينىشى ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئالدىدا، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر ئالدىدا ئۇسۇل ئوينىشى قاتارلىق بۇ ئىشلار ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان ئادەتلەر بولۇپ، دىيانەتلىك كىشىلەر قىلىدىغان قىلىق ئەمەس، بەلكى بۇ كاپىرلارنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر.

يىگىتنىڭ كېلىنچەككە ئالتۇن تاقىشى ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولغاچقا، باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. دېمەك؛ مۇسۇلمان بىر كىشى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە نامەھرەملەر بىلەن بولغان ئالاقىگە سەل قارىماسلىقى لازىم، چۈنكى بۇ مەسىلىگە سەل قاراش كىشىنىڭ نادان، ھاياسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ئىمانىنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىگە سەل قارىغانلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نامەھرەم ئاياللار بىلەن خالىي بولۇشتىن يىراق تۇرۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا سەل قارىغانلىق بولۇپ، بۇنىڭ كۈنىمىزدە كۆپ كۆرۈلۈۋاتقان مىساللىرىدىن بىرى؛ ئاياللىنىڭ مېھمانلىرى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇش ياكى باشقا ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئايالى بىلەن ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق ئىشلاردۇر.

**7. ئېپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرى**

**نامەھرەم بىلەن بىر يەردە خالىي قالماسلىق.** چۈنكى مەھرەم

بولمىغان ئىككى كىشىنىڭ خالىي قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىپپەت پەردىسىنىڭ قايرىلىپ نەپسانىي شەھۋەتكە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولۇش بىلەن بىرگە؛ شەيتاننىڭ ئۇلارنى شەھۋەت ۋە گۇناھقا ۋەسۋەسە قىلىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ بۇ خاتالىققا يول ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەسكەرتىپ ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەرنى بىر ئايال بىلەن خالىي قويماڭلار، بىر ئايالنى مەھرەمسىز ھالدا سەپەر قىلدۇرماڭلار. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن پالانى جەڭگە چىقماقچى ئىدىم، ئايالىم بولسا ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتتى -دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «سەنمۇ بېرىپ ئايالىڭ بىلەن بىرگە ھەج قىلغىن» دېدى.[219]

سەھىھۇلبۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئەر كىشى بىر ئايال كىشى بىلەن خالىي قالمىسۇن، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ».[220]

**8. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: زىنا قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.** مەيلى ئەر ياكى ئايال كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گەرچە ئۆمرىدە بىر قېتىم زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىلىنى ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكى بىلەن تۆلەش بىلەن بىرگە؛ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان پۇشايمانغا قالىدۇ. بۇ خاتالىقنىڭ بەدىلى زىنا قىلغان ئەر ياكى ئايالنىڭ بەختسىزلىكى بىلەنلا تۈگەپ قالماستىن؛ ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ قۇربانى بولغان نىكاھسىز تۇغۇلۇپ مېھىر-مۇھەببەتسىز چوڭ بول

[219] بۇخارىي، 2844 – ھەدىس. مۇسلىم، 1341 – ھەدىس.

[220] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 177 – ھەدىس. تىرمىزى ، 1171 – ھەدىس. ھاكىم رىۋايىتى 387 – ھەدىس.

ىدىغان پەرزەنتلەرگىمۇ بولىدۇ.

زىنا قىلغان ئەر ۋە ئايال پۈتۈن ئۆمرىنى بەختسىز ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە؛ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ گۇناھكارلاردىن ھېسابلىنىدۇ . ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىن قەلبىدىن تەۋبە قىلىپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تەكرارلىماسلىققا تىرىشىشى ۋە بۇگۇنكىدەك پىتنە-پاساتلار ئەۋج ئېلىپ كىشىلەر شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ گۇناھقا پېتىپ كېتىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئەرلەرنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايدىغان ئاياللاردىن يىراق تۇرۇشى ئاياللارنىڭمۇ پۇل-مال شېرىن -شېكەر گەپلىرى ۋە ھىيلە-نەيرەڭلىرى بىلەن ئۆزگە جەلپ قىلىدىغان تۈلكە مىجەز ئەرلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پاساتچىلىقتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن : «ئىلىمنىڭ ئازلاپ نادانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، زىنانىڭ ۋە ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك بىر ئەرگە ئەللىك ئايال توغرا كېلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».[221]

**9. ئېپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: يولدا ماڭغاندا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش.** چۈنكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەر كىشىنىڭ قەلبىنىڭ شەھۋانىي ھارام ئىشلارغا بولغان مايىللىقىنى قوزغاپ قويىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەھەننەم ئەھلىدىن مەن كۆرۈپ باقمىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر بار. بىرى؛ قولىغا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن قامچىلارنى ئېلىۋېلىپ ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ زۇلۇم قىلىدىغانلار. يەنە بىرى؛ كىيگەن كىيىملىرىنىڭ

[221] بۇخارىي، 4933 – ھەدىس.

تارلىقىدىن پۈتۈن ئەزالىرى بىلىنىپ تۇرىدىغان، مېغىشىدا نازلىنىپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، باشلىرىنى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك قىلىۋالغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى جەننەتنىڭ پۇرىقى شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەردىنمۇ كېلىپ تۇرىدۇ».[222]

دېمەك؛ مۇسۇلمان ئايال زىننەتلىرىنى، گۈزەل نازلىنىشلىرىنى ۋە چىرايلىق ئۇسۇللىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىگىلا كۆرسەتسە بولىدۇ. ھالال جۈپتى بولغان يولدىشى ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىپ زىننەتلىنىش ۋە يولدىشىنىڭ ئەر-ئاياللىق ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇ ئايال ئەر كىشىنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەر قايسى ئېھتىياجلىرىدىن بىرى بولغان جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى بىردىنبىر ھالالىدۇر.

مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىم -كېچىكى ياشىغان مۇھىتىغا ئاساسەن ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئايال كىشىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى تولۇق ياپىدىغان دەرىجىدە بولۇشى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولمىغان بەزىبىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ پىتنە قوزغاپ قويىدىغان كىيىم كېچەك، ئىش-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى لازىم.

**10. ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: گەپ قىلغاندا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاۋاز تونىغا دىققەت قىلىش.** گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئەتراپتىكىلەرنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە؛ ئاۋازلىق كۈلمەسلىك لازىم. چۈنكى ئاياللارنىڭ نازلىنىشى، ئاۋازلىق كۈلۈشى قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايدىغان سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ

[222] مۇسلىم، 2128 – ھەدىس.

ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِّنَ النِّسَاءِ ۚ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَّعْرُوفًا﴾ «ئەي پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، (سىلەر يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەملەر (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار» [سۈرە ئەھزاب 32- ئايەت]. ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا قىلىنغان بۇ بۇيرۇقتا ئاساسەن بىزلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بۇيرۇقىغا تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزدە ناھايىتى دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىكى شەھۋەتخور، قەلبىدە كېسەل بار ئادەملەر توغرىسىدا توختالغان تۇرسا، بۇ زامانىمىزدا نېمە بولماقچى؟! شۇڭا قىز-ئايال قېرىنداشلىرىمىز يات ئەرلەر بىلەن پاراڭلىشىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. زامانىمىزدىكى بەزى قىزلار ئوغۇللار بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالايدىغانلىق دەۋاسى بىلەن ھېچبىر چەكلىمىسىز، ئەركىن-ئازادە، ئەدەپ-ئەخلاقتىن يىراق ھالەتتە پاراڭلىشىدۇ ۋە يەنە ئۆزىنى پاراڭلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايمەن دەپ ئويلىغىنىدەك، ئوغۇللارنىمۇ ئۆزىنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. يەنە بەزى ياشلار ئۇنىڭغا بولۇشۇپ ئۆزىنى پاك، ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە، ئاۋازىغا، ۋە سۆزلىرىگە ئاشىق بولغان ۋە نەپسىدىكى شەھۋەتلىرىنىڭ قايىنىشىنى بېسىپ تۇرۇپ ئۇ قىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلغان ۋاقتىنى كۈتىدۇ ۋە كۆپىرەك شەھۋەت، پاھىشىگە ماڭغۇزماقچى ۋە ھاياسىزلىق، بۇزۇقچىلىق يوللىرىدا تېپىلدۇرماقچى بولىدۇ.

– دىيانەتلىك بىر ئەر بىرەر ئايالغا سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، بۇ ھالەتنى ئۇنىڭغا قاراشقا ۋە خالىي قېلىشقا باھانە قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِن وَرَاءِ حِجَابٍ ۚ ذَٰلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ» دېگەن [سۈرە ئەھزاب 53- ئايەت].

## 11. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرى

**نەپسىدە شەھۋەت ئوتلىرىنىڭ يانغانلىقىنى بايقىغاندا تاماقنى ئازلىتىپ، كۆپ روزا تۇتۇش.** بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى توي قىلىشقا موھتاجدەك ھېس قىلغان، ھاۋايى-ھەۋەس، شەھۋەتلىرىدىن ئەنسىرىگەن، ئەمما توي قىلىش شارائىتى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن بويتاق قىز-ئوغۇللارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولسا توي قىلسۇن، چۈنكى توي قىلىش كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلايدۇ، كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن قالقاندۇر»،[223] يەنى روزا شەھۋەتلەردىن ساقلىغۇچىدۇر. شۇنداقلا تاماقنى يەڭگىللىتىش پاكلىق، شەھۋەتنى ئاجىزلىتىش، شەھۋەتنىڭ غەلىيانلىرىدىن توسۇشتا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. روزا تۇتۇشنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۇنۇمى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن زوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىققا ئاز تاماق يېيىشى كېرەك. ئەگەر كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، ئاخشىمى ھەددىدىن زىيادە جىق تاماق يېۋالسا ھاۋايى-ھەۋىسى تېخىمۇ زىيادىلىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار ھاۋايى-ھەۋەس ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاچلىققا يېقىنراق تۇرۇشى كېرەك.

[223] بۇخارىي، 1806 – ھەدىس. مۇسلىم، 1400 – ھەدىس.

**12. ئىپپەتنى پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدىغان ئىشلاردىن بىرى: توي قىلىش.** شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بويتاقلارنى توي قىلىشقا بۇيرۇدى، بۇنى يالغۇز بويتاقلارنىڭلا مەجبۇرىيىتى قىلماستىن؛ بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنى بويتاقلارنى ئۆيلەپ قويۇشقا كۈچ چىقىرىپ، توي چىقىملىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى.

چۈنكى بويتاقلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىلا ھىمايە قىلغانلىق بولماستىن؛ بەلكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلغانلىق ۋە قوغدىغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَنكِحُوا الْأَيَامَىٰ مِنكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ ۚ إِن يَكُونُوا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ ۗ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ**﴾ «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىلگۈچىدۇر» [سۈرە نۇر 32- ئايەت]، بۇ ئايەت نامراتلىقنى تويغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللاردىن قىلمۇېلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى، ئاللاھنىڭ رىزىق ۋە پەزلى-مەرھەمىتىنى كۆپلەپ بېرىشكە كېپىل ئىكەنلىكىنى ئۈچۈق بايان قىلىپ بەردى.

ئىلگىرىكى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «توي قىلىش ئىنساننىڭ كۆزى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، توي قىلىشنى كۆز ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىن قىلدى، مۇشۇ ئىككى ئىش ئارقىلىق كىشىدە ئىپپەت ۋە ھارام ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى ساقلاش ھاسىل بولىدۇ.

- توي قىلىش ئىنساننىڭ پاكلىقىغا سەۋەپ بولغىنىدەك؛ يەنە نەپسىنى پاكلاشنىڭمۇ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى

ئۆيلەنگەن كىشى هاۋايى-هەۋەسلىرىنى هالال يول ئارقىلىق قاندۇرغاندىن كېيىن، هارامدىن ئۆزىنى ساقلايدۇ، كاللىسىنى مەشغۇل قىلغان بولمىغۇر خىياللارنى كەتكۈزىدۇ، ئىبادىتى، ئەمەلى، تۇتقان يولى، مىجەزىگە هۇجۇم قىلغان ئىرىي-خىياللار ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى هاۋايى-هەۋەستىن راهەتلەنسە، ئىتائەت، ياخشىلىققا قەتئىي دەرىجىدە تەييارلانغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن توي قىلىش دىنىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشكەنلىك هېسابلىنىدۇ.

– مەنتىقە نۇقتىسىدىن توي قىلىش، تويغا ئېهتىياجلىق بولغان ياشتا بولۇشى كېرەك، ياشلىق ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئىنسان ئۆزىنى تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان، قاراش ۋە خىياللىرىنى كونترول قىلالماي قالغىنىدا، يېشى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تويغا ئالدىرىشى ۋاجىپتۇر، چۈنكى تەبىئىي ۋە مەنتىقىلىق بولغىنى تويىنىڭ قىز-ئوغۇللارنىڭ هاۋايى-هەۋىسى باش كۆتۈرگەن، هاۋايى-هەۋەس ئىسيانلىرى غەلىيان قىلغان ۋاقىتلاردا بولۇشىدۇر.

تويىنى بۇ ياشتىن ئۆتكۈزۈۋېتىش ياش قىز-ئوغۇللارنىڭ يولدىن چىقىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى مۇهىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

جەمئىيەتنىڭ نامراتلىق، تويلۇقنىڭ ئېغىرلىقى، ئوقۇش، توي چىقىملىرى، ئۆي تەييارلاش قاتارلىقلارنى تويىنى يىللارچە كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب قىلىۋېلىشى جائىز ئەمەس.

توي قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، تويلۇقنى ئازايتىش ۋە قېيىن شەرتلەرنى قويماسلىق ئوغۇل-قىز ۋە ئۆيدىكىلىرىنىڭ زىممىسىگە ۋاجىپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بۇ هەقتە: «ئاياللارنىڭ بەركەتلىكراقى ئۇلارنىڭ تويلۇقى ئاز بولغانلىرىدۇر»[224] ۋە يەنە: «تويىنىڭ ياخشىسى يەڭگىل بولغىنىدۇر» دېگەن.[225]

[224] هەسەن هەدىس، هاكىم، 2732 – هەدىس. ئىمام ئەهمە، 24573 – هەدىس.

[225] سەهىه هەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 2117 – هەدىس. ئىبنى هىببان،4072 – هەدىس.

پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى؛ تويىنى كېچىكتۈرىدىغان، ئەرلەرنى چىقىملار بىلەن ھالسىرىتىدىغان ئۆرپ-ئادەتلەرنى (ئەنئەنىلەرنى) ئۆزگەرتىش بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەر بۇنىڭغا بىردەك كۈچ چىقىرىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا بۇيرۇپ: ﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَىٰ﴾ «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار» دەيدۇ.

– نەچچە ئونمىڭ سوملۇق توي مۇراسىملىرى ئۆچۈن تويىنى كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەس، بۇ مۇراسىملار يۈز-ئابرۇي ، رىيا، مەنمەنچىلىك ۋە چوڭچىلىقتا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، شۇ نەچچە سائەتلىك مۇراسىم ئۈچۈن ئەر قەرز ئالىدۇ ۋە يىللارچە شۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ۋە ئۆيىدىكىلەرنىڭ چىقىملىرىنى قىسىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىككى جۈپنىڭ مەنپەئەتىنى زايە قىلغانلىق، ۋە ھاماقەتلىك (نادانلىق) بولماي نېمە؟

يەنە شۇنىڭدەك؛ ئايالنىڭ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە جىق كىيىم-كېچەكلەرنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇ سەمرىپ قالسا، ياكى ھامىلىدار بولسا ئۇ كىيىملەرنى كىيەلمەيدۇ. ئايال كىشى ئەقىللىق بولسا ئازراق كىيىم بىلەن كۇپايىلىنىدۇ ۋە يولدىشى ئەھۋالىغا قاراپ ئايالى ئېھتىياجلىق بولغاندا، ھەر بىر يېڭى ھالەتكە ئۆتكەندە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدۇ.

كېچىكتۈرگىلى بولىدىغان ياكى ئالمىسىمۇ بولىدىغان قىممەت-باھالىق ئۆي-جاھازلىرىمۇ تويىنى قىيىنلاشتۇرىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، نورمالدا بۇنى قىزنىڭ ئۆزى ياكى ئۆيىدىكىلىرى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇنداق زىيادە چىقىم ئىككى ياشنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر- بىرىگە بولغان ساداقىتىگە ياردىمى بولمايدۇ. تويلارنىڭ كېچىكىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن يەنە بىرى؛ كىشىلەرنىڭ توي قىلغانلارنىڭ ئۆيىدە ھەممە نەرسە تەل بولۇشى كېرەك دەپ قارىۋالغانلىقىدۇر. بۇنداق بولغاندا ئوغۇل

تەرەپ تويىنى زور مىقداردىكى قىممەت باھالىق ئۆي جاھازىلىرىنى ئالالىغۇدەك بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ ۋە بۇنداق ئائىلىلەردە ئەر-ئاياللىق ئۇزۇنغا داۋاملاشماسلىقى مۇمكىن، زامانىمىزدا تالاق بىلەن بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولغىنىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئاددىيراق ئائىلە سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، كۇندىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغانلىرى بىلەن كۇپايىلىنىش، كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا تولۇقلىۋېلىش، ئاز ۋە ئاددىي جابدۇقلار بىلەن توي قىلىپ ئۆيلىرىنى گۈلدەك تۇتۇپ، ئاللاھ بەرىكەت بەرگەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزدەك توي قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەجەبا ؟!

پاكىز بىر مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە، ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى ئىستەپ توي قىلماقچى بولغان ياشلار ئۆزى بىلەن توي ئارىسىدا بېسىپ بولغىلى بولمايدىغان مۇساپە ۋە توسۇپ تۇرىدىغان توسۇقلارغا يولۇقسا؛ بۇزۇقچىلىقنى ئىستەپ يولدىن چىققانلارنىڭ زىناغا ئاسان ۋە يېقىنلا يول تېپىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياشلارنىڭ توي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ئاللاھنىڭ دىنىدا باتىل ۋە مۇنكىر ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆرپ-ئادەتلەردىن ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلار ۋە شۇ يۇرت ئەھلى كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ يىراق تۇرۇلۇشى ۋاجىپتۇر، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەتسىز ئىسراپچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

توي چىقىمى، ئېغىر تويلۇق قويۇش قاتارلىق ئەنئەنىلەر زامانىمىزدا نۇرغۇنلىغان پىتنە-پاساتلارغا سەۋەبچى بولماقتا. مەسىلەن: بەزى ياش قىز-ئوغۇللارنىڭ زىناغا قاراپ يۈزلىنىشى، ئۇنىۋېرسىتېت ، ئىدارە-ئورگانلاردا بۇزۇقچىلىقلارنىڭ تارقىلىشى، توي قىلىش يېشىنىڭ كېچىكىپ، قىز-ئوغۇللاردا بويتاقلىقنىڭ كۆپىيىشى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆرۈلىدىغان پىسخىكا كېسەللىكلىرى، ۋە باشقا

كۆپلىگەن پىتنە-پاسات ۋە ھارامغا يۈزلىنىش قاتارلىقلار.

بەزى كىشىلەر تويلۇقنى يۇقىرى قىلىشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە، ئەرنىڭ ئايالنى ھۆرمەتلەپ-قەدىرلىشى، ئاسانلا تالاق قىلىۋېتىشكە ئالدىرىماسلىقى ئېيتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەخلاقسىز ئادەم بەرگەن تويلۇقى سەۋەبلىكلا ئايالنى قەدىرلەپ قالمايدۇ. بەلكى ئەگەر ئايالنى ئۆچ كۆرۈپ قالسا، ئايالغا زۇلۇم قىلىپ، چارچىتىپ ھەتتا ئايالنى تالىقنى تەلەپ قىلىپ، تويلۇقتىن ۋاز كېچىشكە قەدەر زورلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تويلۇق ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىشنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنى قىيناشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىغا مېھرىبانلىق قىلىشنى خالىغان ئادەم قىزىنى دىندار، ئەخلاقلىق ئادەمگە بەرسۇن، ئۇنداق كىشىلەر ياخشى كۆرسە ھۆرمىتىنى قىلىپ، يامان كۆرۈپ قالسا زۇلۇم قىلمايدۇ.

**13. ئېپپەتلىك ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: بالىلىرىنىڭ ئېپپەتلىك بولۇشىغا، ياخشى تەربىيەگە ئېرىشىشىگە ياردەمدە بولۇش،** يولدىن چىقىپ كېتىشتىن ۋە ھارام ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، بالىلارنى ھارامغا باشلايدىغان يامان دوستلار بىلەن ئارىلىشىشتىن توسۇش، يولدىن چىقىپ كەتكەندەك ئالامەتلەرنى بايقىغاندا چىرايلىق گەپ-سۆز، مېھرىبانلىق، قانائەتلەندۈرۈش، ئەسلىتىش، قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ تەربىيە قىلىش.

بەزىدە ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن بىرگە؛ كەسكىنرەك بولۇشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۆزىگە خاس مۇھاسىرە ۋە ئەدەپلەشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

– بىر ياش توي قىلىش يېشىغا يېتىپ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىۋېرىش ئارقىلىق قەلبى ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالسا ۋە ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى خالىسا،

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسىنى يولدىن چىققان، چېكىدىن ئاشقان، خاتا ئىش قىلغانلىق قارىشى بىلەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن شۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ، توغرا! ئۇ يولدىن چىقىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى ، ئەمما ياخشى كۆرۈش ۋە مۇھەببەت ئىككىلا تەرەپتىن تەڭلا ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى بىر-بىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئەمەس بەلكى، مۇمكىن بولسا ھالال يول ئارقىلىق بىر يەرگە ئەكېلىپ قويۇشتۇر، چۈنكى بىر-بىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئۇلارنىڭ ئالاقىسىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ ھارام يولغا مېڭىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ياش باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا زورلانسا، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى خالىغان شۇ قىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسىنى بۇزۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىزمۇ بىر ياشنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، توي قىلىشقا زورلانغان يولدىشى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي ئۆزلىرى خالىغان كىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ياش يىگىت ياكى بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ دىنى ۋە ئەخلاقى ئومۇمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە بولسا، ئۇلاردىكى ھارام ھاۋايى-ھەۋەس ئوتلىرىنى ھالال بىلەن ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ياخشى ئەمەس.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئىككى ياخشى كۆرۈشكەنلەرگە تويدىن ياخشىسى يوق»[226] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئەمما قىزنىڭ ئەخلاقى ناچار ۋە دىنغا سۇس بولسا، ياكى يىگىتنىڭ ئەخلاقى ناچار ۋە دىنغا سەل قارايدىغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا قانائەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا لايىقراق

[226] سەھىھ ھەدىس، ئىبنى ماجە، 1847 – ھەدىس. ھاكىم، 2677 – ھەدىس.

بىرىنى تېپىش لازىم. ئۇ قىزدىن چىرايلىق ۋە ئەخلاقلىق قىزلار؛ ئۇ يىگىتتىن ياخشى نۇرغۇنلىغان ياشلار بار، ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل بولسۇن ھەر ئىككىلىسى دۇنيادا ئوخشىشى يوق ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى دۇنيادا ئۇ ئىككىيلەندىن ياخشىلار نۇرغۇن.

**14. ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ئېرىنىڭ ھارامغا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىپ، دائىم گۈزەل ھالەتتە كۆرۈنۈشكە ھېرىسمەن بولۇش.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لَّهُنَّ﴾«ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر)» [سۈرە بەقەرە 187- ئايەت]، ئايال يولدىشىغا دىيانەت ۋە پاناھگاھ بولىدۇ، ئەر ئايالىنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ﴾ «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر). ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار» [سۈرە بەقەرە 223- ئايەت]، شۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشىنىڭ خالىغان ۋاقتىدا ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشى ئۇنىڭ ھارامغا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنىڭ سالىھلىقىنىڭ يولدىشىغا ھۆزۈر ئاتا قىلالىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مەنپەئەت سالىھ ئايالدۇر» دېگەن.[227]

ئايال كىشى ئۆزى ۋە يولدىشىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، ھەر دائىم پاكىز ۋە چىرايلىق ھالەتتە تۇرۇشى زۆرۈردۇر. يەنى يولدىشى ئۆزىگە ھەر قارىغىنىدا كۆڭلى ئېچىلىدىغان ھالەتتە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشى يامان كۆرىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ياكى

[227] مۇسلىم، 1467 – ھەدىس.

ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك.

يەنە شۇنداقلا؛ ئايال كىشى يولدىشىنىڭ ھارامدىن ساقلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇشى ۋاجىپ بولغىنىغا ئوخشاش، يولدىشىنىڭمۇ ئايالىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇشى ۋاجىپتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرمۇ ئايالى ئۈچۈن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئايالى ئېرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرغاندەك، ئەرمۇ ئايالىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بۇ ئەھۋاللار ئۆز-ئارا ياخشى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئورنىتىدىغان چىرايلىق، مۇلايىم مۇئامىلىلەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ ھەر ئىككىيلەن ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ گوياكى بىر تەندەك يېقىن بولۇپ ئۆز-ئارا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ۋە ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە ئۆز-ئارا دۈشمەندەك ياكى رىقابەتچى، ھۆكۈمراندەك مۇئامىلە قىلىشمايدۇ.

**15. ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: زۆرۈرىيەت بولمىسا سىرتقا چىقماسلىق**، ئەگەر چىقىپ قالسا ئۈچۈق كىيىملەرنى كىيمەسلىك، ئۆزى ۋە باشقىلارنى پىتنىگە تاشلايدىغان ئەزالىرىنى ئوچۇق قويۇپ ياكى زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلىپ ياساناماسلىق. ئاللاھ تائالا سۈرە ئەھزابتا: ﴿**وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَىٰ ۖ وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا**﴾ «ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ» دېگەن [سۈرە ئەھزاب 33- ئايەت]، ئەسلىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئاياللارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئىرادە قىلغىنى؛ سىرتقا چىقىش

ئېھتىياجى بولماسلىقى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى چارچىتىۋالماسلىقى ۋە ھەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئىشلەش مەقسىتىدە ئۆيدىن چىقماسلىقىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئاياللارغا ۋە ئۇلارنىڭ چىقمىغا ئۆزى كېپىل بولغان ۋە ئەرلەرگە ئۇلارنىڭ چىقىمىنى تاپشۇرغان بولۇپ، قىز-ئاياللارغا يا دادىسى، يا يولدىشى، يا ئوغلى، ياكى بولمىسا ئاكا-ئۇكىلىرى چىقىم قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ خىزمىتىنى ئۆي ئىچىدە قىلغان بولۇپ، ئايال كىشىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى خىزمەتلىرى: يولدىشىنى ھارامدىن ساقلاش، ئۇنى كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئىگە قىلىش، بالىلارنى ئېمىتىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تەربىيەلەش، كىر-قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش ۋە ئۆي يىغىشتۇرۇش دېگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئايال كىشى قىلالايدىغان، ئايال كىشىنىڭ تەبىئىتىگە زىت كەلمەيدىغان ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشتۇر.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم مەلۇم بىر ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەم بۇ ئىشلارنى قىلمىسا ئائىلە بۇزۇلىدۇ، پەرزەنتلەر تەربىيەسىز قالىدۇ ۋە نەتىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭ زىيىنى شۇ جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنى ئاياللار قىلمىغان ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ ئورنىغا ئەرلەر قىلىشى كېرەك بولىدۇ، ۋەھالەنكى: ئەرلەر ئاياللاردەك قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى ئاقسىتىپ قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنى يۇقىرىدىكى ئىنچىكە ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر شەكىلدە ياراتتى، شۇنداقلا ئەرلەرنى بەكرەك مۇشەققەتلىك، جاپالىق، تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا لايىق شەكىلدە ياراتتى.

بۇنداق دېگەنلىك: ئاياللارغا جەمئىيەتتە خىزمەت يوق دېگەنلىك ئەمەس، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاياللارغا مۇناسىپ ئورۇنلاردا، جەمئىيەت ئاياللارنى تەقەززا قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلىق، دوختۇر-سېستىرالىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە ئىشلىسە تامامەن بولىدۇ. شۇنداقلا؛ زۆرۈر تېپىلغاندا ئەرلەرنىڭ ئاياللار قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشىدا ھەرەج بولمىغىنىدەك؛ ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىدا مەسىلە يوق. چۈنكى زۆرۈرىيەت ۋە ئىستىسنائىي ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكمى بولىدۇ، لېكىن ئەسلىي ھۆكۈم ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

**16. ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ئاللاھ ياراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئالاھىدە قىلغان مىجەز- خۇلقلىرىنى ساقلاپ قېلىش.** دىيانەتلىك كىشى زەيپانە، ئايال مىجەز بولمايدۇ ۋە ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ، دىيانەتلىك قىز-ئاياللارمۇ ئەركەكزەدەك بولۇۋېلىپ، ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى: «رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى» دېگەن،[228] ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى: « رەسۇلۇللاھ ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى»[229] دېگەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ كىشى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ زەيپانە ئەرلەر ، ۋە ئەركەكزەدەك ئاياللارغا لەنەت قىلدى»دېگەن.[230]

[228] بۇخارىي، 5546 – ھەدىس.

[229] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 4098 – ھەدىس.

[230] بۇخارىي، 5547، 6445 – ھەدىس.

ئىككى جىنسنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، ئاۋاز، سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ياكى ئۆزىگە خاس بولمىغان ھەر قانداق بىر ئىشلاردا يەنە بىر جىنسقا ئوخشىشىۋېلىشى جايىز ئەمەس.

**17. ئېپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ناچار ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە قانالاردىن ھەزەر ئەيلەش،** ھاۋايى-ھەۋەسنى قوزغايدىغان فىلىم، ناخشا-مۇزىكا، ناچار مەزمۇنلۇق تور بەتلەر ۋە شەھۋانىي مەزمۇنلار ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولماسلىق.

پىروگراممىلىرى شەھۋانىي مەزمۇن، يالىڭاچلىق، تايىنى يوق گەپ-سۆزلەرگە تولغان ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە قانالار كىشىلەرنى بۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ۋەيران قىلىش، شۇنداقلا ھەقتىن يىراق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولۇپ، مەقسىتى ئىنسانلارنى قىممىتى يوق، مەقسەت-نىشانسىز ۋە ئىجادىيەتسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، كىشىلەرنى ھەقتىن يىراق قىلىش، ئىنسانلار رىئايە قىلىپ ياشىشى كېرەك بولغان ھەقىقىي مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق پىرىنسىپلارنى يوقىتىۋېتىش، ئىنسانلارنى زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ئات-ئۇلاغ (ۋاستىسى ) قىلىۋېلىش، ۋە يەنە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىن ئىرادىسى ئاجىز ۋە نەپسى-خاھىشىغا ئەگىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ ھېسابىغا ماددىي پايدا ئېلىش. بۇ ناچار ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىلىرى رەسۇلۇللاھ مۇنۇ سۆزى بىلەن سۈپەتلىگەن كىشىلەردۇر: «ئۇلار دوزاخ ئىشىكىگە چاقىرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلارنى دوزاخقا ئىتتىرىۋېتىدۇ».[231]

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۇلارنىڭ سۇنغان گۈزەللىكلىرىگە، سالغان پىتنىلىرىگە، ئاجىزلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان قۇتراتقۇلۇقىغا ئالدىنىپ قالماستىن؛ ئۇلاردىن ئارىسىنى ئايرىپ،

[231] بۇخارىي، 3411، 6673 – ھەدىس. مۇسلىم، 1847 – ھەدىس.

ئۆزىنى چەتكە ئىلىش ۋە ئەگىشىشنى رەت قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىمىزدا كۆرۈنۈشىنى چەكلەش مەجبۇرىيىتى بار.

ئۇممەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا؛ باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈش دائىرىسىنى تارايتىش، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىش، توسۇش، ئىقتىسادىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان مەنبەلەرنى قۇرۇتۇۋېتىش . ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان، راۋاجلاندۇرغان، ياكى شۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان كىشىلەرنى بوش قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. يامان نىيەت دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ۋە ئۆزىگە خىزمەت قىلغۇچىلارنى ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە تايىنىپ سېتىۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى پۇل-مال ۋە ھاۋايى-ھەۋەس ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ، ۋە پۇل-مال، ئايال كىشى، ھاۋايى-ھەۋەس جامائەلىرى ئارقىلىق قارا گۇرۇھ، قاتىل، زالىملارنى ياساپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ مال-بىساتلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن كارى بولمايدىغان ھاكىم، رەئىسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿**وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ**﴾ «ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ» [سۇرە بەقەرە 205- ئايەت] دېگەن.

– ياش قىز-ئوغۇللارنى بۇزۇش، ئۇلارنىڭ ئېپپەت-ھاياسىنى دەپسەندە قىلىشقا ھەسسە قوشۇۋاتقان ھەر قانداق كىشىلەر، بۇ بۇزۇقچىلىققا ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويۇۋاتقان ھەر قانداق بىر مەسئۇل، يالىڭاچ ئاياللارنىڭ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ رەسىملىرىنى، ھاياسىز

ناخشىلارنى، ئىغۋا تارقىتىدىغان ئىلان-تەشۋىقاتلارنى، مەزمۇنى ناچار فىلىم، زەھەرلىك كىنولارنى تارقىتىشتا ھەمكارلىشىۋاتقان ھەر قايسى قاناللار، ھەر قايسى تېلېۋىزور، تور بەت، گېزىت-ژۇرنال ياكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي تاراتقۇلار بۇ بۇزۇقچىلىقلارنىڭ تارقىلىشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ: ﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلَافٍ أَوْ يُنفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ۚ ذَٰلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا ۖ وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە مائىدە 33، 34- ئايەت].

بىر مۇسۇلماننىڭ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇزغۇنچى گۇناھكارلارغا سەل قارىشى توغرا بولمايدۇ، بولۇپمۇ مەقسەتلىك بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارغا شۇنداق! چۈنكى ئۇلار زەھەر، ئەپيۇن، ھاراق-تاماكىنى راۋاج تاپقۇزغۇچىلاردىنمۇ بەكرەك يامان بۇزغۇنچىلاردۇر.

جەمئىيەتنى رەزىللىك، بۇزۇقچىلىق، بۇزغۇنچىلاردىن قوغداش ۋە كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكىدىغان، دىنىدىن سۇسلاشتۇرىۋېتىدىغان، شۇنداقلا پۇل-مالنى بىھۇدە ئىشلارغا زايە قىلىۋېتىشتەك ئىشلاردىن قوغداش ئۈچۈن ھاكىم بىلەن خەلق ئۆز-ئارا ياردەمدە بولۇشى زۆرۈر.

خەلقكە قارىتا راستچىل، پاك-دىيانەتلىك بولغان ھاكىم،

خەلقنى ھاۋايى-ھەۋەس، بۇزۇقچىلىق سەۋەبلىرىدىن قوغدايدۇ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنىڭ كېچىلىك بەزمىخانا، پاھىشىخانىلارنى ئېچىشىنى توسىدۇ.

- مۇسۇلمانىنىڭ مەسئۇلىيىتى؛ مەزمۇنى ساغلام، ھايانى ئۆزگە پىرىنسىپ قىلغان، ئۈممەتنى توغرىغا يېتەكلەيدىغان ئېلانلارنى ئىشلەش ۋە بۇزغۇنچىلىق ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ناچار مەزمۇنغا ئىگە، ئادەمنى مەشغۇل قىلىدىغان، زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ئېلانلاردىن بىھاجەت بولۇش.

**18. ئېپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ھاۋايى-ھەۋەسىنى كونترول قىلالايدىغان بولۇش.** ئاللاھ تائالا ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ھارام قىلغان شەھۋانىي ئىشلار بار. دىيانەتلىك كىشى بۇنداق ئىشلارغا دىققەت بەرمەيدۇ، ئۇ ھەقتە خىيالمۇ قىلمايدۇ، تەمە قىلمايدۇ ۋە يېقىنلاشمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەرلەرگە ئايالى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى رۇخسەت قىلدى لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلغاندا كەينى تەرىپىگە كېلىشتىن، روزا تۇتقاندا، ھەيز-نىپاسدار ھالىتىدە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن توستى، شۇڭا مۇسۇلماننىڭ بۇ ۋاقىتلاردا ئايالىدىن يىراق تۇرۇشى ۋاجىپ.

**19. ئېپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: تولۇق ھىجابلىنىشقا ھېرىسمەن بولۇش (گەرچە ھىجابلانمىغان ھالىتىدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان بولسىمۇ).** ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالْقَوَاعِدُ مِنَ النِّسَاءِ اللَّاتِي لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا فَلَيْسَ عَلَيْهِنَّ جُنَاحٌ أَن يَضَعْنَ ثِيَابَهُنَّ غَيْرَ مُتَبَرِّجَاتٍ بِزِينَةٍ ۖ وَأَن يَسْتَعْفِفْنَ خَيْرٌ لَّهُنَّ ۗ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾ «ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە ( ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە) ھېچ گۇناھ يوقتۇر، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن

ياخشىدۇر ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» [سۇرە نۇر 60- ئايەت]. ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، ئۇمۇ باشقىلارغا قىزىقمايدىغان ، ھېچ بىر ئادەم ئۇنىڭغا كۆز تاشلىمايدىغان ياكى تويى قىلىشنى خالىمايدىغان ياشتا چوڭ ئاياللارنىڭ چېچى، پاچىقى، كۆكرىكى ۋە بەدىنىنى ياپقان ئاساستا كىيىنسە ۋە ياشتا چوڭ ئاياللار ئادەتتە ئۆيلەردە كىيىدىغان زىننەتسىز كىيىملەرنى كىيسە بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت قىلدى. رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە؛ ئۇلارنى تېخىمۇ ئىپپەتلىك بولۇشقا، يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا تولۇق يۆگىنىپ جىلباب كىيىشكە چاقىردى.

**20. ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ھايالىق بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، ئۆزگە ھەرەج بولسىمۇ يۈزنى يېپىشقا ھېرىسمەن بولۇشى،** بولۇپمۇ ياش يىگىتلەر ۋە ئەرلەر ئاياللارغا قاراشتىن كۆزنى يىغمايدىغان بولسا. ئاياللارنىڭ ئۆزنى يۆگەپ ئۇلارنىڭ ھايالىق بولۇشىغا، قەلبلىرىنىڭ پاك بولۇشىغا ھېرىسمەن بولۇشى، ئۆزنى ئۇلارنىڭ قارىشىدىن ۋە شەھۋەتلىرىنىڭ قوزغۇلىشىدىن ساقلىشى لازىم. چىرايلىق بولغانلىقتىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاسان مايىل قىلىۋالىدىغان قىز-ئاياللار تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە؛ ئەگەر ئايال كىشى يۈزى ۋە ئالقىنىنى ياپمىسا پىتنە بولىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ ئىككىسىنىمۇ يېپىشى ۋاجىپ. چۈنكى بۇ يەردىكى پىتنە سۆزى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە شەھۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەرلەر يۈزى ئوچۇق ئاياللاردىن كۆزنى يىغمايدىغان بولسا، بۇ پىتنە بولۇپ، ئاياللار شۇ پىتنە-مەئسىيەتنىڭ يولىنى ئۈزۈش ئۈچۈن يۈزنى يېپىشى لازىم.

– ئايال كىشى ئۆيدىن چىققاندا دىققەت قىلىشى، يېپىشقا تېگىشلىك جايلىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى، يۆگىنىدىغان كىيىمنى باشقىلار كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا قويماسلىقى،

پۈتۈن بەدىنى ئېچىلىپ قالىدىغان ئاممىۋى مۇنچا ۋە سۇ ئۈزۈش ئورۇنلىرىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىيىمىنى ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەردە سالغان ئايال، ئاللاھ بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتقان بولىدۇ».[232]

**21. ئېپپەتلىك قىز-ئاياللارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: مودىغا ئەگەشمەسلىك.** قارىغۇلارچە مودىغا ئەگىشىش ئەخمەقلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئەقىلسىزلىقتۇر.

بەزى مودا قوغلىشىدىغان قىزلار يېڭىدىن دىنسىز، ئەخلاقسىز مودېللارغا ۋە باشقىلارنى ئازدۇرىدىغان يېرىم- يالىڭاچ مودېللارغا ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى شۇنداق ئۇسلۇبچى ياكى ئازدۇرغۇچى پاسىقلارنى دوراپ، ئۇلار كىيگەن كىيىم ياكى ئاياغنى شۇلارغا قىزىقىپ، چوڭ بىلىپ بىر كۈن كىيىدۇ، ئىككىنچى كۈنى خۇددى ئۆزى يامان كۆرىدىغان بىر كىيىمنى كىيىپ سالغاندەك سېلىپ تاشلاپ قويىدۇ.

يەنە شۇنداقلا بۇگۈنى يامان كۆرۈپ، ناچار، ئەيىبلىك دەپ رەت قىلغان كىيىمنى ئەتىسى چوڭ بىلىپ، ياقتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىنى كىيگۈسى كەلمىگەنلىكىنى كۆرسەتكەن، چۈنكى پالانى ئۇسلۇبچى ياكى ناخشىچى شۇ كىيىمنى كىيگەن، ياكى تىجارەتچىلەر شۇنىڭ يېڭى مودا بولۇۋاتقانلىقىنى راۋاجلاندۇرغان.

يەنە شۇنىڭدەك چاچ پاسونلىرى، زىبۇ-زىننەت، گىرىم-بۇيۇملىرى، قول سومكىلىرى قاتارلىقلارمۇ كۈندىن-كۈنگە مودېلىرى ئالمىشىپ، بۈگۈن مودا بولغىنى ئەتىسى مودىدىن قېلىپ، بۈگۈن مودىدىن قالغىنى ئەتىسى مودا بولۇپ دېگەندەك كېتىۋاتىدۇ، بۇلار يالىڭاچلىنىش، گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىش دېگەندەك پىتنە-پاسات ئىشىكىنى ئاچقاندەك، يانچۇقلارنى ھالسىرىتىپ، كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

---

[232] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 4010 – ھەدىس.

بۈگۈنكى زاماندىكى مودا ئەگەشكۈچىلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىستىكى مۇنۇ سۆزى ئۇيغۇن كېلىدۇ : «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىغا بىر غېرىچ بىر غېرىچتىن، بىر غۇلاچ بىر غۇلاچتىن ئەگىشىپ، ھەتتا ئۇلار سىرتلاننىڭ ئۇۋىسىغا كىرسە بىللە كىرەتتىڭلار، بىز: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىزدىن ئىلگىرىكىلەر يەھۇدىي ۋە ناسارالارمۇ؟ دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلاردىن باشقا كىم بولاتتى؟! دېگەن ئىدى».[233]

**22-ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: بۇزۇقچىلىق قىلىش ۋە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن دىققەت قىلىش ياكى شۇ ئىشلارنى قىلدى دېگەن تۆھمەتكە قويىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.**

كاپىر ۋە گۇناھكار كىشىلەر كىشىلەرنى باتىلغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاستا-ئاستا شەھۋانىي ئىشلار ۋە بۇزۇقچىلىققا سۆرەپ ئەكىرىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئارقىلىق شەرمەندە قىلىشنى تەھدىت سېلىش ئۈچۈن بەزىدە رەسىمگە تارتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ باتىلغا، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

مۆمىن بۇنداق ئىشلارغا قەتئىي چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر نەپسىگە يېڭىلىپ ئۇنداق ئىشلارغا چۈشۈپ قالسا، ھەق ئۈستىدە تۇرۇشى، كاپىر، گۇناھكار، مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا، ئۇلار شەرمەندە قىلغان ھالەتتىمۇ بويسۇنماسلىقى كېرەك. دۇنيادىكى شەرمەندىچىلىك كاپىرلارغا دوست بولغاندىن ياكى تېخىمۇ كۆپ يامان ئىشلار، ھاۋايى-ھەۋەس، مەئسىيەتلەرگە ئەگەشكەندىن، بۇزغۇنچىلىق ۋە گۇناھقا ياردەملەشكەندىن كۆپ ياخشى.

زامانىمىزدا قانچىلىغان ھاكىم ياكى مەسئۇللارنى دۈشمەنلەر

[233] بۇخارىي، 6889 – ھەدىس.

مال-دۇنياغا سىتىۋېلىپ، ئاستا-ئاستا ھاۋايى-ھەۋەس پاتقىقىغا سۆرەپ ئەكىرگەن، ئاندىن ئۇنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ شەھەرلەردە خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغان، شۇ دۆلەت ياكى شەھەرنىڭ تەرەققىياتىنى كەينىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىغاندەك ئىش ئېلىپ بارغان.

بۇنداق ئەھۋالغا بىر ساھابە ئۇچرىغان بولۇپ، دۈشمەنلەر ئۇنى پۇل-مال، ئەمەل-مەنسەپ بىلەن سېتىۋېلىشنى ئويلاپ تەكلىپ بەرگەندە، ئۇ ساھابە ئۆزىنى پاك تۇتقان، بۇ ساھابە بولسا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى تەبۇك ئۇرۇشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك جازالىغان مەزگىلدە، رۇملۇقلار ئۇ كىشىنى سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى ئاجىزلىشىپ قالمىغان، يۈمشاپ قالمىغان، ئىمانىنى ساتمىغان ئىدى. ئۇ كىشى ئۆز قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەدىنە بازىرىدا مېڭىۋاتاتتىم، شامدىن كەلگەن بىرى چىقىپ كەلدى، ئۇ مەدىنىگە ئاشلىق سېتىشقا كەلگەنلەر بىلەن بىرگە كەلگەن بولۇپ، كەئب ئىبنى مالىكنى ماڭا كىم كۆرسىتىپ قويىدۇ -دەۋاتاتتى، كىشىلەر ماڭا ئىشارەت قىلىپ مېنى كۆرسىتىشتى، ئۇ ماڭا غەسسان پادىشاھىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر خەتنى بەردى، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى: سېنىڭ ساھىبىڭنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) سەندىن يىراقلاشقانلىق خەۋىرى ماڭا يېتىپ كەلدى، سېنى ئاللاھ خارلىق، مەنسىتمەسلىككە ئۇچرايدىغان جايدا ياشايدىغان قىلمىدى، بىزگە قوشۇلغىن، دەردىڭگە دەرمان بولىمىز. خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزۈمگە: بۇمۇ بىر سىناق دېدىم -دە، ئۇ خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتىم».[234]

بىزنىڭ دۆلەتلىرىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىمان-ئەخلاق تەربىيەسى ۋە باللىرىمىزنى ئىپپەت-ھايالىق تەربىيەلەش ئەڭ ياخشى

[234] بۇخارىي، 4156 – ھەدىس. مۇسلىم، 2769 – ھەدىس.

ئۇسۇلدا بولۇشى كېرەك. ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزمۇ دۆلىتىمىزگە كەلسە ئۇلاردىن نەرسە سېتىۋالىدىغان، بىرگە تىجارەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم تاپالماسلىقى، بۇزغۇنچىلار راۋاجلاندۇرۇۋاتقان چاكىنا، يامان مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم تاپالماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇزۇقچىلىق بىلەن قارىلىنىپ ئايالنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرىگە سەۋر قىلغان، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان مۆمىننىڭ نەمۇنەسىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىدىن باشقىلار بۆشۈكتە سۆزلەپ باقمىغان، بىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام. ئىككىنچىسى، بەنى ئىسرائىلدا جۇرەيج دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ كىشى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ ئۇنى چاقىردى، ئۇ نامىزىمنى داۋاملاشتۇرايمۇ ياكى ئانامغا جاۋاب بېرەيمۇ؟! دەپ ئىككىلىنىش ئىچىدە نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى ، ئانىسى: «ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا پاھىشە ئايالنىڭ پىتنىسىنى كۆرسەتمەي جېنىنى ئالمىغىن» دەپ بەد دۇئا قىلدى، بىر كۈنى جۇرەيج نامازگاھىدا ئولتۇرغاندا بىر ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ قوشۇلمىغاندا، ئۇ ئايال باشقا بىر پادىچى بىلەن بىرگە بولۇپ، پادىچىدىن بولغان بالىنى جۇرەيجنىڭ دەپ تۇرۇۋالدى ، خەلق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ نامازگاھىنى ئۆرۈۋەتتى ۋە ھاقارەت قىلىشتى. ئۇ كىشى تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ ئاندىن بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ : «داداڭ كىم؟» دەپ سورىۋىدى، بالا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن سۆزلەپ: «پادىچى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى كۆرگەن خەلق: «نامازگاھىڭنى ئالتۇندىن سېلىپ بېرەيلى» دېگەندە، ئۇ كىشى: «ياق، لايدىن سېلىپ بېرىڭلار» دېدى. ئۈچىنچىسى، بەنى ئىسرائىلدىن بولغان بىر ئايال بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىن مېدالىئون ئېسىۋالغان ئاتلىق بىر ئادەم ئۆتتى، ئۇ ئايال: «ئى ئاللاھ ئوغلۇمنى مۇشۇ ئادەمدەك قىلغايلا» دېدى، ئېمىۋاتقان بالا ئېمىشتىن توختاپ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن

سۆزلەپ: «ئى ئاللاھ مېنى ئۇ ئادەمدەك قىلمىسىلا» دەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئېمىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارمىقىنى شوراپ ساھابىلەرگە ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ھالىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەردى». ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ قېشىدىن بىر دېدەك ئۆتتى، ئۇ ئايال: «ئى ئاللاھ ئوغلۇمنى بۇنىڭدەك قىلمىغىن!» دېدى، بالا ئېمىشتىن توختاپ: «ئى ئاللاھ مېنى مۇشۇنىڭدەك قىلسىلا!» دېدى، ئانىسى: «نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟» دېگەندە، بالا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن سۆزلەپ: «ئاتلىق ئادەم زالىم بىر ئادەم»، بۇ دېدەك بولسا، كىشىلەر بۇ دېدەكنى ئوغرىلىق قىلدى، زىنا قىلدى دېيىشىدۇ ئەمما ئۇ ھېچقايسىسىنى قىلمىغان ئىدى» دېدى.[235]

– مۇسۇلمان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان ئۆزىنى تۆھمەتكە قويىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم، بۇ ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئەنئەنىۋى توي قىلىش يەنى رەسمىي ئەنگە ئالدۇرماستىن، ئادەم چاقىرماي توي قىلىش. بۇنداق قىلسا ئەر ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپ-چىقىپ ياكى بىرگە سىرتلارغا چىقىپ قىلسا، باشقىلار ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىنى بىلمەي كەينىدىن سۆز-چۆچەك قىلىدۇ ۋە قارا چاپلايدۇ، پاك ئادەم ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۆھمەتكە قېلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

**23- ئېپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: بۇزۇقچىلىق ۋە شەھۋانىي ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ كەڭ تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش.**

شەھۋانىي ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە بۇزۇقچىلىق ھەققىدە سۆزلەش، شۇ ئىشلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، نادان كىشىلەرنى شۇ يولغا

[235] بۇخارىي، 2350، 3253 – ھەدىس.

باشلاپ، بەزى كىشىلەرنىڭ نەپسىنى شۇ تەرەپكە تەلپۈندۈرۈپ قويىدۇ، بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە يۈز بېرىشىنى كۆپ ئاڭلاش، كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى شۇنىڭغا كۆندۈرۈپ، ئۇنداق ئىشلاردىن بىئارام بولمايدىغان، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا يامان ئىشلارنى تارقىتىپ، مەشھۇر قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب تەييارلىغان ۋە قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ ۚ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**﴾ «مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»، مۆمىنلەرگە بىر-بىرىنى يۆگەش ۋاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئەجرى كاتتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭمۇ ئەيىبىنى ياپىدۇ».[236]

پاك-دىيانەتلىك مۆمىن گۇناھ-مەئسىيەتكە بېرىلمەيدۇ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، ھاياسىز ۋە پاسىق بولمايدۇ. ئەگەر ئىمانى ئاجىزلاپ گۇناھ-مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغان تەقدىردە گۇناھىنى يوشۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى، ھېچبىر ئادەمگە ھەتتا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ سىر ساقلىيالايدىغان ئادىمىگىمۇ سۆزلىمەسلىكى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى شەرمەندە قىلىش مەغپىرەت ۋە تەۋبىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن ئۈممىتىم گۇناھسىز بولۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇچىلا ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىنى ئاشكارىلاش دېگەن بىر ئادەم كېچىدە بىر گۇناھ ئىش قىلىدۇ، تاڭ ئاتقاندا ئاللاھ ئۇنى يوشۇرىدۇ ، ئەمما ئۇ ئادەم: قىلغان گۇناھ ئىشىدىن پەخىرلىنىپ: «ئەي پالانى!

[236] بۇخارىي، 2310 – ھەدىس. مۇسلىم، 2699 – ھەدىس.

مەن تۇنۇگۇن كېچە مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم» دەيدۇ، ۋە كېچىدە رەببى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، ئۇ ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ».[237]

كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى سازايى قىلىپ ئىلگىرى قىلغان **بۇزۇقچىلىق** ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئېلان قىلىپ، هاياسىز ۋە پاسىقلىقىنى ئاشكارىلاپ يۈرىدىغان ئادەم نومۇسسىز، هايادىن نېسىۋە ئالمىغان ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەم پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەخلاقنى يوقاتقان كىشىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ ئەھۋالنى مۇنۇ سۆزى بىلەن بايان قىلغان: «تۇنجى پەيغەمبەردىن باشلاپلا، كىشىلەر چۈشىنىپ يەتكەن سۆزلەردىن بىرى: هايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل» دېگەن سۆزدۇر.[238]

–تەبىئىيتى ساغلام، هايالىق ئادەم مۇباھ بولغان جىنسىي پاراڭلارنىمۇ قىلمايدۇ، ئەدەپ-ئەخلاق، ئىپپەت ۋە هايا مۇسۇلماننى ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدىكى خاس ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن هايا قىلدۇرىدۇ، ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن خىجىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە بۇ ئەدەپلەرنى بىلدۈرۈپ، ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان خاس ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن توسقان.

**24-ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان يىگىتكە هاۋايى-هەۋەس بىلەن قارىماسلىق**، بولۇپمۇ ئۇ بالا كېلىشكەن بولسا؛ كۆڭۈل بۇنى هالال دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قاراشقا مايىل بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى هارام قىلىنغان هاۋايى-هەۋەسنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان هەر قانداق مۇمكىنچىلىكتىن كۆزىنى

[237] بۇخارىي، 5721 – هەدىس. مۇسلىم، 2990 – هەدىس.

[238] بۇخارىي، 5769 – هەدىس.

يېغىشى كېرەك، ئەگەر ياش يىگىتكە قاراپ سىلىپ، ئۇنىڭغا قايتا قاراۋېرىشكە كۆڭلى تارتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن ئىنچىكىلەپ ئۇزۇن قارىماسلىقى كېرەك.

بۇنىڭغا سەل قاراش بەزىدە بەچچىۋازلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاھ تائالا بىزنى ھارام قىلىنغان ئىشلارغا، گۇناھ-مەئسىيەتكە، بۇزۇقچىلىققا، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارغا ۋە چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى ۋاجىپ قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ ۚ وَمَن يَتَّبِعْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ فَإِنَّهُ يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ ۚ وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يُزَكِّي مَن يَشَاءُ ۗ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾ «ئى مۆمىنلەر ! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» [سۈرە نۇر 21- ئايەت].

**25- ئىپپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقلىرىدىن: ئانانىزم قىلماسلىق.** ئەۋرىتى ۋە بەدىنى بىلەن ئويناشماسلىق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغْنِيَهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ**﴾ «ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن» [سۈرە نۇر 33- ئايەت]، ياش قىز-ئوغۇللار شەھۋەتكە بېرىلمەسلىكى، قاراش، ئاڭلاش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن شەھۋىتىنى قوزغىماسلىقى كېرەك.

– ئەي ياش! ئەگەر سەن بۇنداق گۇناھ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ قالساڭ، تاشلىمىقىڭ تەس بولىدۇ، شەھۋەتنىڭ

ئارقىغا كىرىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ۋە ئۇزۇن تىرىشچانلىق سەرپ قىلىشىڭ كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ئىنسان ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىپ قالسا، شەھۋىتى ئۇنى ئازدۇرىدۇ، ئالدايدۇ، ئۇنىڭغا غەرق قىلىپ باشقا ئىشلاردىن مەشغۇل قىلىدۇ، ھەقنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىن، شۇندىلا ئۆزۈڭگە رەھىم قىلغان بولىسەن. بۇ گۇناھنى قىلماسلىقىڭ، قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقاندىن ئاسانراق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ مەئسىيەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن تاشلاشنىڭ تەسلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، ئەگرى يول ۋە گۇناھ-مەئسىيەت توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «گۇناھ مەئسىيەت ئىشىكىنى ئاچمىغىن، ئەگەر ئېچىپ قالساڭ ئۇنىڭغا كىرىپ قالىسەن»[239] يەنى ئىنسان ئۆزىگە گۇناھ ئىشىكىنى ئېچىپ قالسا، ئۇنىڭدىن چىقالماي شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىپ قالىدۇ.

– كىشىنىڭ شەھۋىتى غالىب كەلگەنلىكتىن، ئۇ ئادەمنى كونترول قىلىۋالسا ۋە بۇ سەۋەبلىك زىنا ۋە بەچچىۋازلىققا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن چوڭراق ھارامغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئائىلە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ گۇناھنى زورۇرىيەت دائىرىسىدىن ئېشىپ داۋاملاشتۇرىۋەرمەسلىكى كېرەك.

بۇ ئىللەتكە گىرىپتار بولغان كىشى ياخشى ئىشلار ۋە تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ياخشىلىققا ياردەملىشىش ۋە سالىھلار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق، بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇش ۋە ئېپپەتلىك بولۇش يوللىرىنى ئىزدىشى كېرەك. شۇنداقلا؛ شەھۋەتنى قوزغاش ۋە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلماسلىقى، بەزى ئائىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىلەر، شەھۋەتنى ئەڭ تېز شەكىلدە تۈگىتىشنىڭ

[239] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 186 – ھەدىس. ھاكىم، 245 – ھەدىس.

ئورنىغا، ئۇنى ھالال ساناپ ھۇزۇرلىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئايالىلارغا ۋە قاراش چەكلەنگەن ئورۇنلارغا قاراش، ھاۋايى-ھەۋەس قوزغايدىغان سۈرەتلەرنى ئىزدەش، ھاياسىز، سېرىق فىلىملەرنى كۆرۈشتەك خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئەگەر ئانانىزم بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى «ئىككى يامانلىقنىڭ ئەڭ كىچىكىنى سادىر قىلىش» بىلەن ئاقلىغان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئانانىزم بىلەن شۇغۇللىنىشى زىنا قىلغىنىدىن ياخشىراقتۇر. لېكىن ھەر قانداق شەكىلدە ئۆزىنىڭ گۇناھ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئىش ھەققىدە باش قاتۇرغانلىقىنى ئاقلىغان بولسۇن، شۇنداقلا؛ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل يولىغا مېڭىش، شەھۋەتتىن قۇتۇلۇپ ئىپپەتلىك بولۇش ئۈنىگدىن بىھاجەت بولۇش يولىغا مېڭىشىنىڭ ئورنىغا، ئاشۇ پەسكەش قىلىقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا، شەھۋەت ئىنساننى تۇگەشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ روھىيىتىگە، ئىش-ھەرىكىتىگە، ۋاقتىغا، ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە تويۇنالمايدىغان دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ.

بىر ياش ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە، ئۇنى زىكرى قىلىشقا، كىتابىنى تىلاۋەت قىلىشقا، ھۇزۇرىدا تۇرۇشقا ياكى ئۇممەت ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراشنىڭ ئورنىغا، ناچار قانالىلارنى، شەھۋانىي رەسىملەرنى ۋە بۇزۇق، شاللاق ئۇسسۇلچى ئاياللارنىڭ رەسىملىرىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغان بولسا، كۈندۈزى شەھۋەت دەردىدە بۇزۇقچىلىقلارغا قاراش بىلەن، كېچىسى شەھۋىتىنى قوزغاپ، قاندۇرۇشنىڭ كويىدا ئۆتكەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ نە ئۆزىگە نە ئۇممىتىگە ياخشىلىقى يەتمەيدۇ.

چۈنكى تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولمىغان كىشى گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ھەر دائىم ياخشى ئەمەل قىلىپ، ئۆز كۈچىڭىزدىن پايدىلانسىڭىز، ۋاقتىڭىزنى تەرتىپلىك

ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، ۋاقتىڭىز تائەت-ئىبادەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش، سىيلە-رەھىم قىلىش، زىكىر قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، قىيامدا تۇرۇش ياكى دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ياكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ياكى ئۈممەتكە پايدىلىق نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىشلار بىلەن تولىدۇ.

- شەيتان ياشلارنى ئالدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ يەرگە قارا، بۇ قانالنى ئاچ، بۇ تېلېۋىزىيە قانىلىغا يۆتكە، جاھاندىكى ئىشلارنى بىل» دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ ۋە نەپسى ئۇنى سېرىق تور بەتلەرنى كۆرۈشنىڭ توغرىلىقىغا چاقىرىدۇ ۋە ئۇ نەپسىگە بويسۇنىدۇ. ئەگەر شەھۋەت ئۇنىڭ قەلبىگە كىرسە، ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ. دېمەك؛ بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى- نەپسى ياكى شەيتىنى بۇ تۈيغۇغا چاقىرىق قىلغان تۇنجى دەقىقىدىن باشلاپلا قارشى تۇرۇشى لازىم. ئەگەر قارشى تۇرالمىسا، ھارامغا چۈشۈپ قىلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پىتنە ئالدىدىكى كىشى خەتەرلىك چېگرا ئەتراپىدا پادا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشاشتۇر»[240] ۋە يەنە مۇنداق دېدى: «پىتنىنى قوبۇل قىلىدىغان قەلبكە قارا چېكىت قويۇلىدۇ».[241]

مۇسۇلمان ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشى، شەھۋانىي تۈيغۇلىرى چاقىرىق قىلىۋاتقان ئىشقا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

مۆمىن شەھۋەتكە قارشى چىقىپ، پىتنىنى رەت قىلغىنىدا، قەلبى نۇرغا تولىدۇ ۋە بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن نۇرى زىيادە بولىدۇ. شۇنداق دەرىجىگە يېتىدۇكى؛ بۇ تۈيغۇلار ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ،

[240] بۇخارىي، 52 – ھەدىس. مۇسلىم، 1599 – ھەدىس.

[241] مۇسلىم، 144 – ھەدىس.

ئۇنى ئازدۇرالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدىغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پىتنىنى رەت قىلغان قەلبكە ئاق چېكىت قويۇلىدۇ».[242] ئەنە شۇ شەھۋەت ئۇنى بويسۇندۇرالمايدىغان ئىپپەتلىك كىشىدۇر.

– ئەي ياش: ئاخىرەتتە سىزنى ساقلاۋاتقان لەززەت ۋە شەھۋەت سىز ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى ۋە ھارام شەھۋەتلەردىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟» [سۈرە قەسەس 60- ئايەت] ئاخىرەتتىكى كۆڭلىڭىز خالىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئويلىغىنىڭىزدىن ياخشىراقتۇر. خالىغان ھەر قانداق نەرسىڭىز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ﴾ «جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بار» [سۈرە فۇسسىلەت 31- ئايەت] سىزنىڭ پايدا-مەنپەئەتىڭىز ۋە شەھۋىتىڭىز ئاخىرەتتە، جەننەتتە نېمەتلەر ، باغلار، پاك جۈپلەر ۋە شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار. ئەقىللىق ئادەم كەلگۈسىدىكى چوڭ پايدىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. كەلگۈسىدىكى ناھايىتى چوڭ، دائىملىق ۋە مەڭگۈلۈك پايدىنى قانداقمۇ قولدىن بېرىپ قويسۇن؟!

ئەقىللىق كىشى دوزاخقا، ئازابقا ، مەھرۇملۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

ئەقىللىق كىشى ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتتا خالىغىنىنى قىلىش ۋە خالىغىنىچە شەھۋەتكە بېرىلىش ئۈچۈن يارىتىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلۇغ بىر زات ئۇنى بۈيۈك بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ.

[242] ئىلگىرىكى ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغان ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلغان كىشىگە دۇنيانىڭ ھارام شەھۋىتىنى تاشلاش ئاسان بولىدۇ ۋە بۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنىدۇ ، ئۇ ئۇنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ.

– مۆمىن ياش ئۆلۈمنىڭ ئاشكارا كەلمەيدىغىنىنى، ھەر قانداق ۋاقىتتا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلغان، توسقانلىرىدىن يانغان ھالدا، رەببى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنداقلا؛ مۆمىن ئۆزىنىڭ ناچار ئەمەللىرىنى ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈشىنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكىم ئۇ ھاياتىنىڭ ۋە ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. مۆمىننىڭ بۇنى بىلىشى ۋە ئېسىدە ساقلىشى-ئۇنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتنى تاشلىشىغا، ئەگەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالسا، تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

– دادىلارنىڭ ۋەزىپىسى كىچىك بالىلىرىنى شەھۋەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن، شەھۋەتنى ئۆگىتىدىغان، ئانانىزمغا قىزىقتۇرىدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى بىر ئادەم بۇ ناچار قىلىقلارغا ئۇنى قىلىدىغان ياكى توغرا دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن كىرىشىپ قالىدۇ.

– مۆمىن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە تولغان جەمئىيەت قىز-ئوغۇللىرىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن بويتاقلارنى ئۆيلەپ قويۇشقا تىرىشىشى لازىم. بولۇپمۇ شەھۋەت قوزغاتقۇچى ئامىللار كۆپىيىپ كەتكەن، ھارام ۋە شەھۋەت ئىشكىلىرى ئوچۇق ئېچىرقاپ جەمئىيەتتە. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كىشى تاماق يېگەندەك ، ئۇسسۇز قالغان كىشى سۇ ئىچكەندەك، شەھۋەت ياش قىز-يىگىتنىڭ قەلبىگە كىرگەندە، ئۇلار ئۇنى ھالال بىلەن قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى لازىم. ئۇ بولسىمۇ توي قىلىشتۇر. ئائىلە ۋە جەمئىيەت

ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشىگە ياردەم قىلىشى، چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشى، قىز-يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئاللاھ ھالال قىلغان شەكىلدە تۇرمۇش قۇرۇشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ياشلارنىڭ تەۋبە قىلىشىغا، شەھۋەت ۋە ئانانىزمدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى قائىدە:** ئاللاھ تائالا بىزگە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە ئەڭ چوڭ يامانلىقنىڭ ئىشىكى بولغان شەھۋەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چوڭ قائىدىسىنى ئېيتىپ بەردى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ ۚ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ۚ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ لِلذَّاكِرِينَ**﴾ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن . شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر» [سۈرە ھۇد 114- ئايەت]. يەنى، ئاللاھ تائالا ياخشىلىقلارنىڭ يامانلىقنى كەتكۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. دېمەك ، ئەي مۇسۇلمان ياش! شەھۋەتتىن ۋە يامان ئىشلاردىن قۇتۇلماقچى بولسىڭىز، قەلبىڭىز ۋە روھىڭىزدىن يامانلىقنىڭ تەسىرى يوقالغانغا قەدەر، ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشىڭىز لازىم. كۆڭلىڭىزدە ياخشىلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇڭ: «قەلبى مەسچىتلەرگە باغلانغان كىشى».[243]

ئىنسان ھەمىشە شەھۋەت تۈرتكىلىرى بىلەن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل تۈرتكىلىرى ئارىسىدا بولۇپ، بۇ ئىككىسى خۇددى تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەنگە قەدەر پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ. ياخشى ئەمەللەر كۆپەيگەنسېرى ياخشىلىق تارازىسى يامانلىق، شەھۋەت ۋە گۇناھ تارازىسىغا قارىغاندا

[243] بۇخارىي، 629 – ھەدىس. مۇسلىم، 1031 – ھەدىس.

ئېغىرلىششىقا باشلايدۇ ۋە شەھۋەتنىڭ ئېغىرلىقى ياخشىلىققا قارىغاندا ئازىيىشقا باشلايدۇ ۋە ئاستا-ئاستا يوقاپ كېتىدۇ .

**ئىككىنچى قائىدە:** ھەقىقەتەن شەھۋەتلەر قەلبكە سىڭىپ كېتىدۇ ۋە پاختىنىڭ ئىچىدىكى تىكەنگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىگە ئالتۇن ۋە ئالتۇن موزاينىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُشْرِبُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْعِجْلَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى» [سۈرە بەقەرە 93- ئايەت]. دېمەك؛ شەھۋەتنىڭ كۆڭۈلدە يىلتىزلىرى بولىدۇ، ئاشۇ يىلتىزلاردىن بىخلانغان بۇزۇق دەرەخنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ئۈچۈن يىلتىزىنى كېسىشىڭىز كېرەك. ئەگەر دەرەخنى كېسىپ يىلتىزلىرىنى كەسمىسىڭىز، شەھۋەت دەرىخى قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، تېخى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. چوقۇم ئۇنىڭ مەنبەسىنى قۇرۇتۇپ، ئۇنى سۇغارماسلىقىڭىز، ئوغۇت بەرمەسلىكىڭىز، ئۇنى ئەسلى تۇپرىقىدىن قومۇرۇۋېتىشىڭىز ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ يېرىنى ۋە ئوزۇقىنى ئالىدىغان بېجىرىم دەرەختىن بىرنى تىكىشىڭىز لازىم.

كىمكى جىنسىي ھەۋەسنى خالايدىكەن، چوقۇم ئاشۇ شەھۋەتنى قوزغايدىغان گېزىت -ژۇرنال ۋە تور بەتلەرگە قارايدۇ. ئۇنىڭ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشى شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنى قوزغىتىپ، گۇناھ-مەئسىيەتكە باشلايدۇ. ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان كىشىنى ئوت كۆيدۈرمەي قالامدۇ؟! ئەگەر ئۆزىنى شەھۋەت ئوتىدىن قۇتقۇزماقچى بولغان كىشى چوقۇم بۇ ۋە باشقا شەھۋەت قوزغاتقۇچى ئىشلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى ياكى قولىدىن كېلىشىچە ئازايتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېز ۋە يېقىن ۋاقىتتا ئۇ شەھۋەتتىن قۇتۇلۇپ شىپا تاپىدۇ.

بىلىڭكى، سىز شەھۋەت ۋە گۇناھ مەنبەلىرىدىن يىراقلاشقانچە، ئۇنى ئۇنتۇيسىز ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرى ئاستا-ئاستا يوقاپ كېتىدۇ.

لېكىن دەسلەپتە بۇنىڭغا كۆپ تىرىشچانلىق ۋە كۈرەش كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرلىرى دەسلەپتە كۈچلۈك بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلىشىپ، ئىش ئاسانلىشىدۇ -دە، قەلب شەھۋەتتىن پاك-پاكىزە ھالەتكە كېلىدۇ.

**ئۈچىنچى قائىدە:** ھەقىقەتەن بۇزۇقچىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ھەربىر جەمئىيەتتە تەشۋىقاتچىلىرى بولىدۇ. ئىنسان كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇلارغا بۇزۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن كىرىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان چوقۇم ھەر قانداق ناچار بىر ھەمراھتىن يىراق تۇرۇشى، ئۇنى گۇناھ ۋە بۇزۇقچىلىققا چاقىرىدىغان ياكى بۇ ئىشلارغا ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرنى رەت قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ ئورنىغا سالىھ كىشىلەر ۋە ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشى، ياخشىلىق ۋە ئىتائەت ئەھلى كىشىلەر بىلەن دوستلىشىشى لازىم. چۈنكى بۇزۇقچىلىق ئەھلىگە يېقىنلىشىش بۇزۇقچىلىققا يېقىنلىشىشتۇر ۋە ھالاكەتنىڭ سەۋەبىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَرْكَنُوا إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ مِنْ أَوْلِيَاءَ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ**﴾ «زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر. ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر» [سۈرە ھۇد 113- ئايەت]. دېمەك؛ زالىملارغا يېقىنلىشىش سىزنى زۇلۇم، گۇناھ ۋە شەھۋەتكە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئازاب ۋە دوزاخنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

**تۆتىنچى قائىدە:** ھەقىقەتەن نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش-روھىيەتنى ھاياجان ۋە شەھۋەت ئوتلىرىدىن راھەتلىتىشنىڭ يولىدۇر. نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق روھىيەت ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە ھارام شەھۋەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرىشىدىن ئارام تاپىدۇ، شەھۋەتلەر روھىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ،

ئۇنى تاشلاش ئۇ ئادەمنى ئازابلىمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ۋە روھىنىڭ پاكلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز» [سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەت].

ئىنسان روھىيىتىنىڭ تەبىئىتى شۇكى؛ ئىنسان روھىيىتى شەھۋەتلەرنىڭ ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەرنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىشىدۇ، ئاندىن ئايال، مال-دۇنيا، يۈز-ئابرۇي ۋە باشقىلىرىنى ئارزۇلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ﴾ «ئاياللار ... دىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى» [سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەت]. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇنىڭ بىلەن سىنىدى ۋە تىرىكىشىش، كۈرەش قىلىش ۋە روھنى پاكلاشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ﴾ «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار» [سۈرە ھەج 78- ئايەت]. ﴿وَمَن تَزَكَّىٰ فَإِنَّمَا يَتَزَكَّىٰ لِنَفْسِهِ﴾ «كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ» [سۈرە فاتىر 18- ئايەت].

مۇسۇلمان ئۆز روھىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ ئۇنى شەھۋەتكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشى، شەھۋەتنى رەت قىلىپ قەلبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم. ئەگەر مۇسۇلمان شۇنداق قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆز نەپسى خالىغىنىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر قانچە قېتىم سىنايدۇ، ئەگەر ھەر قېتىمدا ئاللاھنى رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، نەپسى-خاھىشىدىن غالىب كەلسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلاپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قەلبى ئارام تېپىپ، شەھۋەتلەر قەلبىگە تەسىر

كۆرسىتەلمەيدىغان، روھىنى بويسۇندۇرالمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندايدۇ، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنىلا قىلىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالا كۈرەش ئەھلىگە ئىكرام قىلغان ۋەدىسىدۇر.

لېكىن ئىنسان شەھۋەتكە بويسۇنسا، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلمىسا، شەھۋەت ئۇنىڭدىن غالىب كېلىدۇ ۋە ئاستا-ئاستا كۈچلىنىدۇ -دە، ئۇ كىشى ئېزىپ كېتىدۇ ۋە بۇنى داۋالىيالماي قالىدۇ. ﴿وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ ۖ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾ «نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» [سۈرە مەريەم 59- ئايەت].

ئەگەر ئەي مۇسۇلمان! نەپسىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىشتا قىيىنچىلىق ھېس قىلسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ گۇناھىقا، ھارام شەھۋەت ۋە لەززەتكە بويسۇنىشىڭىزغا سەۋەپ بولمىسۇن. ئۇ ھازىر سىزنىڭ ئىمتىھانىڭىزدۇر. لېكىن سەۋر قىلسىڭىز ۋە كۈرەش قىلسىڭىز، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى؛ كۆڭلىڭىز ئۇنىڭدىن ئارام تاپىدۇ ۋە كۆڭلىڭىزدىكى شەھۋەت لەززىتىنىڭ ھالاۋىتى ئاجىزلىششقا باشلايدۇ ۋە كۆڭلىڭىزدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ ، شۇندىلا ئۇنى تاشلاش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئاسان بولىدۇ.

ئەگەر شەھۋەتلەرگە بويسۇنسىڭىز، كۈرەش قىلىش قىيىنلىشىدۇ، ئۆزىڭىزنى چارچىتىسىز ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىسىز.

شەيتان سىزنى كۈرەش قىلىشتىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ۋە ساڭا: «سەن شەھۋەتكە قارشى چىقساڭ بەك چارچايسەن، ئۇ بەك تەس، پۈتكۈل ھاياتىڭدا سەۋر ۋە كۈرەش قىلمىساڭ بولمايدۇ. بۇ بەك چوڭ ۋە مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش، تەۋبە ۋە كۈرەش قىلىشنى كېچىكتۈر» دەيدۇ.

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سىزگە

بۇنىڭ يالغانچىلىق ۋە قۇرۇق خىيال ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلسىڭىز، ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېقىندۇر. بۇنى بىلىشىڭىز، ھىدايەت كەلگەنگە قەدەر، سەۋر قىلىپ بەرداشلىق بېرىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

**بەشىنچى قائىدە:** كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش. ھەقىقەتەن ئىستىغپارنىڭ ئىرادە شەكىللەندۈرۈشتە، ئاللاھقا يۈزلىنىشتە، گۇناھ ۋە شەھۋەتتىن يىراقلىشىشتا چوڭ تەسىرى بار. ﴿**قَالَ يَا قَوْمِ لِمَ تَسْتَعْجِلُونَ بِالسَّيِّئَةِ قَبْلَ الْحَسَنَةِ ۖ لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ «سالىھ ئېيتتى:«ئى قوۋمىم ، سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟» [نەمل 46- ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئىستىغپار ئېيتقان كىشىنىڭ رەھمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمْ وَلَا تَتَوَلَّوْا مُجْرِمِينَ**﴾ «ئى قەۋمىم، پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يىغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار » [سۇرە ھۇد 52- ئايەت]. ئاللاھ تائالا ئىستىغپارنىڭ كۈچ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، شۇ كۈچنىڭ قاتارىدا: نەپسىنىڭ گۇناھنى تەرك ئېتىش كۈچىمۇ بار.

مۇسۇلمان شەھۋەتكە ياكى گۇناھقا چۈشۈپ قالغاندا، ئىستىغپارغا ئالدىرىشى، كېچىكتۈرمەسلىكى كېرەك. ئاللاھ تائالا ئاشۇ كىشىگە مەغپىرەت ۋە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَىٰ مَا فَعَلُوا وَهُمْ**

**يَعْلَمُونَ * أُولَٰئِكَ جَزَاؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا ۚ وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾** «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!» [سۈرە ئال ئىمران 135، 136- ئايەتلەر].

مۇسۇلمان گۇناھتىن كېيىن بىۋاسىتە ئىستىغپار ئېيتىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، ئاللاھقا تېخىمۇ بەك يېقىنلىپ يالۋۇرىدۇ، دەرد تۆكىدۇ ۋە ئاللاھتىن تېخىمۇ بەك قورقىدۇ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە تېخىمۇ بەك قىزىقىدۇ، رەھمىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بۇ ھالەتتە شەھۋەتلىرىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا قىزىقسۇن؛ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىشى مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھمەتكە لايىق كىشىنىڭ بۇ ھالەتتىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ گەرچە قايتا-قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ، ھەر گۇناھ ئۆتكۈزگىنىدە، قورقۇش ۋە ئۈمىد ئارىسىدا بولىدىغان، جازالىنىشىدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشى ۋە تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمما گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ كارى بولمايدىغان كىشىگە كەلسەك، بۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلماسلىقىدىن قورقساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانىنىڭ ھالىتى ھەمىشە گۇناھىدىن ئەندىشە قىلىدىغان، شەھۋەتلىرىدىن پاكلىنىشقا ئۇرۇنىدىغان ھالەتتە بولۇشى، ھېچ گۇناھ ئۆتكۈزمىگەندەك گۇناھ ۋە شەھۋەتلىرىدىن خاتىرجەم ھالدا يۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى لازىم.

**ئالتىنچى قائىدە:** ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەت مەيدانىنى ئەسلەش. ئىنسان ئۆز ئاقىۋىتىنى، تەقدىرىنى ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نېمەت ياكى ئازابنى ئەسلىگىنىدە، بۇنىڭ شەھۋەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن قۇتۇلۇشى ۋە كۈرەش قىلىشىدا چوڭ تەسىرى بولىدۇ. ئەمما ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى؛ دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە غەرق بولىدۇ ۋە نېمە قىلىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَخْلَصْنَاهُم بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى الدَّارِ﴾ «ئۇلارنى بىز پاك-خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق» [سۈرە ساد 46- ئايەت]. ئەگەر ئىنسان ئاخىرەتنى ئەسلەشتىن ئىبارەت بۇ يېگانە خىسلەت بىلەن مەشغۇل بولسا، شۇندىلا ھاۋايى-ھەۋەسىدىن قۇتۇلۇپ، ھەممە ئىشنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بويىچە قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئۆلۈمنى ئەسلەشنىڭ شەھۋەت ۋە ئۇنىڭ لەززەتلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىشتە تەسىرى بارلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «لەززەتلەرنى ۋەيران قىلغۇچىنى كۆپ ئەسلەڭلار، ئەنە شۇ ئۆلۈمدۇر».[244]

ئەي مۇسۇلمان! ھەر كۈنى ئۆزۈڭگە ئۆلۈمنى ۋە ئاقىۋىتىڭنى ئەسلەيدىغان ۋاقىت بەلگىلىگىن.

– مۇسۇلمان ئۇ ھەقتە ئويلىنىش ئارقىلىق شەھۋەتلىرىدىن يىراقلىشىدىغان ئىشلار: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇلۇغلۇقى ۋە پەزلى-كەرەمى ھەققىدە ئويلىنىش. بۇ ھەقتە ئويلىنىش ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ، ئىتائەت ۋە ئەيمىنىمىشىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكى، ئۇستۈنلۈكى، قۇدرىتى ۋە ئازابى ھەققىدە ئويلىنىش. بۇ ھەقتە ئويلىنىش ئىنساننى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلىشنى زىيادە قىلىدۇ.

[244] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 7912 – ھەدىس. تىرمىزى، 2307 – ھەدىس. ئىبنى ھىببان، 2993 – ھەدىس.

– جىنسىي ھەۋەس ۋە ئانانىزمدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلار؛ روزا تۇتۇش، ئاز تاماق يېيىش ، توي قىلىش، بۇ ھەقتە توختىلىپ بولدۇق.

# ئىپپەتلەرنىڭ باشقا تۈرلىرى

## ۋە كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە قارىتا ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

ئىپپەت سۆزى ئامانەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، خىيانەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان كىشى ئامانەتدار كىشىدۇر.

مۇسۇلمان ئاچكۆز بولمايدۇ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنى تەمە قىلمايدۇ، ئامانەت ئىپپەتتۇر، ئىپپەتسىز كىشىدىن خىيانەت سادىر بولىدۇ ۋە ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئېھتىياجلىق تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ مېلىدىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان كىشىلەرنى ماختىدى ۋە بىزنى ئىپپەتلىك كىشىلەرنى تېپىپ ئۇلارغا سەدىقە بېرىشكە بۇيرىدى: ﴿**لِلْفُقَرَاءِ الَّذِينَ أُحْصِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الْأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لَا يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا ۗ وَمَا تُنفِقُوا مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ**﴾ «ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير -ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير -ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر» [سۈرە بەقەرە 273- ئايەت].

ھارام مالدىن ئىپپەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەب، رىزىقنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، تەقسىملەنگەن

ۋە پۇتۇۋېتىلگەنلىكىنى بىلىشىڭدۇر، ھارام مال بىلەن رىزقىڭ كۆپەيمەيدۇ. ھالال پۇل تېپىشتىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ، ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەنلىرىگە شۈكۈر قىلساڭ، رىزقىڭ ساڭا يېتىپ كېلىدۇ ۋە بەرىكەتلىك بولىدۇ، شۇندىلا سەن مەدھىيەلەنگۈچى ۋە قۇتۇلغۇچى بولىسەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى بۇيرۇغاندىن باشقا جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل يوق، مەن سىلەرنى توسقاندىن باشقا دوزاختقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل يوق، سىلەردىن بىرىڭلار رىزقىدىن ئەندىشە قىلمىسۇن، ھەقىقەتەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا شۇنداق دەپ ۋەھيي قىلدى: سىلەردىن بىرىڭلار چوقۇم رىزقىڭلار تاماملانمىغۇچە دۇنيادىن ئايرىلمايسىلەر، ئەي كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئاللاھتىن چىرايلىقچە رىزىق تىلەڭلار، ئەگەر بىرىڭلار رىزقىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن تىلىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا گۇناھ بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ».[245]

- مال-دۇنياغا قارىتا ئۆزىنى پاك تۇتۇشنىڭ قارىمۇ-قارشى تەمەخورلۇقتۇر، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان باشقىلارغا مەنسۇپ نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىشى، خاتا ياكى ھارام يول بىلەن بولسىمۇ، مال-دۇنيا قازىنىشقا ھېرىسمەن بولۇشىدۇر. ئۇنىڭ مېلى قانچە كۆپەيگەنسېرى، تېخىمۇ كۆپەيتىشكە قىزىقىدۇ، ئۇنى ھېچ نەرسە تويغۇزالمايدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا كەلگۈچىلىك مېلى بولسا، ئۈچىنچىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت تۇپراقلا تويغۇزىدۇ، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».[246]

بايلىق ۋە مال-دۇنيانىڭ كۆپلۈكى ئىنساننى تەمەخورلۇقتىن

[245] سەھىھ ھەدىس، ھاكىم، 2136 – ھەدىس.

[246] بۇخارىي، 6072 – ھەدىس. مۇسلىم، 1048 – ھەدىس.

ئىپپەتكە باشلاپ قويمايدۇ، قانائەت قىلىشنى بىلىش ئۇنى ئىپپەتكە باشلايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بايلىققا تولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بايلىق ئەمەستۇر، بايلىق دېگەن كۆڭۈلدە بولىدۇ».[247]

تەمەخورلۇقتىن قۇتۇلغان كىشىنىڭ كۆڭلى يورۇپ، راھەت تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامغا ھىدايەت تاپقان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى يېتەرلىك بولۇپ، قانائەت تاپتى».[248]

## كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە قارىتا ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

1. ئىپپەتلىك ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرىدىن: **يېتىملەر ۋە ئاجىزلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىدىن ئۆزىنى تارتىش.**

ئەگەر ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ئۆزىگە يېتىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى قوشۇپ تىجارەت ياكى باشقا ھەر قانداق ئىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزى ئۈچۈن بۇ پۇلدىن ئالماسلىقى كېرەك. ئەگەر كەمبەغەل كىشى بولسا، ئۇلارغا ئىشلەش ئۈچۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مېلىدىن ئۆز ئىش ھەققىنىلا ئالىدۇ، ئارتۇق ئالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَابْتَلُوا الْيَتَامَىٰ حَتَّىٰ إِذَا بَلَغُوا النِّكَاحَ فَإِنْ آنَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَادْفَعُوا إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ ۖ وَلَا تَأْكُلُوهَا إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ فَأَشْهِدُوا عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ حَسِيبًا**﴾ «يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار،

[247] بۇخارىي، 6081 – ھەدىس. مۇسلىم، 1051 – ھەدىس.

[248] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 2349 – ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 23989 – ھەدىس.

ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قىلىشىدىن قورقۇپ مال-مۈلكىنى بۇزۇپ -چېچىپ يەۋالماڭلار، (يېتىمگە ۋەسىي بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسىي بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار ، ئاللاھ ھېساپ ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر » [سۈرە نىسا 6- ئايەت].

2. مال-دۇنياغا قارىتا ئېھتىياتلىق بولغۇچىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: **باشقىلارنىڭ مال-دۇنياسىغا كۆز قىرىنى سالماسلىق**، ئۇنى تەمە قىلماسلىق ۋە ھەۋەس قىلماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾** «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر» [سۈرە تاھا 131- ئايەت]. بۇ ئايەت خۇددى شەھۋەتلەردىن ئېھتىياتلىق بولۇشنى تەلەپ قىلغاندەك، باشقىلارنىڭ مېلىدىن ئېھتىياتلىق بولۇشنى ۋە مالغا ئالاقىدار نەرسىلەردە ئېھتىياتلىق بولۇشنى، ئاللاھ تائالا كاپىرلار ۋە باشقىلىرىدىن ئىبارەت بىر تۈركۈم كىشىلەرگە نېسىپ قىلغان نەرسىلەرنى تەمە قىلىشتىن ئېھتىياتلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

- ئەدەپلەردىن بىرى: **ئېھتىياتلىق كىشى بىراۋنىڭ مال-مۈلكى ۋە شەخسىي نەرسىلىرىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماسلىقى كېرەك.** مەسىلەن، ئەگەر بىرەيلەننىڭ يانچۇقىدا قەلەمدىن بىرنى كۆرسە، قەلەمنى ئۆزىگە بېرىۋېتىشىگە سەۋەپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ قەلەمنى ياقتۇرغانلىقىنى ھېس

قىلدۇرماسلىقى كېرەك. كۆپىنچە كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە قىزىقىشىنى ياقتۇرمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە كۆز سالماسلىقىنى خالايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولغىنىكى، كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرىدۇ».[249]

– ئەدەپلەردىن بىرى: **دوستلىرىنىڭ ياكى ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ مېلىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىۋالماسلىقى كېرەك.** مەسىلەن، دوستىدىن ماشىنىسى بىلەن ئۆيىگە ياكى ئىشقا ئاپىرىپ قويۇشىنى سوراش. بەلكىم بۇنداق قىلىش دوستىغا ئېغىر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى يېقىلغۇنىڭ چىقىمى ئۇنىڭغا قالىدۇ، ۋاقتىنى ئالىدۇ، بولۇپمۇ بۇ ئىش قايتا-قايتا تەكرارلانسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دېمەك؛ ئىپپەتلىك كىشى ئەگەر ئۇنى قارشى تەرەپ ياخشىلىق مەقسىتىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلمىغان ئەھۋالدا، كىشىلەرگە يۈك بولۇشنى ياكى كىشىلەردىن پايدىلىنىشنى ياكى مال-مۈلكىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدۇ.

– ئەدەپلەردىن بىرى: **ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ پۇل-مېلىدىن ئۆزىنى تارتىشى.** گەرچە ئايالى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرسىمۇ. چۈنكى ئىپپەتلىك كىشى ئۇنى قەرز دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنى ھايا قىلىپ ياكى خىجىل بولۇپ ياكى ئىختىيارسىز بەرگەن بولۇشىدىن قورقۇپ، قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

– ئەدەپلەردىن بىرى: **ئېھتىياجلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دادا بولغۇچى بالىسىنىڭ مېلىدىن ئۆزىنى تارتىشى.** ئەگەر ئۇنىڭ مېلىدىن ئالغان ئەھۋالدىمۇ، ئېھتىياجىغا چىقىش

[249] ھەسەن ھەدىس، ئىبنى ماجە، 4102 – ھەدىس. ھاكىم، 7873 – ھەدىس.

قىلغۇدەك ئىلىشى لازىم، ئانا بولغۇچىمۇ شۇنداق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ داداڭنىڭدۇر»[250] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن : «يېگەن نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلار ئىشلەپ تاپقىنىڭلاردۇر، ھەقىقەتەن بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭدۇر».[251] ئەگەر دادا ئېھتىياجلىق بولسا خىجىل بولماستىن، بالىسىدىن پۇل سورىسا ۋە ئېھتىياجىغا چۇشلۇق ئالسا ۋە ئۆز پۇلىنى ئالغاندەك ئازادە بولسا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا مېھمان بولۇشتىن خىجىل بولماي، ئۆز ئۆيىدىكىدەك خالىغىنىچە يەپ-ئىچسە بولىدۇ.

دادا ئۇنىڭدىن باشقا ئېھتىياجلىق بولمىغانلىرىدا ئۆزىنى تارتىشى لازىم. دادا بالىسىنىڭ مېلىنى خالىغانچە ئالسا بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن بالىلىرىنىڭ مېلىنى ئىشلەتسە ۋە ناھەق رەۋىشتە ئۇلارنىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا بولمايدۇ.

3. مال-دۇنياغا قارىتا ئىپپەتلىك بولغۇچىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: **كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى دۇنيالىق نەرسىلىرىگە ھەسەت قىلماسلىق.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَىٰ مَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ**﴾ «ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟» [سۈرە نىسا 54- ئايەت]. كىشىلەرنىڭ ماللىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان كىشى؛ كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە ھەسەت قىلماستىن، ئۇلاردىكى نېمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلماستىن، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

[250] ھەسەن ھەدىس، ئىبنى ئەبى شەيبە، 22694 – ھەدىس.

[251] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 1358- نومۇر. ئەبۇ داۋۇد، 3529 – ھەدىس.

مۇسۇلماننىڭ دۇنيا ھەققىدە ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە قارىشى، ئۆزىدىكى نېمەتلەرنى كىچىك كۆرىشى، باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە ھەسەت قىلىشى لايىق بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ، ساغلاملىقىنى چوڭ بىلىپ شۈكرى قىلىشى ئۈچۈن، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرگە قارىشى لازىم. سىزدىن ئىلىم، ئەخلاق، گۈزەللىك، ساغلاملىق، بالا-چاقا، مال-دۇنيادا تۆۋەن قانچىلىغان ئىنسانلار بار؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مال-دۇنيادا ۋە يارىتىلىشتا ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىنى كۆرگەندە، ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قارىسۇن».[252]

4. مال-دۇنياغا قارىتا ئىپپەتلىك بولغۇچىنىڭ ئەدەپلىرىدىن: **ئاللاھنىڭ مالدىكى ھەققىنى زايە قىلىۋەتمەسلىك**. بۇنىڭ ئۈچۈن نامراتلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق، زاكاتنى ئادا قىلىشتىن باش تارتماسلىق ۋە كىچىكتۈرمەسلىك، ئائىلە، يېقىن-يورۇقلار، قولۇم-قوشنا، كېسەللەر ياكى دەۋەت ۋە جىھاد ئۈچۈن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سەرپ قىلىشى ۋاجىپ بولغان يەرلەردە كېمەيتىۋەتمەسلىك، ئاللاھ تائالا باشقىلارغا ئاتا قىلغان مال-دۇنيانى «باشقىلارغا بېرەمدۇ-بەرمەمدۇ، ئۆزىنىڭ دەپ ئويلامدۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئۇنى مالغا ئىگە قىلغانلىقىنى ئەسلەمدۇ» دەپ سىناش ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىشىنى تەمە قىلماسلىقى لازىم.

-ئامانەت ئەخلاقى ھەققىدە بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ئۆزىگە ھارام بولغان مالغا كۆز تىكمەسلىكنى ۋە ئۆزىگە ھارام بولغان مالنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ھەر تۈرلۈك شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئامانەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلماسلىق، ئۆزىگە ھارام بولغان پۇل-مالغا كۆز تىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنىڭ قاتارىغا يەنە- ئىنساننىڭ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان مال-

[252] بۇخارىي، 6125 – ھەدىس. مۇسلىم، 2963 – ھەدىس.

دۇنيادىن ئۆزىنى تارتماسلىقى، ئۈستىدىكى قەرز ياكى ھەقلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرماسلىق، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى ۋە قەرزلىرىنى يەۋېلىشتىن ساقلانماسلىق، ساختىپەزلىك قىلىش، ئومۇمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىش ، ئوغرىلىق قىلىش، يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىش ، پارىخورلۇق، كۆز بويامچىلىق قىلىش، تارازىدا كەم بېرىش، ئۆزىگە ھارام بولغان مالنى تەمە قىلىپ قەسەم قىلىش، مەھسۇلاتنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق ھارام مالدىن يىراق تۇرۇشمۇ كىرىدۇ.

### كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈشتىن ساقلىنىش

ئىپپەت سۆزى، كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈش، كىشىلەرنى تىللاش، باشقىلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ، غەيۋەتنى قىلىشتىن، تۆھمەت چاپلاش، بۇزۇقچىلىقلارنى تارقىتىش ۋە ئۇنى سۆزلەش قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرۇيى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر».[253]

مۇسۇلمان ئىپپەتلىك بولىدۇ ۋە پايدىسى بولمىغان سۆزلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا**﴾ «يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ» [سۈرە فۇرقان 72- ئايەت]. قۇرۇق سۆزدىن ئۆزىنى تارتقان كىشى ھارام، ناچار سۆزلەردىنمۇ ئۆزىنى تارتىدىغان كىشىدۇر».

[253] مۇسلىم، 2564 – ھەدىس.

## كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈشتىن ساقلانغان كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرىدىن

**1. باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىش ۋە يۈز-ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈشتىن ساقلىنىش**، گەرچە ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ؛ خۇددى بىر ئايالنىڭ خۇددى ئۇ ئايالدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك ياكى پاھىشە بىلەن تۆھمەت قىلغاندەك تۇس بېرىپ: «پالانى ئايالغا مەن كېپىللىك قىلالمايمەن» دېيىشى ياكى بىر ئادەمنىڭ كىشىلەردىن بىرىنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا ئىشارەت قىلىشى ياكى ئۇ توغرىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭ ھەققىدە گۇمانغا سالىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىغا ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى باشقىلارغا ئاڭلىتىشنى خالىسا، ئاللاھ ئۇنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ»،[254] شۇنىڭ قانداق بىر كىشى كىشىلەرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭمۇ يۈز-ئابرۇيىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ۋە ئۇنى رەسۋا قىلىدىغان كىشىلەرنى مۇسەللەت ئۇچراشتۇرىدۇ.

**2. غەيۋەتنى تەرك ئېتىش**، تىلى پاكىز كىشى ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. مەسىلەن؛ ئەگەر ئۇ بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، كىشىلەرنىڭ ئۇنى پاراڭلىشىشىنى ۋە ئۇنى رەسۋا قىلىشىنى ۋە ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشىنى ياقتۇرمىغاندەك؛ ئۇمۇ ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئۇلارنى تىلغا ئالمايدۇ ۋە ئۇلارنى رەسۋا قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر مۆمىننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».[255]

---

[254] بۇخارىي، 6134 – ھەدىس. مۇسلىم، 2986 – ھەدىس.

[255] مۇسلىم، 2699 – ھەدىس. بۇخارىي، 2310 – ھەدىس.

– بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن يالغانچىلىق، يالغان گەپ توقۇش، تۆھمەت چاپلاش، چېقىمچىلىق قىلىش، تىللاش، جېدەللىشىش ، سىرنى ئاشكارىلاش، ناچار چاقچاق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئائىت گۇناھلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇسۇلمان ئۆزىنى پاكىز تۇتۇشى لازىم.

***ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش***

ئىنسانغا لايىق بولمىغان، ئۇنى سادىر قىلىشى توغرا بولمىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئادەمگەرچىلىكتىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىلىشى كېرەك بولغىنى؛ ئەگەر ھايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىلغىن»[256] دېگەن سۆزىدۇر. بىز ئۇنى ئىنشائاللاھ ئوتتۇرا باسقۇچتا بايان قىلىمىز ۋە ئۇ يەردە ئادەمگەرچىلىك ۋە لايىق بولمىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشتىن ئىبارەت، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

مۇسۇلماننىڭ بىر يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى ئاشكارا ھالەتتە قىلىشى توغرا بولمايدۇ، ئاشكارا ھالەتتە قىلغان كىشى؛ ھاياسىز، ناچار، يۈزسىز ۋە ئىنسانلىقى بولمىغان كىشىدۇر.

مۇسۇلماننىڭ ئايالىنى ئاتا-ئانىسىدىن بەكرەك ھۆرمەتلىشى توغرا بولمايدۇ، ئايالىنى ھۆرمەتلىگەن مۇسۇلمان، ئەڭ بولمىغاندا ئاتا-ئانىسىنىمۇ ئايالى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ھۆرمەتلىشى كېرەك. مۇسۇلماننىڭ كىشىلەر ماڭىدىغان يولغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇشى توغرا بولمايدۇ.

---

[256] بۇخارىي، 5769 – ھەدىس.

مۇسۇلماننىڭ ئاۋازىنى قوشنىسىغا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى توغرا ئەمەس، بولۇپمۇ ئاياللار بار ئۆيلەر.

كىشىلەر بار يەردە ئۇلارنى تەكلىپ قىلماستىن ۋە ئۇلارغا بەرمەستىن ئۆزى يالغۇز بىر نەرسە يېيىش مۇسۇلمانغا قەتئىي ياراشمايدىغان بىر ئىش. بۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى؛ كىشىلەرگە ئۇلار قىزىقمايدىغان، قوبۇل قىلمايدىغان ياكى ھارام ۋە مەكرۇھ بولغان نەرسىلەرنى تەڭلەپ، ئۇلار ئالمىغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز ئىستېمال قىلىش. بۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىپ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تاماكا ئىسى ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇمۇ ئادەمگەرچىلىكنىڭ كەمتۈكلىكىدىن.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينى ئەۋرىتىگە بىكاردىن-بىكار قاراش، ياكى (گەرچە ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ) يالىڭاچ ھالەتتە ئولتۇرۇشىمۇ ئادەمگەرچىلىكنىڭ كەمتۈكلۈكىدىندۇر.

مەيلى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ياكى ئۆزى يالغۇز يەردە بولسۇن ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ كەمتۈكلىكىدىندۇر.

# 8. تېما

# هايالىق بولۇش ۋە هاياسىزلىقنى تەرك ئېتىش

***ھايانىڭ مەنىسى:***

ھايا- ئىنسانىنىڭ كەمچىلىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشى ۋە كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈشلەردە كۆرۈنۈشتىن قورقۇشتۇر.

ھايا روھنىڭ ئەدەپ-قائىدىسى ۋە يۈكسەكلىكىدىن، نۇقسانغا رازى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئېسىل كىشىنىڭ تەبىئىتى نۇقسان ۋە ئەيىبنى ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

ئىنسان مۇكەممەللىك، گۈزەللىك ۋە توغرىلىقتىن ھايا قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا نۇقسان بولغان ياكى نۇقسان بولۇشىدىن قورققان نەرسىلەردىن ھايا قىلىدۇ.

- مۆمىندىكى ھايا ئىنسانىنىڭ كىشىلەردىن ھايا قىلىشىنىلا بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئاللاھتىن ھايا قىلىشنى ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسى بىلەن ئارىسىدىكى ئىشلاردا ھايا قىلىش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مانا بۇ مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى پەرقلىق قىلغان نەرسىدۇر.

**كىشىلەردىن ھايا قىلىش-** ھايا ئۇ كىشىنى ناچار ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشنى تەرك ئېتىشكە ۋە كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىككە ۋە ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇنىڭدا مۆمىن بىلەن باشقىلار ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مۆمىن ناچار، ئەيىب سانىلىدىغان، سۆكۈلىدىغان ئىشلاردىن ۋە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ئىشلاردىن يىرگىنىدۇ، كاپىر بولسا كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئىشلاردىن يىرگىنىدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان، چەكلىگەن ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن

مۇسۇلمان ئاللاھتىن ۋە ئۆزىدىن ھايا قىلىش بىلەن ئالاھىدە بولىدۇ.

**ئاللاھتىن ھايا قىلىش-** ھايا ئۇ كىشىنى ئاللاھقا باش ئېگىشكە ، ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئاللاھ توسقان بارلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

**ئۆز نەپسىدىن ھايا قىلىش-** كىشىنى خالىي يەرلەردە ئۆزىنى بىلىش ۋە ئەدەپلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قىلمىغان ئىشنى ئۆزى يالغۇز ۋە خالىي ۋاقىتتىمۇ قىلمايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تەرك ئەتكەن ئىشنى قىلىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، خالىي ۋاقىتلىرىدىن ئاشكارا ۋاقىتلىرىدىكىدەك ياخشى پايدىلىنىدۇ، ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ئەھۋالدا ئاخىرەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ھېرىسمەن بولىدۇ.

ئۆزىدىن ھايا قىلىشقا پەقەتلا ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىدىغان، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى، قىلغان ھەر ئىشىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالىدىغان كىشىلا ھېرىسمەن بولىدۇ.

- ھايا قىلىش خىجىل بولۇش ئەمەس، ھايا قىلىش گۈزەل ئەخلاق، خىجىلچانلىق بولسا ناچار ئىللەت، ۋە بەزىدە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

خىجىلچانلىق- ھايا قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشتىن ھايا قىلىشتۇر. ئۇ ھەقلەرنىڭ زايە بولۇشىغا ۋە ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن؛ بىرەيلەننىڭ بىرسىدە ئالىدىغان پۇلى بار، لېكىن خىجىل بولۇپ سورىيالمايدۇ ۋە بۇ ئۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن؛ بىر ئايال ياكى ياش بىر قىز بىراۋنىڭ ئۇنى تۇتۇشىغا ۋە چاقچاق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى رەت

قىلىشتىن، ۋارقىراپ، تىللاشتىن خىجىل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېيىلىدۇكى : خىجالەت ئەرلەردە نامراتلىقنىڭ، ئاياللاردا زىنانىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

ھەقتىن ھايا قىلىش ناچار بىر ئىللەتتۇر. مۇسۇلمان ھەقتىن ۋە ئاللاھ يولىغا قويغان ئىشلاردىن ھايا قىلمايدۇ بەلكى ئۆزىنى ھەققە ۋە ياخشىلىققا مەجبۇرلايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قۇرئان ئوقۇش ياكى ئەزان توۋلاشتىن خىجىل بولمايدۇ، ئەگەر مەجبۇر بولۇپ قالغاندا يولنىڭ بىر تەرىپىدە ناماز ئوقۇشتىن خىجىل بولمايدۇ ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن خىجىل بولمايدۇ، بىر ئىشتا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن خىجىل بولمايدۇ، ئۆز ئاپىسىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ يېنىدا مېڭىشتىن خىجىل بولمايدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن خىجىل بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار بالىلىرىنى مانا مۇشۇنداق تەربىيەلىشى كېرەك.

***ھايانىڭ ئەھمىيتى:***

ھايا روھىيەتتىكى ئەدەپ، ئەخلاقتىكى ئۈستۈنلۈك، مۇئامىلىدىكى يۈكسەكلىك بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ۋىجدانىنى راھەتلىتىدۇ، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى بىلەن باشقىلارنىڭ راھىتىگە سەۋەب بولىدۇ، ھايا مۆمىنگە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ، ھاياتقا گۈزەللىك، بەخت ، خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك قوشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھايانىڭ ھەر قاندىقى ياخشىدۇر»[257] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن : «ھايا پەقەتلا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ».[258]

[257] مۇسلىم، 37– ھەدىس.

[258] بۇخارىي، 5766 – ھەدىس. مۇسلىم، 37 – ھەدىس.

كىشىلەر ھايانى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قورقۇش يوقاپ كېتىدۇ. ئىنسان ھايا ئەھلى بىلەن بىللە بولغىنىدا، ھېچكىم تويۇقسىز كېلىدىغان غەزەپ، ئاچچىق ۋە بېسىمدىن قورقمايدۇ ۋە ئۆزىگە ئازار بېرىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ياكى ئۇنى زەخىملەندۈرىدىغان ئىنكاسىنى كۈتمەيدۇ.

ھايالىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەيدۇ، ئۇلارغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۆزىنى ئۇستۈن تۇتمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا؛ ھايا ئۆز ئىگىسىگە ھەقنى ئۈستۈن كۆرۈش ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىنىشىنى ۋە باتىلنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھاياسى ئۇنى ئاللاھ ھارام قىلغان ۋە ئاللاھ غەزەپ قىلغان نەرسىلەردىن توسىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا؛ ھايا ئۆز ئىگىسىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز ھۆرمىتىنى تۆكىدىغان ئىشلاردىن توسىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىرەيلەن يامان ئىشقا يېقىنلاشماقچى بولسا ياكى ئۇنى ناچار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ياكى ئۇنى قىيىنچىلىققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ناھەقچىلىككە ئارىلىشىپ قالماقچى بولسا، ھاياسى ئۇنى بۇلاردىن قۇتقۇزىدۇ ۋە ئۆز ھۆرمىتى، ئىپپىتى، پاكلىقى، ئۇستۇنلۈكى ، ھوقۇقى ۋە ھەيۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھايا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئادرېسى ۋە توغرىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر، چۈنكى ئىنسان ھاياتى پەقەت ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پۈتكۈل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە «ئەدەپ» ۋە «گۈزەل ئەخلاق» ئاتالغۇسى ھاياغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنى بۇزۇقچىلىق ۋە ئۇياتسىزلىقنىڭ قارشىسىدا تىلغا ئالدى. خۇددى ئۇ ئارقىلىق ھايانى مەقسەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «قىيامەت كۈنى مۆمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر نەرسە يوقتۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھ بۇزۇق ۋە ئاغزى يامان كىشىگە غەزەپ قىلىدۇ».[259] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەش ۋە ۋالاقتەگكۈرلۈكنىڭ قارشىسىدا قىلغىنىدا، گوياكى ھايانى ۋە سۆزدىكى ئەدەپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەقسەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار، ئورۇن جەھەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن بولغىنىڭلار؛ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى مەندىن ئەڭ يىراق بولغىنىڭلار «**الثرثارون**» ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان، «**المتشدقون**» ۋالاقتەگكۈر، «**المتفيهقون**» لاردۇر دېگەن ئىدى، ساھابىلەر، ئى رەسۇلۇللاھ، «الثرثارون ۋە المتشدقون» نى بىلىمىز «المتفيهقون» كىملەر؟ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «تەكەببۇر كىشىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.[260]

---

[259] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 2002 – ھەدىس.

[260] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 2018 – ھەدىس.

## هايانىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىقىش

هايا ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «هايا ئىماندىن»[261] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى مۇنۇ ۋاقىتتا دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىندىشىغا هايا ھەققىدە تاپا-تەنە قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇ: سەن هايا قىلىۋېرىپ ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزدى دەۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى قىلغىن، ھەقىقەتەن هايا ئىماندىن» دېدى.[262]

ئىمانى ھەقىقەتلەر مۆمىننىڭ هايالىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پەقەت ياخشىلىقلا چىقىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «هايانىڭ ھەر قاندىقى ياخشىدۇر».[263] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «هايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن.[264] ئىمانغا ۋە ياخشىلىققا قىزىقىدىغان كىشىنىڭ هاياغا قىزىقىشى زۆرۈردۇر، ئەگەر هايانى يوقىتىپ قويسا بۇ ئۇنىڭ ئىماننىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ كەمتۈكلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

- ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك هايالىق ئىدى».[265] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هايانى ئۆزىگە مۇجەسسەملىشى- هايانىڭ گۈزەللىكى، ياخشىلىقى ۋە

---

[261] بۇخارىي، 5768 – ھەدىس. مۇسلىم، 36 – ھەدىس.

[262] بۇخارىي، 5767 – ھەدىس. مۇسلىم، 36 – ھەدىس.

[263] مۇسلىم، 37 – ھەدىس.

[264] بۇخارىي، 5766 – ھەدىس. مۇسلىم، 37 – ھەدىس.

[265] بۇخارىي، 3369 – ھەدىس. مۇسلىم، 2320 – ھەدىس.

ئۇلۇغلۇقىنىڭ دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى ئۆزگە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. ئەدەپلىك، ئىپپەتلىك كىچىك قىزلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھايالىقى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. قىزلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك ھايالىق بولغانلىرى يۈزى ئېچىلمىغان، پاك قىزلار بولۇپ، ئۇلار ئۆيدىكى ئوغۇل قېرىنداشلىرىدىن ھايا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇلارنى ئاكا-ئۇكىلىرىدىن توسىدىغان چېدىر ياسىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن بۇ قىزلاردىنمۇ بەك ھايا قىلاتتى، ئۇنىڭ روھى نېمىدېگەن يۇكسەك، ئەخلاقى نېمىدېگەن گۈزەل ھە! ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىزدۇر، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايالىق بولۇشقا قىزىقايلى!

- ھايا ئەڭ ئەۋزىلىنى، ئەڭ يۇقىرىسىنى، ئەڭ كۈچلۈكىنى ئېلىشتۇر، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ بۇيرۇقى ئارىسىغا كىرىدۇ: ﴿خُذُوا مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُوا مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قىلىشتىن ساقلىنىشىڭلار) ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار. [سۈرە بەقەرە 63 -ئايەت]

## هاياسىزلىق، شاللاقلىق، بۇزۇقچىلىق، ناچار ئەخلاق، ئەدەپسىزلىك ۋە ئۇياتسىزلىقنىڭ هاراملىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆگەنگەن نەرسە شۇكى؛ ئەگەر هايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىل».[266] دېمەك؛ ئىنسانىي روھ هايادىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئۇنىڭدىن ئەڭ غەلىتە ئىشلار ۋە سۆزلەر ۋە ئەڭ ناچار ھەرىكەتلەر سادىر بولۇشى مۇمكىن ۋە ئىنسانىيەت ئۇنى قەدىرلەش كېرەك دەپ تونۇيدىغان بارلىق قىممەت-قاراشلارنى پايخان قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مانا بۇ هايانى تەرك ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇنىڭدەك ناچار قىلىقلار يۈز بەرگەن بولۇپ هاياسىز كىشى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ خاتاسىنى ھېس قىلمايدۇ، روھىدىكى بۇزۇلۇشنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى خاتالىقنى كۆرەلمەيدۇ.

بۇ ھەدىس بىزگە ھەقىقەتەن بۇ مەنىنىڭ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مەنىلەردىن بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن قانۇن-كۆرسەتمىلەر يوقىلىپ كەتكەن، كۆپلىگەن توغرا قىممەت-قاراشلار ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ پىرىنسىپنىڭ كىشىلەرنىڭ ساماۋى كىتابلاردىن يىراق قېلىشىغا قارىماي، ئىنسانىيەت ساقلاپ قالغان بىر پىرىنسىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

– پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هايانى تەرك ئېتىشنىڭ، ئۇياتسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ هاراملىقىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا هايانىڭ ئىنسانىيەت روھىدا مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئىشلارنى

[266] بۇخارىي، 5769 – ھەدىس.

تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئەھۋالنى توغرىلاش ۋە ياخشىلاشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى؛ ھايانى تەرك ئېتىشنىڭ بولسا ئېغىپ كېتىش، بۇزۇقچىلىققا چۈشۈپ قېلىش، خاتالىشىش، تاجاۋۇز قىلىش ۋە يامانلىققا چۈشۈپ قىلىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇزۇقچىلىق بىر نەرسىدە بولىدىكەن ئۇنى بۇزىدۇ، ھايا بىر نەرسىدە بولىدىكەن ئۇنىڭغا زىننەت بېرىدۇ».[267]

- توغرا فىترەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىگىلىرى ھايانى يوقىتىپ قويۇش ھەققىدە ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە روھىيەتكە نىسبەتەن خەتىرىنى ۋە ناچار تەسىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇنداق دېيىشتى : «پالانچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى يوق، يەنى باشقىلارنى چۈشەنمەيدۇ، ۋە يەنە مۇنداق دېيىشتى : «پالانچىدا ھايا يوق؛ يەنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قەدرىنى قىلمايدۇ ۋە مۇنداق دېيىشىدۇ : «پالانچى ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ».

- بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئىسلامغا نىسبەت بېرىلگەن كۆپلىگەن كىشىلەر ھايا ۋە ئىپپەت ئەدەپكە پەرۋا قىلمىدى ۋە ئۇياتسىزلىق، بۇزۇقچىلىق، يامان ئىشلارغا ۋە چوڭ گۇناھلارغا بەند بولدى ۋە ئۇلارنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىشتى، بۇ ئىشلارنىڭ قاتارىدىن:

- بۇزۇق ناخشىلار ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ناخشىچى بىر ئەر ئايالىغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا دېيىشتىن ھايا قىلىدىغان سۆزلەرنى دەپ تۇرۇپ ناخشىسىنى ئېيتىدۇ، ۋە ئۇ ناخشىچى ئەدەپكە زىت بولغان ناچار سۆزلەرنى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا قىلىدۇ.
- ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى، كىيىمىنى ۋە

[267] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 12712 – ھەدىس. تىرمىزى، 1974 – ھەدىس. ئىبنى ماجە، 4185 – ھەدىس.

ھاياسىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىنى ئاشكارا قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىدىغان يەرلىرىنى ۋە بەدىنىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىنى نامايان قىلىشى.

- بىر كىشى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى يېيىشتىن ھايا قىلىدىغان تۇرۇپ، تاماكا چېكىشتىن ھايا قىلماسلىقى.
- كېچىلىك يىغىلىشلار، چاقچاق سورۇنلىرى، كىنو-فىلىملىرى ۋە گېزىت -ژۇرنال‌لاردا تايىنى يوق نەرسىلەرنى ئېلان قىلىشىدۇ.
- ئۇلار ھايا قىلماستىن تېلېۋىزوردا ياكى يىغىلىشلاردا يالىڭاچلىق، جەزبىدارلىق ياكى ئۇسسۇل كۆرۈش ئۈچۈن توپلىشىدۇ، بەزىدە ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرسىنىڭ باشقا جىنسلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراپ ھاياجانلىنىشىدىن قىزغانمايدۇ، بەزىدە دادا ئۆز بالىسى بىلەن بىللە كېلىدۇ ، بالىلىرىنى بۇزۇقچىلىق ئۈستىدە تەربىيەلەيدۇ، ئەدەپسىزلىكنى ئۆگىتىدۇ، بالىلىرىنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىزلىق ۋە شەھۋەتكە مايىللىقىنى ئاشكارىلايدۇ.
- تويلاردا ۋە يىغىلىشلاردا ئەرلەر ۋە ئاياللار ئوچۇق، جەلپكار ۋە ئېبسىل كىيىملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرىشىدۇ.
- كويئوغۇل ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئاياللارمۇ خىجىل بولماي، ھايا قىلماي، ئېپپەتسىزلەرچە، ئەدەپسىزلەرچە ۋە دىنسىزلارچە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ، بىر يىگىت ئۆزىنى پەرھىزكار دەپ قارايدۇ ۋە ئاياللار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشنى، ئاپىسىنىڭ ياكى قىز قېرىندىشىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ مېھمانلىرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە ھارام قىلىدۇ، ئەمما توي كۈنىسى ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىپ ھايا قىلماستىن ۋە ئويلانماستىن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ بەكرەك ئەدەپسىزلىكتۇر، لېكىن كىشىلەر

ئۇنى توغرا دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتتى، ئۇنى ئەيىب ياكى ھارام دەپ قارىمايدىغان بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا... دىيارىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر بۇزۇقچىلىققا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى ۋە مۇسۇلمانغا خاس ئەدەپ، ئىپپەت ۋە ھايادىن يىراقلىشىپ كەتتى، جەمئىيەت بۇزۇقچىلىقنى ئادەتتىكى توغرا بىر ئىشتەك كۆرىدىغان بولۇپ قالدى.

## هايانى قانداق ئۆزلەشتۈرىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؟

*بىرىنچى: هايانىڭ پىكرىي ئاساسى:*

1. هايامۇ باشقا ئەخلاقلارغا ئوخشاشلا توغرا ۋە مۇستەهكەم پىكرىي ھەقىقەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇغان، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق ھەقىقىتىنى تونۇغان ۋە ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇغان ۋە ئاللاھنىڭ بىزنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ھەققىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇغان، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى، دۇنيا ھاياتىدىكى ئەمەللەرنىڭ ساۋاب -جازاسىنى تونۇغان، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىش، چەكلەشتىكى ھەققىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى-يامان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىشىدىكى ھەقىقىتىنى تونۇغان... مانا بۇ ھەقىقەتلەرنى تونۇغان ۋە ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ روھىدا بۇ ھەقىقەتلەر گۇناھلاردىن، يامان ئەمەللەردىن، ناچار ئەخلاقلاردىن، قەبىھ ئادەتلەردىن ھايا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش- ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەدەپ، ھايا، پىرىنسىپچانلىق ۋە توغرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ بىلىم ۋە ھەقىقەتلەرگە بولغان ئىماننى يوقىتىپ قويغان كىشىنىڭ ھايانى يوقىتىپ قويغىنىغا ھەيران قالغىلى بولمايدۇ، ئۇنداق كىشى ھەر قانداق يامانلىق ۋە گۇناھقا جۈرئەت قىلىدۇ، ئۇنداقتا بۇنداق كىشىنى يامانلىق ۋە خاتالىقتىن نېمە توسىيالايدۇ؟

بەزىدە جەمئىيەتتىن ئەنسىرەپ ۋە كىشىلەردىن ھايا قىلىپ قىلىشى مۇمكىن، بۇنداق ۋاقىتتا پەقەت كىشىلەر ئەيىب دەپ قارىغان نەرسىلەرنىلا تەرك ئېتىدۇ، ئۇ كىشىلەردىن ھايا قىلىدۇ ۋە قورقىدۇ لېكىن ھەقتىن ھايا قىلمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي ئەلچىلىكتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك سەۋەبلىك ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى، چىرايلىق بىلەن سەتنى تونۇش ئاجىزلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدا ھايادىن پەقەت كىشىلەرنىڭ مەدھىيەسىلا قېلىپ قالىدۇ.

كىشىلەرگە بۇزۇقچىلىق، زۇلۇم، گۇناھ ئەھلى ۋە ماددا ۋە شەھۋەتلەرنى ياخشى كۆرۈش ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلار كىشىلەرگە شەھۋەت، يامانلىق ئىشىكلىرىنى ئەركىنلىك ۋە ئەركىنلىكنى يۈرگۈزۈش نامىدا ئېچىۋەتكەن چاغدا، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئاشۇنداق كىشىلەر ھۆكۈم قىلغىنىدا ئۇلار ئىنسانىيەتنى ئەيىب ئۇقۇملىرى قالايمىقانلاشقان، قىممەت-قاراش ۋە پرىنسىپلاردىن ھالقىغان بىر ھالەتكە ئاپىرىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، مەدەنىيەتلەرگە تەسىر قىلىشى، قورقۇشنىڭ ئەقىل ۋە پىكىرلەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن قىممەت-قاراشلار ئاستا-ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى، ئىنسانىيەت يۈز ئەسىرلەردىن بۇيان ھايا قىلىپ كەلگەن ئىشلار بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ئۇنى مۇداپىئە قىلىدىغان، ئۇنى نورمال ئىلگىرىلەش ، ئىنسانىي تەرەققىيات دەپ قارايدىغانلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇياتسىزلىقتا، بۇزۇقچىلىقتا، ئىنسانىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشتا، ئەخلاقىنى ۋەيران قىلىدىغان، جەمئىيەتلىرىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان نەرسىلەرگە غەرق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ھايا پەقەت ئىمان بىلەنلا مۇكەممەللىشىدۇ:**

ئەگەر مۆمىن بولمىغان بىرىدە ھايانى كۆرسەك بۇ-كىشىلەر ئەيىب ياكى خاتا دەپ قارىغان نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەقىقىي مۆمىن ئۆزى يالغۇز چاغدىمۇ ئەيىبى پەرقلىق بولمايدۇ، ئۇ ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ قېپقالىدۇ. كاپىر ئۆزى يالغۇز قالغىنىدا، يېنىدا ھايا قىلىدىغان كىشىلەر بولمىسا، ئۇنى خالىغان ئىشنى قىلىشتىن توسۇيدىغان نەرسە بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىلەر بىلەن بىللە بولسا ھايا ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەر ئەيىب دەپ قارىغان ئىشلاردىلا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ رىئاللىقتا ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇكەممەل بىرى بولۇشقا قىزىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىر ۋە پاسىق كىشىلەر پەقەتلا دۇنيالىق شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە ئالاقىدار ئىشلىرى ئۈچۈن كىشىلەردىن ھايا قىلىدۇ. ئۇ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈنلا ھايا قىلىشقا ۋە ئۆزىدىكى كەمچىللىكنى كۆرسەتمەسلىككە قىزىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دۇنيالىق شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە تەسىر يەتمەيدىغانلا ئىش بولسا، ئىنسانىيەت تارىخىدا دۈچ كېلىپ باقمىغان رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىقنى ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا كۆرىۋاتقىنىمىزدەك؛ ئۇ ھەر قانداق بىر جىنايەت، يامانلىق، خاتالىق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇزۇقچىلىق، رەزىللىك ۋە بوشاڭلىقلار ئەركىنلىك ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئايلىنىپ قالدى.

بۇزغۇنچىلىق، تەلۋىلىك ۋە قەلبلەرنىڭ شەھۋەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى بولسا كۆڭۈل-تاماشا ۋە بېسىم يەڭگىللىتىشكە ئايلىنىپ قالدى.

كېچىلىك سورۇنلار ۋە پاھىشىخانىلار ئىقتىساد ۋە دۆلەت كىرىمىگە ئايلىنىپ قالدى.

بايلىق سۆيگۈسى ۋە ئۇنى كۆز-كۆز قىلىش، مەنپەئەتپەرەسلىك، ھاجەتمەنلەرگە بېخىللىق قىلىش ۋە نامرات خەلقكە بەرمەسلىك بولسا- يانچۇقنى چىڭ بولۇش، ئىقتىساد باشقۇرۇشتىكى سەنئەت، شەخسىي ھوقۇق ياكى شەخسىي پاراۋانلىق ۋە بەختكە ، بايلىققا، پاراۋانلىققا يۈرۈش قىلىشقا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، ئىنسانلارنى ۋە تۇپراقلارنى ھالاك قىلىۋېتىش بولسا، تېخنىكا ۋە تەھدىتكە ئايلىنىپ قالدى.

پىرىنسىپچانلىق، ئۆزىنى قوغداش، قىممەت-قاراش ۋە دىن بولسا، تېررورىزم ، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىيەنى ۋەيران قىلىشقا ئايلىنىپ قالدى.

نامراتلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرىدىغان، بايلارنى تېخىمۇ بايلاشتۇرىدىغان، ئىشلەپچىقارمايدىغان تۈرۈپ ئىگىلىۋالىدىغان قىلىپ قويىدىغان جازانە بولسا كاپىتالىزمغا ، تەرەققىياتقا، ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە، نامرات دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشكە ئايلىنىپ قالدى.

يالغانچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىر بولسا سىياسەت ۋە زېرەكلىككە ئايلىنىپ قالدى.

ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان، ياخشى ئىشلاردىن ئالا قويىدىغان قوپال تەنھەرىكەتلەر قەھرىمانلىق ۋە چولپانلىققا ئايلىنىپ قالدى.

ئالدامچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق بولسا ئەقىل-پاراسەتكە ئايلىنىپ قالدى.

قانۇنغا ھىيلە ئىشلىتىپ ئادۋوكاتلىق قىلىش، ئادالەتنى بۇرمىلاش، ھاماقەتلەرنى گوللاش. جىنايەتچىلەرنى ئاقلاش بولسا، كەسپىي ئاقىللىق ۋە پۇل تېپىشنىڭ يولىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھايا بولسا خاراكتېردىكى ئاجىزلىقا، روھنىڭ پۈچەكلىكىگە، ئوتتۇرىغا چىقىشتىن قورقۇشقا ئايلىنىپ قالدى.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ۋە باشقىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ھايا ۋە قىممەت-قاراشنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ كارتىنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئىنسانىيەت مۇنۇ بالداققا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ: ﴿**إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا**﴾ «ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر» [سۈرە فۇرقان 44- ئايەت]. ھاكىملار ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تىلى تۆۋەندىكىچە: ﴿**وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ * أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ**﴾ «ئۇلارغا: يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار دېيىلسە، بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز -دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 11، 12- ئايەتلەر]. دېمەك: ئىنسانىيەت بۈگۈن پىكرىي ۋە ئەخلاقىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق.

2. ئىنسان ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ياخشى-يامان ئىشلارنى مەلۇم دەرىجىدە بىلەلەيدۇ، شەرىئەت ئۇنى توسىدۇ، خاتالىشىپ ياكى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالسا خاتاسىنى تۈزىتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ ھايانى ۋەسۋەسە ياكى ئاساسسىز تەقلىدۋازلىق ئۈستىگە بەريا قىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بەزى يەرلەردە ئاساسسىز ياكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئادەتلىنىپ كېتىشتى ياكى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، ناھەق ۋە پايدىسىز، ئۆزلىرىگە ئەزىيەت بېرىدىغان ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشتى، بىز ئۇلاردىن بىرىنىڭ بۇ ئادەتلەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ۋە ناچارلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلارغا قارشى چىقىش ياكى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ياكى تەرك ئېتىشتىن ھايا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۆز ئورنىدا بولمىغان خىجىل بولۇش ۋە ئاساسسىز ھايادۇر، ئىنسان ئۇنىڭدىن

پەيدا ئالمايدۇ، بەلكى دۇنيادا ئۇنىڭ كېرىكىمۇ بولمايدۇ، ئەكسىچە ئاخىرەتتە ھېسابى سورىلىدۇ.

3. ھايانى ئۆزلەشتۇرۇشنىڭ تەبىئىي تۇرتكىلىرىنىڭ بىرى: ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش، ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، بولۇپمۇ ھاياتىنىڭ بىسىمى كۆپ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ھاياتتا خاتالىقلىرىمۇ كۆپ، شۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتنى ئەڭ ئاز زىيان بىلەن ۋە ئەڭ يېنىك ئەزىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن چوقۇم سەۋرچان ، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇشى لازىم. ھايا قىلىش، خاتالىقلارنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىش ، ئىمكانقەدەر ئۆتكۈزۈۋېتىش كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئاشۇ روھىي ئەزىيەتلەرنى يېنىكلىتىدۇ، بولۇپمۇ روھىي ئەزىيەت جىسمانىي ئەرزىيەتتىنمۇ بەكرەك يارىلاندۇرىدۇ.

بۇزۇقچىلىق، تاجاۋۇز، كۆڭۈل ئايىماسلىق قاتارلىقلار كىشىلەر ئارىسىدا غايەت زور ئەزىيەت پەيدا قىلىدۇ، ئۇ بۆلۈنمىچىلىك، ئۆچ-ئاداۋەت، دۇشمەنلىك ۋە زۇلۇمغا ئېلىپ بارىدۇ. ھايا بولسا مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قوغداپ قالىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز مۇمكىن، ھايانىڭ كېمىيىپ كېتىشى قانچىلىغان كىشىلەرگە ئەزىيەت بەردى ۋە ئۇلارنى ھاياتى بويىچە قورقۇنچلۇق روھىي بېسىم ئاستىدا قىلىپ قويدى. رېئاللىقىمىزدا كۆرۈۋاتقان مىساللار ئارقىلىق بۇنى بىلەلەيسىز. مەسىلەن؛ توكۇر ياكى قارىغۇ كىشىلەرنى بەزى ئادەملەر كۆرگىنىدە ياراتمايدۇ ۋە مەسخىرە قىلىشىدۇ ۋە توكۇر ياكى قارىغۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ھېسياتچانلىشىپ كېتىدۇ ، بەزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى سىناش ئۇچۇن بۇ مۇسىبەتنى بەرگەنلىكىنى، تۆۋەن كۆرۈلىدىغان ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ -دە، كىشىلەرنىڭ تۆۋەن كۆرۈشى، مەسخىرە ۋە بىمەنە چاقچاقلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى يالغۇز، كۆڭلى يېرىم ھالدا ياشاشقا باشلايدۇ، بالىلىقى مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ ۋە ئۇ چوڭ بولۇشقا باشلايدۇ. بۇلار

ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ھاياتقا بولغان كۆز-قاراش ۋە مۇئامىلىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاياتلىقنى بەك زېرىكىشلىك ۋە ئازابلىق دەپ قاراپ، روھىي ئازارلىرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ.

***ئىككىنچى: ھايا ئۇچۇن رىئال ۋە ئەمەلىي قۇرۇلما***

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۆلچەمنى قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ھايا ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆز-قاراشلىرىغا دىققەت قىلىش ۋە ياخشى-ياماننى باھالىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ياخشى بولغان ئىشلارغا مۇسۇلمان قىزىقىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە يامان كۆرۈلگەن ۋە ناچار ئىشلاردىن مۇسۇلمان ھايا قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ياخشىلىق بولسا گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ بولسا ئىچىڭنى قۇتراتقان نەرسىدۇر ۋە مەن كىشىلەرنىڭ گۇناھتىن خەۋەر تېپىشىنى يامان كۆردۈم».[268] بۇ ئارقىلىق بارلىق ئۆرپ-ئادەت ۋە ئالاھىدە ئىشلار مەقسەت قىلىنمايدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە زىت كەلمەيدىغان توغرا ئۆرپ-ئادەتلەرگە قىزىقىدۇ، ئەمما شەرئى جەھەتتىن ئاساسسىز ئۆرپ-ئادەتلەرگە قىزىقىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايا قىلىش توغرا بولمايدۇ.

2. ھايانى پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن: بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە قارىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى تەرك ئەتسۇن ۋە ئۇنى باشقىلارغا قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى خالىسا، ئۇمۇ كىشىلەرگە شۇنداق قىلىشقا قىزىقسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىشىلەرگە ئۆزىگە كېلىنىشىنى ياخشى كۆرگىنىدەك

[268] مۇسلىم، 2553 – ھەدىس.

بارسۇن».[269] ئەگەر كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىڭىز، كەمچىلىكلىرىڭىز ، يامانلىقلىرىڭىزنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىشىنى ياقتۇرسىڭىز؛ ئۇلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ سىزدىن يامان گۇمان قىلماسلىقىنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇلاردىنمۇ ئىسپاتسىز يامان گۇمان قىلماڭ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشىغا، سىزنى يامانلىق بىلەن تىلغا ئېلىشىغا ياكى سىزگە ئاساسسىز تۆھمەت قىلىشىغا رازى بولمىسىڭىز؛ غەيۋەت قىلماڭ ۋە ھېچكىمگە بوھتان چاپلىماڭ، ئەگەر ئەخمەق قىلىنىشىنى، ئەيىبلىنىشىنى ، مۇز چىرايغا ئۇچراشنى، تۇزكوزلۇق قىلىنىشنى ياكى بىرىنىڭ سىزگە تىلى ياكى قولى بىلەن ئەزىيەت بېرىشىنى ياخشى كۆرمىسىڭىز، سىزمۇ بۇلارنى قىلماڭ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ سىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، ياخشىلىق قىلىشىنى، ئىلتىپات كۆرسىتىشىنى، ھۆرمەتلىشىنى، سىزگە چىرايلىق گەپ قىلىشىنى ياخشى كۆرسىڭىز، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ، كىشىلەرنىڭ كىچىكى، چوڭى، ئاجىزى، كۈچلۈكى، ئەر كىشى، ئايال كىشى ھەممىسى شەرئى ئەدەپنىڭ ئىچىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھايانىڭ قاتارىدىن ۋە ھايانى پەيدا قىلغۇچى ئامىللاردۇر.

3. ھايانى پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن: ئىنساننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاڭلاپ تۇرىدۇ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ھەممە نەرسىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ياخشىلىق ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئېھسان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ، ئەگەر ئۇنداق

[269] مۇسلىم، 1844 – ھەدىس.

قىلالمىساڭ، ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىدەك ئىبادەت قىلىشىڭ»[270] دەپ جاۋاب بەرگەن، بەندىنىڭ ئاللاھتىن ھايا قىلىشى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن بولغان ئىشلاردا ھايالىق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بۇيرۇغان ئەدەپ ۋە ئەھكاملار ئۇنىڭغا زىت كەلمەيدۇ.

4. ھايالىق، سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش. چۈنكى ھايا پەقەت ئىلىم بىلەنلا ھاسىل بولمايدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، كەمتەرلىكىنى، ئىنچىكىلىكىنى، دىققىتىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ھايا ساھەلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايا ئۇسلۇبىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقىدىكى ئىنچىكە نۇقتىلارنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ھايالىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئېھتىياجلىق. ئاللاھ تائالا بىزنى سالىھ ۋە راستچىل كىشىلەر بىلەن ياشاشقا بۇيرىدى ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قايتقان ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ**﴾ «راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار» [سۈرە تەۋبە 119- بەت] ۋە يەنە مۇنداق دېدى : ﴿**وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ**﴾ «ماڭا تائەت بىلەن قايتقان كىشىنىڭ يولىغا ئەگەشكىن» [سۈرە لوقمان 15- ئايەت]

قوپال، بىكارچى، پەسكەش، ئۇياتسىز، رەزىل، نادان كىشىلەر بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئەدەپ، ھايا، مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىقنى يوقىتىپ قويىدۇ.

[270] بۇخارىي، 50 – ھەدىس. مۇسلىم، 9 – ھەدىس.

## ھايالىق كىشلەرنىڭ ئەدەپلىرى

ئەگەر ھايا كىشىنىڭ روھىدا بولسا، ئۇنىڭ تەسىرلىرى ئىش-ھەرىكەتتە ئاشكارا بولىدۇ، بۇنىڭ قاتارىدىن:

1. ھايالىق كىشىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **ئەزالىرىنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلاش**، چۈنكى مۇسۇلمان ئەقلىنى باتىلغا مايىل بولۇشتىن، قورسىقىنى ھارام يېيىشتىن ، قەلبىنى غەپلەتتىن ۋە دۇنياغا باغلىنىپ قىلىشتىن ساقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار» دېۋىدى، ئاندىن بىز: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھقا شۈكرى! بىز ئاللاھتىن ئەلۋەتتە ھايا قىلىمىز» دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش بولسا، كاللىنى ۋەسۋەسىلەردىن، قورساقنى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلىشىڭ، ئۆلۈمنى ۋە بالا-قازانى ئەسلىشىڭدۇر، كىمكى ئاخىرەتنى خالايدىكەن، دۇنيا زىننىتىنى تەرك ئېتىدۇ، شۇنداق قىلغان كىشى ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلغان ھېسابلىنىدۇ».[271]

2. ھايالىق كىشىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشى**، گەرچە ئەڭ يېقىن ئادىمى بولسىمۇ، ئۇ يىل بۇرۇن تەۋبە قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۇناھى ۋە خاتالىقلىرىنى باشقا بىرىگە ئېيتماسلىقىدۇر. دېمەك؛ مۇسۇلمان ئاللاھ ياپقان ئەيىبنى ئاچمايدۇ ۋە ئۆزىنى رەسۋا قىلىشتىن، ئاللاھنىڭ ياپقىنىنى ئېچىشتىن ھايا قىلىدۇ.

[271] ھەسەن ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 3671 – ھەدىس. تىرمىزى، 2458 – ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، پەقەت ئاشكارىلىغۇچىلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاشكارىلاش دېگىنىمىز، بىر ئەر كىشى كېچىدە بىر ئىشنى قىلىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى: «ھەي پالانچى، مەن ئاخشام مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلدىم -دەيدۇ. رەببى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان ھالدا ئۇخلايدۇ، ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ ياپقىنىنى ئاچقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ».[272]

### ئىنساننىڭ ئۆزىنى رەسۋا قىلىشى ئۇياتسىزلىقتۇر.

كىشىنىڭ ئۆز گۇناھىنى ئاشكارىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشى، ماختىنىشى؛ ئاللاھقا جۈرئەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىلىك ئالماسلىقتۇر.

ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلارغا ئېچىشى؛ ھاقارەت، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە خور كۆرۈشتۇر.

ھايانى يوقىتىپ قويغان كىشى ھاياسىز ۋە ئۇياتسىزلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ رەزىل ئىشلىرىنى ھېچكىمگە پەرۋا قىلماستىن، كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشى ، نېمىدەپ ئەيىبلىشى ، ئۇنى كەمسىتىشى ۋە ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرۈشىگە قارىماستىن ئاشكارىلايدۇ.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى قىلغان بىر گۇناھ ھەققىدە پەتىۋا سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئالىمغا ئۇ گۇناھنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى دېمەستىن ، زۆرۈرىيەت بولمىسا گۇناھنى قىلغۇچىغا نىسبەت بەرمەي تۇرۇپ، سوئالىنى سورىسا بولىدۇ.

ئالىمنىڭ ھاياسى بولسا؛ ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغانلىقىنى بىلسە، گۇناھىنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالمايدۇ.

3. ھايالىق كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **ئاۋازىنى**

[272] بۇخارىي، 5721 – ھەدىس. مۇسلىم، 2990 – ھەدىس.

**ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى**، نادان كىشىلەردەك ۋارقىرىماسلىقى ، ناچار سۆزلەرنى قىلماسلىقى، يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىقىدۇر. ئەخلاقسىز كىشى ھايالىق كىشىلەرگە خاتا ۋە نومۇسسىز بىرەر ئىش قىلسىمۇ، ھايالىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئوخشىشى بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆز ئەدەپىگە ، ئەخلاقىغا، ھاياسىغا، مەرتىۋىسىگە لايىق شەكىلدە جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇزۇقچىلىق قىلمىدىغان، بازارلاردا نومۇسسىزلىق قىلمىدىغان بىرى ئەمەس ئىدى، ئۇ يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، بەلكى كەچۈرۈم قىلاتتى ۋە ئەپۇ قىلىۋېتەتتى».[273] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتلەردە جىمجىت ۋە تىنچ بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى : «بازارلاردا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار!».[274] دېمەك؛ مەسچىتتە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئالدىن ئورۇن بېرىش، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماسلىق، ھاياجانلانماسلىق، قۇرۇق گەپ قىلماسلىق، قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق، ئىمامەتچىلىكنى ۋە بىرىنچى سەپنى خۇددى بازارلاردا مال سېتىشتا بەسلەشكەندەك تالىشىش لازىم.

4. ھايالىق كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **باشقىلار كۆز ئالدىڭىزدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالغاندا خۇددى سىز خاتالىق ئۆتكۈزگەندەك ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن ھايا قىلىش** ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سالماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈپ ئۆتكۈزىۋېتىشتۇر. ھايالىق كىشىلەرنىڭ خاتالىقتىكى پوزىتسىيەسى خاتالاشقۇچىنىڭ جازاسىنى ھېس قىلىشتۇر. ئەبى سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز چېدىرىدىكى يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى، ئەگەر ئۇ يامان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالسا بىز ئۇنى

[273] بۇخارىي، 2018، 4558 – ھەدىس. تىرمىزى، 216 – ھەدىس.

[274] مۇسلىم، 432 – ھەدىس. تىرمىزى،228 – ھەدىس.

ئۇنىڭ يۈزىدىن بىلىنىپ قالاتتى».[275] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ھايا قىلغانلىقتىن بىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ۋە خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ خاتاسىنى يۈزىگە سېلىشنى ۋە خاتالىقى تۈپەيلى ئۇنىڭغا ۋارقىراشنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى.

ئەگەر ئىش ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان بىر ئىش بولسا؛ خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىرىمايتتى، بەلكى خاتالاشقۇچىنى ۋە باشقىلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە كۆپچىلىك ئاتالغۇسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالسا، ئورنىدىن تۇراتتى ۋە خۇتبە سۆزلەپ: «مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقان ياكى مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقان قەۋملەرگە نېمە بولدى؟» دەيتتى.[276] دېمەك؛ ھايا قىلىش ھەقنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، باتىل ئىشقا ۋە گۇناھقا سۈكۈت قىلىشنى بىلدۈرمەيدۇ.

5. ھايالىق كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋە يالغۇز قالغاندا ئەۋرىتىنى يېپىش.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايالىق، يۆگىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ، ھايالىقىدىن ئۇنىڭ تېرىسى كۆرۈنۈپ باقمىغان».[277]

بەھزى ئىبنى ھەكىم دادىسىدىن، بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئەۋرەتلىرىمىزنى كىملەردىن ساقلايمىز؟ دەپ سورىۋىدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەۋرىتىڭنى ئايالىڭ ۋە چۆرىلىرىڭدىن باشقىلاردىن ساقلىغىن» دېدى، ۋە مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى؛ ئەگەر بىر قوۋم ئۆز - ئارا

[275] بۇخارىي، 3369 – ھەدىس. مۇسلىم، 2320 – ھەدىس.
[276] بۇخارىي، 717 – ھەدىس. مۇسلىم، 1401– ھەدىس.
[277] بۇخارىي، 3223 – ھەدىس. مۇسلىم، 339 – ھەدىس.

بىر يەردە بولسىچۇ؟» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر ئەۋرىتىڭنى كۆرسەتمەسلىككە قادىر بولالىساڭ كۆرسەتمىگىن» دېۋىدى، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئەگەر ئۆزىمىز يالغۇز قالساقچۇ؟» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھايا قىلىنىشقا ئىنسانلاردىنمۇ بەكرەك لايىقتۇر» دېدى.[278]

بەزى ئالىملار بۇ ھەدىستىن؛ گەرچە ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى جائىز بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن قارىماسلىقى كېرەكلىكى ۋە بۇنىڭ تولۇق ھېسسىيات بىلەن ھايا ۋە يۈكسەك ئەخلاقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرگە كەلدى.

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئوچۇقچىلىقتا يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى : «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھايالىقتۇر، ئەيىبلەرنى ياپقۇچىدۇر، ھايانى ۋە يوشۇرۇنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بىرىڭلار يۇيۇنسا ئەتراپىنى توسۇپ قويسۇن».[279]

ئاللاھ تائالا ئەۋرەتنى «ئۇياتلىق ئەزا» دەپ ئاتىدى، چۈنكى ئىنسان ئۇنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن ھايا قىلىشى كېرەك بولغان يەردۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆز تەبىئىتىدە ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدىغان قىلىپ ياراتتى، لېكىن كۈنىمىزدە ئىنسانلىق تەبىئىتى يوقاپ كەتكەن، ھېسلىرى كۆمۈلۈپ قالغانلار- ئىنسانىيەتنى قالاقلىق ۋە ئىپتىدائىي دەۋرلەرگە قايتۇرۇشتى، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئېچىپ، ئۇنى زىننەتلەپ، ئۇنى گۈزەللىك ۋە تەرەققىيات دەپ بىلجىرلىماقتا، ئۇ بۇزۇقچىلىق، ئىنسانىيەتنى بۇزۇش ۋە يولدىن چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

---

[278] ھەسەن ھەدىس، تىرمىزى، 2794– ھەدىس.

[279] سەھىھ ھەدىس: ئەبۇ داۋۇد، 4012– ھەدىس. نەسائىي، 406 – ھەدىس.

ئوچۇقچىلىق، يالىڭاچلىق ۋە كىيىمنى سېلىشقا پەقەت شەيتانلا چاقىرىق قىلىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بەرگىنىدەك ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتانلار: ﴿**فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُورِيَ عَنْهُمَا مِن سَوْآتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَٰذِهِ الشَّجَرَةِ إِلَّا أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ**﴾ «لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كېتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» [سۈرە ئەئراف 20- ئايەت]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا بَنِي آدَمَ لَا يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ الْجَنَّةِ يَنزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْآتِهِمَا ۗ إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ ۗ إِنَّا جَعَلْنَا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ**﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قىلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق» [سۈرە ئەئراف 27- ئايەت].

6. ھايالىق كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن: **باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىشى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى، تۇيغۇلىرىغا ئازار بەرمەسلىكىدۇر.** ئەگەر كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ قالسا ياكى ئۇ خاتا قىلماي تۇرۇپ ئازار ئىشىتسە، مۇسۇلمان ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا بولغان خاتا چۈشىنىش، خىجىللىق ۋە ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرىكىتى

ۋە سۆزىنى ئاقلايدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇ خاتالاشمىغان بولسىمۇ، قىلمىشى ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورايدۇ، يەنى مۇسۇلمان شۇنداق قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ. سەئب ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھقا ياۋا ئېشەك ھەدىيە قىلدىم، ئاندىن ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ چىرايىمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «بىز ئۇنى ساڭا ئۇ بىزگە ھارام قىلىنغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق» دېدى.[280] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ، ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك كۆڭۈل يېرىملىقىنى يوقىتىدىغان گەپنى قىلدى.

7. مۇسۇلماننىڭ ھاياسىنىڭ قاتارىدىن: **گەرچە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ كىشىلەردىن پۇل سورىماسلىقى،** پاكلىق ۋە ھايا يۈزىسىدىن ئىمكانقەدەر سەۋر قىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ**﴾ «ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ» [سۈرە بەقەرە 273- ئايەت]. بۇ خىل كىشىلەر ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسا ئالدى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قىيىنچىلىقتا قالسا ئاندىن كىشىلەردىن ھايا قىلغان ۋە خىجىل بولغان ھالدا سورايدۇ ۋە ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى سورىمايدۇ. ئىنساننىڭ باشقىلاردىن سوراش ۋە تىلەشتىن بىھاجەت تۇرۇپمۇ سورىشى- ھايانىڭ ئازلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىھاجەت بولۇشقا قادىر تۇرۇپ سورىغان كىشىنىڭ جازاسى؛ خۇددى دۇنيادا يۈزىدىن ھايا تارتىلىپ كەتكەندەك، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش ۋە تېرىدىن بىرەر پارچىمۇ قالماسلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىشىلەردىن توختىماي نەرسە سوراۋەرگەن كىشى قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىرەر پارچىمۇ گۆش يوق ھالەتتە كېلىدۇ».[281]

[280] بۇخارىي، 1729– ھەدىس. مۇسلىم، 193– ھەدىس.

[281] بۇخارىي، 1405– ھەدىس. مۇسلىم،1410– ھەدىس.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھاياسىنىڭ بىر تۈرى؛ بالىلىرىنىڭ ھاجەتمەن كىشىلەرگە دىققەت ئېتىبارىنى بېرىشىنى ئۆگۈتۈشى، ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىشى ۋە سوراشقا مەجبۇر قىلماسلىقىدۇر. سىزنىڭ ھاجەتمەننى تونۇپ، ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىڭىز بار تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋېلىشىڭىز، خۇددى سىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك پەرۋا قىلماسلىقىڭىز، بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشىڭىز ئۇياتسىزلىق، ناچارلىق ۋە ھايانىڭ ئازلىقىدىندۇر.

8. مۇسۇلماننىڭ بالىلىرىنى نومۇسسىز ۋە ئۆكتەم قىلىپ تەربىيەلىشى، ئۇلارغا كىشىلەرگە يېنىشىنى، يامانلىققا تېخىمۇ يامانلىق قىلىشنى ياكى باشقىلارغا چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشنى ئۆگىتىشى توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتى ئارقىلىق بالىلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلىشىمىز كېرەكلىكىنى بايان قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا**﴾ «كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن ، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن» [سۈرە لوقمان 18- ئايەت].

بىر بالا بەزى ئۇياتسىز، رەزىل، خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىدا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى ياكى ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇنغاندەك ھېس قىلدۇرۇشنى ياكى ئۇلارغا جاھىللىقنى، بويسۇنماسلىقنى، كۆرسەتمىلىرىگە نارازىلىقنى ھېس قىلدۇرماقچى بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دادىنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ خاتالىقىنى بالىغا ھېس قىلدۇرۇشتۇر، دادىنىڭ ياكى بىرەر كىشىنىڭ بالىنىڭ قىلىقسىز ئىشىنى ماختىشى توغرا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلغاندا بالىنى يۈزسىزلىك، ھاياسىزلىق ئۈستىدە تەربىيەلىگەن ، ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق، زۇلۇم ۋە جاھىللىقنى ئۆگەتكەن بولىدۇ، بىراۋنىڭ بالىنى خاتا ئىشىدا «باتۇر» ياكى «مەن سېنىڭ

شۇنداق ئادەم بولۇشۇڭنى خالايمەن»، «يىگىت!» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ماختىشى توغرا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش بالىنى بۇزغانلىق ۋە خاراكتېرىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر.

شۇنداقلا؛ بەزى ناچار كىشىلەر بالىلىرىنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ ۋە بۇنى شىجائەت، قەھرىمانلىق، ئەركەكلىك دەپ سۈپەتلەيدۇ ۋە بەزى بالىلارنى تاماكا چېكىش ياكى ھاراق ئىچىشكە قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا بۇنى ئەركەكلىك، كۈچلۈكلۈك، ئادەمگەرچىلىك ۋە جەسۇرلۇق دەپ ئۆگىتىدۇ. ياكى ئۇلارنى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىشقا ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ پەخىرلىك چوڭ ئىش، يىگىتلىك، ئەركەكلىك، قىزغىنلىق ۋە سىپايىلىك ئىكەنلىكىگە قىزىقتۇرىدۇ. دېمەك ؛ جەمئىيەتنىڭ شۇنداقلا ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەتنى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە ھاياسىزلىقلاردىن قوغداش ئۈچۈن، بۇ ناچار قىلىقلارغا ئەيىبلەش ۋە قامچىلاش نەزىرىدە قارىشى ۋە بۇ يامان قىلىقلارنىڭ ھاياسىزلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىدۇر.

# 9. تېما

## مېھرىبان بولۇش ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ياخشىلىق قىلىش

## قوپاللىق، رەھىمسىزلىك ۋە يامانلىقنى تەرك ئېتىش

مېھرىبانلىق- قەلبىنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن يۇمشاقلىقىدۇر، مېھرىبان كىشى باشقىلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىئارام بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەرد ۋە دەرد مەنبەلىرىنى يوقىتىشقا قىزىقىدىغان بولىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن خۇشاللىق تاپىدىغان، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت خۇشال بولۇشىنى خالايدىغان بولىدۇ.

مېھرىبانلىق ئەخلاقىغا نۇرغۇن ئىشلار تەۋەدۇر. مەسىلەن؛ باشقىلارغا بولغان مۇئامىلە ۋە سۆزلەردىكى يۇمشاقلىق، سىلىقلىق، مېھرىبانلىق، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ياخشىلىق قاتارلىقلار.

مېھرىبانلىق ئىچكى تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر قەلبتە مەۋجۇت بولغىنىدا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەمەلىي تاشقى كۆرۈنۈشلىرى نامايان بولىدۇ. مەسىلەن؛ ئازغۇن ۋە كاپىرلارنىڭ ئازابلىنىشىدىن قورقۇپ ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىرىق قىلىش مېھرىبانلىقنىڭ نەتىجىسى، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ مېھرىبانلىقنىڭ نەتىجىسى، ئەر-ئاياللار، باللار ۋە تۇغقانلار ئارىسىدا سىلە -رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشمۇ مېھرىبانلىقنىڭ نەتىجىسى، قېرىنداشلىق، قېرىنداشلار، يېقىنلار، قوشنىلار، ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتمۇ مېھرىبانلىقنىڭ نەتىجىسى، مېھرىبانلىقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە تەسىرلىرى: يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش، نامرات، بىچارە، خىزمەتچى، ئاجىز، كېسەل، ياشانغان، مېيىپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشتۇر. مېھرىبانلىقنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى: باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلار بىلەن ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، قارشى تەرەپكە مۇلايىم بولۇش،

يامانلىق قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈۋېتىش ، ياخشى شاپائەت، سەمىمىي نەسىھەت قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ئەمەلىي تەسىرلەرنىڭ ئىچىدە چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان پەرزلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشى كۆرۈلگەنلىرىمۇ بار.

***مېھرىبانلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيتى:***

- مېھرىبانلىق- ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ ئىنچىكە بىر ئەخلاقتۇر. ئۇ بەخت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ دەردىنى يېنىكلىتىدۇ، كىشىلەرنى ھەقتە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەم بېرىشكە ئۈندەيدۇ.
- مېھرىبانلىق كىشىدە تېپىلىشى كېرەك بولغان ئەخلاق بولۇپ، ئاللاھ تائالا رەھىمدىل بولمىغان كىشىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى چەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «رەھىم قىلمىغان كىشى رەھىم قىلىنمايدۇ»،[282] ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرگە رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ.» دېگەن.[283] ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارغا رەھىم قىلىشنى ئۆز رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«زېمىندىكىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات سىلەرگە رەھمەت قىلىدۇ».[284] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ھەققانىي، ساخاۋەتچى، دۇرۇس پادىشاھ. ھەر قانداق بىر يېقىنىغا ۋە مۇسۇلمانغا كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل

[282] بۇخارىي، 5651– ھەدىس. مۇسلىم، 2317 – ھەدىس.
[283] مۇسلىم، 2319– ھەدىس. بۇخارىي، 6941 – ھەدىس.
[284] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 1924– ھەدىس.

كىشى. كىشىلەردىن تىلەشتىن پاك بولغان ھاجەتمەن».[285]

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھىر-شەپقەتنىڭ ئىسلام ئۇممىتىدىكى چوڭ تەسىرىنى بايان قىلدى، ئۇ ئىسلام ئۇممىتىنى بىر تەن، بىر ئۇلۇش ۋە بىر تەنگە ئوخشاش بىر ئۇممەت قىلىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ئۆز-ئارا دوستلىشىشتا ، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشتە بىر تەنگە ئوخشايدۇ».[286] ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى؛ مۆمىنلەر ھەدىستە دېيىلگەندەك بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى، بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشى لازىم، خۇددى بىر ئەزاغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا پۈتۈن بەدەن بىئارام بولغاندەك ۋە پۈتۈن بەدەن ئۇنى داۋالاشقا ۋە ئاغرىقنى، ئاغرىق سەۋەبلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك، ئەگەر بىر مۇسۇلمانغا بىر ئىش بولۇپ قالسا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بىئارام بولۇشى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى، ئۇنىڭ دەردىنى، قىيىنچىلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى، خۇددى بىر ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق يەتسە ياكى يامانلىقتىن قۇتۇلسا خۇشال بولغاندەك، ئەگەر بىر مۇسۇلمان خۇشال بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشى لازىمدۇر.
- يۇقىرى مەنسەپ ۋە چوڭ مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولغان ھەر قانداق ئادەم، كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنى ئەزىيەت ۋە يامانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ كىشى تېخىمۇ بەكرەك رەھىمدىل بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولىمۇ مېھرىبان قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرگە ۋە كىشىلەرگە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِالْمُؤْمِنِينَ**

[285] مۇسلىم، 2865 – ھەدىس.

[286] بۇخارىي، 5665 – ھەدىس. مۇسلىم، 2586– ھەدىس.

﴿رَءُوفٌ رَّحِيمٌ﴾ «(ئى ئىنسانلار)، شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر» [سۈرە تەۋبە 821- ئايەت]. مۆمىنلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى رەسۇلۇللاھنى بىئارام قىلاتتى، ئۇلارنىڭ پايدىسى، ھىدايىتى، ياخشىلىقى، راھىتىنى خالايتتى، ئۇلارغا مېھرىبان ئىدى، ئۇلارغا كۆيۈنەتتى ۋە غەمخورلۇق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ دەردى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، خۇشاللىقى ئۈچۈن كۈلەتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» [سۈرە ئەنبىيا 107- ئايەت]. بارلىق ئىنسانلار مەيلى كاپىر بولسۇن، مەيلى مۆمىن بولسۇن رەسۇلۇللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە شەپقىتىگە نائىل بولىدۇ، ئۇنىڭ شەپقىتى شۇكى؛ پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى ھىدايەت قىلىشقا قىزىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقىدىن، كاپىر پېتى قېلىپ ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىدىن ۋايىم يەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَذْهَبْ نَفْسُكَ عَلَيْهِمْ حَسَرَاتٍ﴾ «شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن» [سۈرە فاتىر 7- ئايەت]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَّفْسَكَ عَلَىٰ آثَارِهِمْ إِن لَّمْ يُؤْمِنُوا بِهَٰذَا الْحَدِيثِ أَسَفًا﴾ «ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن». شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان سالىدىغان نەرسىدە چىڭ تۇرۇشىدىن بولغان بىئارامچىلىقنى يېنىكلەتمەكچى بولدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىچى ئاغرىمايتتى ۋە كاپىر بولۇشنى ۋە

ئازغۇنلۇقنى تاللىۋالغان كىشىلەر ئىدى، ئەگەر سەن ئۇلارغا كۆيۈنۈپ بىئارام بولساڭ، ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزۈڭگە زىيان سالىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بېرىشى ياكى ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ ياكى ئۆلتۈرۈۋېلىشىڭ مۇمكىن.

- ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىمدىل ئەگەشكۈچىلىرىنى ماختاپ مۇنداق دېدى: ﴿**وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً**﴾ «ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق» [سۈرە ھەدىد 72- ئايەت].
- ئاللاھ تائالا سىزدىن ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، باشقىلارنىڭ بىئارامچىلىقىغا قايغۇرىدىغان، كىچىكلەر ۋە بىچارىلەرگە كۆيۈنىدىغان، ھاجەتمەنلەرگە قولىنى ئۇزىتىدىغان، گۇناھ، زۇلۇم ۋە ئەرزىيەتتىن يىراق تۇرىدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە ئىللىق، مۇلايىم، چىقىشقاق، مېھرىبان بىر قەلبىنى خالايدۇ.
- ئاللاھ تائالا ياخشىلىق، رەھىمدىللىك ۋە ھەققانىيەت بىلەن تولغان مېھرىبان، ساپ، ئاپئاق قەلبلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەرەپتىن رەھمەتكە نائىل بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللَّهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ**﴾ «يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە{يەنى جەننەتتە} بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا {يەنى جەننەتتە} مەڭگۈ قالىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 701- ئايەت].

- چۈنكى رەھىمدىللىكنىڭ ئۇممەت ۋە ئۇممەت ئەزالىرىدا، ئۇممەتنىڭ ئىسلاھاتىدا ۋە دەردلىرىنى يەڭگىللىتىشتە چوڭ تەسىرى بار. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى بىر-بىرىگە مېھرىبانلىقنى ئەسلىتىشكە بۇيرىدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ**﴾ «ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر» [سۈرە بەلەد 17- ئايەت].

ــ ئاللاھ تائالا رەھىمدىللىككە بۇيرۇغىنىدەك ؛ ئۇنىڭ قارىمۇ-قارشىسىنى ھارام قىلدى، يەنى **قاتتىق مۇئامىلە، قوپاللىق ۋە توڭلۇقنى ھارام قىلدى**، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللَّهِ لِنتَ لَهُمْ ۖ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ ۖ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ ۖ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ۚ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ**﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى ؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن،؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەت]. ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە مۇلايىملىقىنىڭ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان رەھىمدىللىك ئەخلاقىدىن كەلگەنلىكى بايان قىلىنغاندۇر.

### مېھرىبانلىقنى قانداق ئۆزلەشتۈرىمىز؟

- ئاللاھ تائالا مېھرىبانلىقنى ئىنسان روھىنىڭ، ھەتتاكى ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچلارنىڭ روھىغىچە تۇغما تەبىئىتى قىلىپ ياراتقان، رەھىمدىللىكتىن قوپاللىق، توڭلۇق، باغرى قاتتىقلىققا ئۆزگىرىپ كەتكەن كىشى ئۆز تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا 100 تۈرلۈك رەھىم-شەپقەت بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىنى جىنلار، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ھاشارەتلەر ئارىسىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن. ئۇلار شۇ رەھمەت بىلەن بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئاسرايدۇ، شۇ رەھمەت بىلەن يىرتقۇچ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنىدۇ. 99 رەھمەتنى قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قويدى».[287]
- مېھرىبانلىق ئىماندىن كېلىدۇ، چۈنكى ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشى ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ۋەزىپىلەرنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئالاقىدار بولغانلىرى بار، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچى ئۆزىنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىكى ھېسابىنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بۇ ئۇنى ئاللاھ ئۇنى بۇيرۇغان رەھىمدىللىك، ياخشىلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پىرىنسىپ، ئەدەپ ۋە مۇئامىلىگە ئۈندەيدۇ .

ئىماننى يوقىتىپ قويغان كىشىنىڭ رەھىمدىللىك ۋە ياخشىلىقنى يوقىتىپ قويۇشى مۇقەررەر، ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ رەھىمدىل بولۇشى نورمال ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەنلىكلەرنى «ئىمان ئەھلى» دەپ سۈپەتلىگەن

[287] بۇخاري، 6104 – ھەدىس. مۇسلىم، 2752 – ھەدىس.

ھەمـدە ئۇلارنـى باغـرى يۇمشـاق، ئاقكۆڭـۈل دەپ سـۈپەتلىگەن.[288]

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن مېھىر-شەپقەتلىك بولمىغان قوپال، باغرى تاش كىشىلەرنى سۆكتى، ياراتقۇچىنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان كىشى، يارىتىلغۇچىنىڭ ھەققىنى قانداقمۇ تونۇسۇن ؟! ياراتقۇچى ھەققىدىكى ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغان كىشى، يارىتىلغۇچىنىڭ ئېھتىياجىنى بىلمەس بولۇۋالماي قالامدۇ؟! ئاللاھنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى قانداقمۇ مەخلۇقنىڭ ھەققىنى بەرسۇن؟! ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىگە ئىچ ئاغرىمايدىغان كىشىنىڭ باشقا كىشىلەرگە قانداقمۇ ئىچى ئاغرىسۇن؟! قەلبلىرى مۇلايىملىق، مېھىر-شەپقەت ۋە ھېس-تۇيغۇدىن خالىي، باغرى تاش كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّن بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً ۚ وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الْأَنْهَارُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاءُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ ۗ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾ «(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار. (دېمەك تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر». يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ لَعَنَّاهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَاسِيَةً ۖ يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِ ۙ وَنَسُوا حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا بِهِ ۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ خَائِنَةٍ مِّنْهُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ ۖ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاصْفَحْ ۚ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا

[288] بۇخارىي، 4127 – ھەدىس. مۇسلىم، 52 – ھەدىس.

يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. (ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ».

- ئىنسان زېمىندا ئۆزى يالغۇز ياشىيالمايدۇ، ئۇ كىشىلەرگە موھتاج، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا موھتاج ، ھەر قانداق ئىنسان قاتتىقچىلىق، ھاجەتمەنلىك، قىيىنچىلىق ، بالا-قازا، كەمبەغەللىك، ئاجىزلىق ۋە قېرىلىقنى باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. ئەگەر كىشىلەر موھتاجلارنى ۋە ئاجىزلارنى تەرك ئېتىش، ئۇلارنى يۆلىمەسلىكنى ئۆزلىرىنىڭ قائىدە-پىرىنسىپى قىلىۋالسا، ئىمتىيازلىق ۋە باي ئادەملەر ھاجەتمەن بولۇپ قالغىنىدا كىشىلەر ئۇلارغا ئۇلار ئاجىزلار ۋە موھتاجلار بىلەن كارى بولماي، قوپاللىق قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئاجىزلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ پىرىنسىپى قىلغىنىدا، ئەگەر كۈچلۈك ئاجىزلىغاندا، باي نامراتلىشىپ كەتكەندە، ساق ئادەم ئاغرىپ قالغاندا، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، ياردەم بېرىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە يۆلەيدىغان كىشىنى تاپالايدۇ.

ئەگەر ئىنسان مېھىر-شەپقەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىسە ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ مېھرىگە موھتاجلىقىنى ئەسلىسە، بۇ ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۇ ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان بىرىنى چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۆزىدىن باشقىلارغا كۆيۈنۈشكە ئۈندەيدۇ.

- ئاللاھ تائالا دۇنيانى ھېچبىر ئىنسانغا ئازاب بولسۇن ئۈچۈن

ياراتمىدى، كىشىلەرگە بالا-قازا، مۇسىبەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سىناش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە شۇنداقلا كىشىلەر بىر-بىرىگە رەھىم قىلامدۇ-يوق، ياكى بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلامدۇ، ئادىللىق قىلامدۇ ياكى زۇلۇم قىلامدۇ، ياخشىلىق قىلامدۇ، يامانلىقمۇ؟ دېگەندەك كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سىناش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ لِبَعْضٍ فِتْنَةً أَتَصْبِرُونَ ۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرًا﴾ «بەزىلىرىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [سۇرە فۇرقان 20- ئايەت]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً ۖ وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾ «سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)» [سۇرە ئەنبىيا 35- ئايەت].

- ئىنساننىڭ ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ مېھرىبانلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن؛ كىشىلەرنىڭ رەھىمدىللىككە ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىدۇر. ئەگەر ھەر قانداق ئادەم قېرىندىشىغا مېھىر-شەپقەت، ياخشىلىق، چىدامچانلىق ۋە سەۋرگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر قانداق ئورۇندا مېھىر-شەپقەت ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلسا، بۇ ئەسكەرتىش ۋە تەۋسىيەلەر قەلبتە رەھىمدىللىك پەيدا قىلىدۇ ۋە باشقىلار بىلەن داۋاملىق مېھرىلىك ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ تەۋسىيەلەرنىڭ مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ﴾ «ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر» [سۇرە بەلەد 17- ئايەت].
- مېھرىبانلىق سۈپىتىنىڭ مۇسۇلماندا مەھكەم ئورنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئورۇنلاردا رەھىمدىللىك سۈپەتلىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش لازىم.

## مېھرىبان ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

ئاللاھ تائالا بىزنى رەھىمدىللىك ۋە ياخشىلىققا بۇيرىدى، كۆپلىگەن ھالەتلىرىمىزدە رەھىمدىللىككە دىققىتىمىزنى تارتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان مېھرىبانلىق بىلەن زىننەتلىنىشى ، ئاللاھ ۋاجىپ قىلغان ياكى بىزنى چاقىرغان مېھرىبانلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قىلىشى لازىم. مېھرىبانلىقنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقىدىن: **مېھرىبانلىقنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ * وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ «كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» [سۈرە ئال ئىمران 131، 132- ئايەتلەر]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» [سۈرە نۇر 56- ئايەت].

2. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقىدىن: **ئۆزىنىڭ گۇناھ ۋە ئەيىبلىرىنى يېپىش ئارقىلىق ئۆزىگە رەھىم قىلىش.** ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆز ئەيىبلىرىمىزنى يېپىشنى ، ئۇنى ئاشكارىلىماسلىقنى ، خاتالىقلىرىمىزنى ئېلان قىلىپ جار سالماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، پەقەت

جار سالغۇچىلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. جار سېلىش دېگىنىمىز؛ بىر كىشىنىڭ كېچىسى بىر يامان ئىشنى قىلىشى ۋە ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇشى، ئاندىن: «ھەي پالانچى، مەن ئاخشام مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلدىم» دېيىشىدۇر، ئۇ ئادەم ئاللاھ ياپقان ھالدا ئۇخلايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ياپقىنىنى ئاشكارىلىغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ».[289]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ بۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئايالنى ياقتۇرۇپ قالدىم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدۇم، مانا مەن بۇ ئىشنى قىلدىم، ئەمدى ماڭا خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئاللاھ يوشۇرغان ئىشنى سەنمۇ يوشۇرساڭچۇ؟ » دېدى. ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى، ئاندىن بۇ كىشى ئورنىدىن قوپۇپ مېڭىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى ئۇنى چاقىرىش ئۈچۈن كەينىدىن چىقارتتى ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿**وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ ۚ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ۚ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ لِلذَّاكِرِينَ**﴾ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر». ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى: «ئەي، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بۇ شۇ كىشىگىلا خاسمۇ؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ياق ھەممە كىشىگە ئومۇمۇم» دېدى.[290]

[289] بۇخارىي، 5721– ھەدىس. مۇسلىم، 2990 – ھەدىس.

[290] مۇسلىم، 2763 – ھەدىس.

3. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقىدىن: **ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق، ئىتائەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش.** ﴿**وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا**﴾ «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىڭلار» [سۈرە بەقەرە 83، سۈرە نىسا 36، سۈرە ئەنئام 151، سۈرە ئىسرا 23- ئايەتلەر]. ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىغا ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى ۋە مۇنداق دېدى : ﴿**وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ**﴾ «ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن» [سۈرە ئىسرا 24- ئايەت]. دېمەك؛ ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۆۋەن ھەم كەمتەر بولۇشىمىزنى، شۇنداق كەمتەرلىككى ئۇلارغا بولغان كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن خۇددى ئۇلارنى يۇدۇۋاتقان ۋە ئاسماندا ئۇچۇرۇۋاتقاندەك بولۇشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى بىز ئۇلارنى يۇدۇۋاتقان قاناتنىڭ ئاستىدا بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ۋاجىپ قىلدى.

4. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقىدىن: **خوتۇن-قىزلىرىغا ۋە ئاياللارغا رەھىمدىل بولۇش؛** ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، مۇلايىم بولۇشقا ۋە ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشقا بۇيرىدى ۋە بىزنى ئاياللارنى بوزەك قىلىشتىن، ھەقلىرىگە ۋە ماللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ تويلۇق ھەققى ۋە مىراسىنى ئىگەللىۋېلىشتىن توستى، ئۇلارنىڭ ئۆزى خالىغان كىشىگە ياتلىق بولۇشنى توسۇشتىن چەكلىدى ۋە يوللۇق، قانۇنلۇق سەۋەبسىز ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يولدىشى بىلەن يارىشىپ قىلىشنى توسۇشتىن چەكلىدى ۋە قىزلارنى ئۆزى خالىمايدىغان كىشى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن چەكلىدى.

5. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ -ئەخلاقىدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇيرۇغاندەك ؛ **ئايالىغا رەھىمدىل بولۇش**

ۋە ئۇنىڭغا **ياخشىلىق قىلىش**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا، قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن، ئاياللارغا ياخشىلىق بىلەن نەسىھەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى، ھەقىقەتەن قوۋۇرغىدىكى نەرسىنىڭ ئەڭ ئەگرىسى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىدىدۇر. ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن ، ئۇنى تاشلىۋەتسەڭ ئەگرى پېتى قىلىۋېرىدۇ ، ئاياللارغا ياخشىلىق بىلەن نەسىھەت قىلىڭلار».[291] يەنە مۇنداق دېگەن : «ئاياللارغا ياخشىلىق بىلەن نەسىھەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردۇر».[292]

ئاللاھ تائالا نىكاھنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ**﴾ «ئاياللار بىلەن ئۇنسى -ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر». ئايەت بۇ ئىشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر سۈپەتتۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت بولۇشى ۋە ئۇلاردىن ھەر-بىرى يەنە بىرىگە ئۆزىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەندەك رەھىمدىللىك قىلىشى ۋە سۆيگۈ، مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە نازاكەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

بىر ئائىلە قانداق قۇرۇلىدۇ، قانداق مۇستەھكەملىنىدۇ، ئۆي ئىگىسى قانداق قىلىپ راھەت ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ؟ بۇلار پەقەتلا ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، ھەمكارلىق بىلەن بولىدۇ.

---

[291] بۇخارىي، 4890، 3153 – ھەدىس.

[292] ھەسەن ھەدىس، تىرمىزى، 1163 – ھەدىس.

6. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن: **ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش**، بولۇپمۇ ئۇلار كېسەللىك ، مەشغۇلىيەت، بالا ـ قازا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە ياردىمىگە ئېھتىياجلىق چاغلاردا، ئۇنىڭدىن باش تارتماسلىقتۇر. ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىدە قانداق ئىشلارنى قىلاتتى؟ دەپ سورىدىم ، رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ئەگەر ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى دېدى.[293]

7. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن: **بالىلىرىمىزغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ۋە ئۇلارنى سۆيۈش**، ئۇلارغا قوپاللىق قىلماسلىق، قورقۇتماسلىق، ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا سەۋرچان بولۇش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيدى، ئۇنىڭ قېشىدا ئەقرە ئىبنى ھارىس بار بولۇپ، ئەقرە: «مىنىڭ ئون بالام بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ: «رەھىم قىلمىغان كىشى رەھىم قىلىنمايدۇ» دېدى ».[294] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلىرىنى ئامراقلىق ۋە مېھىر بىلەن سۆيۈشنى خالىمايدىغان كىشىلەرگە قاراپ: «ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردىن مېھىر-شەپقەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسا، مەن قانداق قىلالايتتىم؟» دېدى .[295]

ـ بالىلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئامراقلىقنىڭ ئىپادىسى شۇكى؛ ئەگەر

---

[293] بۇخارىي، 5692– ھەدىس.

[294] بۇخارىي، 5651– ھەدىس. مۇسلىم، 2318 – ھەدىس.

[295] بۇخارىي، 5652– ھەدىس. مۇسلىم، 2317 – ھەدىس.

نامازدىكى چاغدا كىچىك بالىلار يىغلاپ كەتسە ئۇنى توختىتىش ۋە ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن نامازنى ئالدىراپ ئوقۇشتۇر، ئەگەر بالىنىڭ ئانىسى جامائەت ئارىسىدا بولۇپ، ئىمام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا ئىمام نامازنى قىسقا قىلىدۇ، دادا ئاپىسىنى ئويغىتىۋەتمەي بالىنى توختىتىش ئۈچۈن كېچىلىك نامىزىنى قىسقا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن نامازغا تۇرۇپ، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولىمەن، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئانىسىغا جاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ نامىزىمنى يەڭگىل قىلىمەن».[296]

8. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يېقىن كىشىلىرىگە رەھىمدىل بولۇش**، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش. ئاللاھ تائالا ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئۇلارغا مېھرىبان بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، رەھمەت سۆزىدىن كېلىپ چىققان سۆز بىلەن، يەنى «رحم» سۆزى بىلەن ئاتىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن رەھمەت رەھمان تائالانىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئاللاھ تائالا: «رەھىم-شەپقەتلىك بولغان كىشىگە مەنمۇ رەھىم-شەپقەت قىلىمەن، رەھمەتنى ئۈزۈپ تاشلىغان كىشى بىلەن مەنمۇ ئالاقەمنى ئۈزىمەن».[297] ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قېرىنداشلار مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىقتا باشقا كىشىلەردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

9. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **قوشنىغا مېھرىبان بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش**. ئاللاھ تائالا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا ۖ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَىٰ وَالْجَارِ الْجُنُبِ**﴾ «ئاللاھقا ئىبادەت

[296] بۇخارىي ، 830– ھەدىس.

[297] بۇخارىي، 5642– ھەدىس.

قىلىنغانلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئانىڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە ، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا ... ياخشىلىق قىلىڭلار» [سۈرە نىسا 36-ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مېھىر-مۇھەببىتىمىزنى قوشنىمىزغا ئۇ بىزدىن راھەت بولغۇدەك ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلمايدىغىنىمىزغا ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېۋىدى، «كىم ئى رەسۇلۇللاھ؟» دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى دېدى».[298] مۇسۇلماننىڭ قوشنىسى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ھالەتتە بولۇشى قوبۇل قىلىنمايدۇ، مۆمىننىڭ رەھىمدىللىك، ياخشىلىق، ھۆرمەت ۋە قوشنىسىغا ئەزىيەت بېرىشتىن ئېيپەتلىك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا، بەلكى بۇ ئۇنى مۆمىنلىك سۈپىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ.

10. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **يېتىملەر، مىسكىنلەر، تۇل ئاياللار، خىزمەتچىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاجىزلارغا رەھىمدىل بولۇش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش.**

ئاللاھ تائالا ئاجىزلارغا رەھىم قىلغان ۋە ئۇلاردىن تەكلىپ ۋە گۇناھنى يەڭگىللەتكەن تۇرسا، بىز قانداقسىگە يەڭگىللەتمەيمىز؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ظَالِمِي أَنفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنتُمْ ۖ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ ۚ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا ۚ فَأُولَٰئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَسَاءَتْ مَصِيرًا * إِلَّا الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا * فَأُولَٰئِكَ عَسَى اللَّهُ أَن يَعْفُوَ عَنْهُمْ ۚ وَكَانَ اللَّهُ عَفُوًّا غَفُورًا**﴾ «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار(يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار

[298] بۇخارىي، 5670– ھەدىس. مۇسلىم، 46 – ھەدىس.

بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىننى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغانلارنىڭ) بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغانلار (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي. ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» [سۈرە نىسا 97-99- ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا بىزنى ئاجىز ۋە كۈچسىز كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە، ئۇلارنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيرًا**﴾ «(ئى مۆمىنلەر) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاھالىسى زالىم بۇ شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىلغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىلغىن» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر؟» [سۈرە نىسا 75- ئايەت].

- ئاللاھ تائالا يېتىمغا يامانلىق قىلىش، ئۇنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ياخشىلىق قىلماسلىق ۋە كىشىلەرگە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلماسلىقنى؛ ئىنساننىڭ زىيانغا

ئۇچرىشىنىڭ ۋە خارلىقتا چۈشۈپ قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە ئازغۇنلىقىنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ * كَلَّا ۖ بَل لَّا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ * وَلَا تَحَاضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ * وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَّمًّا * وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا﴾ «پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر. بىر-بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر. مىراسنى (ھالال-ھارام دېمەستىن) ھە دەپ يەيسىلەر. مالنى (ھېرىسلىك بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر» [سۈرە فەجر 16-20- ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئەگەر ئۇ يېتىم-يېسىر، مىسكىن، نامرات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ئاجىزلارنى ھەقىقىي ھۆرمەتلىسە، ئازابتىن ۋە قەلبىنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قۇتۇلىدىغانلىقى ۋە قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن خالىي بولۇپ، رەھمەتكە نائىل بولىدىغان رەھىمدىل كىشىلەردىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ * فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ * وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ * فَكُّ رَقَبَةٍ * أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ * يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ * أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ * ثُمَّ كَانَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ * أُولَٰئِكَ أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ﴾ «ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟ ئۇ داۋان ئاشمىدى. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر، ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بەرمەكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن

بولماقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر» [سۈرە بەلەد 10ـ18- ئايەتلەر]. ئايەتتە رەھىمدىل بولۇشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى بەلكى باشقىلارنىمۇ مېھرىبانلىققا، چىدامچانلىققا ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشىمىز لازىم، ئەنە شۇ سائادەتمەن كىشىلەر بولغان جەننەت ئەھلىنىڭ يولىدۇر.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرنى تۇل ئايالغا رەھىم قىلىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قىزىقتۇردى ۋە ئاشۇ ئۇنىڭ جىھادى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ساۋابى بولسا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاشلىقىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «تۇل ئايال ۋە مىسكىنگە ياردەم بەرگۈچى؛ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر».[299]

11. ئاجىز ۋە غەمكىن كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇشنىڭ قاتارىدىن: **ئاتا-ئانىسىدىن ياكى ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالىغا رەھىمدىل بولۇشتۇر.**

ئاللاھ تائالا بىزنى يېتىمغا ئەزىيەت بېرىش، ئۇنى خارلاش ۋە روھىنى سۇندۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇردى: ﴿**فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ**﴾ «يېتىمنى خارلىما» [سۈرە زۇھا 9- ئايەت]. ئاللاھ تائالا يېتىمغا ئەزىيەت بەرگەن، ئۇنى ئۇرغان، بوزەك قىلغان ۋە ئۇنى دۆشكەللىگەن كىشىنىڭ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلىقىنى ياكى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئوخشاش غەپلەتتە قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ * فَذَٰلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ**﴾ «دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان ئادەمدۇر» [سۈرە مائۇن 1، 2- ئايەتلەر].

ـ ئاللاھ تائالا بىزنى يېتىملەرگە قارىتا بۇيرۇغان رەھمەتنىڭ قاتارىدىن شۇكى؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز ۋە

[299] بۇخارىي، 5038– ھەدىس. مۇسلىم، 2982– ھەدىس.

ناھەق ئىگەللىۋالماسلىقىمىزدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُ﴾ «يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ (قۇرامىغا يېتىپ) ئەقلى يېتىلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار» [سۈرە ئەنئام 152، سۈرە ئىسرا 34- ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا يېتىملەرنىڭ مېلىنى يېيىشنىڭ ئازابقا ۋە دوزاخقا لايىق زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق ئىكەنلىكىنى، يېتىملەردىن ناھەق ئۇسۇلدا ئېلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھارام مال ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾ «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى ، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ» [سۈرە نىسا 10- ئايەت].

ئاللاھ تائالا بىزنى يېتىملەرنىڭ مىراس ئالغان ياكى ئىگە بولغان مال-مۈلكىنى ئۆزىمىزنىڭ مال-مۈلكى بىلەن ئالماشتۇرىۋالماسلىقىقا، ئۇلارنىڭ زىمىن ۋە مۈلكىنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ زىمىن ، مۈلكىنى بەرمەسلىككە بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوا الْيَتَامَىٰ أَمْوَالَهُمْ ۖ وَلَا تَتَبَدَّلُوا الْخَبِيثَ بِالطَّيِّبِ ۖ وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَهُمْ إِلَىٰ أَمْوَالِكُمْ ۚ إِنَّهُ كَانَ حُوبًا كَبِيرًا﴾ «يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال-مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر» [سۈرە نىسا 2- ئايەت]. دېمەك؛ ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان شەكىلدە ئەزان ماللىرىمىزنى ئۇلارنىڭ قىممەت ماللىرى بىلەن ئالماشتۇرىۋېلىشتىن توستى. مەسىلەن: يېتىمغا شورلۇق زېمىننى

بىردۇ ۋە ئۇنىڭ مۇنبەت زېمىنىنى ئېلىۋالىدۇ ياكى ئۇنىڭ يېگى ئۆيىنى ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كونا ئۆيىنى بېرىدۇ. شۇنداقلا؛ بىزنى ئۇلارنىڭ مېلىنى ئۆزىمىزنىڭ مېلىغا ئوغرىلىق ياكى پايدا ئېلىش يولى ئارقىلىق قوشۇۋېلىشتىن ۋە ئۇلارغا ھەقلىرىنى ۋە پايدىسىنى بەرمەسلىكتىن توستى، ئەنە شۇنداق قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۇلار بالاغەت يېشىغا ۋە ماللىرىنى ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ئىقتىدارغا يەتكەن چاغدا ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى ۋە بىزگە ئۇنى كېچىكتۈرىۋېتىشنى ھارام قىلدى، شۇنداقلا ئۇلار چوڭ بولۇپ، ماللىرىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئىسراپ قىلىپ ئىشلىتىپ تۈگىتىۋېتىش ۋە ئوغرىلاشنى ھارام قىلدى. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مېلىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشلەپ بەرگەن بولساق، ئەگەر كەمبەغەل بولساق پەقەت ئىش ھەققىمىزنى ئېلىشقا، ئەگەر باي بولساق ئىپپەت ۋە ياخشىلىق يۈزىسىدىن ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالماسلىققا بىزنى يېتەكلىدى . ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَابْتَلُوا الْيَتَامَىٰ حَتَّىٰ إِذَا بَلَغُوا النِّكَاحَ فَإِنْ آنَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَادْفَعُوا إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ ۖ وَلَا تَأْكُلُوهَا إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ فَأَشْهِدُوا عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ حَسِيبًا﴾** «يېتىملەرنى نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار. ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال-مۈلكىنى بۇزۇپ -چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسىي بولغانلاردىن) كىمكى باي بولسا، (ۋەسىي بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن ) يېتىمنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن،

ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. ئاللاھ ھېساپ ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» [سۈرە نىسا 6- ئايەت].

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بىزنى ئەگەر شۇنىڭدا يېتىملەرنىڭ ماللىرىغا ياخشىلىقى يەتسە، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۆپەيتسە؛ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى شېرىكلىك ۋە تىجارەت يولىغا ئاساسەن ماللىرىمىزغا قوشۇۋېلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْيَتَامَىٰ ۖ قُلْ إِصْلَاحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ ۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ ۚ وَاللَّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ ۚ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ ۚ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرىلىق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (تەربىيلەش، ماللىرىنى كۆپەيتىپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار) ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [سۈرە بەقەرە 220- ئايەت]. ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەشنى، بۇزغۇنچىلىقنى ئەمەس، ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئىشنى ئۆز ئىشىمىزنى قىلغاندەك رازىمەن بولۇشىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ پايدىسى ۋە مېلىغا قىزىققاندەك، ئۇلارنىڭ پايدىسى ۋە مېلىغا قىزىقىشىمىزنى ۋاجىپ قىلدى، ئەسلىدە يېتىملەرنىڭ ماللىرى ۋە مەنپەئەتلىرىدە بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى، لېكىن بۇ ئاللاھتىن بىزگە يېنىكلىتىشتۇر، ئەگەر يېنىكلىتىپ بەرمىسە ئىدى، يېتىملەرگە رەھىم قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالا بىزگە بىزگە قېيىن كېلىدىغان ئىشلارنى يولغا قويغان

بولاتتى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزگە ئۇلارغا قارشى تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن، بىزدىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىنچىكە بولۇشىمىزنى ۋە ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان بولاتتى.

شۇنىڭدەك: ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ۋەلىيسى ياكى دادىسى بولمىغانلىقى ۋە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن يېتىم قىزلاردىن پايدىلىنىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا قىزلارغا قارىغاندا ئاز تويلۇق بېرىپ ئۇلارغا ئۆيلىنىشتىن ياكى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ھېساپ سورايدىغان ۋەلىيسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەققىنى كەم بېرىپ ئۇلارغا ئۆيلىنىشتىن بىزنى ئاگاھلاندۇردى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ھەق-ھوقۇقىنى تولۇق بېرىپ، ئۇلارغا ئىككىنچى تۇر ياكى ئىككىنچى قاتلامدىكىدەك ئەمەس بەلكى باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالمىغان كىشى، ئۇلاردىن باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلەنسۇن ۋە ئۇلارغا يېقىنلاشمىسۇن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامَىٰ فَانكِحُوا مَا طَابَ لَكُم مِّنَ النِّسَاءِ مَثْنَىٰ وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰ أَلَّا تَعُولُوا**﴾ «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقتىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىڭلار. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [سۈرە نىسا 3-ئايەت]. ئائىشە ئانىمىز بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى قىز قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى (ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆزدە تۇتماقچى)! يېتىم قىز ئۆز ۋەلىيسىنىڭ

ھامىيلىقىدا بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ مىلىغا ۋە گۈزەللىكىگە قىزىقىپ، ئۇنى تۆۋەن تويلۇق مەھرى بىلەن نىكاھلاپ ئالماقچى بولىدۇ، ئۇلار ئەگەر ئۇ قىزلارغا ئادىل بولالمىسا ۋە تويلۇقنى تولۇق بەرمىگەن ئەھۋالدا ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىشتىن چەكلەندى، بۇ ئەھۋالدا ئۇلاردىن باشقا ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بۇيرۇلدى».[300]

شۇنىڭدەك؛ ئاللاھ تائالا موھتاج يېتىملەر،يېقىن-يورۇقلار ۋە مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ئەگەر ئۇلار مىراس ماللىرى تەقسىم قىلىنىۋاتقان بىر سورۇنغا كەلسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ، مالدىن ئازراق بېرىشكە بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا حَضَرَ الْقِسْمَةَ أُولُو الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينُ فَارْزُقُوهُم مِّنْهُ وَقُولُوا لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا * وَلْيَخْشَ الَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَافًا خَافُوا عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا اللَّهَ وَلْيَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا**﴾ «تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار (يەنى بۇ كىچىكلەرنىڭ مېلى، بىزنىڭ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش ئۆزرىنى ئېيتىڭلار).(كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن» [سۈرە نىسا 9- ئايەت]. ئىككىنچى ئايەتتە شۇ ئاجىزلارغا ياخشى سۆز قىلىش بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ؛ ئەگەر بىز بالىلىرىمىزنى ئاجىز ھالەتتە تاشلاپ كەتسەك ياكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ياشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەك، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بالىلىرىمىزنى قوغداش ۋە ئۇلارغا رەھىمدىل

[300] بۇخاري، 4777 – ھەدىس. مۇسلىم، 3018 – ھەدىس.

بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويىدى.

ئاللاھنىڭ يېتىملەرگە قىلغان رەھمىتىنىڭ قاتارىدىن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشسىز فەتىھلىرىدىن ئالغان ئولجىلىرىدىن ئۇلار ئۈچۈن بىر ئۈلۈشنى قىلغانلىقىدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا غَنِمْتُم مِّن شَيْءٍ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِن كُنتُمْ آمَنتُم بِاللَّهِ وَمَا أَنزَلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ ۗ وَاللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «(ئى مۆمىنلەر) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (ئاللاھنىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» [سۈرە ئەنفال 41- ئايەت]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّا أَفَاءَ اللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَىٰ فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاءِ مِنكُمْ ۚ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» [سۈرە ھەشىر 7- ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرنى يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە قىزىقتۇردى ۋە ئۇلارغا ئىگە چىقىشنىڭ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ۋە يېتىمغا كېپىل بولغۇچى جەننەتتە مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش» دېدى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئىشارەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئازراق ئاچتى.[301]

يېتىم قىزلارنى ياخشى، ئېپپەتلىك، ئېسىل قىلىپ تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولغان كىشى ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىككى قىزنىڭ ھالىدىن ئۇلار بالاغەتكە يەتكۈچىلىك خەۋەر ئالسا؛ قىيامەت كۈنى مەن ۋە ئۇ كىشى مانا بۇلاردەك بولىدۇ دېدى ۋە بارماقلىرىنى جۈپلىدى.[302]

12. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **خىزمەتچىگە رەھىمدىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە يۇمشاق بولۇش.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە خىزمەتچىنى ۋە ئايال كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئەزىيەت بەرمەسلىكنى ئۆگەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن باشقا ۋاقىتتا، ئۆزى ئۇچۇن قولى بىلەن قەتئىي بىر نەرسىنى ياكى بىر ئايالنى ياكى خىزمەتچىنى ئۇرۇپ باقمىدى، ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندىن باشقا چاغدا، ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەت ئۇچۇن ، قارشى تەرەپتىن قەتئىي ئىنتىقام ئالمايتتى».[303]

شۇنىڭدەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خىزمەتچى، مەدىكار ۋە قولىغا كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلدۇرماسلىقنى ياكى ئىش ھەققىنى كەم بەرمەسلىكنى ئۆگەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، ئاللاھ

[301] بۇخارىي، 49987 – ھەدىس. مۇسلىم، 2983– ھەدىس.

[302] مۇسلىم، 2631 – ھەدىس.

[303] مۇسلىم، 2328 – ھەدىس.

ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، كىمكى ئاللاھ ئۇنىڭ قېرىندىشىنى ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا يېگىنىنى يېگۈزسۇن ، كىيگىنىنى كىيگۈزسۇن، ئۇ قىلالمايدىغان ئىشقا ئۇنى تەكلىپ قىلمىسۇن، ئەگەر كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلسا، ئۇنىڭغا ياردەملەشسۇن».[304]

13. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **كېسەللەر، ئاجىزلار، مېيىپلار ، بىچارىلەر ۋە مۇسىبەتدارلارغا ياخشىلىق قىلىش.** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ».[305]

ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىش قىلغۇچىغا ياردەم بەرگىن، قىلالمايدىغان كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگىن».[306]

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا رەھىمدىل بولۇشنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ قاتارىدىن تۆۋەندىكىلەر: مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا زۇلۇم قىلماسلىق ۋە ئۇنى زۇلۇم قىلىدىغان كىشىگە تاشلاپ قويماسلىق، ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىش، قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىش، غەملىرىگە ھەمدەم بولۇش، ئەيىبلىرى ۋە گۇناھلىرىنى يوشۇرۇش، قېرىندىشى ئۇچۇن نېمەت ۋە ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىش، ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭدىن نېمەتنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلماسلىق، سودا-سېتىق، نىكاھ ۋە باشقا ئىشلاردا ئالدىماسلىق، كۆزنى بويىماسلىق، ئۇنىڭغا غەزەپلەنمەسلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، جېدەل-ماجىرالارغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى

[304] بۇخارى، 5703– ھەدىس. مۇسلىم، 1661– ھەدىس.
[305] بۇخارى، 2310 – ھەدىس. مۇسلىم، 2580 – ھەدىس.
[306] بۇخارى، 2328 – ھەدىس. مۇسلىم، 84 – ھەدىس.

تەرك ئېتىش، سودا-سېتىق، نىكاھ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يولغا قويۇلغان مۇباھ ئىشلاردا ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپ قالسا، ئۆزىڭىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزنى ئۇنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق، ئۇنى كەمسىتمەسلىك، ئۇ بىرەر ئىشتا سىزگە ياكى سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە، قوللىشىڭىزغا موھتاج بولۇپ قالسا ئۇنى تاۋەن كۆرمەسلىك ۋە خارلىماسلىق، مۇسۇلماننىڭ جېنىغا، مېلىغا، ئابرۇيىغا چېقىلماسلىق، قېرىنداشلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يىراق-يېقىن بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مەنىلىرىگە ۋە ھەقىقەتلىرىگە قىزىقىش.

بۇ ھالەتلەر مۇنۇ ئىككى ھەدىستە توپلانغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان-مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ».[307] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، كۆز بويامچىلىق قىلىشماڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، يۈزسىزلىك قىلىشماڭلار، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى تاۋەن كۆرمەيدۇ، ئۇنى خارلىمايدۇ، تەقۋالىق مانا بۇ يەردىدۇر دەپ كۆكرىكىنى ئۈچ قېتىم كۆرسەتتى- بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزگە ئىلماسلىقى ئۇنىڭ يامانلىقىغا يېتەرلىكتۇر ، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى، ئابرۇيى مۇسۇلمانغا ھارامدۇر».[308]

[307] بۇخارى، 2310 – ھەدىس. مۇسلىم، 2580 – ھەدىس.

[308] مۇسلىم رىۋايىتى 2564 – ھەدىس.

14-30. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **كەڭ قورساق، چىقىشقاق ، خۇشخۇي بولۇش.** رەھىمدىل كىشىلەر كەڭ قورساقلىق قىلىسا بولىدىغان ئىشلاردا چىڭكىتمۇالمايدۇ ۋە ھەق-ھوقۇققا چېتىلمايدىغان، قەستەنلىك بولمىغان ئىشلاردا باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە مۇخالىپ بولمىغان كۆز-قاراش ياكى باشقا ئىختىيارلىق بولغان ئىشلاردا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىنى زورلاپ تاڭمايدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا قوپاللىق قىلمايدۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلاردىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلىپ ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزىگە زىيان سالمايدىغان نەرسىلەردە مەجبۇرلىمايدۇ ۋە كونترول قىلىۋالمايدۇ، توغرا ياكى ياخشى ۋە ياكى نورمال بولۇشى مۇمكىن بولغان ئىشلاردا ئۇلارغا خاتالىق ئارتىپ قويمايدۇ.

ئۆيدە قىيىنچىلىق ، بىزارلىق، ئاۋارىچىلىك ، بىئارامچىلىق چىقارمايدۇ، كىچىك ئىشنى چوڭايتمايدۇ، بىر نەرسىدىن بىزار بولۇپ زېرىكمەيدۇ، بەلكى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىگە ئۆزرە ئىزدەيدۇ، ئائىلىدىكىلەرگە قورقۇنچ، قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ، بەلكى ئامان-ئېسەنلىك، رەھمەت بەخش ئېتىدۇ، ئائىلىگە خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئاغزى بۇزۇق، ناچار بىرى ئەمەس ئىدى، بازارلاردا ۋارقىرىمايتتى، يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، بەلكى ئەپۇ قىلىۋېتەتتى، كەچۈرۈۋېتەتتى ».[309]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئون يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[309] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 25456– ھەدىس. تىرمىزى، 2016 – ھەدىس.

خىزمىتىنى قىلدىم، پەيغەمبىرىمىز ماڭا بىرەر قېتىم <ئوي!!!> دەپ باقمىدى، ۋە <نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟!> ياكى <مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟!> دەپ باقمىدى».[310]

31- 34. مۇسۇلماننىڭ كەڭ قورساقلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى؛ ياخشى كۆڭۈل بولۇش، ناچار تەبىئەتلىك، ئۈمىدسىز، بېخىل، تەرسا بولماسلىقى، بەلكى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن چىقىشىدىغان، ئۇلارغا كۆلۈمسىرەپ قارايدىغان، ئۇلارغا قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان بولۇشى، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغان كىشى ھۇزۇر تېپىشى، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان كىشى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇشى، باشقىلار ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كەيپىياتىدىن، ئاچچىقلىنىشىدىن، مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قورقماسلىقى، باشقىلارغا ئۆچلۈك قىلماسلىقى، ھۇجۇم قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ تىنچلىقى ، خاتىرجەملىكى، ھۇزۇرى ۋە خۇشاللىقىنى بۇزماسلىقى، ئىشلارغا ھېچقانداق ئۆزرە-سەۋەبسىزلا يامان گۇماندا بولماسلىقى، ئۆزگە ۋە باشقىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماسلىقىدۇر .[311]

ناچار كىشىنىڭ ناچارلىقى ئۆزگە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە روھىي ۋە ھېسسىي جەھەتتىن قاتتىق ئەزىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختسىز قىلىدۇ. مەسىلەن؛ بىر ئايال يولدىشىنىڭ ئىككىنچى خوتۇن ئالىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۆيىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ ۋە ئۆزگە، يولدىشىغا، بالىلىرىغا، تۇغقانلىرىغا كۆڭۈلسىزلىك چىقىرىدۇ، ھەممە ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ، ئارامچىلىق بەرمەيدۇ، شۇنداق قىلىپ يولدىشىغا ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى (ئىككىنچى نىكاھىنى) بۇزىدۇ، ئەگەر بۇزۇلمىسا ، ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە يەنىلا يولدىشىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىدۇ، بالىلىرىنى تىللايدۇ،

[310] بۇخارىي، 5691 – ھەدىس. مۇسلىم، 2309 – ھەدىس.

[311] بۇخارىي، 1091– ھەدىس. مۇسلىم، 776 – ھەدىس.

ئۇلارنىڭ تەربىيەسى، ھاياتى ۋە خاتىرجەملىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئۆزگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىللىق تەبىئىتى ۋە ھۇزۇرىنى بەربات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆيىنىڭ راسخوتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىلىرى زىيان تارتىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى قارىيىدۇ ۋە ئۆچمەنلىككە تولىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ بىھۇدە بىئارام بولىدۇ، زىيان تارتىدۇ ۋە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئەخمەقلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئائىلە ئەقىللىق، كۆيۈمچان بولسا ئىدى، سەۋر قىلغان، رازى بولغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن بولاتتى. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇكاپاتى؛ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى بولغان بولاتتى ۋە بۇ رەت قىلىش، قېيىنلاشتۇرۇش ۋە ئەرزىيەتتىن كېلىپ چىققان چوڭ زىيىنىدىن ياخشىراقتۇر.

– كەڭ قورساقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن: **جاھىل ۋە ناچار كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلماسلىقتۇر.** رەسۇلۇللاھنىڭ مەرھەمىتى، كەڭ قورساقلىقى ۋە گۈزەل مۇئامىلىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى؛ گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناچارلىرى بولسىمۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ يامانلىقىنى يۈزىگە سالمايتتى، جاھىللاردىن يۈز ئۆرۈيتتى، يامانلارنىڭ ناچارلىقىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشى كىرىشتىن ئىلگىرى قېشىدىكى كىشىلەرنى تەنبىھلىدى ، ئۇ كىشى كىرگەن چاغدا ئۇنىڭغا خۇش چىراي بولدى ۋە يۇمشاق سۆز قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيران قېلىشۇدى، رەسۇلۇللاھ ئائىشە ئانىمىزغا: «ئى ئائىشە، قاچان مېنى تەرى يامان ھالەتتە كۆردۇڭ، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى،

كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» دېدى.[312]

– كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق ۋە ياخشى مۇئامىلىنىڭ قاتارىدىن: **بىلمەس بولۇۋېلىش ۋە بەزىدە ئەيىبلەشتىن يىراق تۇرۇش.** ئاللاھ تائالا بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنىڭ بەزى ئىشلارغا ۋە سەۋەنلىكلەرگە سېخىيلىق، ياخشىلىق ۋە رەھمەت يۈزىسىدىن كۆز يۇمۇۋېلىش ۋە بىلمەس بولۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ أَسَرَّ النَّبِيُّ إِلَىٰ بَعْضِ أَزْوَاجِهِ حَدِيثًا فَلَمَّا نَبَّأَتْ بِهِ وَأَظْهَرَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ عَرَّفَ بَعْضَهُ وَأَعْرَضَ عَن بَعْضٍ ۖ فَلَمَّا نَبَّأَهَا بِهِ قَالَتْ مَنْ أَنبَأَكَ هَٰذَا ۖ قَالَ نَبَّأَنِيَ الْعَلِيمُ الْخَبِيرُ**﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى. ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى)، يەنە بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە) بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟ دېدى. پەيغەمبەر: <ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى> دېدى ». مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن جايىدا يۈز ئۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىشلارنى پەرەز قىلالايدىغان پاراسەتلىك بولۇشى لازىم.

35. رەھىمدىللىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن: ناچار، جاھىل ۋە گۇمانخور كىشىلەرنى كەچۈرۈۋېتىش ، ئەپۇ قىلىش، كەڭچىلىك قىلىش. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن كېتىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ

[312] بۇخارىي رىۋايىتى 5658- نومۇر، مۇسلىم رىۋايىتى 2591– ھەدىس.

ئۇچىسىدا نەجران دىيارىدىن كەلتۈرۈلگەن قېلىن تونى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھقا سەھرالىق بىر ئەرەب ئۇچراپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تونىنى قاتتىق تارتتى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىگە قارىۋىدىم، تون قاتتىق تارتىلغانلىقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ گەدىنىگە ئىز چىقىپ قالغان ئىدى. ئاندىن: «ئى مۇھەممەد، ماڭا ئىلكىڭدىكى ئاللاھنىڭ مېلىدىن بەرگىن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا پۇل-پۈچەك بەردى.[313]

ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «(ئۇلار) ئاۋاتچىلىقتا ۋە قىيىنچىلىقتا (ئاللاھ يولىدا) مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 134- ئايەت]. مۆمىننىڭ رەھىمدىللىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى: ئۆچمەنلىك قىلماسلىقتۇر. ئەگەر قەلبى ئاچچىق ۋە ئۆچمەنلىككە تولسىمۇ ئۇنى سىرتىغا چىقارماسلىق ۋە ئىش-ھەرىكىتىدە نامايان قىلماسلىق، بەلكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەپۇ ۋە كەچۈرۈمگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، قەلبىدىن ئۆچمەنلىك يوقاپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىگە يامانلىق قىلغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ھۆرمەتلەيدۇ، چىرايلىق گەپ قىلىدۇ، ئۇ كىشىگە ئۆزىگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغۇچى كىشى سەمىمىي، قىزغىن، يېقىن بىر دوستقا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ۚ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا

[313] بۇخارىي، 5472– ھەدىس. مۇسلىم، 1057 – ھەدىس.

ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» [سۈرە فۇسسىلەت 34- ئايەت].

36. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **قېرىنداشلىرى ئارىسىدا قورال ئېسىش ياكى قۇرالنى ئۇلارغا تەڭلەش ئارقىلىق ياكى ئۇنى باشقىلارغا تېگىدىغان شەكىلدە تۇتۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى خەتەرگە ئۇچراتماسلىق.** رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يېنىدا ئوق بار ھالەتتە مەسچىتلىرىمىزدىن، بازارلىرىمىزدىن ئۆتكەن كىشى ئۇنى چىڭ تۇتسۇن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا بىر نەرسىنىڭ تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوقيانىڭ ئۇچىنى ئالىقىنى بىلەن تۇتۇۋالسۇن ».[314]

37. رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: ئىبادەتنى كىشىلەرگە ئەزىيەت ۋە بېسىم قىلىپ قويماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگەر كىشىلەرگە ئېغىر كېلىپ قالىدىغان ئىش بولسا، جامائەت نامىزى ۋە جۈمە خۇتبىسىنى يەڭگىل قىلىشقا بۇيرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇسا نامازنى يەڭگىل قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجىز، كېسەل، ياشتا چوڭ، ھاجەتمەنلەر بار، ئەگەر بىرىڭلار ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا خالىغىنىچە ئۇزۇن قىلسۇن».[315]

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە خۇتبەسىنىڭ قىسقىلىقى ئۇنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنى ئۇزۇن قىلىڭلار، خۇتبىنى قىسقا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن باياندا سېھىر بار».[316]

---

[314] بۇخارىي، 6664 – ھەدىس. مۇسلىم، 2615 – ھەدىس.

[315] بۇخارىي، 671 – ھەدىس. مۇسلىم، 467 – ھەدىس.

[316] مۇسلىم، 869 – ھەدىس.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، يېنىدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمىسۇن، ئۇنى قىستىمىسۇن ۋە سىقمىسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا يۇمشاق بولۇڭلار».

38. مۆمىننىڭ رەھىمدىللىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن: **قېرىنداشلىرىغا سەمىمىي، خالىس نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش، خاتالىق ۋە ھەقسىزلىقتە ھالاك بولۇپ كېتىشكە تاشلاپ قويماسلىق.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغان كىشىلەر بىلەن رىئايە قىلمىغان كىشىلەرنىڭ مىسالى؛ كېمىگە چىقىشقا چەك تاشلىنىپ، بىر قىسمى كېمىنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىر قىسمى ئاستىغا چىققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئاستىدىكى كىشىلەر سۇ ئىچمەكچى بولسا، سۇ تارتىش ئۈچۈن كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىقىشى كېرەك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزئارا: «بىز ئۈستىدىكى كىشىلەرنى بىئارام قىلغاننىڭ ئورنىغا ئۆزىمىز تۇرغان يەرنى تەشسەك بولىدۇغۇ » دېيىشتى. ئەگەر ئۇلارنى قىلماقچى بولغان ئىشتا مەيلىگە قويۇۋېتىلسە ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى توسۇۋالسا ھەممەيلەن قۇتۇلۇپ قالىدۇ».[317] دېمەك؛ نەسىھەت قىلىش ۋە يامانلىقتىن توسۇش رەھمەت ۋە قۇتۇلۇشتۇر.

39. رەھىم-شەپقەت ۋە ئېھساننىڭ قاتارىدىن: سىلىق-سىپايە بولۇش. يەنى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى كىشىدىن توغرا پوزىتسىيە كۆرۈلگەندە قەدەر ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى توغرىغا قايتۇرۇپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا رەھىمدىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتۇر. خۇشامەت قىلىش بولسا؛ خاتالاشقۇچىغا ھېسداشلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق

[317] بۇخارىي، 2361 – ھەدىس.

قىلىش خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى باتىلدا چىڭ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز خاھىشىغا تاشلاپ قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ﴾ «ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار)» [سۈرە رەئد 22- ئايەت، سۈرە قەسەس 54- ئايەت]. يەنى ئۇلار يامانلىق ۋە ئەزىيەتكە، قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنى ياخشىلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە يۇمشاقلىققا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بەزى قوۋملەرگە ئىچىمىزدە ئۆچ بولساقمۇ، ئۇلارغا چىشىمىزنىڭ ئىقىنى كۆرسىتەتتۇق»، يەنى ئۇلارغا ئۆچ بولساقمۇ ئۇلارغا كۈلۈپ قارايتتۇق. مانا بۇ يۇمشاقلىق ۋە سىلىق-سىپايىلىقتۇر.

مۇسۇلمان كىشى ئائىلىسى، قوشنىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە مۇلايىم ۋە سىلىق بولۇشى لازىم، ھاكىم ئۆز خەلقىنى ھەققە چاقىرىق قىلىش، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشى لازىمدۇر.

40-43. رەھىمدىل مۆمىننىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: **كاپىرلارغا ۋە ئۆزگە قارشى كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇش.** چۈنكى كاپىرلار ئۈچۈنمۇ رەھمەتتىن بىر نېسىۋە بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾ «بىز سېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق».

- بۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: مۆمىن كىشى كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇش

ئۇچۇن، **ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تارتىدۇ.** بۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: مۆمىن كىشى كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَّفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن» [سۈرە شۇئەرا 3- ئايەت]. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى كاپىرلارغا رەھىم قىلماسلىقتا بۇيرۇمىدى بەلكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارماسلىقتا بۇيرىدى، چۈنكى ئۇلار گۇناھكارلاردۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ۋە ھىدايەت قىلىشتا بوشاڭلىق قىلمىدى.

- بۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: **مۇسۇلمان كىشى كاپىرنى يۇمشاق سۆز، پەم بىلەن دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن چىرايلىقچە مۇنازىرىلىشىدۇ.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ادْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ ۖ وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن» [سۈرە نەھل 125- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ ۖ وَقُولُوا آمَنَّا بِالَّذِي أُنزِلَ إِلَيْنَا وَأُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ**﴾ «ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز» [سۈرە ئەنكەبۇت 46- ئايەت].

- بۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: **مۇسۇلمان كىشى جىھاد قىلىدۇ**، كاپىرلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كاپىر خەلقلەرنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان، ئۇلارنى ئىمان، بەخت ۋە جەننەت يولىدىن توسۇۋاتقان ياكى مۆمىنلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنى ھەقنى يەتكۈزۈشتىن چەكلەۋاتقان مۇستەبىتلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا، جېنى، مېلى، تىرىشچانلىقى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ، ھاياتىنى ئۆلۈمگە، ساغلاملىقى ۋە بەدىنىنى يارىلارغا تەڭلەيدۇ، مۇسۇلمان كىشى كاپىرنى ھەقنى ئاڭلاش ئەركىنلىكى بېرىدىغان، ئاندىن تەسىر ئاستىدا قالماستىن، مەجبۇرلانماستىن رازى بولغىنىنى تاللايدىغان ئىسلام دۆلىتىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِلَّهِ ۖ فَإِنِ انتَهَوْا فَلَا عُدْوَانَ إِلَّا عَلَى الظَّالِمِينَ**﴾ «تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 193- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن نَّكَثُوا أَيْمَانَهُم مِّن بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُوا فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُوا أَئِمَّةَ الْكُفْرِ ۙ إِنَّهُمْ لَا أَيْمَانَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنتَهُونَ**﴾ «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە ، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن ، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق» [سۈرە تەۋبە 12- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ ۚ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ ۖ عَسَى اللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا ۚ وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلًا**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن، (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان، مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، ئاللاھنىڭ كاپىرلارنىڭ كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ

ھەقىقەتتۇر. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، ئاللاھنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر» [سۈرە نىسا 84- ئايەت].

ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن جىھادى رەھمەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆرۈنۈشى ۋە كارتىنىسىدۇر. ئاللاھ تائالا جىھاد ئارقىلىق، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ھەق دىنىغا دەۋەت قىلىش سەۋەبلىك ۋە ئۇلارغا نېمەت ۋە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئۇلارنى دوزاختىن ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باتىل يولدىن ئاگاھلاندۇرۇش سەۋەبلىك ماللىرىمىزنى سەرپ قىلىش، ئۆزىمىزنى ئۆلۈم ۋە خەتەرگە قۇربان قىلىشنى يولغا قويدى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ، نىجاتلىقنىڭ ۋە رەھمەتنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈندۇر .

– مۆمىن بۇيرۇلغان رەھىم-شەپقەت ھالەتلىرىدىن بىرى؛ **گەرچە كاپىر بولسىمۇ ھېچقانداق بىر ئادەمنى كۆيدۈرمەسلىك.**
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بىر جەڭگە ئەۋەتتى ۋە بىزگە: <قۇرەيشتىن ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئەگەر پالانچى ۋە پالانچىنى ئۇچرىتىپ قالساڭلار، ئۇلارنى كۆيدۈرۈڭلار> دېدى، ئاندىن بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن خوشلاشقىلى يېنىغا بېرىپ، چىقايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا : «مەن سىلەرنى پالانچى ۋە پالانچىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلار دېگەن ئىدىم، پەقەت ئاللاھلا ئوت بىلەن ئازاب قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇۋالساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار » دېدى.[318]

[318] بۇخارىي، 2795 – ھەدىس.

44. رەھىم-شەپقەتلىك كىشىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىدىن: ھايۋان، مال-چارۋىلارغىمۇ رەھىم قىلىش. مۆمىنىنىڭ رەھىم-شەپقىتى پەقەت مۆمىن قېرىنداشلىرى ۋە ئىنسانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى مال-چارۋىلارنى ، ھايۋانلارنى ۋە پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارغىمۇ رەھىم قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ روھ ۋە تۇيغۇ ئىگىلىرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەتلىك ۋە يۇمشاق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارغا رەھىم قىلىشنىڭ ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەجىر-ساۋابىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بايان قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى يولدا كېتىۋاتاتتى ۋە قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدى، ئۇ كىشى بىر قۇدۇقنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ سۇ ئىچتى ۋە قۇدۇقتىن چىققىنىدا بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ ھاسىراپ، نەم توپىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى: <بۇ ئىتمۇ ماڭا ئوخشاش بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ> دېدى ۋە قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىنى سۇ بىلەن توشقۇزۇپ ئىتقا تۇتۇپ بېرىپ ئىتنى سۇغاردى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى، ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ؛ بىزگىمۇ ھايۋانلىرىمىزدا ئەجىر بولامدۇ؟> دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: <ھەر بىر نەم جىگەر ئۈچۈن ئەجىر بار> دېدى».[319]

شۇنىڭدەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈشنىڭ بۈيۈك مەغپىرەت ۋە گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئىت قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى، ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەيلا دەپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا ئۇنى بەنى ئىسرائىلدىن بىر پاھىشە ئايال كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆتۈكىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇردى ۋە ئىتنى سۇغاردى،

[319] بۇخارىي، 2234 – ھەدىس. مۇسلىم، 2244– ھەدىس.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدى».[320]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانغا ئەزىيەت بېرىش، ئۇنى ئازابلاشنىڭ جازاغا، ئازابقا ۋە قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىشكە لايىق گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئايال بىر مۈشۈك سەۋەبلىك دوزاخقا كىردى، ئۇ ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ تاماق بەرمىگەن ۋە يەردىكى ئوت-چۆپلەرنى يېيىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان ئىدى».[321]

رەسۇلۇللاھ ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە رەھىم قىلىشقا بۇيرىدى، زۆرۈرىيەت تېپىلمىسا ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر يېيىش ئۈچۈن ھايۋانلارنى بوغۇزلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنى قورقۇتۇش، قىيناش، سۆرەش ياكى گال پىچاق ئىشلىتىپ بوغۇزلاش ئارقىلىق ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئۆزىڭىزنى ھاشاراتلاردىن قوغداشقا مەجبۇر بولۇپ قالسىڭىز، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ قىيناش توغرا بولمايدۇ، ھاشارات چىقىدىغان تۆشۈكنى ئېتىۋەتسىڭىز ياكى زۆرۈر بولۇپ قالسا قىينالمايدىغان ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسىڭىز بولىدۇ، لېكىن سىزگە زىيان يەتكۈزمىگەننى ئۆلتۈرمەسلىكىڭىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەر قانداق نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى پەرز قىلدى، ئەگەر ئۆلتۈرسەڭلار چىرايلىق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇزلىساڭلار چىرايلىق ئۇسۇلدا بوغۇزلاڭلار، سىلەردىن بىرىڭلار پىچىقىنى ئۆتكۈر قىلسۇن ۋە قۇربانلىقنى ئارام تاپقۇزسۇن».[322]

ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە

[320] مۇسلىم، 2245 – ھەدىس.

[321] بۇخاري، 3140 – ھەدىس. مۇسلىم، 2246– ھەدىس.

[322] مۇسلىم، 1955 – ھەدىس.

ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەتتى، ئاندىن بىز قىزىل بىر قۇشنى يېنىدا چۈجىسى بىلەن كۆردۇق ۋە چۈجىسىنى ئالدۇق، قىزىل قۇش كەلدى ۋە قانات قېقىشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ دېدى: <كىمكى بۇ قۇشنىڭ بالىسىنى ئېلىۋېلىپ ئازابلىغان بولسا، ئۇنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرسۇن> ۋە بىز كۆيدۈرۈۋاتقان چۈمۈلە ئۇۋىسىنى كۆرۈپ: <بۇلارنى كىم كۆيدۈردى؟> دېدى، بىز: <بىز كۆيدۈردۇق> دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: <ئوت ئىگىسىدىن باشقا بىرىنىڭ ئوت بىلەن ئازابلىشى توغرا بولمايدۇ> دېدى.[323]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر چۈمۈلە پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنى چېقىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر بۇيرۇق قىلىپ چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئاللاھ تائالا: <سېنى بىر چۈمۈلە چېقىۋالدى، سەن بولساڭ تەسبىھ ئېيتىۋاتقان چۈمۈلە جامائەسىدىن بىر جامائەتنى كۆيدۈرۈۋەتتىڭ > دەپ ۋەھيي قىلدى».[324]

سىزنىڭ ھايۋاننى بەك چارچىتىۋېتىشىڭىز ۋە مەيلى سىز ئۇنىڭغا ئىگە بولۇڭ ياكى بولماڭ ئۇنى خورلىشنى مەقسەت قىلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، ئۇنى بەرداشلىق بېرەلىگىنىچە ئېھتىياجىڭىز ئۈچۈن ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭغا يېمەك -ئىچمەك ۋە دورىنى كېمەيتمەسلىكىڭىز لازىم. ھايۋاناتلار گەپ قىلالمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاچلىق ۋە ئاغرىقىنى بىلدۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىشى، ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئۇنىڭ ئېھتىياجى ۋە ھەقلىرىدىن خەۋەرسىز قالماسلىقى لازىم. سەھل ئىبنى ھەنزەلىيەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈمبىسى قورسىقىغا چاپلىشىپ قالغان بىر ئۇلاغنىڭ

[323] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 2675– ھەدىس.

[324] بۇخارىي، 2856– ھەدىس. مۇسلىم، 2241 – ھەدىس.

يېنىدىن ئۆتتى ۋە: ‹بۇ تىلسىز ھايۋانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇلارنى سەمرىتىپ مىنىڭلار ۋە سەمرىتىپ يەڭلار› دېدى».[325]

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مېنى ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالدى، ئاندىن ماڭا ھېچكىمگە دېمەسلىكىم ئۈچۈن بىر سىرنى ئېيتىپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغىنى يېپىقلىق ئېگىز ئورۇن ۋە خورما دەرەخزارلىق ئىدى. ئابدۇللاھ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ بېغىغا كىردى، قارىغۇدەك بولسا بىر تۆگە تۇراتتى، ئۇ تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ يىغلاپ ياش تۆكتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىنىڭ كەينىنى سىلىۋىدى يىغلاشتىن توختىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ‹بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟ بۇ تۆگە كىمنىڭ؟› دېدى، ئەنسارلاردىن بىر يىگىت كېلىپ: ‹مېنىڭ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھ ساڭا ئاتا قىلغان بۇ ھايۋانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقامسەن، ئۇ ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئاچ قويىدىغانلىقىڭ ۋە ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا سالىدىغانلىقىڭنى شىكايەت قىلدى› دېدى».[326]

---

[325] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 2548 – ھەدىس.

[326] سەھىھ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، 2549– ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 1745– ھەدىس.

# 10. تېما

## جەسۇر بولۇش ۋە قورقۇنچاقلىقنى تاشلاش

جەسۇرلۇق- مەنپەئەتنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن خەتەر ۋە قىيىنچىلىق بار بولغان ئىشقا ئۇندەيدىغان روھىي كۈچتۇر.

دېمەك؛ جەسۇرلۇق- كەينىگە تارتماستىن ۋە قورقماستىن باتۇرلۇق قىلىشتۇر. جەسۇرلۇق- قورقۇنچ ۋە ئاجىزلىق بولمىغان جۈرئەتتۇر. جەسۇرلۇق- ئىرادىسىزلىك، ئاجىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئەكسىچە قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇقتۇر. جەسۇرلۇق- قىيىنچىلىق ، قاتتىقچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كەلگەن چاغدا ئىككىلەنمەي ۋە بوي ئەگمەستىن كۆكرەك كېرىشتۇر. جەسۇرلۇق- ئۆز ۋاقتىدا قىلىنغان سەۋر ۋە ئەبەدىي غەلبىدۇر، ھۇرۇنلۇق ۋە ئۆمۈرنى زايە قىلىش ئەمەس. جەسۇرلۇق- خەتەر ئالدىدىكى تىرىشچانلىق ۋە كۈرەشتۇر، شۇنداقلا؛ قولىدىن كەلگىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى سەرپ قىلىشتۇر. ھەرگىزمۇ ئۆمۈرلۈك ھەسرەت ياكى ئاخىرەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەل قاراش، كېچىكتۈرۈش ۋە بوشاڭلىق ئەمەستۇر.

باتۇرلۇق ۋە تىرىشچانلىق ئۈنىمدا خەتەر بولمىغان ئەھۋالدا جەسۇرلۇق دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى يۇقىرى ھىممەت ۋە قىزغىنلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

خەتەر كۆرۈنۈپ تۇرغان ياكى ھالاكەت ۋە زىيان ئېھتىماللىقى بولغان ئىشتىكى جەسۇرلۇق؛ ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يامانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت پايدا-مەنپەئەت ئۈچۈن بولغان چاغدىلا ماختىلىشقا تېگىشلىك بىر ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. دېمەككى؛ جەسۇرلۇق قارامىلىق ۋە ساراڭلىق بىلەن ئەمەس، ئەقىل ۋە پەم بىلەن قەدەم بېسىشتۇر.

ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرمەيدىغان، يامانلىقنى توسمايدىغان پايدىسىز ئىشقا جاسارەت كۆرسەتسىڭىز، ئۇ ناچار تۈردىكى جاسارەت

بولۇپ قالىدۇ، بەلكى ئۇ جاسارەت دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى بۇ قارامىلىق، ئالدىراقسانلىق، دۆتلۈك ۋە ساراڭلىقتىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن؛ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى جاسارەتلىك ھېسابلانمايدۇ بەلكى ساراڭ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك؛ ماشىنىنى ساراڭلارچە تېز ھەيدەش جاسارەت ئەمەس، بەلكى بىمەنىلىك، كالتە پەملىكتۇر. ئورۇنسىز يەردە ماختالماقچى بولغان كىشى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ شۇنداقلا جايىدا ۋە زۆرۈر بولمىغان نوچىلىقنى خام خىيال قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك؛ بىلمەستىن، مەشىق قىلماستىن، بىپەرۋالارچە قورال بىلەن ئوينىشىش- جاسارەت ۋە ھەققە جۈرئەت قىلىش ئەمەستۇر، بەلكى پەخىر قىلىش، كۆز-كۆز قىلىش، سەل قاراش ياكى ھەددىدىن ئېشىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناچار ئەخلاقتۇر، ئەگەر قورالغا چاقچاق قىلىش ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارسا قانداق بولىدۇ؟!

– جاسارەتنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە پەم-پاراسەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن، چوقۇم جاسارەتلىك كىشى يوقىتىدىغان يامانلىق- ئۇ كىشى باتۇرلۇقى ۋە قەھرىمانلىقىدا دۇچ كېلىدىغان يامانلىقتىن چوڭراق بولۇشى لازىم ۋە ئۇ ئېرىشىدىغان پايدا-مەنپەئەت چوقۇم جېنىنى سېلىپ بېرىشكە ياكى جاسارىتى سەۋەبلىك ئۇچرىغان ئەزىيەتلەرگە ئەرزىشى لازىم.

– بەزىدە ئىنسان پايدا ۋە نەتىجىلەرنى مۆلچەرلەشتە خاتالىشىشى ۋە قورقۇنچاق دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەمنىڭ بۇ قورقۇنچاقلىقى پاراسەت ۋە ئۆزىنى قوغداش دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە قارامىلىق قىلىشى ۋە بۇ قارامىلىقى جاسارەت ۋە جىھاد دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇمكىن.

پايدىنى مۆلچەرلەشتە خاتالاشقان كىشى- يا خاتالاشقان تىرىشقۇچى ياكى ئەخمەقتۇر، ئەمما ئەگەر ئۇ پايدىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان، پاراسەتنى چۆرۈپ تاشلىغان كىشى بولسا، يالغانچى قورقۇنچاق ياكى مۇناپىقتۇر، ئۇنىڭ قاراملىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جەسۇرلۇق نامىدا قاراملىق قىلغان كىشى رىياخوردۇر.

ـ ئەگەر جەسۇرلۇق؛ كىشىلەرنى رازى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ماختىشىنى ئۈمىد قىلىپ قىلىنغىنىدا قىممىتى بولمايدۇ. بۇ نىيەت بىلەن قىلىنغان جەسۇرلۇقنىڭ قارشىلىقىدا كىشىلەردىن كېلىدىغان ئالقىشلار ئۇچۇن بارلىقىنى ئاتاش ۋە ئۆزىنى خەتەرگە ئېتىش ئەرزىمەس بىر ئىشتۇر. نەتىجىدە بۇ ئورۇنسىز يەردە ۋە ھەقىقىي پايدىسى بولمىغان ئىش ئۇچۇن ئۆزىنى ئېتىش ۋە جەسۇرلۇق قىلىش بولۇپ، بۇ پەقەتلا خام خىيالدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بەرگەن مۇكاپاتلىرىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، ھەقىقىي ساۋاب ۋە مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئەنە شۇلار ئىنسان ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىنى، روھىنى، مېلىنى، ۋاقتىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىشقا لايىق بولغان ئىشلاردۇر، كىمكى بۇ ئىشلارنى كىشىلەر ئۇچۇن سەرپ قىلسا، تىرىشچانلىق ۋە جاسارەتكە لايىق بولمىغان بىمەنە، پۇچەك ئىشلار ئۇچۇن سەرپ قىلغان بولىدۇ. جاسارەت خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە كۆرسەتكەندەك، ئاللاھتىن باشقىلار ئۇچۇن بولغاندا قىممىتى يوقتۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باتۇرلۇق ئۇچۇن، تەرەپبازلىق ئۇچۇن ۋە رىياخورلۇق قىلىپ جىھاد قىلغان كىشىنىڭ قايسىسىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹كىمكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۇچۇن ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا› دېدى».[327]

[327] بۇخارىي، 7020– ھەدىس. مۇسلىم، 1904 – ھەدىس.

كىشىلەرنىڭ باھاسى ۋە كۆرۈشىگە ئېرىشىش جاسارەتكە سەۋەب بولسا توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك؛ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ۋە مالامەتلىرىگە قۇلاق سېلىشنىڭ توغرا بولغان جاسارەت پوزىتسىيەسىنى تەرك ئېتىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشىمۇ توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزىنىڭ قوشۇنى ۋە ئەسكىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ**﴾ «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ» [سۈرە مائىدە 54-ئايەت].

– جاسارەت قەلب كۈچىدۇر، جاسارەتلىك كىشىنىڭ قەلبى خەۋپ-خەتەرگە قارىمايدۇ بەلكى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە جاسارىتى بىلەن قولغا كەلتۈرىدىغان پايدا-مەنپەئەتلەرگە قارايدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ، چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەتىجە-جاپالىرىغا بەرداشلىق بېرىدۇ.

قورقۇنچاق كىشى بىر تەرەپلىمە، چەكلىك نەزەردە قارايدۇ، جاسارەتتىنە پەقەت ئەزىيەت، جاپا ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىش بار دەپ قارايدۇ، نەتىجە ۋە ئاقىۋىتىگە قارىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى خام خىيال ۋە پۇچەك پىكىرلەر بىلەن قورۇپ چىقىدۇ، ئاندىن قورقۇنچلار ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بولىدۇ ۋە ئۇنى قەھرىمانلىق، ئۆزىنى ئاتاش ۋە پىداكارلىقتىن توسىدۇ، نەتىجىدە ئۇ جاسارەتلىك بولالمايدۇ.

## جاسارەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلىنىشنىڭ ۋاجىپلىقى:

بوشاڭلىق ئىنسان روھىيىتىدە قورقۇنچاقلىق پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورقۇنچاق كىشى ۋەزىپىلەرنى كەينىگە تارتىدۇ ۋە ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشتىن قورقىدۇ، ھەقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىدۇ، باتىلغا سۈكۈت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋېتىدۇ، قورقۇنچاق مىللەتلەر ۋە قورقۇنچاق ھاكىملار ئۆز مىللىتىنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋېتىدۇ ۋە شەھەرلەرنى دۈشمەنگە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇرىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى قوغداش، مەۋجۇدىيىتىمىزنى، ماللىرىمىزنى، ئابرۇيىمىزنى، شەھەرلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن جاسارەتكە ئېھتىياجلىقمىز.

دىنىمىزنى قوغداش، دىنىي ئىشلىرىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى، شۇئارلىرىمىزنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جاسارەتكە ئېھتىياجلىقمىز.

ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش، پاسىقلار، زالىملار ۋە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن جاسارەتكە ئېھتىيا جلىقمىز .

ئاللاھقا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ھەقتىن باش تارتقۇچىلار ۋە گۇناھلارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىش ئۈچۈن جاسارەتكە ئېھتىياجلىقمىز.

ئۇممەت ۋە ئۇنىڭ ھاكىملىرى دۈشمەنلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرغان قارارلارنى بېرىشتە جاسارەتكە ئېھتىياجلىق.

بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى ۋاجىپتۇر، چۈنكى ئۇ باشقا ۋاجىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلار مانا بۇ ئەخلاقنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈشى لازىم.

– بىز ھەر قانداق بىر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىرى جاسارەت ئىدى، بەلكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ جاسارەتلىكى ئىدى».[328] ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ چىدامچان ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان ئەڭ جاسارەتلىكى ئىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇش قىزىپ، ئىككى تەرەپ روبىرو كەلگەن ۋاقىتتا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەنسىرەيتتۇق، بىزدىن ھېچكىم دۈشمەنگە ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق بولمايتتى».[329]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاسارىتى- خەتەرلەر ۋە تۇيۇقسىز ئەھۋاللارغا يۈزلىنىشتە كۆرۈلەتتى، باشقىلارنىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتمەيتتى، بەلكى باشقىلاردىن بالدۇرراق ھەرىكەت قىلاتتى، «بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىشقىنىدا، ئالدىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللىبۇرۇن چىقىپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغان بولۇپ، ئۇلارغا: «كارىڭلار بولمىسۇن، باشقا ئىش يوق» دېدى.[330] قورقۇنچاق كىشى بۇنداق ۋاقىتتا ئىشىكنى تاقاپ، باشقىلارنىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ، جاسارەتلىك كىشى تەييارلىنىپ چىقىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ جاسارەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ زات باشقا جاسارەتلىك كىشىلەر چىقىشتىن بۇرۇن ئەھۋالنى ئىگىلەپ قايتىپ كېلىپ بولدى.

[328] بۇخارىي، 5686– ھەدىس. مۇسلىم، 2307– ھەدىس.
[329] مۇسلىم، 1776– ھەدىس. ھاكىم، 2633– ھەدىس.
[330] بۇخارىي، 5686، 2875– ھەدىس. مۇسلىم، 2307 – ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاسارىتى- دەۋەتنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىش ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ باشچىلىرىغا قارشى چىقىشتا كۆرۈلەتتى. ھەر قانداق تەكەببۇر ياكى ھاكىم ياكى زالىم ۋە ياكى پادىشاھتىن قورقمايتتى، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى دەۋەت قىلىپ، ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ، باش تارتسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. دۈشمەننىڭ قورشاۋىدىكى قاتتىق ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ قورقۇپ قالماستىن باشقىلارغا مەدەت بېرەتتى ۋە ئۇلارنى تەسكىن تاپقۇزاتتى.

مانا بۇ جاسارەت دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە تارقىلىشىغا ، جاھىلىيەتنىڭ، پاساتچىلىقنىڭ ، زۇلۇمنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۆھپە قوشتى.

## قورقۇنچاقلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قورقۇنچاقلىقنى يامان كۆرسەتتى ۋە بىزنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى؛ ئۇنىڭ ئەڭ ناچار ئەخلاقلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەردىكى ئەڭ ناچار ئىش، ھەددىدىن ئاشقان بېخىللىق ۋە ئۆلگۈدەك قورقۇنچاقلىقتۇر».[331] ئەر كىشى جاسارەت ۋە سېخىيلىق ئەخلاقىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا، ئەركەكلىكى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ.

[331] سەھىھ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد، 7997– ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد،2511 – ھەدىس. ئىبنى ھىببان،3250 – ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ مەن ساڭا سېغىنىپ غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىق ۋە ھۇرۇنلۇقتىن ، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن، قەرزنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن!».[332]

قورقۇنچاقلىق ۋەھىمە ئۈستىگە قۇرۇلغان قورقۇنچاقلىقتىن كېلىپ چىققان چاغدا، ئاللاھ تائالا قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان ۋەھىمە ۋە قورقۇنچنى. يەنە شۇنىڭدەك؛ قورقۇنچاقلىقنىڭ نەتىجىسىنىمۇ سۆكتى، ئۇ بولسىمۇ: ھەققە ياردەم بېرىشتىن ئاجىز كېلىشتۇر.

ئاشۇنىڭ قاتارىدىن؛ ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ جىھادقا چىقماسلىقتا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدىكى ھاياتقا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى سۆكتى ۋە كىشىلەرگە ئۇرۇشنىڭ ئەجەلگە يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قاچۇرغان كىشىلەرنى سۆكتى ۋە ئۇلارغا جەڭدىن قېچىشنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى، ئەگەر ئەجەل كەلسە ئۆيدە، ئۇيقۇدا ۋە ھەر قانداق ئورۇندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاللاھ تائالا كۆڭلىدە كىشىلەردىن قورقۇش بولغان لېكىن ئاللاھتىن قورقۇش بولمىغان كىشىلەرنى سۆكتى.

[332] بۇخارىي، 6008 – ھەدىس.

## جاسارەتنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇغاندەك؛ ئۇنى يېتىلدۈرىدىغان ھەقىقەتلەرگىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرپا قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە بۇيرۇيدۇ.

***بىرىنچى: جەسۇرلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان پىكرىي ۋە ئېتىقادىي ئاساس.***

جەسۇرلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ھەقىقەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. جەسۇرلۇق- ئاللاھقا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا تايىنىش، ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، كۈچىنى، مۆمىنلەرنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باغلىقتۇر. كۈچلۈك، ھەممىگە قادىر زات بىلەن بىللە بولغان كىشى قانداقمۇ قورقسۇن؟! قوغدىغۇچى، بالالارنى توسقۇچى زات بىلەن بىللە بولغان كىشى قانداقمۇ قورقسۇن؟! ھەممىگە كېپىل بولغان، بەندىلىرىگە رىزىق بېرىشكە يېتەرلىك زات بىلەن بىللە بولغان كىشى قانداقمۇ قورقسۇن؟! ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى پۈتۈن بارلىقنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا زىيان سالالمايدىغانلىقىنى، «ئەگەر كىشىلەر ساڭا زىيان سېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانسا، ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا نەرسىدە زىيان سالالمايدىغان» لىقىنى بىلسە، قانداقمۇ ھەقنى قوغداشتىن، ھەقسىزلىققا قارشى چىقىشتىن قورقسۇن؟![333] قازا-قەدەرگە، ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە بولغان

[333] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 2516– ھەدىس. ئىمام ئەھمەد، 2669 – ھەدىس.

ئىمان كۈچەيگەنچە، مۇسۇلمان تېخىمۇ جەسۇر ۋە باتۇرلىشىدۇ.

2. جەسۇرلۇقنى يېتىلدۈرۈش مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماقچى بولغانلارغا دىققەت بەرمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھالەت مۆمىننىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ زىكرى ۋە ئۇلۇغلۇقى مۇستەھكەم يەرلىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھتىن باشقا بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ ھەيۋىتى سۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ، بەلكى مۇسۇلماننىڭ پەقەت ئاللاھتىن قورقىشى، ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى كېمەيتىشتىن ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىشى ۋە جازالىشىدىن قورقۇتىدۇ . ئەگەر زىكىر، تەكبىر، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش داۋام قىلسا، مۇسۇلماننىڭ كۆزىدە ئاللاھتىن باشقىسى كىچىكلەيدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى چوڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر رازى بولامدۇ، نارازى بولامدۇ؛ ياقتۇرامدۇ، ياقتۇرمامدۇ؛ دېگەنلەرگە قارىماستىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۇنىڭغا ئاسانلىشىدۇ.

پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىنىڭ يېنىدا پادىشاھلار نېمىگە تەڭ؟! ئاسمانلار ۋە زېمىن ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ يېنىدا ساقچى نېمىگە تەڭ؟! جەننەت ۋە دوزاخ ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ يېنىدا جەمەت نېمىگە تەڭ؟!

ئاللاھ تائالا بىز ئۇنى رازى قىلىشقا، ئۇنىڭدىن قورقۇشقا، ئەيمىنىشكە ئەڭ لايىق زاتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ وَاللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَقُّ أَن يُرْضُوهُ إِن كَانُوا مُؤْمِنِينَ**﴾ «ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستىنلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى» [سۈرە تەۋبە 62- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق

دەيدۇ: ﴿فَلَا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «(ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئازغىنە پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل-مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار). كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر» [سۈرە مائىدە 44- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ ۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي وَلِأُتِمَّ نِعْمَتِي عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ «كىشىلەر (يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار) غا سىلەرگە قارشى دەلىل-ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن، (ئى مۇھەممەد سەپەر قىلىشقا) قەيەردىن چىقمىغىن، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن، (ئى مۆمىنلەر ) سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ) ئۇلاردىن (يەنى زالىملاردىن) قورقۇڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار. (قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ۋە توغرا يولدا بولۇشۇم ئۈچۈندۇر» [سۈرە بەقەرە 150- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۚ أَتَخْشَوْنَهُمْ ۚ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر» [سۈرە تەۋبە 13- ئايەت].

ئەگەر مەخلۇقتىن قورقۇش يوقاپ كەتسە، مۇسۇلمان پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان بولسا، پەرۋەردىگارنى رازى قىلىشقا ھېرىس بولسا، ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا جاسارەتلىك بولىدۇ ۋە كەينىگە تارتمايدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك ھىدايەتتۇر: ﴿**إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا اللَّهَ فَعَسَىٰ أُولَٰئِكَ أَن يَكُونُوا مِنَ الْمُهْتَدِينَ**﴾ «ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» [سۈرە تەۋبە 18- ئايەت].

— ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا قارىتا يۇمشاقلىق بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەقىدىلىرىگە قارشى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ شەرىئەتلىرىنى يەتكۈزەلمىگەن بولاتتى، ئاللاھنىڭ بارلىق قانۇنلىرى جاھىلىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئاللاھ قورقۇسى ئاتا قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە قاتتىق رەت قىلىنسىمۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزگە ئىجرا قىلىشتا تولىمۇ جاسارەتلىك ئىدى، شۇنىڭدەك ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ئىشلاردا جاسارەتلىك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەقتە مۇستەھكەم قىلدى، قوللىدى ۋە مۇشۇ جاسارىتىدە قىلىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئەسلىتىپ تۇردى، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَاهُ فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِي أَزْوَاجِ أَدْعِيَائِهِمْ إِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ مَفْعُولًا**﴾ ««ئۆز ۋاقتىدا سەن، ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا

تۇتقان، ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ. ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى، مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد ئۇنى (يەنى زەينەپنى) قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەپنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» [سۈرە ئەھزاب 37- ئايەت]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى گەرچە بۇ ئىش شۇ جەمئىيەتتە چەتكە قېقىلىسىمۇ، بېقىۋالغان بالىسى ئايالىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى بىلەن توي قىلىشقا بۇيرىدى، ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق پەيغەمبىرىگە بۇيرۇقنى كەينىگە تارتماسلىقنى ۋە ئىككىلەنمەسلىكنى ئۆگەتتى.

ئەگەر مۆمىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلسا، پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭغا قارشى بىرلەشسىمۇ، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ كۈچلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَقَدْ أَوْحَيْنَا إِلَىٰ مُوسَىٰ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِي فَاضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِي الْبَحْرِ يَبَسًا لَّا تَخَافُ دَرَكًا وَلَا تَخْشَىٰ﴾** «بىز شەك-شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن ) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن».

3. جاسارەت پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرىنىڭ غەلىبە-نۇسرەتنىڭ ۋە مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇر. سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن، ئاللاھنىڭ سىزگە ياردەم بېرىشكە قادىرلىقى ۋە سىز ھەق ئۈستىدىلا بولسىڭىز سىزگە غەلىبىنى پۈتۈۋەتكەنلىكىگە قارىتا ياخشى گۇماندا بولۇشىڭىزدۇر. باتىلغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشى غەلىبە ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئاللاھقا ئىشەنچ باغلايدۇ،

شۇنىڭ بىلەن سەۋر قىلىدۇ، سەۋرنىڭ داۋامىنى تەلەپ قىلىدىغان ئامىل مەۋجۇت بولغىنىدا، ئۇ كىشىدە جاسارەت ۋە قەھرىمانلىقنىڭ داۋامىنى تەلەپ قىلىدىغان ئامىل تېپىلغىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ، نىيىتى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ ۋە ئارىسالدى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان رەببانىي كىشىلەرنى ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەتكە تەسىرلىنىپ، ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچلىرىنىڭ مۇستەھكەم قېلىپ قالىدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى، مانا بۇ جاسارەتتۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ * وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَن قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ * فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ**﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەڭ ياخشى مۇكاپاتىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 146- 148- ئايەتلەر].

4. جاسارەت ئاتا قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا جارى قىلدۇرالىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى؛ ئىنسانىنىڭ پايدا-زىيان، نەتىجە ۋە ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش ئىقتىدارىدۇر. ئىنسان نەتىجە ۋە ئاقىۋەتكە

قاراش ئىقتىدارى ئارقىلىق، تار كۆز-قاراش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ ، چۈنكى مۇسۇلمان ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىدۇر؛ ئەگەر ئۇ ئىشلارنى ئاخىرەت كۆز ئەينىكىدە، ئاقىۋەت قىممىتى بىلەن ھېسابلىسا، **﴿وَالْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ الْحَقُّ﴾** «بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر» [سۈرە ئەئراف 8- ئايەت]. ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىمان ئەقىدىسى مۇستەھكەم ۋە ئىنسانىنىڭ روھىدا ھازىر بولغان چاغدا، ياخشى ئەمەللەرنىڭ، كۈرەشلەرنىڭ، جىھادنىڭ، ياخشى، گۈزەل ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى تونۇسا، جاسارەتلىك بولىدۇ ۋە كۆپلىگەن ئىشلاردىن قورقۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلىدۇ.

5. قورقۇنچاقلىققا ئېلىپ بارىدىغان ۋەسۋەسىلەرنى يوقىتىش. قۇرئان كەرىم ۋەسۋەسە، قورقۇنچ ۋە خام-خىياللارنى يوقىتىدىغان مەنە ۋە ھەقىقەتلەرگە كۆپ قېتىم دىققىتىمىزنى تارتتى، شۇنىڭدەك؛ قەلبكە خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق ئاتا قىلىدىغان، زۆرۈرىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھنى جاسارەت ۋە قەھرىمانلىققا ئۈندەيدىغان مەنىلەرنى تەكىتلىدى، بۇلارنىڭ قاتارىدىن:

1) ئۆلۈمنىڭ جاسارەت، قەھرىمانلىق، جىھاد ۋە قۇربانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قورقۇنچنى يوقىتىش. چۈنكى ئۆلۈم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئەجەل كەلمىسە، ئۇرۇش ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ ، ئەجەل كەلسە سىز جەڭدە بولۇڭ ياكى بولماڭ ئۆلۈم سىزنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا كېسەل، قورقۇنچاق، خىيالپەرەس قەلب ئىگىلىرىنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: **﴿يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ مَّا قُتِلْنَا هَاهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ الَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ وَلِيَبْتَلِيَ اللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمْ ۗ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾** «ئۇلار: <ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق> دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا

بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر» [سۈرە ئال ئىمران 154- ئايەت]. ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ كَفَرُوا وَقَالُوا لِإِخْوَانِهِمْ إِذَا ضَرَبُوا فِي الْأَرْضِ أَوْ كَانُوا غُزًّى لَّوْ كَانُوا عِندَنَا مَا مَاتُوا وَمَا قُتِلُوا لِيَجْعَلَ اللَّهُ ذَٰلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ ۗ وَاللَّهُ يُحْيِي وَيُمِيتُ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، ئاللاھ بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ) ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [ئال ئىمران 156- ئايەت].

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇرۇشنى تەرك ئېتىپ، جىھادقا چىقمىسا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ دەپ خىيال قىلغان بولسا، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ إِنَّ الْمَوْتَ الَّذِي تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُ مُلَاقِيكُمْ ۖ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ**﴾ «ئى مۇھەممەد! سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ دېگىن» [سۈرە جۇمە 8- ئايەت] ئۆلۈم ئۇنى قورقۇتالمىغان كىشىنىڭ جاسارىتىنى نېمىمۇ سۇندۇرالايدۇ؟

ئەمەلىيەتتە ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلانمىغان كىشى ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا يَتَمَنَّوْنَهُ أَبَدًا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ**﴾ «ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلى، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ

قىلمايدۇ» [سۈرە جۇمە 7- ئايەت] ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇشى ئۆلۈمنى كېچىكتۈرمەيدۇ.

– قورقۇنچاقلىقنىڭ ئامىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى؛ دۇنياغا ھېرىسمەنلىككە، ئۆلۈمدىن، مۇسىبەتلەردىن قورقۇشقا باغلىق بولىدۇ، تەربىيە ئۇنى يوقىتىدىغان ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مەيلى سىز ئۆلۈمدىن قېچىڭ ياكى قاچماڭ، مۇسىبەتتىن قېچىڭ ياكى قاچماڭ، ھەقىقەتەن مۇسىبەتنىڭ ئىمتىھان بولۇپ، سىزگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، سىزگە يەتكەن مۇسىبەتلەرگە ، ئۈمىد قىلىپمۇ ئېرىشەلمىگەنلىرىڭىزگە قايغۇرماڭ، شۇنداقلا؛ سىزگە يەتكەن ياخشىلىقتا زىيادە خۇشال بولۇشىڭىزمۇ توغرا بولمايدۇ؛ بۇ ياخشىلىقمۇ ئىمتىھاندۇر ، سىزگە سىناقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَا ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ * لِّكَيْلَا تَأْسَوْا عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا بِمَا آتَاكُمْ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى ئاللاھقا ئاساندۇر. (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» [سۈرە ھەدىد 22، 23- ئايەتلەر].

2) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن چاغدىكى زىيانكارلىق ۋەسۋەسىسىنى يوقىتىش، ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئۆلۈمنى ئاللاھ يولىدا جىھاد ئارقىلىق پۈتۈۋېتىشى سىزگە قىلغان ئىكرامىدۇر، ئۆلۈم ئۇ چاغدا زىيان ۋە ھاياتلىقنى يوقىتىش بولماستىن، بەلكى پايدا، چوڭ مۇكاپات ۋە دۇنيادىنمۇ ياخشىراق بىر يەرگە يۆتكىلىشتۇر. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ * وَلَئِن

**مُتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللّٰهِ تُحْشَرُونَ﴾** «شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (ئاللاھ سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ)» [سۈرە ئال ئىمران 157، 158-ئايەتلەر]. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ**﴾ «رەھمەت، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر» دېگەن سۆزى؛ سىز دۇنيادا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشىراقىغا ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغان ھالدا ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن دۇنياغا باغلىنىسىز؟

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە شاھادەتكە ئالدىرايدىغان جاسارەتلىك مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئاخىرەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆگەتتى ۋە بىزدىن دۇنيا ۋەسۋەسىسى ۋە ئالدامچىلىقىنى يوقاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللّٰهِ أَمْوَاتًا ۚ بَلْ أَحْيَاءٌ عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ * فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّٰهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ * يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّٰهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللّٰهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ «ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن

ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلىنى، مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 169ـ171-ئايەتلەر].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا بىر كۈن جىھاد قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى، جىھاد قىلىپ تاڭ ئاتقۇزغان ياكى كەچ قىلغان بىر سائەت ۋاقىتنىڭ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ يولىدا تۆگە ساغقىچىلىك ۋاقىت جىھاد قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ ۋاجىپ قىلىنىدىغانلىقىنى، جەننەتنىڭ قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە يەنە ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىتنىڭ ئەگەر سەۋر قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، كەينىگە قاچماي ئالغا باسقان بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى ۋە يەنە شېھىتنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان كارامەتلەرنى كۆرۈپ دۇنياغا قايتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، ۋە شېھىتلەرنىڭ روھلىرىنىڭ يېشىل قۇشنىڭ قورسىقىدا ئىكەنلىكى، ئۇلار ئۈچۈن ئەرشكە ئېسىقلىق چىراغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھلىرى جەننەتتىن خالىغىنىچە چىقالايدىغانلىقىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا؛ جەننەتلەر تۈرلۈك بولۇپ، شېھىتلەرنىڭ فىردەۋس ئەلاغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنى ئاللاھ يولىدا قەھرىمانلىق قىلىشتىن توسىدىغان دۇنياغا بولغان ئالاقىمىزنىڭ يوقىشى ئۈچۈن ئاللاھ بىزگە تەييارلىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بايان قىلدى.

3) كۆپلىگەن كىشىلەر كاپىرلارنىڭ ئىلكىدىكى كۈچتىن

قورقىدۇ ۋە كاپىرلارغا ئۇلار خالىغان ئىشلاردا بويسۇنىدۇ، ئەگەر بۇ پىرىنسىپلار، ئىمان ۋە مۆمىنلەرنىڭ ھېسابىغا قارشى بولسىمۇ، ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا ئالدىرايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، كاپىرلارنى رازى قىلىش، ئۇنىڭغا ئالدىراشنىڭ جايىز ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنىڭ ئاللاھنى رازى قىلىش ۋە مۆمىنلەر بىلەن بىر سەپتە بولۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا؛ شۇ ۋەسۋەسىلەرگە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ پۇشايمان قىلىدىغانلىقى ۋە زىيان تارتىدىغانلىقىنى، ئەمىلىنىڭ بىكار ۋە قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، چۈنكى ئۇ كۇفرىلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشكە چۈشۈپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بىزگە بىزنى ۋەسۋەسىدىن چىقىرىدىغان نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە غەلىبىنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ، غەلىبىنىڭ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قولىدا كېلىدىغانلىقى ياكى رەببانىي ياردەم، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر ئىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاندىن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۆمىنلەرنىڭ مەخلۇقاتلاردىن بىرەر مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، مۆمىن مۇجاھىدلارنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىسا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ياكى مۇناپىقلىق قىلمايدىغان، كاپىرغا بويسۇنمايدىغان مۇجاھىدلارنىڭ ئىسلامغا نىسبەت بېرىلگەن كىشىلەردىن بىرەر مالامەت يەتسە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى، چۈنكى غەلىبىگە لايىق بولغان مۆمىنلەر بىراۋنىڭ مالامىتىگە پەرۋا قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ قارشىلىقى، خىلاپلىق قىلىشى ياكى ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىدىن قورقمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق

دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَىٰ أَوْلِيَاءَ ۘ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ ۗ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ * فَتَرَى الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ يُسَارِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَىٰ أَن تُصِيبَنَا دَائِرَةٌ ۚ فَعَسَى اللَّهُ أَن يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِ فَيُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا أَسَرُّوا فِي أَنفُسِهِمْ نَادِمِينَ * وَيَقُولُ الَّذِينَ آمَنُوا أَهَٰؤُلَاءِ الَّذِينَ أَقْسَمُوا بِاللَّهِ جَهْدَ أَيْمَانِهِمْ ۙ إِنَّهُمْ لَمَعَكُمْ ۚ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فَأَصْبَحُوا خَاسِرِينَ * يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ ۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاءُ ۚ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ * إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُمْ رَاكِعُونَ * وَمَن يَتَوَلَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا فَإِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْغَالِبُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر ! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ. دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ (رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى فەتھى قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ -دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ. (بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە-مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۆمىنلەر (بىر-بىرىگە): <سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە ئاللاھ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەر مۇشۇ كىشىلەرمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى. ئى مۆمىنلەر ! سىلەردىن كىمكى مۇرتەت بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى

دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قوۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى ، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنىدىغان مۆمىنلەردۇر . كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر). ئاللاھنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر». [سۈرە مائىدە 51،52، 53، 54، 55، 56- ئايەتلەر]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممىتىمدىن ھەمىشە بىر جامائەت ھەقنى ئاشكارا قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلار ئۇلارغا زىيان سالالمايدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق»[334] مۆمىن ھەق ئۈنىڭغا ئاشكارا بولسا، ئۇنى مەغلۇپ قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان كىشىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ.

4) كاپىرلارنىڭ كۈچىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ كۈچىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭ قەلبىڭىزدە قورقۇنچ ۋە ئۇلارغا تەسلىمىيەت پەيدا قىلىشى توغرا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭ ئاللاھنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا ۋە جازالاشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئەسلەش ئارقىلىق بۇ ۋەسۋەسىنى يوقىتىڭ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا**

[334] مۇسلىم، 1920– ھەدىس. بۇخارىي، 6881 – ھەدىس.

﴿مُعْجِزِينَ فِي الْأَرْضِ ۚ وَمَأْوَاهُمُ النَّارُ ۖ وَلَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾ «كاپىرلارنى زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» [سۈرە نۇر 57- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا ۚ إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ﴾ «(بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» [سۈرە ئەنفال 59- ئايەت]. ئاندىن كېيىن مۇنداق دېدى : ﴿وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ ...﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار ...» [سۈرە ئەنفال 60- ئايەت] بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى سىزنىڭ سەۋەبلەرنى، سىناقلارنى، سىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى قولىڭىزدىن كېلىشىچە ، تاقىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىسىز، ئاللاھ سىزنى قوللاشقا، ياردەم بېرىشكە، سىزنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلىشقا قادىردۇر.

5) ھەقنى روياپقا چىقىرىش ۋە جىھاد قىلىش؛ سېخىيلىق، جاسارەت ۋە پۇل-مال سەرپ قىلىشتىكى قەھرىمانلىققا موھتاج. جاسارەتنى سۇسلاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن توسىدىغان ۋەسۋەسە؛ ئىنسانىنى دىنىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ۋە چىقىم قىلىشتىن بېخىل قىلىپ قويىدىغان ۋەسۋەسىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بېخىللىقنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسلىكىنى، بەلكى بىز بېخىللىق قىلىۋاتقان مال-دۇنيا سەۋەبلىك ئازاب تارتىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بۇ ۋەسۋەسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُم ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ ۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ

السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانى بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ ) ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر » [ئال ئىمران 180- ئايەت].

– بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىلىرىمىزگە ۋە قەلبلىرىمىزگە يىغىلىپ قالغان، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەسۋەسىلەر بولۇپ، ئۇلارنى توغرا ۋە راستچىل پىكىر بىلەن يوقىتىشىمىز لازىم. مۆمىن ھاياتىنى توغرا پىكىر، توغرا ئېتىقاد، توغرا ئىمان ئۈستىگە قۇرىدۇ ۋە خام خىيالغا بېرىلمەيدۇ. پەقەت كاپىرلارلا خام خىيال قىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەقىل ئىشلەتمەيدۇ ۋە تەپەككۇر قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً فِي صُدُورِهِم مِّنَ اللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ * لَا يُقَاتِلُونَكُمْ جَمِيعًا إِلَّا فِي قُرًى مُّحَصَّنَةٍ أَوْ مِن وَرَاءِ جُدُرٍ ۚ بَأْسُهُم بَيْنَهُمْ شَدِيدٌ ۚ تَحْسَبُهُمْ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمْ شَتَّىٰ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى سىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھقا قارىغاندىمۇ قورقۇنچلۇقسىلەر (يەنى ئۇلار سىلەردىن ئاللاھتىن قورققاندىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ) ،بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ (ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر. ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم شەھەر ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى ئۆز ئىچىدە قاتتىقتۇر، ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر »[سۈرە ھەشر 13، 14- ئايەتلەر].

***ئىككىنچى: جاسارەتنى يېتىلدۈرىدىغان ۋە كۈچلەندۈرىدىغان ئەمەلىي تەرەپ:***

1. جاسارەت بىر مۇسۇلماننىڭ تۇغما تەبىئىتى بولغان چاغدا، ئۇ ئۆز تەبىئىتى ۋە ئادىتىدە قەھرىمان بولىدۇ، لېكىن جاسارەتلىك ئەمەس كىشى جاسارەتنى يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم، جاسارەت ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەمەلىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) رىغبەتلەندۈرۈش: قورقۇنچاق بىر ئادەم ياكى بالىنىڭ تەبىئىتى قېيىن ئىشلارغا ۋە تۇيۇقسىز ھادىسىلەر يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ۋە قورقۇنچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلارغا ئىنتىلمەيدۇ، تەۋەككۈلچىلىكنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى قاراڭغۇدا مېڭىش، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش، باشقىلارغا گەپ-سۆز يەتكۈزۈش، يول يۈتكەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۇنداق كىشىلەر قورقىدىغان، ئەمەلىيەتتە قورقۇشنىڭ ھاجىتى بولمىغان ئىشلارغا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۈندەش لازىم. راستىنلا قورقۇنچلۇق يەرلەرگە بالىنى ئۈندەش توغرا ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭ ئېھتىماللىقنى ئويلاشماي، خەتەرگە يولۇقۇشنى مۆلچەرلىمىگەن چاغدا، ئۇ تېخىمۇ بەك قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورقۇنچاقلىقتا ئايلىنىپ قالىدۇ.

2) جاسارەت پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن: چېنىقىش، بەدەن كۈچلەندۈرۈش ۋە ئەسكىرىي مەشىق قىلىش. ئەگەر بەدىنى كۈچلۈك بولسا تېخىمۇ بەك قورقمايدىغان بولىدۇ، چۈنكى چېنىقتۇرۇلغان ئادەم كۈچ ۋە جاسارەت مەيدانى ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ ۋە كۆنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق بولمىغان كىشىنىمۇ قىلىچ ئىشلىتىش ۋە مەشىق قىلىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يات ئاردا سىلەرگە زېمىنلار

فەتھى قىلىنىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە كۆپايە قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ سىلەر ئۇ ئىشلىتىشتىن ئاجىز كەلمەڭلار».[335]

كۈچ سىنىشىش ئويۇنلىرىدا بەسلىشىش، قورال مەشىقى، ئىجرا قىلىش سۈرئىتى، ھەرىكەت ماھارەتلىرى ۋە قورال ئىشلىتىش مەشىقى قىلىش. شۇنىڭدەك؛ مۇشۇ تۈرلەر بويىچە ياشلار ئارىسىدا مۇسابىقىلىشىش جاسارەت يېتىلدۈرىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ.

3) جاسارەت پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن: روھنى كۆرەشكە، سەۋرگە ۋە چىدامچانلىققا كۆندۈرۈش، راھەت-پاراغەتكە ۋە پاراۋانلىققا كۆندۈرمەسلىك. راھەت-پاراغەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشى جاسارەتلىك بولالمايدۇ، بەلكى ھەر قانداق ئىشتا باشقىلارغا تايىنىۋالىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى راھەتنى تەرك ئېتىشتە تەربىيەلىگەن . ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر راھەت-پاراغەتتىن ۋە شېرىك ئەھلىنىڭ كىيىمىدىن ئاگاھ بولۇڭلار».[336] بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن : «چىدامچان بولۇڭلار، ھەقىقەتەن نېمەتلەر داۋام قىلمايدۇ».[337]

4) جاسارەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بولۇش، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھال ۋە قىسسىلىرىنى ئوقۇش، ئۇلارنىڭ جاسارەت كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەققە ياردەم بېرىشتىكى تەسىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ بۇلارنىڭ ئىنسان قەلبىنى ۋە جاسارىتىنى كۈچەيتىشتە تەسىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى پەيغەمبەرلەر ۋە سەلەف -سالىھلارنىڭ سەۋر ۋە جاسارەت ھەققىدىكى قىسسىلىرىدۇر.

5) باللار جاسارەت كۆرسەتكەن ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى ماختاش،

[335] مۇسلىم، 1918 – ھەدىس.

[336] مۇسلىم، 2069 – ھەدىس.

[337] ئىبنى ھىببان، 5454 – ھەدىس.

مۇكاپاتلاش ۋە ئالقىشلاشنىڭ ئۇنىڭ روھىنى كۈچلەندۈرۈشتە ۋە ئۇرغۇتۇشتا تەسىرى بار، شۇنىڭ بىلەن بالا كىشىلەرنىڭ ئالقىشلىرىغانلىقىنى كۆرۈپ جاسارەتلىك بولۇشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

بالىنى قۇۋۋەت ۋە قەھرىمانلىققا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئۇنى تاجاۋۇز، زۇلۇم، تەكەببۇرلۇق ۋە زومىگەرلىككە رىغبەتلەندۈرۈش ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، ئۇنى ئىككىنچىسىگە رىغبەتلەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

2. مۇسۇلمان بەزى ئورۇنلاردا جاسارەتلىك بولمىقى لازىم، ئەگەر ئۆزىنىڭ قورقۇنچاق ئىكەنلىكىنى بىلسە، جاسارەتلىك بولۇشى كېرەك بولغان يەرلەردە جاسارەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىمدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇسۇلماننى بۇ ئورۇنلاردا كۈچلۈك ۋە جاسارەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى.

مۇسۇلمان بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلاردا ئاستا-ئاستا جاسارەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭدا جاسارەت ئەخلاقى يېتىلىشكە، چېنىقىشقا ۋە تەبىئىي خاراكتېرگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

## جاسارەتلىك كىشىنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ئىشلىرى

**1. جاسارەتلىك ۋە كۈچلۈك بولۇش، جېنى، ھاياتى، مېلى، ئابرۇيى ۋە دىنىنى قوغداشتا ئارىسالدى بولماسلىق، جاسارەتلىك كىشىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنىڭ قاتارىدىندۇر.** مۇسۇلمان ئۆزىنى قوغدىشى، ھاياتىغا ۋە جېنىغا زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇشى، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، مېلىنى ئېلىۋالماقچى بولغان ياكى ئابرۇيىغا ھۇجۇم قىلغان، دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىتتۇر، دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىتتۇر، جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىتتۇر، ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىتتۇر».[338]

جاسارەت دىنىڭىزنى، مېلىڭىزنى، ئابرۇيىڭىزنى ۋە جېنىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن ۋاجىپ قىلىنغان بولسا، ئۈممەتنىڭ دىنى، ئابرۇيى ، مېلى ۋە جانلىرىنى قوغداش تېخىمۇ بەكرەك ۋاجىپتۇر.

ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا زۇلۇم قىلىش ۋە ھەقسىزلىقتە ھەددىدىن ئاشقان كىشى بار بولسا، ئۈممەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشى لازىم، ئەگەر ئۇ ھەق ئۈستىدە، باشقىلار باتىل ئۈستىدە بولسا ئۇ ئىشتا قورقۇنچاقلىق قىلىشى ۋە ئارىسالدى بولۇشى توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِن بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَىٰ فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّىٰ تَفِيءَ إِلَىٰ أَمْرِ اللَّهِ فَإِن فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ**

[338] بۇخارىي، 2348 – ھەدىس. تىرمىزى، 1421– ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد، 4772– ھەدىس. نەسائىي،3557– ھەدىس.

**يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ * إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾** «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار» [ھۇجۇرات 9، 10-ئايەتلەر].

**2. دىنىي ئىشلىرىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى ۋە شۇئارلىرىمىزنى ئىجرا قىلىش ۋە بۇنىڭدىكى ئەركىنلىك ۋە ھەققىمىزنى ئىشلىتىشتە جاسارەتلىك بولۇش.** بىز بۇيرۇقلارنى ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشتا كۈچكە ئېھتىياجلىقمىز. چەكلىمىلەردىن، گۇناھلاردىن، ناچار ئەمەللەردىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىرادىگە ئېھتىياجلىقمىز. ئىسلامدا بىزدىن ئاجىز، بىچارە، قورقۇنچاق بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ دىنى كۈچ ۋە جاسارەتكە ئۈندەيدۇ، دىنىمىزدا بىز ئۈنىڭدىن خىجىل بولىدىغان ئىش يوق، ھەممىسى ياخشى ۋە ھەقىقەتتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى جاسارەت، كۈچ ۋە چىدامچانلىقتا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**يَا يَحْيَىٰ خُذِ الْكِتَابَ بِقُوَّةٍ ۖ وَآتَيْنَاهُ الْحُكْمَ صَبِيًّا**﴾ «(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭغا ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن، (دېدۇق). ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدۇق» [مەريەم 12- ئايەت] ۋە يەنە مۇنداق دېدى: ﴿**خُذُوا مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُوا**

﴿مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار (دېگەن ئىدۇق)» [بەقەرە 63، ئەئراف 171-ئايەتلەر].

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا پەيغەمبىرىنى دىنىنى چىڭ تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي أُوحِيَ إِلَيْكَ ۖ إِنَّكَ عَلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن» [زۇخرۇف 43-ئايەت]. ۋە مۆمىنلەردىن دىندا چىڭ تۇرغۇچىلارنى ماختىدى ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلغۇچىلار دەپ ماختىدى، چۈنكى دىندا چىڭ تۇرغۇچى ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن ياخشىلىق ۋە ئىسلاھاتقا دەۋەت قىلىشقا قىزىقىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُمَسِّكُونَ بِالْكِتَابِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ الْمُصْلِحِينَ﴾ «كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايە قىلىۋەتمەيمىز » [ئەئراف 170- ئايەت].

بۇ چىڭ تۇرۇشتا چوقۇم ئۆتكۈرلۈك ۋە ئوچۇقلۇق بولۇشى كېرەك. پىرىنسىپ، ئەقىدە ۋە ئەھكاملاردىكى ناھەقچىلىككە خۇش چىراي ئېچىش يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ ۖ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ ۚ فَمَن يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىٰ لَا انفِصَامَ لَهَا ۗ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (بارلىق شەيتانىي كۈچ ۋە تۈزۈم) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» [بەقەرە 256-ئايەت].

**3. جاسارەتلىك كىشىلەر ئاللاھقا دەۋەت قىلىش، نەسىھەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتا كىشىلەردىن قورقمايدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشتىن تەشۋىشلەنمەيدۇ.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ ۗ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ حَسِيبًا**﴾ «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئاللاھتىن غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر » [ئەھزاب 39-ئايەت]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي**﴾ «پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ)، ئۇلاردىن (يەنى زالىملاردىن) قورقماڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار» [بەقەرە 150- ئايەت]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَالَ يَا مُوسَىٰ إِنِّي اصْطَفَيْتُكَ عَلَى النَّاسِ بِرِسَالَاتِي وَبِكَلَامِي فَخُذْ مَا آتَيْتُكَ وَكُن مِّنَ الشَّاكِرِينَ * وَكَتَبْنَا لَهُ فِي الْأَلْوَاحِ مِن كُلِّ شَيْءٍ مَّوْعِظَةً وَتَفْصِيلًا لِّكُلِّ شَيْءٍ فَخُذْهَا بِقُوَّةٍ وَأْمُرْ قَوْمَكَ يَأْخُذُوا بِأَحْسَنِهَا ۚ سَأُرِيكُمْ دَارَ الْفَاسِقِينَ**﴾ «ئاللاھ ئېيتتى: ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز-نەسىھەت، (دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن ، سىلەرگە پاسىقلار(يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ) نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن» [ئەئراف

144، 145- ئايەتلەر]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ ۚ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُوا لِلَّذِينَ هَادُوا وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالْأَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُوا مِن كِتَابِ اللَّهِ وَكَانُوا عَلَيْهِ شُهَدَاءَ ۚ فَلَا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ) ھىدايەت ۋە نۇر بار. (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلارنى تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل-مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار). كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر» [مائىدە 44- ئايەت]. مۇسۇلمان ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ئىشلاردا كەسكىن بولۇشى ، ھەقتىن بىرەر نەرسىنى يەتكۈزۈشتە كەينىگە تارتماسلىقى لازىم. ﴿وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَاهُ﴾ «كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى» [ئەھزاب 37- ئايەت].

جاسارەت جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقى بولغان چاغدا، ھەممەيلەن يامانلىقتىن توسىدۇ، ھەممەيلەن ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئىسلاھات ۋە قۇرۇلما ئاسانلىشىدۇ، بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق تەسلىشىدۇ.

**4. ھەقتىن باش تارتقۇچىلار، زالىملار، گۇناھكارلار ۋە ھىدايەت ۋە تەۋبە ئۈمىد قىلىنمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىشتا جاسارەتلىك بولۇش.** جاسارەتلىك كىشىلەر ھاكىم ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىشتىن قورقمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خىل كىشىلەرنى ماختىدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ئەڭ چوڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشقا ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاھادەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم پادشاھ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىشتۇر».[339] ۋە يەنە مۇنداق دېدى: «شېھىتلەرنىڭ كاتتىسى ھەمزىدۇر ۋە زالىم پادشاھنىڭ ئالدىغا بارغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ئاندىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر».[340]

دەۋەت ۋە ھەقكە دەۋەت قىلىنغۇچىلارنىڭ رەت قىلىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، جاسارەتلىك دەۋەتچى ھېچكىمدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ؛ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە قايتىشى ۋە ئاللاھتىن قورقۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ قَالَتْ أُمَّةٌ مِّنْهُمْ لِمَ تَعِظُونَ قَوْمًا ۙ اللَّهُ مُهْلِكُهُمْ أَوْ مُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا ۖ قَالُوا مَعْذِرَةً إِلَىٰ رَبِّكُمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ**﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە: <ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان بىر قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت قىلىسىلەر؟> دېدى. ئۇلار (يەنى ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلار): <پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)> دېدى» [ئەئراف 164- ئايەت].

[339] سەھىھ ھەدىس، تىرمىزى، 2174 – ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد، 4344– ھەدىس. ھاكىم، 5843 – ھەدىس.

[340] ھەسەن ھەدىس، ھاكىم، 4884 – ھەدىس.

**5. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش، پاسىقلار، زالىملار ۋە تاجاۋۇزچىلار بىلەن جىھاد قىلىشتا جاسارەتلىك بولۇش.** ھەقنى تونۇغان كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنى ۋە مېلىنى قۇربان قىلىدۇ، ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەت ئۈچۈن ۋە قېرىنداشلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ روھىي ۋە جىسمانىي ئاجىزلىقتا ئۈچرىمايدۇ، ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەتنى كۆرۈپ جاسارىتى سۇنمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ**﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ» [ئال ئىمران 146- ئايەت].

ھەقنى تونۇغان كىشى جاسارەت بىلەن، ھەققە ياردەم بېرىشتىكى كۈچ بىلەن، ھەق يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن، بۇزغۇنچىلارنىڭ توسقۇنلىقىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ**﴾ «ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان» [مائىدە 54- ئايەت]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۚ أَتَخْشَوْنَهُمْ ۚ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ**﴾ «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى، ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قوۋمگە ئۇرۇش ئاچمامسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر» [تەۋبە 13- ئايەت].

ھەقنى تونۇغان كىشى ھەققە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان كىشى ئۇنىڭغا زىيان سالالمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، دۈشمەنگە غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا قارشى چىققۇچىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتاكى قىيامەت قايىم بولغۇچىلىك ئۇلار شۇ ھالەتتە بولىدۇ».[341]

قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلىشىڭىز، ۋە جىھادتا سىزگە يەتكەن زىيان ۋە مۇسىبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشىڭىز لازىم، بۇ سەۋر جاسارەتتىندۇر، ئاللاھ تائالا ئۇنى تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى قىلدى: ﴿**وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ ۗ أُولَٰئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا ۖ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ**﴾ «يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر» [بەقەرە 177- ئايەت].

جىھاد كاپىرلارنىڭ ئازابىدىن تۇسىدۇ، مۆمىن چوقۇم كاپىرلارنىڭ ئازابى ۋە كۈچىگە خۇددى كۈچكە كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرغاندەك، چىدامچانلىق ۋە كۈچ بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلىگەن ھالدا يۈزلىنىشى لازىم، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ ۚ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ ۖ عَسَى اللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا ۚ وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلًا**﴾ «(ئى مۇھەممەد) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن، (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن ، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، ئاللاھنىڭ كاپىرلار كۈچىنى

---

[341] مۇسلىم، 1924 – ھەدىس.

تۇسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، ئاللاھنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر» [نىسا 84- ئايەت].

مۇناپىق كىشى قورقۇنچاقلىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، مۆمىن نىفاقنى ياكى نىفاق ئەخلاقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇش ۋە جىھادتىن باھانە تېپىپ قاچىدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ ۖ إِن يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا**﴾ «ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى، بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ» [نىسا 84- ئايەت] ۋە ئۇلارنىڭ قورقىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا ئاللاھ ۋە دىنى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغۇدەك، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بەرگۈدەك تەييارلىقنىڭ يوقلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَدْ يَعْلَمُ اللَّهُ الْمُعَوِّقِينَ مِنكُمْ وَالْقَائِلِينَ لِإِخْوَانِهِمْ هَلُمَّ إِلَيْنَا ۖ وَلَا يَأْتُونَ الْبَأْسَ إِلَّا قَلِيلًا**﴾ «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا (مۇھەممەدنى ۋە ساھابىلىرىنى تەرك ئېتىپ) بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا-ساندا قاتنىشىدۇ» [ئەھزاب 18- ئايەت]. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ قورقۇنچ، تەشۋىش ۋە ئەنسىزلىك بىلەن تولغانلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَشِحَّةً عَلَيْكُمْ ۖ فَإِذَا جَاءَ الْخَوْفُ رَأَيْتَهُمْ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَالَّذِي يُغْشَىٰ عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ ۖ فَإِذَا ذَهَبَ الْخَوْفُ سَلَقُوكُم بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى الْخَيْرِ ۚ أُولَٰئِكَ لَمْ يُؤْمِنُوا فَأَحْبَطَ اللَّهُ أَعْمَالَهُمْ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا**﴾ «ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل-مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار (چىن دىللىرى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس، (ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ) ئەمەللىرىنى

ئاللاھ بىكار قىلدى، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر» [ئەھزاب 19- ئايەت].

ئاللاھ تائالا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقۇشنى ئەيىبلىگەندەك ، ئۇنىڭغا سەۋەپ بولىدىغان قورقۇنچنىمۇ ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً ۚ وَقَالُوا رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا الْقِتَالَ لَوْلَا أَخَّرْتَنَا إِلَىٰ أَجَلٍ قَرِيبٍ ۗ قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ لِّمَنِ اتَّقَىٰ وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): <(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن ؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز كەلگۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)> دېدى. (ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (ئاللاھتىن) قورققان ۋە (ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ(يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)» [نىسا 77- ئايەت].

6. ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ۋالىي ياكى ھاكىم بولغان چاغدا، **ئۇممەتنىڭ قارارلىرىنى دۈشمەننىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا ئېلىشتا جاسارەتلىك بولۇش.** شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلەتنىڭ نىسبەۋە بايلىقلىرى ھەققىدە پايدىلىق قارارلارنى ئالىدۇ ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ قابىلىيىتى، خەلقىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىش قارارىنى

ئالىدۇ، ئۇممىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ، شەھەرلىرىمىزنىڭ بىرلىك قارارىنى ئالىدۇ. كۆچلىنىش، ئىلگىرىلەش، شەھەر ۋە ئەسكەر تەرەققىياتى قارارىنى ئالىدۇ، زالىملاردىن قورقمايدۇ ۋە ئۇلارغا تايانمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَرْكَنُوا إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ﴾ «زالىمغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر» [ھۇد 113- ئايەت]. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچ ۋە مەسلىھەت ئوبيېكتى قىلىۋالمايدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ خَبَالًا وَدُّوا مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ الْبَغْضَاءُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ وَمَا تُخْفِي صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ الْآيَاتِ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر ! ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلماي قالمايدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق». [ئال ئىمران 118- ئايەت]. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تُطِيعُوا فَرِيقًا مِّنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ كَافِرِينَ﴾ «ئى مۆمىنلەر ! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، مۆمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ» [ئال ئىمران 100- ئايەت]. ئاللاھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» [ئەنفال 27- ئايەت]. ۋە خەلقىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سورىلىسىلەر».[342]

[342] بۇخارىي، 2416– ھەدىس. مۇسلىم، 1829 – ھەدىس.

**7. قىز-ئاياللارنىڭ ئۆز ئىپپىتىنى قوغدىشى، ئاياللىقىنى پاھىشىدىن پاك تۇتۇشى،** ئەخمەقلەر، بۇزۇق ۋە شەھۋانىي كىشىلەرنى رەت قىلىشى، ئۇلارغا كەسكىنلىك ۋە جاسارەت بىلەن قارشى چىقىشى.

**8. ئەركەكلىك، جەسۇرلۇق، قەھرىمانلىق، قىزغىنلىق، ئالىيجانابلىق ئەخلاقىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورۇنلاردا جۇرئەتلىك بولۇش،** ئۆزىنى ھارام شەھۋەتلەرگە چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلاش، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشتىن ياكى ئۇلارغا مال-مۈلۈك، شەھۋەت، ئابرۇي -مەنسەپ قارشىلىقىدا بويسۇنۇشتىن ئۆزىنى ساقلاش، ئۆزىنى ئىرادە ۋە غەيرەتنى سۇندۇرىدىغان، ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىمەنىلىك ۋە پاراغەتكە كۆنۈپ قېلىشتىن ساقلاش قاتارلىقلاردۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ سەمىمىي ۋە چىداملىق كىشىگە ئايلىنىدۇ: ﴿**مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ**﴾ «مۆمىنلەر ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار» [ئەھزاب 23- ئايەت]. ﴿**رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ ۙ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالْأَبْصَارُ**﴾ «ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ» [نۇر 37- ئايەت].

**9. دۇنيانىڭ نورمال تەلەپلىرىنى ئورۇنداشتا جاسارەتلىك بولۇش، قەلبىنىڭ كۈچلۈك بولۇش.** جاسارەتلىك كىشى مېلىغا ناھەق تاجاۋۇز قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ، ئۆز ھەققىنى قوغداشتىن قورقمايدۇ، خاتالاشقۇچى ۋە ئاجىز بىلەن ھەددىدىن ئاشقۇچى ۋە قەستەن قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، خاتالاشقۇچىغا ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولىدۇ، تاجاۋۇزچىنىڭ

بۇزغۇنچىلىقى ، ھىيلىسى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا ساۋاق بېرىش، جازالاش ۋە جاسارەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر بىر كىشى كېلىپ مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇنىڭغا مېلىڭنى بەرمە› دېدى، شۇنىڭ بىلەن: ‹ئەگەر ئۇ مېنىڭ بىلەن سوقۇشسىچۇ؟› دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىن› دېدى، شۇنىڭ بىلەن: ‹ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ ؟› دېۋىدى، ‹سەن شېھىت بولىسەن› دېدى، ‹ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ ؟› دېۋىدى، ‹ئۇ دوزاختا كىرىدۇ› دېدى».[343]

[343] مۇسلىم، 140 – ھەدىس.